ياسنجان سادىق



# داۋان

شنجاڭ خلق باش نشرياتى
شنجاڭ خلق نشرياتى

مىللىي يېزىقتىكى نەشر بۇيۇملىرى مەخسۇس مەبلىغىگە ئېرىشكەن تۈر

民族文字出版专项资金资助项目

# ئۇيغۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار

# 21 - 50

## 维吾尔原创文学作品精选

ياسىنجان سادىق

# داۋان

(رومان)

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

山岭：维吾尔文 / 亚森江·萨迪克著. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社, 2013.9

ISBN 978 - 7 - 228 - 17054 - 8

Ⅰ.①山… Ⅱ.①亚… Ⅲ.①长篇小说 — 中国 — 当代 — 维吾尔(中国少数民族语言) Ⅳ.①I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2013) 第238342号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 阿不都克依木·沙依木 |
| 责任校对 | 再米拉·裴达依 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出　　版 | 新疆人民出版总社<br>新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 发　　行 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 11.25 |
| 版　　次 | 2013年9月第1版 |
| 印　　次 | 2013年9月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1-3000 |
| 定　　价 | 32.00 元 |



— ياسىنجان سادىق چوغلان

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب  تۇنجى سۆيگۈ ........................ 1

ئىككىنچى باب  ئىككى ساۋاقداش ........................ 10

ئۈچىنچى باب  كېچىككەن سۆيگۈ ........................ 22

تۆتىنچى باب  خەير ـ خوش، ساۋاقداشلار ................ 32

بەشىنچى باب  پەرزەنت غېمى ........................ 55

ئالتىنچى باب  ئىككى پارچە خەت ........................ 72

يەتتىنچى باب  ئانارگۈل ........................ 86

سەككىزىنچى باب  كۆرۈنگەن تاغ... ........................ 99

توققۇزىنچى باب  يىگىت ئاشىق، قىز بىخەۋەر ................ 121

ئونىنچى باب  دوستلارغا خەت ........................ 141

ئون بىرىنچى باب  ئۈرۈمچى ........................ 154

ئون ئىككىنچى باب  شىۋىرغانلىق شەھەر ................ 186

ئون ئۈچىنچى باب  قىز تەرسا، يىگىت جاھىل ............ 198

ئون تۆتىنچى باب  ئەقىدە ........................ 218

ئون بەشىنچى باب  دوستلار ۋە رەقىبلەر ................ 237

ئون ئالتىنچى باب  قايتا ئۇچرىشىش ................ 259

ئون يەتتىنچى باب  خەير، بەختلىك بولۇڭ ................ 276

ئون سەككىزىنچى باب  قىسىلغان يۈرەك ................ 293

ئون توققۇزىنچى باب  تەقدىرنىڭ چاقچىقى ................ 311

يىگىرمىنچى باب  ئازغان قەدەملەر ........................ 322

يىگىرمە بىرىنچى باب  دوستلۇق مېھرى ................ 349

## بىرىنچى باب

# تۈنجى سۆيگۈ

ئەتراپ سۈتتەك ئايدىڭ ۋە تىنچ ئىدى. يېقىملىق مۇزىكىدەك شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ سۈيىدە تولۇن ئاي تارتىنچاق قىزلاردەك تەبەسسۇم قىلاتتى. ئۇلار ئايدىڭدا ئۆستەڭ بويىدىكى قارامتۇل سايە تاشلاپ تۇرغان مەجنۇنتالنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، بىر چامدام ئارىلىق قالدۇرۇپ ئولتۇرۇشتى. ئارىنى ئېغىر سۈكۈنات قاپلىدى. يىگىت بىردە قۇلىقىنىڭ تۈۋىنى تاتىلايتتى، بىردە قوڭغۇر رەڭ بۇدۇر چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن تارايتتى، ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزغۇدەك مۇۋاپىق سۆز تېپىش ئۈچۈن باش قاتۇراتتى. نەچچە كۈندىن بېرى شۇنچە پۇختا تۈزگەن گۈزەل پىلانلىرىنى ۋە كۆڭۈل دەپتىرىگە بىرمۇبىر خاتىرىلىۋالغان تاتلىق - تاتلىق سۆزلەرنى ئېسىگە ئالالماي جىلە بولاتتى. ئۇنىڭ كاللىسى بىردىنلا قۇرۇقدىلىپ قالغان، ھاياجان، قورۇنۇش ۋە جۈرئەتسىزلىك ۋۇجۇدىنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغانىدى. يىگىت ئۆستەڭ سۈيىگە قاراپ جىمجىت ئولتۇرغان قىزغا ئوغرىلىقچە بىر قارىدى - دە، شۇ ھامان يۈرىكى دۈپۈلدەپ، ئۆزىنى تېخىمۇ يوقىتىپ قويدى، قىزنىڭ ئاجايىپ سېھرىي كۈچكە تولغان بىر جۈپ كۆزى ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغاندەك بىلىنىپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى قارا تەر باستى. ئاشۇ دەقىقىدە قىزنىڭ قەلبىمۇ مەجنۇنتاللار قارامتۇل سايە تاشلاپ تۇرغان ئۆستەڭ سۈيىدەك دولقۇنلايتتى. ئۇ يىگىتنىڭ كۈتمىگەن يەردىن سوئال سوراپ قېلىشىدىن غەم يەپ، گويا ئىمتىھان مەيدانىدا تۇرغاندەك دەككە -

دۇككىدە ئولتۇراتتى.

تۇۋا، يالغۇز ئولتۇرۇپ خىيال سۈرگەن چاغلاردا، يۈرەكلەرنى لەرزىگە سالىدىغان سۆھبەتلەرگە ئەپچىل تېما تەييارلايدىغان بۇ ئەقىل ئىگىلىرىگە بۈگۈن نېمە بولغاندۇ؟ قېنى ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قايتا ـ قايتىلاپ كۆڭۈلگە پۈككەن يالقۇنلۇق سۆزلەر، مۇھەببەتلىك كۆڭۈل ئىزھارلىرى، ئۇلۇغ ئارمانلار؟ ئاشۇ كېچە ـ كېچىلەپ كۆڭۈل ئېكرانىدىن ئۆتكۈزگەن پىنھان سىرلىرىنى كەڭ ـ كۇشادە ئىزھار قىلىشۋالىدىغان پەيت كەلگەندە ئۇلار نېمە ئۈچۈن تەمتىرەيدۇ؟ ھودۇقۇپ، تىلى گەپكە كەلمەيدۇ؟ يۈرەكلەر تىنچىمايدۇ؟ كۆزلەر كۈلمەيدۇ ياكى تۈنجى سۆيگۈنىڭ قەدىمىنى چامدىماق ئاشۇنداق قىيىن بولامدىغاندۇ؟...

يىگىت تىت ـ تىت بولاتتى. ھەر قېتىم گەپ قىلىش ئۈچۈن قىزغا قارىغىنىدا يۈرىكى ئات چاپقاندەك دۈپۈرلەپ، ۋۇجۇدىنى جۇرئەتسىزلىك، قورقۇنچ ئارىلاش تۇيغۇلار قاپلايتتى ـ دە، ئاغزى گەپكە كەلمەيتتى. تاماقلىرى قۇرۇپ، بىر دەريا سۇنى ئىچىپ بولغۇدەك چاڭقايتتى. ئۇ قىزغا يازغان سۆيگۈ خەتلىرىدە نۇرغۇن ـ نۇرغۇن دەبدەبىلىك سۆزلەرنى قىلغانىدى، قىزدىن مىڭ تەستە ماقۇللۇق خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندا بولسا، خۇشاللىقتىن ئۆزىنى قويغۇدەك يەر تاپالماي قالغان ۋە كۆڭلىگە قىز بىلەن خالىي جايلاردا ئۇچرىشىپ، كەڭ ـ كۇشادە مۇڭدىشىش ئۈچۈن نۇرغۇن ـ نۇرغۇن سۆزلەرنى پۈككەنىدى. ئەپسۇس، قىزغا شۇنچىۋالا يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ بۇ يەرگە ئاران باشلاپ ئەكەلسۇنۇ، ئەمما كۆڭلىگە پۈككەن ئاشۇ سۆزلەرنى بىر ئېغىزمۇ دېيەلمەي، گۆشىيىپ ئولتۇرۇپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتسۇن. بۇ نېمىدېگەن جۇرئەتسىزلىك ـ ھە! شۇمۇ ئۆزىنى ئەر چاغلىغان بىر ئوغۇل بالىنىڭ قىلىقى بولدىمۇ ئەمدى. بۇ ئەھۋالنى باشقا ئوغۇل ساۋاقداشلىرى بىلىپ قالىدىغان بولسا...

ئۇ بىر قىسىم ئوغۇل ساۋاقداشلىرىنىڭ ئاغزىدىن مۇھەببەتلىشىپ يۈرۈۋاتقان قىز دوستلىرى بىلەن خالىي قالغان

چاغلاردا دېيىشكەن گەپ ـ سۆزلەرنى نۇرغۇن قېتىم ئاڭلىغان ۋە ئۇلارغا ئاجايىپ ھەۋەس قىلغانىدى. تېخى بىر سائەت ئىلگىرىلا ساۋاقدىشى شاكىر ئۇنىڭغا: «ئاران تەستە كەلتۈرگەن بۇنداق پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بېرىپ قويما. نازاكەتنىڭ ئالدىدا تارتىنىپ ئولتۇرماي قىزىق ـ قىزىق پاراڭلارنى سال. بولدى دېگۈچە پو ئات، چوڭ سۆزلە، تەشەببۇسكار بول، قىزلار تارتىنچاق ئوغۇللارنى ياقتۇرمايدۇ. بۇ مۇھەببەتلەشكىنىڭلاردىن بېرى تۇنجى قېتىم يالغۇز ئۇچرىشىشىڭلار، شۇڭلاشقا قانداقلا بولمىسۇن ئۇنى سۆيۈۋېلىشنى ئۇنتۇما. بىر قېتىم سۆيۈشكەندىن كېيىنلا ئاراڭلاردىكى خىجىللىق، تارتىنىشلار بىراقلا يوقايدۇ...» دەپ ئالاھىدە تاپىلىغانىدى. ئۇمۇ دوستىغا: «ئۆگەتمىسەڭمۇ، شۇنچىلىك ئىشنى بىلمىگىلى مەن كىچىك بالا ئەمەس» دەپ خېلىلا چوڭ سۆزلىگەنىدى. ھەي... گەپنى ئېغىزدا دېگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە قىلماق نېمىدېگەن تەس ـ ھە!

يىگىت ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئاسمان گۈمبىزىگە كۆز تىكتى. ئۇنىڭغا تولۇن ئاي: «سەن تېخى بالا، بۇنداق ئىشلار سېنىڭ قولۇڭدىن كەلمەيدۇ» دەپ مەسخىرە قىلىپ كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك، يۇلتۇزلارمۇ قوشۇلۇپ مەسخىرىلىك كۆز قىسىۋاتقاندەك بىلىندى:

— شۇ ھالىڭغا قىزلار بىلەن مۇھەببەتلىشىمەن دەپ يۈرەمسەن ئەخمەق؟

— بۇ سەندەك ئۇششاق بالىلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس.

— سەن بىزنى دورىيالمايسەن. سېنىڭ يىگىت بولۇشۇڭغا خېلى ۋاقىت بار.

— ماڭ، بېرىپ لاي ئوينا.

تولۇن ئاي، يۇلتۇزلار مەسخىرىلىك كۈلۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئوغۇل ساۋاقداشلىرىمۇ مەسخىرىلىك كۈلۈۋاتقاندەك، چۇقان سېلىۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇ نومۇس كۈچىدىن ئىككى قۇلىقىنى ئېتىۋالدى، كۆزىنى مەھكەم يۇمۇۋالدى، «پاڭگىدە» يىغلاپ

تاشلىماسلىق ئۈچۈن لېۋىنى مەھكەم چىشلىدى...

ئۇ كالپۇكىنىڭ قاتتىق ئاغرىشىدىن ئېسىگە كەلدى، لېۋىنى چىشلەپ قانىتىۋالغانىدى. كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپىغا خۇدۇكسىرەپ قارىدى. ئەتراپ سۈتتەك ئايدىڭ. ئۆستەڭ سۈيى شوخ شىلدىرلاپ ئېقىۋاتاتتى. قىز ئۆستەڭ سۈيىگە خىيالچان قاراپ ئولتۇراتتى. يىگىت ئاستاغىنا سائىتىگە قاراپ، ۋاقىتنىڭ خېلى يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى پەملىدى ـ دە، يەنە بىرئازدىن كېيىن ئۆيىگە قايتمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. چۈنكى، ئۇلار ئاتا ـ ئانىسىغا قانداقتۇر بىر ئىش ھەققىدە يالغان ئېيتىپ، بۇ يەرگە كەلگەنىدى. شۇڭلاشقا، ھېچبولمىغاندا تېلېۋىزور تۈگەشتىن بۇرۇن ئۆيگە قايتمىسا بولمايتتى. بىراق، ۋاقىت ئۇچقاندەك ئۆتمەكتە. ئۇ نېمىدېگەن رەھىمسىز، نېمىدېگەن بېخىل ـ ھە! ۋاقىت سۆيگۈ كوچىسىغا تۇنجى قېتىم قەدەم تاشلاۋاتقان بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ كۆڭۈل سىرلىرىنى ئىزھار قىلىشىۋېلىشى ئۈچۈن نېمىشقا بىرنەچچە دەقىقە بولسىمۇ ئاستاراق مېڭىشنى خالىمايدىغاندۇ؟

يىگىت ئاخىر غەيرەتلەندى. ئۆزىگە مەدەت بېرىپ تۇرۇپ، قولىنى ئاستا ـ ئاستا سىلجىتىشقا باشلىدى. «تۇتتۇم ـ تۇتتۇم!» يىگىت قىزنىڭ قولىنى تارتىۋېلىشىدىن، قوپاللىق بىلەن سىلكىپ تاشلىشىدىن ئەنسىرىدىمۇ ياكى قىزنىڭ قولىدىن ۋۇجۇدىغا خۇددى بىر ئېلېكتىر ئېقىمىدەك تارالغان ئاجايىپ شېرىن، ئىللىق بىر سېزىمدىن مەست بولۇپ خۇدىنى يوقىتىپ قويدىمۇ، ئەيتاۋۇر قىزنىڭ ئاچقۇچتەك بارماقلىرىنى مەھكەم قىستى. قىز يىگىتنىڭ كۈچلۈك بارماقلىرى ئارىسىدىكى قولىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن بىرئاز ئۇرۇنۇپ باقتى ـ دە، كېيىن قولىنى يىگىتنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى.

پاختىدەك يۇمشاق، يۇمران، لېكىن ئۆزگىچە ھارارەتكە ئىگە ئوتلۇق قول. يىگىتنىڭ كۈچلۈك بىلەكلىرى خۇددى چوغ تۇتۇۋالغاندەك تىترەيتتى، نەپەسلىرى سىقىلاتتى. ئاجايىپ بىر



ھۇزۇرلۇق سېزىم ئىلكىدە يىگىتنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا مانا ئەمدى بايىقى ھودۇقۇش، تەمتىرەش، تارتىنىشلار پۈتۈنلەي غايىب بولغانىدى. ئۇ ئاي نۇرىدا تېخىمۇ گۈزەللەشكەن قىزنىڭ جامالىغا تەلمۈرۈپ قارىدى. تۇنجى قېتىملىق سۆيگۈ لەززىتىدىن مەست بولغان خۇمارلىق كۆزلەر ھېيىقىپ توقۇنۇشتى. قىز نومۇسچان كىيىك كۆزلىرىنى ئۆستەڭ تەرەپكە ئەپقاچتى. ئالمىدەك قىپقىزىل مەڭزىدە، يېرىم ئېچىلغان، جىنەستىدەك لەۋلىرىدە يوشۇرۇۋالغۇسىز بىر بەختنىڭ، خۇشاللىقنىڭ سىيماسى بالقىيتتى.

ئىنسان ۋۇجۇدىغا ئاجايىپ تاتلىق لەززەتلەرنى، سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بەرگۈسىز ھېس - تۇيغۇلارنى بېغىشلىغۇچى تۇنجى سۆيگۈ، بۇ بىر جۇپ گۆدەك ۋۇجۇدنى، بىر جۇپ سەبىي قەلبنى لەرزىگە سېلىپ، كۆڭۈل رىشتىنى بىر - بىرىگە چەمبەرچاس باغلاۋاتاتتى. يىگىتنىڭ يۈرىكى شوخ دۈپۈلدەيتتى. چوغدەك يانغان بىر جۇپ كۆزىدىن تۆكۈلگەن ئاشىقانە نۇرلار قىزنىڭ نازۇك ۋۇجۇدىنى تىترىتەتتى. يىگىت زۇۋان سۈردى:

— بۇ مېنىڭ چۈشۈم ئەمەستۇ - ھە، نازاكەت؟ سەن راستىلا مېنىڭ... مېنىڭ...

قىزنىڭ نومۇسچان كۆزلىرى يىگىتكە قىيا باقتى - دە، دەرھال يەنە ئۆستەڭگە قارىۋالدى. «ئاھ، نېمىدېگەن يېقىملىق، نېمىدېگەن مېھىرلىك قاراش - ھە!» يىگىتنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدى سىمابتەك ئېرىدى، يۈرىكىگە يەنە بىر ھەسسە ئاشىقلىق ئوتى تۇتاشتى. ئۇ ۋۇجۇدىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بىر غەيرەتنىڭ تۈرتكىسىدە قىزنىڭ مەجنۇنتالدەك ئەۋرىشىم بېلىدىن، گويا ئىنتايىن نازۇك بىرنەرسىنى سۇندۇرۇۋېتىشتىن ئېھتىيات قىلغاندەك ئاستا قۇچاقلىدى - دە، چاڭقاپ كەتكەن لېۋىنى قىزنىڭ ئوتتەك مەڭزىگە ئاستا ئاپاردى... يىگىتنىڭ ئاتەشلىك تىنىقلىرىدىن بىردەملىك مەست بولۇپ، خۇدىنى يوقاتقان قىز

تېزلا هوشىغا كەلدى ـ دە، يىگىتنىڭ مەھكەم گىرە سېلىۋالغان كۆچلۈك بىلەكلىرى ئارىسىدىن بېلىقتەك سوغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

— بەك كەچ بولۇپ كەتتى. يۈرە كېتەيلى، — دېدى قىز ئۇياتچانلىق بىلەن ئاستا پىچىرلاپ.

يىگىت ئۆستەڭ بويىدىن قىيمىغان ھالدا ئورنىدىن تۇردى ۋە قىز بىلەن بىللە ئۆي تەرەپكە قاراپ ئاستا ماڭدى. مانا ئەمدى يۈرەكلەرنىڭ ھاياجانلىق سوقۇشلىرى خېلىلا رىتىمغا چۈشۈپ قالغان بولۇپ، ئۇلار ئەركىن قەدەم تاشلىشاتتى.

— نازاكەت، — دېدى يىگىت ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — ئەتە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنىڭ تەييارلىقىغا رەسمىي چۈشىمىز. ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ پۇختا تەييارلىق قىلايلى. مەن ئاشۇ ئالىي بىلىم باغچىلىرىدىمۇ سەن بىلەن مانا مۇشۇنداق قول تۇتۇشۇپ سەيلە قىلالىسام، ئۆزۈمنى ئىنتايىن بەختلىك ھېسابلايتتىم.

— ئەگەر، تەقدىر ئارزۇيۇڭنىڭ ئەكسىچە ھۆكۈم چىقارسىچۇ؟ — دېدى قىز ئويچان كۈلۈمسىرەپ.

— ياق نازاكەت، ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە. بىز تەقدىرگە جەڭ ئېلان قىلايلى. تەقدىر ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە تىرىشايلى. سەن قېشىمدا تۇرۇپ مەدەت بەرسەڭلا، ھەرقانداق مۇشكۈلاتلار ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيمەن. بىلەمسەن، سەن دېگەن مېنىڭ پەرىشتەم، ھاياتىم...

— مېنىڭ تىلىكىممۇ شۇ، — دېدى قىز تارتىنىپقىنا، — كونىلار «تىلىسەڭ تاپارسەن، تېرىساڭ ئالارسەن» دەپتىكەن، خۇدا تىلىكىمىزگە يەتكۈزۈپ، مۇرادىمىزنى ھاسىل قىلغاي، ئىلاھىم.

— شۇنداق قىلغاي، — دېدى يىگىت بىر خىل ئىشەنچ بىلەن، — قېنى جاپاغا چىداپ پۇختا تەييارلىق قىلايلىچۇ، ئاشۇ كاج ۋە سىرلىق تەقدىر قانداق كارامەتلەرنى كۆرسىتەركىن؟

— ئەمدى قايتىپ كەت. ئىشىك تۇۋىگە كېلىپ قالدۇق.

— نېمە، بىر دەمنىڭ ئىچىدە؟ — خالمۇرات قىزنىڭ كوچا دوقمۇشىدىكى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۆيىنىڭ قوش قاناتلىق دەۋازىسىغا قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مېنىڭ تېخى ساڭا دەيدىغان يەنە نۇرغۇن گەپلىرىم بار ئىدى. ئوبدان نازاكەت، ماقۇل دە، يەنە بىر دەم ئايلىنايلى.

— ئۇنداق قىلما خالمۇرات، بىرسى كۆرۈپ قالسا سەت تۇرىدۇ. خالمۇرات... قېلىن...

قىز، يىگىتنىڭ بىلەكلىرى ئارىسىدىن ئاران تەستە قۇتۇلدى ـ دە، ئۆيىگە ئۇچقاندەك كىرىپ كەتتى. يىگىت قوش قاناتلىق دەرۋازىغا بىرھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، قىزنىڭ چوغدەك لېۋىدىن كۆيۈشۈپ تاتلىق قىچىشۋاتقان لېۋىنى تىلى بىلەن يالىغاچ، كۆكتىكى تولۇن ئايغا مەغرۇرلۇق بىلەن كۆز تىكتى. ئۇ شۇ تۇرقىدا ئۆزىنى چوپچوڭلا بىر ئادەم بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى. خالمۇرات بىرھازا شۇنداق تۇرغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىز قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى ـ دە، شارتتىدە كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۆيى تەرەپكە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى.



# ئىككىنچى باب

# ئىككى ساۋاقداش

## 1

بۈگۈن شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئىچىنى ئوقۇغۇچىلار كۈندىكىدىن يېرىم سائەت بۇرۇن جانلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ كەيپىياتىمۇ كۈندىكىدىن جىددىي ئىدى. ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەن كىشى ئۇلارنىڭ چىرايىدا ئىپادىلىنىۋاتقان ئۆزگىچە ئالامەتلەرنى روشەن سېزىۋالغان بولاتتى...

ئاخشام يۈرەكلەرنى لەرزىگە سېلىپ، ئاجايىپ شېرىن تۈيغۇ بېغىشلىغان سۆيگۈ لەززىتىدىن پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى كۈچلۈك ھاياجان ۋە كەلگۈسى ئۇلۇغۋار غايىلەرگە بىرلەشكەن ئارزۇ - ئارمانلىرى ئورنىۋېلىپ، تۈن يېرىمىغىچە پەقەتلا ئۇخلىيالمىغان خالمۇرات بىلەن نازاكەتمۇ مەكتەپكە سەھەردىلا كەلگەنىدى. ئۇلار مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدىلا ئۇچرىشىپ قالدى. مۇھەببەتلىك تۈيغۇلاردا خۇمارلاشقان ئىككى جۈپ كۆز تارتىنىپقىنا توقۇنۇشتى. يۈرەكلەر ئىختىيارسىزلا دۈپۈلدەپ كەتتى. قىزنىڭ قەدەملىرى كالۋالىشىپ، باغلاقتا چۈشۈپ قالغان كېيىكتەك جىددىيلەشتى.

— ياخشىمۇسەن نازاكەت؟ — دېدى يىگىت قىزنىڭ ئالدىغىراق كېلىپ.

— ياخشى، ئۆزۈڭچۇ؟ — دېدى قىزمۇ ھاياجاندىن لەۋلىرى تىترىگەن ھالدا.

يىگىت قىزنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ ئاستا

پىچىرلىدى:

— كېچىدىن بېرى سىنى چۈشەپ...

— يۈرە، نەتىجىمىزنى كۆرۈپ كېلەيلى.

نازاكەت خالمۇراتنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشنى خالىمىدىمۇ ياكى نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئالدىن پەرەز قىلىۋالدىمۇ، يىگىتنىڭ ئەستايىدىل، قىزغىن ھېسسىيات بىلەن قىلىۋاتقان سۆزىنى بۆلۈۋەتتى ۋە كەينىگە بۇرۇلۇپ ئاستا قەدەم تاشلىدى.

— كۆرسەك - كۆرمىسەك بەرىبىر. بۇنچىلىك تاللاش ئىمتىھانلىرىدىن ئۆتەلمىسەك، ئالىي مەكتەپلەرنى خىيال قىلىپ يۈرەمدۇق؟ — دېدى خالمۇرات قىزغا ياندىشىپ ماڭغاچ ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا سۆزلەپ، — نەتىجىمىز ئەڭ ئالدىنقى قاتارغا تىزىلمىغان بولسا، مەن ساڭا قۇلىقىمنى ساپالدا كېسىپ بېرەي.

— دەۋاتقان گېپىنى قارا، — دېدى نازاكەت نازلىق كۈلۈپ، — قۇلىقىڭنىڭ ماڭا نېمە كېرىكى، بىكاردىن - بىكار مېيىپ بولۇپ قالما يەنە؟!

قىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بايىقى جىددىيلىك، ھاياجانلىق ھېسلار خېلىلا بېسىققان بولۇپ، ئۆزىنى ئوبدانلا تۇتۇۋالغانىدى. شۇڭا، ھازىر يىگىتنىڭ ئالدىدا تارتىنىپ، قورۇنۇپ تۇرماي ئەركىن - ئازادە سۆزلەۋاتاتتى. قىزنىڭ بىردىنلا ئېچىلىپ - يېيىلىپ سۆزلىشى يىگىتنى خېلىلا يۈرەكلىك قىلىپ قويدى. شۇڭا، ئۇ دەرھاللا چاقچاق قىلدى:

— ئۇنداقتا، قۇلىقىمنى كېرەك قىلمىساڭ، يۈرىكىمنى سۇغۇرۇپ بېرەي...

— ماڭە، قېلىن...

ئۇلار كۈلۈشكىنىچە ئىلمىي بۆلۈم ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قارا دوسكىغا چاپلانغان ئىمتىھاننىڭ نەتىجىسىگە قىستىلىشىپ بويۇندىشىپ قاراپ تۇرغان ساۋاقداشلىرىنىڭ ئارىسىغا سىغدالدى ۋە ئىمتىھان نەتىجىلىرىنى كۆرۈپ بىر -

بىرىگە مەمنۇنىيەتلىك بىلەن قاراشتى.

— قانداق، پەرىزىم توغرىمىكەن؟ — دەپ سورىدى خالمۇرات قىزنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ.

قىزنىڭ كۆزى خۇشاللىقتىن چاقناپ كەتكەنىدى. ئۇ قايىللىق بىلەن يىگىتكە قاراپ ئاستا جاۋاب بەردى:

— توغرا ئىكەن، ئەۋلىيا ئىكەنسەن.

ئۇلار توپنىڭ ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى.

— قېنى، ئەمدى ئۆزۈڭ سەممىيلىك بىلەن كۆرسىتىپ بېرە، مەن سېنىڭ نەرىڭنى كېسىۋالسام بولار؟ — پىچىرلىدى خالمۇرات قىزنىڭ كۆزلىرىگە ئىچ كۆيەرلىك بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ.

خۇشاللىق ئۇلارنى يۈرەكلىك، شوخ ۋە گەپدان قىلىپ قويغانىدى. نازاكەت شوخلۇق بىلەن يىگىتنىڭ سوئالىغا سوئال بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

— سەن مېنىڭ قەيىرىمنى كېسىۋېلىشنى خالايسەن؟

— مەن... سېنىڭ... — خالمۇرات ئاغزىنى قىزنىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەكەلدى - دە، هاياجان بىلەن پىچىرلىدى، — سېنىڭ ئاشۇ ناۋاتتەك لەۋلىرىڭنى كېسىۋالسام دەيمەن.

— قېلىن ! ... ئەسكى !

نازاكەت بۇ ئىككى ئېغىز سۆزنى قانداقسىغا ئاغزىدىن شۇنچە ئۇنلۇك چىقىرىۋەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەيلا قالدى. شۇ دەقىقىدە ئۆزىگە ئەجەبلىنىپ قاراۋاتقان ساۋاقداشلىرىنى كۆرۈپ خىجىللىقتىن چىرايى ھۆپپىدە قىزاردى - دە، شارتتىدە كەينىگە ئۆرۈلۈپ، دەرسخانا تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى.

## 2

مەكتەپ باغچىسى، چىملىقلاردا، مەجنۇنتالنىڭ سايىسىدا، گۈللۈك ئەتراپىدىكى ياغاچ ئورۇندۇقلاردا ئوقۇغۇچىلار ئىككى -

ئۆچتىن بولۇپ دەرس تەكرارلىماقتا، كەلگۈسى ئالىي مەكتەپ ھاياتى ھەققىدە ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى قىزغىن سۆزلەشمەكتە.

باغچىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى مەجنۇنتالنىڭ تۈۋىدە يالغۇز ئولتۇرۇپ ئۆگىنىش قىلىۋاتقان نازاكەت بىر ئاز دەم ئېلىۋېلىشنى ئويلىدىمۇ ياكى ئۆگەنگەنلىرىنى كاللىسىدىن بىر قۇر ئۆتكۈزۈپ باقماقچى بولدىمۇ ـ قانداق، كىتابنى يېپىپ قويۇپ، ھارغىن كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە بىرپەس جىمجىت ئولتۇردى.

— يائاللا ئاداش، ئەسلىدە بۇ يەرگە مۆكۈۋاپتىكەنسەن ـ دە.

خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا پەيدا بولغان قىزنىڭ تاراڭ ـ تۇرۇڭ ئاۋازى نازاكەتنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ساۋاقدىشى گۈلىستان سۇرمە سۇرۇپ، قاشلىق ئەتكەن چىرايلىق قاش ـ قاپاقلىرىنى ئۈچۈرۈپ، لەۋ سۇرۇخ سۇرگەن قىپقىزىل لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرگىنىچە يالغان ناز ۋە ئاچچىق بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۇ نازاكەت ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە يەنە پاراسلاپ سۆزلەپ كەتتى:

— سېنى مەكتەپ ئىچىدىن ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى ئاداش، ئەجەب يېتىم بالىدەك بىر بۇلۇڭدا شۈمشىيىپ ئولتۇرۇپ قاپسەنغۇ؟ خالمۇراتتىن سورىسام «نەگە كەتكىنىنى بىلمەيمەن، مەنمۇ نازاكەتنى ئىزدەۋاتىمەن» دەيدۇ...

— مەندە بىرەر ئىشىڭ بارمىتى؟ — دېدى نازاكەت گۈلىستاننىڭ سۆزلىرىدىن بىزار بولغان بولسىمۇ بىلىندۇرمەي، يالغاندىن كۈلۈمسىرەپ.

— ئاينۇر دېگەن خام كاۋىنى كۆردۈڭمۇ، — مۇشۇ گەپ بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ چىرايى غەزەپلىك تۈس ئالدى، چىرايلىق لەۋلىرى تېخىمۇ بەك پۈرۈشتى. ئۇ نازاكەتنىڭ جاۋابىنى كۈتمەستىنلا سۆزلەشكە باشلىدى، — بايا ئالدىمغا ئۇچرىغانىدى، سالام قىلسام، بېشىنى شۇنداقلا گىلدىڭلىتىپ قويۇپ، بوينىنى غازدەك تۈتۈپ كېتىپ باردى ئۇ سەت ئۆردەك. نېمىشقا ئۇنچىلىك يوغانچىلىق قىلىدىكىن دېسەم، ئەسلىدە يېڭىدىن بىر قۇر كىيىم

كېيىۋاپتىكەن ئۇ سىرىق ئاسلان، — گۈلىستان بارغانسېرى
ئەدەپ سۆزلەۋاتاتتى، — كىيگەن كىيىملىرى ياراشقان بولسىچۇ
كاشكى. خەپ، ئەتىلا مەنمۇ ئاشۇ كىيىمدىن بىر قۇر ئېلىپ
كىيىپ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتمەيدىغان بولسام...

— بولدى، خاپا بولمىغىنا ئاداش، — دېدى نازاكەت، گۈلىستاننىڭ ئىچى تارلىق قىلىپ، خەقنى بىكاردىن - بىكارغا هاقارەتلەۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، تەسەللى بېرىپ، — سېنىڭمۇ ئاينۇرنىڭكىدىن قېلىشمىغۇدەك بىرمۇنچە كىيىملىرىڭ بارغۇ. مەكتەپتىكى قىزلارنىڭ هېچقايسىسىنىڭ سەنچىلىك كىيىم - كېچىكى يوق. قارا، ئۇچاڭدىكى ماۋۇ كىيىملىرىڭنىڭ چىرايىڭغا شۇنداق ياراشقىنىغا.

نازاكەتنىڭ ئىككى ئېغىز سۆزى تېزلا ئۈنۈمىنى كۆرسەتتى. گۈلىستاننىڭ چىرايىغا كۈلكە ياماشتى. ئادەتتىمۇ ئۇنىڭ مىجەزى خۇددى ئەتىياز مەزگىلىنىڭ ئۆزگىرىشچان هاۋاسىغىلا ئوخشايتتى، هازىرلا ئاچچىقلاپ دومسايسا، هازىرلا خۇشاللىنىپ سەكرەيتتى.

— سەن بەك ئوبدان جۇمۇ ئاداش، — دېدى گۈلىستان نازاكەتنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، — ئوغۇل بالا بولۇپ قالغان بولسام سېنى هېچكىمگە بەرمەيتتىم.

— بولدىلا، — دېدى نازاكەت گۈلىستاننىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ، يالغاندىن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — شىتىلىلىك قىلىپ ئىچىمنى پۇشۇرغىلى تۇردۇڭغۇ ئەمدى.

— هە راست، خالمۇرات بىلەن بىرنېمە دېيىشىپ قالمىغانسەن؟ — تۇيۇقسىز سورىدى گۈلىستان.

نازاكەت تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئالغا دەماللىققا بىرنېمە دېيەلمەي تۇرۇپ قالدى، چىرايىغا سۇس قىزىللىق يۈگۈردى.

— ۋاي - ۋۇي، مەندەك بىر دوستۇڭدىنمۇ خىجىل بولامسەن ئەمدى. تونۇگۇن شۇنچە ساۋاقداشلارنىڭ ئالدىدا ۋارقىرىشىپ

قاپسىلەر، بۇ راستمۇ؟

— قەيەردە ۋارقىرىشىپ قاپتىمىز؟

— ئىلمىي بۆلۈمنىڭ ئالدىدىچۇ؟

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟

— سەن خالمۇراتقا قوپاللىق بىلەن ۋارقىراپ، قېيىدىغىنىڭچە كېتىپ قاپسەنغۇ؟ ۋاي - ۋۇي، ئىچىمنى تولا سىقماي گەپ قىلساڭچۇ؟

نازاكەت گۈلىستاننىڭ چىرايىغا بىرھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ۋىلىققىدە كۈلۈۋەتتى. نازاكەتنىڭ كۈلكىسىدىن ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن گۈلىستاننىڭ يەنە جۇدۇنى تۇتتى.

— بولدى - بولدى، ھىجىيىۋەرمىگىنە سەتلىشىپ، — گۈلىستان تۇرۇلگەن چىرايىغا يەنە شۇ ھامان كۈلكە يۈگۈرتتى، — گەپ قىلە ئاداش، زادى نېمە بولغان سىلەرگە؟

— خاتا ئاڭلاپ قاپسەن. مېنىڭ خالمۇرات بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغىنىم يوق...

نازاكەت بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، تۈنۈگۈن ئىلمىي بۆلۈمنىڭ ئالدىدا خالمۇرات بىلەن قىلىشقان چاقچىقىنى قىسقىلا قىلىپ سۆزلەپ بەردى.

— ھا - ھا - ھا... — گۈلىستان نازاكەتنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلاپ ھۇزۇرلىنىپ كۈلدى، — ۋاي خۇدايىم، شۇنچىلىك گەپمىدى. سەنمۇزە... خالمۇرات قانچىلىك خىجىل بولۇپ كەتكەندۇ. ئېيتە، خۇشلۇقتىن شۇنداق ۋارقىراپ سالدىڭمۇ ياكى خاپىلىقتىنمۇ؟ — گۈلىستان نازاكەتنىڭ ئۇن چىقارماي تۇرغىنىنى كۆرۈپ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى، — سېنى نېمە دېسەم بولار جېنىم دوستۇم. سەن خۇددى كىچىك بالىغىلا ئوخشايسەن. بەلكىم كىچىك بالىمۇ سەندەك ئۇنچىۋالا تارتىنچاق ئەمەستۇ. شۇنچىلىك گەپكىمۇ بەزىلەرنىڭ «ۋاي، نازاكەت بىلەن خالمۇرات ئۇرۇشۇپ قالدى» دەپ گەپ تارقىتىپ كېتىشلىرىنى. ئادەم ئۇنلۇكرەك گەپ قىلغىلىمۇ بولمايدىغان بولۇپ كەتتىغۇ بۇ

جاھاندا، — گۈلىستان يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى چىقىرىپ، خىجىللىقتىنمۇ ياكى ئىسسىقتىنمۇ، ئەيتاۋۇر چىپ - چىپ تەرلەپ كەتكەن نازاكەتكە تەڭلىدى، — مە، تەرىڭنى سۈرتىۋال. ئۆزۈڭنى ئەركىنرەك تۇتۇشنى ئۆگەن دوستۇم. ئەھۋالدىن قارىغاندا خالمۇراتنىڭ يۈرىكىنى چاڭگىلىغا پۈتۈنلەي ئېلىۋالغان ئوخشايسەن. مۇبارەك بولسۇن، — ئۇ پۈتى بىلەن يەر جىجاپ تۇرغان نازاكەتكە قاراپ نېمىنىدۇر ئەسكە ئالدى، — ھە راست، ئالدىنقى كۈنى كەچتە ئۆستەڭ بويىدا ئۇچرىشىپسىلەرغۇ؟

— ھەئە، — دېدى نازاكەت قىسقىلا قىلىپ.

— ھەرقاچان گەپنىڭ بېشى چىقىپ بولغۇچە باتناپ قېچىپ كەلگەنسەن؟

— ياق، — دېدى نازاكەت. شۇ ھامانلا ئۇنىڭ چىرايىغا ياللىدە قىزىللىق يامرىدى.

گۈلىستان بېزەڭلىك بىلەن قۇمدەك سوئاللارنى سوراشنى داۋاملاشتۇردى:

— پاراڭلاشتىڭلارمۇ؟

— ھەئە...

— نېمە توغرۇلۇق؟

— ھېچ...

— سۆيۈشكەنسىلەر؟...

— ...

— خالمۇرات ئاۋۋال سۆيدىمۇ؟

— ھەئە... ياق...

— يائاللا سېنى... كۆڭلۈڭنى كۆتۈرەي دەپ پاراڭ سېلىپ قويسام، قارا، تۇرقۇڭغا، — گۈلىستان خىجىللىقتىن تۇگۈلۈپ كەتكەن نازاكەتنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ پەپىلىدى، — بولدىلا، خىجىل بولغۇدەك ئىشلار ئەمەسقۇ بۇ. كۈلە، ماڭا قاراپ كۈلۈۋېتە بېرنى. يائاللا، كۈلكەڭنى پۇلغا ساتىدىغاندەك قىلىپ

كەتتىڭغۇ. ھە راست، خالمۇرات بىلەن ئىمتىھان نەتىجىمىزنى كۆردۇق دېدىڭ. ھە، شاكىر بىلەن ئىككىمىزنىڭ نەتىجىمىز سىلەرنىڭكىگە يەتمىسىمۇ، ھەرھالدا تاللىنىپتىمىز، — مانا ئەمدى ئۇ تەسەللىيسىزلا چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى، — قانداقلا بولمىسۇن، بىزمۇ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشالايدىغان بولدۇق.

— نېمە دېدىڭ؟ — نازاكەت ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى، — سەن ئىمتىھاندىن چىققاندا، بىرمۇ سوئالغا تۈزۈك جاۋاب يازالمىدىم، تاللىنىشىمدا ئۈمىد يوق دەۋاتمامتىڭ.

— ھەي... شۇنداقلىقىغۇ شۇنداق، بىراق، — گۈلىستان ئەتراپقا ئېھتىياتچانلىق بىلەن نەزەر تاشلىۋېتىپ، ئاغزىنى نازاكەتنىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئاپاردى-دە، ئاۋازىنى پەسلەتتى، — بىلەمسەن نازاكەت، مەن ھازىر ئۆزۈمنى ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپ بولدۇم دېسەممۇ بولىۋېرىدۇ. دادام بۇ ھەقتىكى ھەممە ئىشلارنى توغرىلاپ بوپتۇ. بۇ ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىنى مەنمۇ بىلمەيمەن. لېكىن، دادام بىلەن ئانامنىڭ يولۇمنى ماڭغىلى تۇرغىنىغا خېلى مەزگىل بولۇپ قالدى. سەنمۇ بىلىسەن، شاكىرنىڭ دادىسى باشلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە مائارىپ ئىدارىسىدىكىلەر بىلەن كۆڭلى بەك يېقىن بولغاچقا، ئۇمۇ ھېچقانداق ئىشلاردىن غەم تارتماي يۈرىدۇ. ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسەن؟

گۈلىستاننىڭ مەغرۇرلۇق بىلەن ئېيتقان سۆزلىرى نازاكەتنىڭ بىردىنلا جۇدۇنىنى قوزغاپ قويدى-دە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي سۆزلەپ تاشلىدى:

— ھە، ئەسلىدە قولنى باشقىلار يۇغان بىلەن پولۇنى سىلەر يەيدىكەنسىلەر-دە، قايسىبىر شور پېشانە سىلەرنىڭ كاساپىتىڭلارغا كېتەر؟

— نېمە دېگىنىڭ بۇ، — گۈلىستاننىڭ كۆزلىرى نازاكەتكە دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن چەكچەيدى، — دوستۇم دەپ ئىچ

گېپىمنى قىلسام، ئەجەب بىر گەپ قىلدىڭا؟

— دېمەكچى بولغىنىم، — نازاكەت ئاچچىقتىن قىزىرىپ كەتتى، — ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىدىغان سان چەكلىك. سىلەر ئىككى ساننى ئىگىلىۋالغان بولساڭلار، ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ تۇرۇپمۇ سان چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، تاللىنالماي قالغان ئاشۇ ساۋاقداشلارغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. سەن ئاشۇلارنىڭ قانچىلىك روھىي ئازاب تارتىۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرۈپ باققىنا قېنى. شۇ چاغدا...

— بولدى قىلە، — گۈلىستاننىڭ چىرايىدىكى بايىقى ئاچچىقنىڭ ئورنىغا مەسخىرىلىك كۈلكە ئالماشتى، چىرايلىق لەۋلىرى پۈرۈشتى، — ھىم، بۇ جاھاندا ئۆز بەختى ئۈچۈن، ئۆز ئىستىقبالى ئۈچۈن قايغۇرمايدىغان، ھەرىكەت قىلمايدىغان كىم بار. باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى، باشقىلارنىڭ خۇشاللىقى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ. راست، ھازىرغۇ بۇنداق سۆز ـ ئىبارىلەر بەكمۇ مودا بولۇپ كەتتى. تېخى بەزى كىشىلەر بۇ سۆزلەرگە «ئىنساب» دېگەندەك ئىبارىلەرنىمۇ قوشۇپ سۆزلەۋاتىدۇ. ھالال، توغرا ئادەم بولۇش يولىغا ئۈندەۋاتىدۇ. ئەمما، سەن ئويلاپ باقتىڭمۇ؟ ئاشۇ ئادەملەرنىڭ زادى قانچىسى بۇ سۆزلەرنى ئاغزىنىڭ ئۇچىدا ئەمەس، ھەقىقىي يۈرىكىدىن چىقىرىپ دەۋاتىدۇ؟ ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىۋاتىدۇ؟ ياق ـ ياق دوستۇم، ئەمەلىيەت ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئاشۇ ئادەملەرمۇ ھازىرقىدەك بىر ئۆمۈر ئىستىقبالىغا، مەنپەئەتىگە تاقىشىدىغان يەرگە كەلگەندە، ئىرادىسى بوش ئادەم ئېسىل نازۇنېمەتلەرنى كۆرگەندە شۇنچىۋالا ئىرادە قىلىپ تۇتقان روزىسىنى يەپ كەتكەندەك، ھېلىقىدەك دەبدەبىلىك سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىدۇ. ھېلىقىدەك سۆز ـ ئىبارىلەر ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى پەردازلايدىغان قىزلارنىڭ گىرىم بۇيۇملىرىغا ئوخشاش گىرىم بۇيۇملىرى، جەمئىيەتتە ھازىر ۋىجدان، ئېتىقادقا تايىنىپ ئەمەس، قانداق ئىشقا قابىلىيىتى يەتسە شۇ ئىشنى قىلىپ ياشىغان نوچى بولۇپ

قالدى، — گۈلىستاننىڭ چىرايىغا ئەمدى بايىقى مەسخىرىنىڭ ئورنىغا مەغرۇرلۇق، ھاكاۋۇرلۇق ئالامەتلىرى ئالماشتى، — قولىدىن كەلسە، خەقمۇ ياغ چاينىسۇن، خەقنىڭ بەختى، ئىستىقبالىنى دەپ، جاپادا قېلىشنى ھەرگىز خالىمايمەن. سەنمۇ ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال دوستۇم. ھە دېسىلا باشقىلارنى ئويلاۋېرىپ، باش ئاغرىقى تېپىۋالما يەنە.

گۈلىستاننىڭ ئون ئېشەككە يۈك بولغۇدەك گەپلىرى نازاكەتنى خېلى بەك رەنجىتتى. ئۇ ئىلگىرى گۈلىستاننى «باغرى قاتتىق، ئاغزى ئىتتىك، كۆڭلى تۈز» دەپ چۈشەنسىمۇ، لېكىن كۆڭلىنىڭ بۇنچىۋالا قارىلىقىنى، ئەقەللىيسى ئۇنىڭدا بىر ئىنسانىنىڭ ۋۇجۇدىدا بولىدىغان، ۋىجدان ئازابى دەيدىغان نەرسىنىڭ يوقۇنىدىسىمۇ يوقلۇقىنى ھازىر چۈشىنىپ يەتتى. لېكىن، نېمە ئۈچۈندۇر مۇنازىرىنى مۇشۇ يەردە ئۈزۈپ قويغۇسى كەلمىدى.

— دېمەكچى بولغىنىم، — دېدى نازاكەت ئاناردەك قىزىرىپ تۇرۇپ، ئۆزىنى ئىمكان بار تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ، — سەن ھېچبولمىغاندا، ئۆزۈڭنى ئاشۇ بەختى قارا ساۋاقداشلارنىڭ ئورنىغا قويۇپ تۇرۇپ، قولۇڭنى يۈرىكىڭگە سېلىپ باقساڭ، ئاندىن ئالدانغانلىقنىڭ، باشقىلار ئۈچۈن قۇربانلىق بولغاننىڭ دەرد - ئازابىنى تولۇق چۈشىنىپ يېتەتتىڭ، — نازاكەت سۆزۈم تەسىر قىلىۋاتامدىكىن دېگەندەك، مەغرۇرلۇق بىلەن گىدىيىپ تۇرغان گۈلىستانغا بىرنى قارىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاشۇلارنىڭ ئۇۋالىغا قېلىشنىمۇ بولسا...

— بولدىلا، بۇۋىلەرگە ئوخشاش ۋەز ئوقۇۋەرمىسەڭچۇ، — گۈلىستان دەرھال ئاغزىنى ئۈچلىدى، دىمىقىدا خىڭىلداپ كۈلدى، — ھى -ھى - ھى... ئۇۋالىغا قېلىش دەمسەن؟ بىلىپ قوي، مېنىڭ ئەزەلدىن نېسى ئىش بىلەن خۇشۇم يوق. چىرايىڭنى تۈرمە ئاداش. بىز ئەڭ ياخشىسى بۇ توغرۇلۇق پاراڭلاشمايلى. كىشىلىك تۇرمۇشتا ھەممە ئادەمنىڭ ئويلىغىنى،

تاللىغان يولى بىر خىل بولمايدۇ. بۇنى مەندىن سەن ياخشى چۈشىنىسەن. ھەرقايسىمىز ئۆزىمىز تاللىغان يولدا مېڭىپ باقايلى. قېنى، قايسىمىزنىڭ تاللىغىنىمىز توغرا چىقاركىن. قانداق دەيسەن؟

نازاكەت، گۈلىستاننىڭ چىرايىغا قاراپ بىرھازا تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن گۈلىستانغا يا قايىل بولغانلىقىنى يا ئىچ ئاغرىتىۋاتقانلىقىنى، ياكى نەپرەتلىنىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

— بوپتۇ، — دېدى نازاكەت بىر ئازدىن كېيىن چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ، — بايا دېگەن گەپلىرىڭنىڭ ھەممىسى ئۆزۈڭگە ھېساب. لېكىن، مەنمۇ ئۆز پىكرىمدە قالىمەن. ئەمما، شۇنى ئېسىڭدە مەھكەم تۇت گۈلىستان، ھەقىقەت ھامىنى ھەقىقەت. ئۇ خۇددى قۇياشقا ئوخشايدۇ. بۇلۇت قۇياشنىڭ يۈزىنى مەڭگۈ توسۇۋېلىشقا قادىر بولالمىغاندەك، ھەقىقەتنىمۇ تۇنجۇقتۇرۇۋېتىش، يوق قىلىۋېتىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

— يەنە بېشىمنى ئاغرىتقىلى تۇردۇڭغۇ، خۇددى ئارقا ئىشىكتىن يالغۇز مەنلا مېڭىپ سان ھەل قىلغاندەك، — گۈلىستان نازاكەتنىڭ بىلىكىدىن ئاستا تارتتى، — بۇنداق قۇرۇق پاراڭنى قويۇپ، يۈرە كېتەيلى.

— بولدى، سەن كېتىۋەر، — دېدى نازاكەت بىلىكىدىن گۈلىستاننىڭ قولىنى ئاجرىتىۋېلىپ، — مۇھەممەتنى بۇ يەرگە چاقىرىپ قويالامسەن؟

— ئۇ سەھرالىقتا نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟

— سەندىن ئۇنى چاقىرىپ قويالامسەن دەپ سوراۋاتىمەن!

— ماقۇل، چاقىرىپ قوياي، — گۈلىستان نارازىلىق بىلەن غوتۇلدىدى، — ھېچ چۈشەنمىدىم، ئەجەبلا ھۆرمىتىنى قىلىسەنغۇ ئۇ توخرىلىقنىڭ، خۇددى قەرزدار بولۇپ قالغاندەك.

— ئۆتۈنۈپ قالاي گۈلىستان، — نازاكەتنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى، لەۋلىرى سېزىلەرلىك دەرىجىدە تىترىدى، تۇرقىدىن

غەزىپىنى زورغا بېسىۋالغاندەك قىلاتتى، — سەن مۇشۇ «سەھرالىق»، «شەھەرلىك» دەيدىغان ئادىتىڭنى ئۆزگەرت. مۇھەممەت نېمىلا بولمىسۇن ئۇچ يىل بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقداشىمىزغۇ. سەندە ساۋاقداشلىق مېھرى دەيدىغان نەرسىمۇ يوقمۇ ئەمدى.

— بولدى، بولدى، — گۇلىستان ئىككى قۇلىقىنى قولى بىلەن ئېتىۋېلىپ چىرايىنى پۇرۇشتۇردى، — سېنىڭ مۇشۇ ۋەز-نەسىھەتلىرىڭدىن جاق تويدۇم. مۇھەممەتنى چاقىرىپ قويسام بولامدۇ زادى؟

نازاكەت يىراقلاپ كېتىپ بارغان گۇلىستاننىڭ نازۇك قەدىمىگە قاراپ يەڭگىل باش چايقىدى، ئاندىن نەزىرىنى يىراق كۆكۇچ ئۇپۇققا تىككىنىچە چوڭقۇر خىياللار قاينىمىغا غەرق بولدى. خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدى-دە، ئۆزىگە ئۆزى ئاستا پىچىرلىدى: «مۇھەممەتكە خالمۇرات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى قانداق چۇشەندۇرسەم بولار؟»



# ئۈچىنچى باب

# كىچىككەن سۆيگۈ

## 1

ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىش ئۈچۈن تىزىملاتقان ئوقۇغۇچىلاردىن ئېلىنىدىغان سالاھىيەت تەكشۈرۈش ئىمتىھانىغا ھەپتە قالغان ۋاقىت ئىدى. مەكتەپ ئىچى تىمتاسلىققا چۆمگەن بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى بېسىققان، كۈلكە - چاقچاقلىرى غايىب بولغان. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ ئىچىدىكى خالىي، تىمتاس جايلارنى تېپىپ، جىمجىت ئولتۇرۇپ دەرس تەكرارلىماقتا.

باراقسان ئۆسكەن مەجنۇنتالنىڭ سايىسىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ دەرس تەكرارلاۋاتقان نازاكەت بىرسىنىڭ يەڭگىل يۆتەلگىنىنى ئاڭلاپ كىتابتىن ئاستا باش كۆتۈردى. ئۇنىڭ قېشىدا ساۋاقدىشى مۇھەممەت قاراپ تۇراتتى.

— ھوي، سەنمىدىڭ. ئەجەب چۆچۈتۈۋەتتىڭا ئادەمنى، — دېدى نازاكەت كۈلۈپقىنا، — قېشىمغا كەلگىنىڭنى تۇيمايلا قاپتىمەن.

— نېمە ئۆگىنىۋاتىسەن؟ — سورىدى مۇھەممەت نازاكەتكە يانداشىپ ئولتۇرغاچ.

— ئەدەبىيات، سەنچۇ؟

— مەن جۇغراپىيە ئۆگىنىۋاتىمەن.

— ئىمتىھاننى ھەر قېتىم ئويلىسام، كۆڭلۈمگە قورقۇنچ چۈشىدۇ. «ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي ئالىي مەكتەپكە بارالماي

قالسام قانداق قىلارمەن» دېگەندەك خىياللار كاللامنى چىرمىۋالىدۇ. ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيمۇ قالارمىزمۇ؟

— ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس، — دېدى مۇھەممەت ئىشەنچ بىلەن، — تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۇدا ئۈچ يىل «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولۇپ پۈتكۈزدۇق. مانا ھازىرمۇ پۇختا تەييارلىق قىلىۋاتىمىز. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىسەك سەت تۇرار. ئىمتىھان سوئاللىرى ھەرقانچە قىيىن چىقسىمۇ، ئۈچ يىل ئۆگەنگىنىمىزنىڭ سىرتىدىن چىقماس.

— ئىلاھىم شۇنداق بولغاي.

ئۇلار جىمىپ قېلىشتى. تۇرقىغا قاراپ ئۇلارنىڭ ئىمتىھان ۋەھىمىسىدىن غەمگە پېتىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ياكى كەلگۈسى ئالىي مەكتەپ ھاياتىدىكى گۈزەل، قايناق كارتىنىلارنى خىيال قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. نازاكەت تېگى يوق خىياللار قاينىمىغا چۆكۈپ كەتكەندەك، قېشىدا مۇھەممەتنىڭ بارلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ، كۆزىنى يىراق بىر نۇقتىغا تىككىنىچە جىمجىت ئولتۇراتتى. مۇھەممەت قىزغا بىر گېپى باردەك پات - پات يەر تېگىدىن قاراپ قوياتتى. قولىدىكى كىتابنى مەقسەتسىز، ئاستا ۋاراقلايتتى، خۇددى بىرەر ئىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتقاندەك دېلىغۇل بولۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ شۇ تۇرقىدا ئون مىنۇتتەك ئولتۇردى - دە، بىردىنلا قەتئىي نىيەتكە كەلگەندەك بېشىنى تىكلا كۆتۈردى. قولىدىكى كىتابنىڭ ئارىسىدىن بىر پارچە كونۋېرتنى سۇغۇرۇۋېلىپ نازاكەتكە تەڭلىدى.

— ۋاقتىڭ يەتسە بۇنى كۆرۈپ باقارسەن.

نازاكەت خىيالدىن تېزلا باش كۆتۈردى. مۇھەممەتنىڭ تىترەپ تۇرغان بارماقلىرى ئارىسىدىكى كونۋېرتنى ئەجەبلىنىپ قولىغا ئالدى - دە، ئۇنىڭ كۆزىگە لاپپىدە قارىدى. يىگىت كۆزىنى دەرھال ئەپقاچتى - دە، شارتتىدە كەينىگە ئۆرۈلۈپ كېتىپ قالدى. نازاكەت كونۋېرتقا بىر پەس قاراپ تۇردى، كاللىسىدا

تويۇقسىزلا نۇرغۇن گىچماچ سوئاللار پەيدا بولدى. ئۇ، شۇ تەرىقىدە بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن كونۇۋېرتنى ئاچتى، كۆزلىرى مۇھەممەتنىڭ تولىمۇ چىرايلىق، خۇددى مارجاندەك تىزىلغان تونۇش پوچېركىسى ئۈستىدە يۈگۈرۈشكە باشلىدى:

«نازاكەت، سەن بەلكىم بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغىنىڭدا ھېچنېمىنى چۈشەنمەي ئەجەبلىنەرسەن، ھەيران قالارسەن. ‹مۇھەممەتنىڭ خەت ئارقىلىق بايان قىلىپ كەتكۈدەك قانداق مۇھىم گېپى بار بولغىيدى؟›، دەپ ئويلاپ قالارسەن، مەيلى كاللاڭغا ھەرقانداق ئوي - خىياللارنى كەلتۈرمىگىن، ئەمما بىرلا تەلىپىم بۇ خەتنى ئاخىرىغىچە ئوقۇپ چىق.

نازاكەت، بىز ھازىر ئوقۇش پۈتكۈزۈپ، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئالدىدا تۇرماقتىمىز. ئالدىمىزدا جەمئىيەتتىن ئىبارەت يەنە بىر مەكتەپنىڭ دەرۋازىسى بىزنىڭ كىرىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. ئەمما، ئۇنىڭ بوسۇغىسى بولسا گويا خەتەرلىك بىر تىك داۋاندەك يولىمىزنى توسۇپ تۇرماقتا. بەلكىم بىر قىسىملىرىمىز ھەممىمىزنىڭ ئورتاق ئارزۇسى بولغان ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىش بەختىگە ئېرىشىپ، جەمئىيەت دەرۋازىسىنىڭ خەتەرلىك داۋانغا ئوخشاش بوسۇغىسىغا بىرنەچچە يىل كېچىكىپرەك قەدەم ئالارمىز. ئەمما، خېلى كۆپ قىسىملىرىمىزغا يەنىلا ئاشۇ بوسۇغا — داۋاندىن ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. كونىلار ‹بوسۇغا — داۋان› دەپ توغرا ئېيتقانىكەن. بىزنىڭ جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئاشۇ رەڭگارەڭ ھايات قاينىمىدا كىشىلىك تۇرمۇش يولىمىزنى مۇۋەپپەقىيەتلىك مېڭىش ياكى ماڭالماسلىقىمىز، ئەنە ئاشۇ جەمئىيەت دەرۋازىسىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئىبارەت خەتەرلىك داۋاندىن غەلىبىلىك ئېشىش ياكى ئاشالماسلىقىمىزغا باغلىق. مەن ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان ساۋاقداشلارنى، ھەرگىزمۇ ‹جەمئىيەت بوسۇغىسىدىن ئىبازەت ئاشۇ خەتەرلىك داۋاندىن غەلىبىلىك ئاشتى› دەپ ھېسابلىمايمەن. شۇنداقلا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالغان ساۋاقداشلارنى ‹داۋاندىن ئاشالمايدۇ، مەغلۇب بولىدۇ› دەپمۇ قارىيالمايمەن. چۈنكى، ئىمتىھان بىر ئادەمنىڭ قابىلىيىتىنى،

بىلىم ــ سەۋىيەسىنى ھەقىقىي تۇردە ئۆلچىيەلەيدىغان بىردىنبىر تارازا ئەمەس. تېخى ھازىرغا قەدەر ئۇنداق مۇكەممەل تارازىنىڭ مەيدانغا كەلگىنىمۇ يوق. بەلكىم مەن شۇنچە پۇختا تەييارلىق قىلىپ تۇرۇپ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەسلىكىم، نەچچە يىلدىن بېرى قىلىپ كەلگەن ئارزۇيۇمغا يېتەلمەسلىكىم، ئەمما دەرس ئۆگەنمەيدىغان، ئويۇن ــ تاماشىدىن باش ئالالمايدىغان، ئالىي مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇش ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان بەزى ساۋاقداشلار ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كېتىشى، ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. سەنمۇ بىلىسەن، بۇ ھەر قېتىملىق ئىمتىھان ۋاقىتلىرىدا داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان ئەھۋال. ئەمما، مەن بۇ ئەھۋاللارنى تەبىئىي دەپ چۈشەنمەيمەن. چۈنكى، بۇنداق ئەھۋاللارغا ھەر خىل ئىجتىمائىي ئامىللار سەۋەبچى بولغان. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، مەن سەھرادا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بىر دېھقان بالىسى. ئاتا ــ ئانامنىڭ مەرىپەت سۆيەرلىكى، شۇنداقلا ياخشىراق ئوقۇپ كادىر بولۇپ قالسا، دېھقانچىلىقنىڭ جاپاسىدىن قۇتۇلۇپ قالارمىكىن، دېگەن ئارزۇ ــ ئىستىكىنىڭ تۈرتكىسىدە تاكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە قىينالماي ئوقۇدۇم. ئاتا ــ ئانامنىڭ ئارزۇسى مېنى يەنە ھەرقانچە قىيىنچىلىق تارتسىمۇ ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇتۇش ئىدى. مەنمۇ ئاشۇنداق ئارزۇنىڭ ئارمانىنى يەپ، ئەلاچىلىقنى قولدىن بەرمەي تىرىشىپ ئوقۇغانىدىم. يەنە تېخى بىزنىڭ يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ ئاغزىدا ئېقىپ يۈرگەن: «جىگدە ياغىچى بادرا بولمايدۇ، دېھقان بالىسى كادىر بولمايدۇ» دېگەن سۆزلەرگە خاتىمە بەرمەكچىدىم. لېكىن، بىلمەيمەن، ھەر خىل ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشماسلىقى، ئاتا ــ ئانامنىڭ شۇنچىۋالا جاپا تارتىپ مېنى ئوقۇتقان ئارزۇ ــ ئۈمىدىنى ئاقلىيالماسلىقىم مۇمكىن. ئېھتىمال، ئالىي مەكتەپكە بارالماي، يېزىغا قايتىشقا مەجبۇر بولارمەن. بۇ ماڭا ئوخشاش يۆلەنچۈكى يوق، ئۆمۈر بويى يەر تاتىلاپ ئۆتكەن جاپاكەش، ساددا، ياۋاش دېھقان پەرزەنتلىرى ئۈچۈن بۇرنىمىزغا پۇراپ تۇرغان رېئاللىق. لېكىن، بۇ رېئاللىق كەلگۈسى ھايات يولۇمنىڭ پۈتۈنلەي بەربات بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا، مەن «ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بارغانلارنىڭ

ئىستىقبالى پارلاق، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلەرنىڭ، ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بارالمىغانلارنىڭ ئىستىقبالى يوق، دېگەن قاراشقا ھەرگىز ئىشەنمەيمەن. چۈنكى، ئالىي مەكتەپ قانداقتۇر ھۆرۈنلار ئۈچۈن «ئېچىل داستىخىنىم»، لايغەزەللەر ئۈچۈن «جەننەت» ئەمەس، بەلكى ئىلىم ئاشىنالىرى ئۈچۈن كەسكىن جەڭ مەيدانى، رىقابەت سورۇنى. ئۇ تىرىشچانلارغا، ئالىيجاناب غايىگە ئىگە ئوقۇغۇچىلارغا، جەمئىيەت بوسۇغىسىدىن ئىبارەت خەتەرلىك داۋاندىن بىمالال ھالقىپ ئۆتەلەيدىغانلارغا سۇنىماس قانات، كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ. ھۆرۈن، لايغەزەللەرنى شاللىۋېتىدۇ. تۇردىن چۈشۈپ قالغانلىرىمۇ جەمئىيەت بوسۇغىسىدىن ئىبارەت خەتەرلىك داۋاندىن ھالقىيالماي چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىدۇ.

مەن ئىدىيەمدە تەييارلىق كۆرۈپ قويدۇم. ناۋادا ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بارالماي قالسام ھەرگىز روھىمنى چۈشۈرمەيمەن. ئۆزۈمنى تاشلىۋەتمەيمەن. جەمئىيەت بوسۇغىسىدىن ئىبارەت خەتەرلىك داۋانغا دادىل يامىشىمەن. ئەقىل - پاراسىتىمىزنى، قابىلىيەت، ئىقتىدارىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، توغرا يول ۋە كەسىپ تۇتۇپ شۇغۇللىنىدىغانلا بولساق، كەلگۈسى ئىستىقبالىمىز ئۈچۈن يېڭى بىر پارلاق سەھىپە ئېچىشىمىزدا گەپ يوق.

نازاكەت، يۇقىرىدىكىلەر ھەرگىزمۇ بۇ خەتكە يازماقچى بولغان ئاساسلىق سۆزلىرىم ئەمەس. بىراق، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، بۇ گەپلەرنى نېمە ئۈچۈن يازدىمكىن؟ بەلكىم ئەسلىي مەقسىتىمنى ساڭا ئۆز ئاغزىم بىلەن ئېيتىشقا ھەرقانچە ئۇرۇنغان بولساممۇ، لېكىن قېشىڭغا كەلگەندە تىلىم كالۋالىشىپ، تەمتىرەپ، ھودۇقۇپ، دېمەكچى بولغان گەپلىرىم ئاغزىمدىن باشقا گەپ - سۆز بولۇپ چىققىنىغا ئوخشاش، قەلىمىممۇ ئەسلىي مەقسىتىمنى يېزىشتىن ھودۇقۇۋاتامدىكىن ياكى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى يۈرىكىمنى زېدە قىلغان، جەمئىيەت، ئىنسان، ئەخلاق ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر ھەققىدىكى ئازابلىق ئوي - خىياللىرىم سېنىڭ ئوي - خىياللىرىڭ بىلەن ئورتاقلىشىشنى خالاۋاتامدىكىن؟ لېكىن، سەن شۇنىڭغا ئىشەنگىنكى، يۇقىرىدىكى سۆزلىرىم ھەرگىزمۇ بەڭباش قەلىمىمنىڭ قالايمىقان يېزىپ قويغان ئىبارىلىرى ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي يۈرەك سۆزۈمدۇر. ئېھتىمال ھازىر سەن: «ئۇنداقتا بۇ

خەتنى يېزىشتىكى مەقسىتىڭ زادى نېمە؟، دەپ ئويلاپ قېلىشىڭ مۇمكىن. ماقۇل، مەن بۇ خەتنى يېزىشقا جۈرئەت قىلغانىكەنمەن، مەقسىتىمنى ئوچۇقلا بايان قىلاي.

نازاكەت، مەن سېنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. بىرنەچچە ئايدىن بېرى يۈرىكىمدە ساڭا نىسبەتەن باشقىچە ئويغانغان ھېس - تۇيغۇلىرىم، يىگىتلىك ئارزۇ - ئىستەكلىرىم سېنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى ئىسپاتلىدى. مەن دەسلەپتە بۇنى ئىككىمىزنىڭ بىرنەچچە يىللىق ساۋاقداشلىق ھاياتىمىزدا ئورناتقان چوڭقۇر دوستلۇقتىن پەيدا بولغان، شۇنداقلا بىر ئۆتكۈنچى ھېس - تۇيغۇ بولسا كېرەك دەپ ئويلىغان. ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا، ئالدىراپ ھېسسىياتقا تايىنىپ ھۆكۈم چىقارماسلىققا تىرىشقانىدىم. ھازىر يۈرىكىمدە ساڭا نىسبەتەن ئويغانغان مۇھەببەتنىڭ ساۋاقداشلىق چېگراسىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەنلىكىگە ئىشەندىم. مۇھەببىتىمگە نىسبەتەن ئىشەنچىم مۇقىملاشقاندىن كېيىن، ۋۇجۇدۇم بىردىنلا غايەت يالقۇنلۇق بىر گۈلخاننىڭ ئارىسىدا قالغاندەك ئارامىنى يوقاتتى - دە، ئاشۇ يالقۇنلۇق مۇھەببىتىمنى ساڭا بىلدۈرۈشكە، ئاشكارىلاشقا ئالدىرىدىم. ئالدىرىدىم - يۇ، قېشىڭغا كېلىپلا تىلىم تۇتۇلدى، ساڭا يۈرەك سىرىمنى ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. مەقسىتىمگە يات گەپلەرنى قىلىپ قېشىڭدىن ئايرىلدىم. يالغۇز ئولتۇرۇپ جۈرئەتلىكرەك بولۇپ ساڭا يۈرەك سىرىمنى ئاشكارىيالمىغانلىقىم ئۈچۈن ئازابلىنىمەن، پۇشايمان قىلىمەن، يەنە قېشىڭغا بارىمەن، يەنە جۈرئەت قىلالمايمەن، ئاغزىمدىن يەنە مەقسىتىمگە يات گەپلەر چىقىدۇ، يەنە پۇشايمان، ئازابلارغا قالىمەن. ئۆزۈمنىڭ يۈرەكسىزلىكىنى ئەيىبلەيمەن. يەنە بىر نۆۋەتتە قەتئىي يۈرەكلىك، جۈرئەتلىك بولۇشقا ئۆزۈمگە ئۆزۈم ۋەدە بېرىمەن. مانا بۈگۈن ئاخىر خەت ئارقىلىق يۈرەك سىرىمنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت بۇ ئاددىي ئامالغا مۇراجىئەت قىلىپ، بۇ خەتنى يېزىپ ئولتۇرۇپتىمەن.

نازاكەت، ئەگەر خالىساڭ، سەن بىلەن كىشىلىك ھايات يولىدىكى ئاشۇ خەتەرلىك داۋانلاردىن بىرلىكتە ھەمدەم بولۇپ، قول تۇتۇشۇپ ئېشىپ، كەلگۈسى غايىلىرىمىز ئۈچۈن بىر ئۆمۈر بىللە ھايات كەچۈرۈشنى خالايمەن. مېنىڭ بۇ تەلىپىمگە سەن قانداق

قارايسەن، بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ.

بەلكىم سەنمۇ بىلمىدىغانسەن، سۆيگۈگە چاقچاق قىلىشقا، تەۋەككۈل قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ خۇشى تۇتسا ئۆزىگە ئەمەك قىلىپ، زېرىكسە چۆرۈپ تاشلىۋېتىدىغان ئويۇنچۇق ئەمەس، ياكى «دەتتىكام» دەپ تەلەي سىناپ سېتىۋالىدىغان لاتارىيە بېلىتىمۇ ئەمەس. سۆيگۈ مۇقەددەسلىكى، ۋاپادارلىقى بىلەن شۇنداق بىر قۇدرەتلىك نەرسىكى، بىر – بىرىگە يات بولغان ئىككى ئادەمنىڭ يۈرەك ساداسىنى بىرلەشتۈرەلەيدۇ. دىل رىشتىنى بىر – بىرىگە مەھكەم باغلايدۇ، كىشىلىك ھايات يولىدا بىر – بىرىگە ھەمدەم بولۇپ، باشقا كۈن كەلگەندە بىرسى ئۈچۈن يەنە بىرسىنى قۇربان بېرىشكە، ئۆزىنى پىداكار قىلىشقا ئۈندەيدۇ. لېكىن، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئارزۇ – ئارمانلىرى، كۆڭۈل خاھىشى، ھېس – تۇيغۇلىرى بىر يەردىن چىقىشى، ئوخشاش بولۇشى كېرەك. چۈنكى، سۆيگۈ – مۇھەببەت ئەلمىساقتىن تارتىپ زورلۇق كۈچكە باش ئەگكەن ئەمەس ھەم ئۇ ئەركىنلىكنى ئەسىرلەردىن بېرى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس شوئارى قىلىپ كەلدى. بۇ سۆزلىرىم ئارقىلىق ساڭا شۇنى دېمەكچىمەنكى، مەن پەقەت سېنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈنلا، سەنمۇ مېنى ياخشى كۆرۈشۈڭ كېرەك دەپ تۇرىۋالمايمەن. سەن مېنىڭ بۇ ئىشق دەۋايىمغا ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىپ، يۈرىكىڭنى تىڭشاپ، كۆڭلۈڭنى دەڭسەپ تۇرۇپ، يۈرىكىمنىڭ ئادىل سوتچىسى بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن توغرا ۋە ھەق ھۆكۈم چىقارغىن. چىقارغان ھۆكمۈڭ مېنىمۇ ھەم ئۆزۈڭنىمۇ ئالدىمايدىغان بولسۇن.

خەير، جاۋابىڭنى كۈتىمەن. سېنى چىن يۈرىكىمدىن سۆيۈپ:

مۇھەممەت.»

نازاكەت خەتنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئولتۇرغان ئورنىدا يېرىم سائەتكىچە مىدىر – سىدىر قىلماي ئولتۇردى. ياق، ئۇنىڭ جىسمى مىدىرلىمىغان بىلەن روھىي دۇنياسى بوراندا قالغان كۆل سۈيىدەك چايقىلىپ، خىياللىرى تۈگىمەس مۇنازىرە قايناملىرى ئارىسىدا قالدى. نازاكەت مۇھەممەتنىڭ

بۇنداق سۆيگۈ تەلىپى قويۇپ قىلىشنى ھەرگىز خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئۆزىمۇ مۇھەممەتنى ياخشى كۆرەتتى. لېكىن، ساۋاقداشلىق، دوستلۇق مېھرى بىلەن ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ خالمۇراتنىڭ سۆيگۈ تەلىپىنى قوبۇل قىلغىنىغا تېخى ئەمدىلا ئىككى ھەپتە بولغانىدى. بىراق، مانا بۈگۈن مۇھەممەتمۇ سۆيگۈ تەلىپى قويۇپتۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ بەلكىم ئۇ خالمۇراتنىڭ سۆيگۈسىنى قوبۇل قىلمىغان بولسا، مۇھەممەتنىڭ بۇ تەلىپىنى ئويلىشىپ باقارمىدىكىنتاڭ.

نازاكەت ئانچە ئۇزاق ئويلانمىدى، تەڭلىكتىمۇ قالمىدى، مۇھەممەتكە دەرھال خالمۇرات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئوچۇق ئېيتىپ، لايىقىدا جاۋاب بېرىۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

## 2

نازاكەت ئۆزىدىن ئىككى قەدەم يىراقلىقتا تۇرغان يىگىتنى كۆرۈپ خىيالدىن باش كۆتۈردى. ئۇ يىگىتكە گەپ قىلىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئۆمەللىدى ـ يۇ، لېكىن كۆزى يىگىتنىڭ ئازاب ۋە ئۈمىدسىزلىككە تولغان بىچارە قىياپىتىگە چۈشكەندە بوغۇزىغا كېلىپ قالغان گېپىنى يۇتۇۋەتتى. يىگىت قىزغا قاراپ كۈلمەكچى بولۇۋىدى، قاملاشتۇرۇپ كۈلەلمەي يۈز مۇسكۇللىرى تارتىشىپ، چىرايى غەلىتىلا بىر قىياپەتكە كىرىپ قالدى. بۇ يالغان كۈلكە ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇرغان ھەسرەت ـ مۇڭنى يوشۇرۇپ قالالمىدى. ئۇ ئاخىر ياسالما كۈلكىسىنى يىغىشتۇرۇپ قىزغا شۇنداق بىچارە، شۇنداق ئىلتىجالىق قىياپەتتە قارىدى ـ دە، دەرھال كۆزىنى پۈتىنىڭ ئۇچىغا يۆتكىدى.

— نېمىگە قاراپ تۇرىسەن مۇھەممەت، كېلە، ئولتۇرۇپ مۇڭدىشايلى.

يىگىت ئاستا قىزنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى، قولىدىكى

كىتابنى ۋاراقلىغان بولۇپ، قىزنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتتى.

نازاكەت بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئاۋۋال يىگىتنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىپ قويۇپ، ئاندىن نەچچە كۈندىن بېرى تەييارلاپ قويغان جاۋابىنى ئوچۇقلا ئېيتماقچى بولدى.

— مۇھەممەت، مېنى ئەپۇ قىل. مەن...

— بولدى، سۆزلىمەيلا قوي، — دېدى يىگىت چاقچاقلىق بىلەن قىزنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — بايا گۈلىستاننىڭ گېپىگە ئىشەنمىگەنىدىم. مانا ئەمدى ماڭا نېمە دەيدىغانلىقىڭنى پەرەز قىلىپ بولدۇم. كېچىكىپتىمەن، راستىلا كېچىكىپتىمەن. مەن بۇ ئىشلارنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام، بۇ يۈرەك سىرىمنى ساڭا مەڭگۈ ئاشكارىلىمىغان، يوشۇرۇن كۆيۈك ئازابىدا يۈرىكىم پۇچىلىنىپ كەتسىمۇ قەلبىم قېتىدا مەڭگۈ پىنھان ساقلار ئىكەنمەن. خالمۇرات بىلەن ئىككىڭلارغا بەخت تىلەيمەن.

— سەن بۇ ئىشنى كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟

— گۈلىستاندىن. گۈلىستان ماڭا بايىلا ئېيتتى. مېنى ئەپۇ قىل نازاكەت، — مۇھەممەت ئازاب بىلەن كۈلۈمسىرىدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ چىرايى غەلىتە پۇرۇشمىدى، لېكىن كۆز چانىقىغا لىققىدە ياش كېلىپ قالدى، — خالمۇرات ھەقىقەتەن تەلەيلىك ئىكەن. مەڭگۈ بەختلىك ئۆتۈڭلار.

— رەھمەت ساڭا، — نازاكەت يىگىتكە مەمنۇنىيەتلىك بىلەن تىكىلدى، زىممىسىدىكى ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك يەڭگىل نەپەسلەندى، — تەلىپىڭنى قوبۇل قىلالمىغانلىقىم ئۈچۈن سەنمۇ مېنى ئەپۇ قىل. بىز بۇنىڭدىن كېيىن دوست بولۇپ ئۆتەيلى.

— بىز بۇرۇنمۇ دوست ئىدۇققۇ؟

نازاكەت مۇھەممەتنىڭ بۇ سوئالىغا تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— شۇنداق، بىز بۇرۇنمۇ دوست ئىدۇق، ئەمما بىر - بىرىمىزنى ھەقىقىي چۈشىنىدىغان دوستلاردىن ئەمەس ئىدۇق.

مانا ئەمدى بىر - بىرىمىزنى تېخىمۇ بەك چۈشەندۇق دەپ ئويلايمەن. شۇڭلاشقا، بىز بۇرۇنقى دوستلۇق رىشتىمىزنى تېخىمۇ چىڭىتىپ، سەن ئېيتقان ھېلىقى جەمئىيەت بوسۇغىسىدىن ئىبارەت داۋاندىن غەلىبىلىك ئېشىش ئۈچۈن تىرىشايلى.



# تۆتىنچى باب

# خەير - خوش، ساۋاقداشلار

## 1

سېنتەبىر ئايلىرىدا تەبىئەت بەئەينى جەننەت تۈسىنى ئالىدۇ. ئۇ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ يارىشىملىق يېپىنچىسىنى كىيىدۇ، ئىنسانلارغا ئەڭ سەرخىل، ئەڭ شېرىن، ئەلۋەك نېمەتلىرىنى سوۋغا قىلىدۇ. نەگىلا قارىسىڭىز تاتلىقلىقى بىلەن تىلنى يارىدىغان، شېرىنلىكى بىلەن دىلىڭىزغا ھۇزۇر بېغىشلايدىغان قوغۇن، تاۋۇز، ئۈزۈم، شاپتۇل، ئالما، ئەنجۈر، بادام، ياڭاق... قاتارلىق جەننەت نېمەتلىرى تولۇپ تاشقان. سىز پۈتۈن بىر كۈنىڭىزنى بىر يۇتۇم سۇسىز، بىر بۇردا نانسىز، ئەنە ئاشۇ مول، شېرىن نېمەتلەرنى ئوزۇق قىلىپ ئۆتكۈزۈشىڭىز مۇمكىن. چۈنكى، ھەممە ئۇيغۇر ئۆيلىرىنىڭ داستىخانلىرىدىن ئەنە ئاشۇ بېھىش نېمەتلىرى ئورۇن ئالغان.

بۈگۈن نازاكەت، خالمۇرات، گۈلىستان، شاكىر، مۇھەممەت، ئابدۇسېلىم... قاتارلىق ئون نەچچە ساۋاقداشنىڭ پۇل يىغىش قىلىشىپ، ئۆزئارا خوشلىشىش يۈزىسىدىن تەييارلاشقان بۇ داستىخىنىمۇ ئەنە ئاشۇ يەل - يېمىشلەر بىلەن ئالاھىدە بېزەلگەن بولۇپ، تەخسىلەرگە گۈل كەلتۈرۈپ تىزىلغان، خۇددى داستىخان ئەتراپىدىكى قىزلار بىلەن ھۆسن تالىشىۋاتقاندەك رەڭدار جۇلالىنىپ تۇرغان ئالمىلار، ۋايىغا يېتىپ پىشقان شاخ مانتىسى — ئەنجۈرلەر، شېرىنلىكى ۋە چۈرۈكلۈكى بىلەن

قوغۇنلارنىڭ شاھى دەپ ئاتالغان قارىكۆسەي بارلىق مېھمانلارنىڭ ئىشتىھاسىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان بولسا؛ شاكىلىنىڭ نېپىزلىكى، مېغىزىنىڭ تەملىكلىكى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان يەكەن بادىمى، شېرىنىسى شەربەتتەك، ئۇرۇقى رەڭدار مەرۋايىتتەك جۇلالىنىپ تۇرىدىغان قەشقەر ئانارى، خۇددى كەھرىۋادەك كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان مۇناقى ئۈزۈملەر، ئامۇت ـ نەشپۈتلەر... ئۇنىڭدىن باشقا، ياغ توقاچ، گۆشگىردە، پەرمۇدە، تونۇر كاۋىپى ۋە پىششىق گۆشلەر خۇددى سورۇندىكى ئوت يۈرەك ياشلارنىڭ كۆڭلى ـ كۆكسىدەك داستىخانغا مول، كەڭ ـ كۇشادە تىزىلغانىدى.

شاكىر خوشلىششىش سورۇنى ئۈچۈن، دادىسىنىڭ نوپۇزىدىن پايدىلىنىپ ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرغان بۇ باغ، بايا ساۋاقداشلار ئۆزلىرى ئەكەلگەن ئەدىيال، پالاسلارنى سېلىش، يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى تىزىش جەريانىدا ھەر خىل كۈلكە ـ چاقچاقلار بىلەن ئالاھىدە جانلىنىپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدى سورۇن راسلىنىپ، نېمەتلەر داستىخانغا تىزىلىپ، ھەممەيلەن داستىخاندىن ئورۇن ئېلىپ بولغاندا، نېمە ئۈچۈندۇر سورۇن ئەھلىنىڭمۇ، باغنىڭمۇ بىردىنلا كەيپىياتى سۇسلاشتى. باغدىكى قۇشلارمۇ بىرنەچچە دەقىقە سايراشتىن توختىدى. ساۋاقداشلار خۇددى ئىمتىھان مەيدانىدا ئولتۇرغاندەك جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ نەپەس ئېلىشلىرىنىمۇ ئاڭلىغىلى بولمايتتى. ھەممەيلەننىڭ چىرايىدىن نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى، قانداق ئىشلارنى مۇلاھىزە قىلىۋاتقانلىقىنى، خۇشلۇقىنى ياكى خاپىلىقىنى پەرەز قىلماق بەكمۇ تەس ئىدى. ئەنە، نازاكەتنىڭ چىرايلىق قوي كۆزلىرى چەكسىز مۇڭ ـ ھەسرەتكە تولغان. ئۇ ئۆزىنى كۈلكىگە زورلاۋاتقاندەك، چىرايىدا كۈلكە ـ تەبەسسۇم ئىپادىلىمەكچى بولغاندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن، بۇ ساختا، ياسالما كۈلكە ـ تەبەسسۇم ئۇنىڭ چىرايىدا ئازراق بولسىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپمىغان. نازاكەتنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى، شوخ قىز

گۈلىستاننىڭ بولسا كەيپىياتىنىڭ قانداقلىقىنى پەرەز قىلماق تېخىمۇ قىيىن. بىردەم شۈك ئولتۇرالمايدىغان، بىر مىنۇت گەپ قىلمىسا ئىچى پۇشىدىغان، ھېلى يىغلاپ، ھېلى كۈلۈپ ئولتۇرىدىغان بۇ شىتىلە، ئايناق قىز ھازىر نېمە ئۈچۈندۇر چىرايلىق لەۋلىرىنى ئۈمچەيتىپ، گەپ قىلىپ تاشلاشتىن ئۆزىنى ئاران - ئاران تۇتۇپ ئولتۇرىدۇ. چىرايىغا بىر قاراپلا، ئۇنىڭ گەپ قىلغۇسى كېلىپ ئىچى تىتىلداپ تۇرغانلىقىنى بىلىۋالماق تەس ئەمەس. خالمۇراتنىڭ چىرايلىق قارچىغا كۆزلىرى چەكسىز بىر بەختتىن خۇمارلاشقان، ئەمما مايسىدەك يۇمشاق، قارامتۇل ساقال - بۇرۇت باسقان ئاقپىشماق چىرايى بىرئاز غەمكىن. ئۇنىڭ ئۆزى بۇ سورۇندا بولغان بىلەن، خىيالى نەلەردە قانات قېقىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلماق قىيىن، لېكىن تاتلىق خىياللار ئىلكىدە ئەللەيلىنىۋاتقىنى ئېنىق. شاكىر بولسا تەكلىپسىز، تۇزۇتسىز بەخىرامان ھالدا قولىدىكى بىر پارچە سۆڭەكلىك گۆشنى ئىشتىھا بىلەن غاجىماقتا. ئۇ پەقەت مۇشۇ سورۇندا پەرۋاسىز، غەمسىز، ھېسسىياتسىز ئولتۇرغان بىردىنبىر ئادەم. مۇھەممەتنىڭ ئورۇق، ئېگىز بەستى قانداقتۇر غايەت زور غەم تاغلىرىنىڭ ئاستىدا قالغاندەك مۈكچىيىپ كەتكەن، بىرئاز ئولتۇرۇشۇپ قالغان كۆزلىرىدىن مۇڭ، ئازاب، ھەسرەت تۆكۈلىدۇ. ئۇ قەلبىدىكى، ۋۇجۇدىدىكى بارلىق دەرد - ئازابلىرىنى سىرتىغا چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك، پات - پات ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدۇ. ئابدۇسېلىم ھېلىدىن - ھېلىغا بارماقلىرىنى ئېچىپ - پۈكۈپ بىرنېمىلەرنى ھېسابلىماقتا، دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرمەكچى بولغاندەك، بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆزىنى پات - پات يىراقلارغا تىكمەكتە. باشقا ساۋاقداشلارنىڭ كەيپىياتىمۇ يۇقىرىدىكىلەرنىڭ كەيپىياتىدىن ئانچە پەرقلىق ئەمەس. ئىشقىلىپ سورۇن تىمتاسلىقتا، سورۇن ئەھلى ئېغىر سۈكۈتكە چۆمگەن. باغدىكى قۇرت - قوڭغۇزلارنىڭ ئاۋازىنى ئېنىق ئاڭلىغىلى بولىدۇ. شۇ تۇرقىدا باغدىكى

ھەرقانداق بىرنەرسىدىن ئاۋاز چىقسا چىقىدۇكى، ئولتۇرغانلاردىن ئاۋاز چىقمايدۇ. تۇيۇقسىز بىر كاككۇك باغنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ ئارقىمۇئارقا ئۈن نەچچىنى سايرىدى.

— ئاھ، ئەجەب ئېچىمنى سىقتىڭلارغۇ، ئاغزىڭلارنى بوغۇپ قويغاندەك نېمانچە جىمىپ ئولتۇرىسىلەر، — دېدى گۈلىستان كاككۇك ئاۋازىدىن روھلانغاندەك بىردىنلا چۇڭقۇلداپ سۆزلەپ، — سورۇننىڭ كەيپىياتىنى بۇنداق سۇسلاشتۇرۇۋەتمەي، كۈلكە - چاقچاق، ناخشا - ئۇسسۇل، تانسا بىلەن ئولتۇرايلى دوستلار. ئارىمىزدا يات ئادەم يوققۇ، نېمە بولغانغا بۇنچىۋالا تارتىنىپ، شۈمشىيىپ ئولتۇرىمىز، — ئۇ تېخىچىلا بەخىرامان سۆزلەك غاجاپ ئولتۇرغان شاكىرغا قاراپ ۋارقىرىدى، — شاكىر، نېمانچە قىلىسەن، چوڭ بولۇپ گۆش يەپ باقمىغان ئادەمدەك... تاشلىغىنا قولۇڭدىكى سۆڭەكنى، كۆڭلۈمنى ئېلەشتۇرمەي. بولە، بوتۇلكىلارنىڭ ئاغزىنى ئاچ. سىلەر ئوغۇللارنىڭغۇ بىرەر - ئىككى رومكا ئىچىپ قىزىۋالمىغۇچە تىلىڭلار چىقمايدۇ. ھە، قىزلار سىلەرمۇ قاراپ ئولتۇرماي، ئالدىڭلاردىكى گاززاپ①لارنىڭ ئاغزىنى ئاچقاچ ئولتۇرۇڭلار، — ئۇ قولىغا بىر قۇتا گاززاپنى ئالدى - دە، ئاغزىنى تاراسسىدە ئېچىپ، بىر يۇتۇم ئىچىۋېتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن ھازىر شۇنى جاكارلايمەنكى، مۇشۇ دەقىقىدىن باشلاپ سورۇنىمىز ئاخىرلاشقۇچە ھەرقانداق ئادەمنىڭ كۈلمەي گۆشىيىپ ئولتۇرۇشىغا رۇخسەت يوق. كىمكى كۆزىنىڭ يۇندىسىنى ئېقىتىپ سورۇننىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزىدىكەن، شۇنىڭغا قاتتىق جازا بېرىلىدۇ. بۇگۈن بارلىق دوستلار جەم بولغان كۈن. شۇڭلاشقا، سورۇننىڭ كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ھەممەيلەن تىرىشايلى. بۇ سورۇندا ئولتۇرغانلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمىمىز ئەتە يولغا چىقىمىز. بىر قىسمىلىرىمىز پايتەختكە، بىر قىسمىلىرىمىز ئاپتونوم رايون

① گاززاپ — جيەنلىباۋ، كوكاكولا قاتارلىق سوغۇق ئىچىملىك.

مەركىزىگە سەپەر قىلىمىز. قېنى، ئوغۇللار قولۇڭلارغا ھاراق رومكاڭلارنى، قىزلار گازىراپ قۇتىلىرىنى ئېلىڭلار. بۇ مېنىڭ قەدەھ سۆزۈم بولۇپ قالسۇن. ئەتە سەپەرگە چىقىدىغانلىرىمىزنىڭ مەنزىلگە ساق - سالامەت يېتىپ بېرىشىمىز ئۈچۈن، يۇرتتا قالىدىغان ساۋاقداشلارنىڭ ئارزۇ - تىلەكلىرىنىڭ تېزرەك ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن... — ھاياجان بىلەن سۆزلەۋاتقان گۈلىستاننىڭ كۆزى تۇيۇقسىز بىر بۇلۇڭدا پەرۋاسىز ھالدا، داستىخان ئورنىدا سالغان گېزىتنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈۋاتقان مۇھەممەتكە چۈشتى - دە، غۇژژىدە ئاچچىقى تۇتتى. ئۇ دەبدەبە بىلەن سۆزلەۋاتقان نۇتقىنى بىر يانغا قايرىپ قويۇپ توۋلىدى، — مۇھەممەت، ھوي، ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن كىتاب خالتىسى. بۈگۈن ھاراق ئىچكەنگە ئۆلىدىغان ئىش بولسىمۇ، قولۇڭدىكى گېزىتنىڭ ئورنىغا رومكا ئالماشتۇر. نېمە، بېزىرىپلا تۇرىسەنغۇ؟ شاكىر، ئالدىڭدىكى ئاۋۇ بوش رومكىنى تولدۇر. ئالە مۇھەممەت رومكىنى قولۇڭغا...

باشقىلارمۇ گۈلىستاننىڭ بۇ سۆزلىرى بىلەن تەڭلا، مۇھەممەتنىڭ سورۇنغا قېتىلماي ئولتۇرغىنىنى ئەمدىلا كۆرگەندەك، بىر ئېغىزدىن چۇرقىرىشىپ گۈلىستاننىڭ سۆزلىرىنى قۇۋۋەتلىدى:

— گۈلىستان توغرا ئېيتىدۇ.

— شۇنداق قىل مۇھەممەت. مۇشۇ بىر قېتىم بولۇپ قالسۇن، رومكىنى قولۇڭغا ئال.

— سېنىڭ مۇشۇ ئېزىلەڭگۈ مىجەزىڭ قاچان تۈگەر.

— دوستلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ بىر رومكا كۆتۈرۈپ قوي.

— ئالە قولۇڭغا رومكىنى. يەنە بىر قېتىم بۇنداق جەم بولۇپ ئولتۇرغۇچە كىم بار، كىم يوق.

مۇھەممەت ساۋاقداشلىرىنىڭ قاتتىق - يۇمشاق چاقچاقلىرىغا مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، قولىدىكى گېزىتنى

يەرگە قويدى - دە، شاكىر تەڭلىگەن هاراق رومكىسىنى قولىغا ئالدى.

— مۇھەممەت راستلا هاراق ئىچىپ باقمىغان، ئۇنىڭ هارىقىنى مەن ئىچەي. ئۇ يىۋا ئىچسۇن، قانداق دەيسىلەر ساۋاقداشلار، — دېدى خالمۇرات ئەتراپتىكىلەرگە ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا.

— ياق - ياق، بولمايدۇ، — قەتئىي قارشى چىقتى گۈلىستان باشقىلارنى ئېغىز ئاچۇرمايلا، — مۇھەممەت بۇرۇن ئىچمىگەن بولسا ئەمدى ئىچىدۇ. بۇگۈن دېگەن قانداق كۈن، بىزنىڭ بۇنداق جەم بولمىقىمىز ئاسان ئەمەس. شۇنچە يىل ساۋاقداش بوپتۇق، يېقىن ئۆتۈپتۇق. پەقەت هېيت - ئايەملەردە بىر - بىرىمىزنىڭ ئۆيىمىزنى هېيتلاشقاننى هېسابقا ئالمىغاندا، بۇنداق سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇپ باقماپتۇق، — ئۇ مۇھەممەتكە قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئىچكىن مۇھەممەت، بىرەر رومكا هاراقنى ساۋاقداشلار بىلەن سوقۇشتۇرۇپ ئىچكىنىڭگە هېچنېمە بولمايسەن. بۇ بىر پۇرسەت، ئەتە هەممىمىز ئۇچۇرما بولغان قۇش بالىسىدەك هەر تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىمىز. قولۇڭدىكى بىر رومكا هاراق دوستلارنىڭ كۆڭلى. ئۇنى ئىچىۋەتكىن. هەممىلەن خۇش بولىمىز، بولۇپمۇ مەندەك بىر جاۋىلداق ساۋاقدىشىڭ تېخىمۇ خۇش بولىدۇ. نېمىلا بولمىسۇن، شۇنچە يىل بىر سىنىپتا بىللە ئوقۇدۇق. گاهىدا بىر قازاننىڭ تامىقىنىمۇ بىللە يېدۇق، تېخى نادانلىقىمىزدىن بىر - بىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئانچە - مۇنچە چىگىپ قويغان يەرلىرىمىزمۇ بار. مېنىڭ ئاغزىم ئىتتىك بولغان بىلەن كۆڭلۈم تۈز، كۆڭلۈڭنى رەنجىتىپ قويغان يەرلىرىم بولسا ئەپۇ قىلارسەن. راستلا بىر - بىرىمىزگە خېلى ئوبدانلا كۆنۈكۈشۈپ قالغانىكەنمىز. كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرى ئەتە راستلا خۇددى چېچىلغان تېرىنقا ئوخشاش بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلىپ كېتىدىغانلىقىمىزغا پەقەتلا گۇۋاهلىق بەرمەيدۇ. ماڭا ئەتىمۇ، ئۆگۈنىمۇ خۇددى بۇگۈنكىدەك مۇشۇنداق، هەممە دوستلار

بىللە ئۆتىدىغاندەك، ئايرىلىپ كەتمەيدىغاندەك تۇيۇلىدۇ، — گۈلىستان ھاياجانلانغانىدى، ھاياجاندىن لەۋلىرى ئۇمچىيىپ، چىرايلىق كۆزلىرىدە ياش تامچىلىرى گۈل بەرگىدىكى شەبنەمدەك پارقىراپ قالغانىدى. ئۇ تىمتاس ئولتۇرغان ساۋاقداشلىرىغا قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەمما رېئاللىقنى ئويلىسام يۈرىكىم ئېچىشىدۇ. توۋا، تەقدىر نېمانداق ئۇستا چاقچاقچىدۇ. نېمە ئۈچۈن ھەرقانداق ئىش ئادەمنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك بولمايدىغاندۇ. نازاكەت بىلەن سېنى ئويلىسام ئىچىم سىيرىلىدۇ. ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن بولساڭلارغۇ مەيلىتى، قولۇڭلارغا ئالىي مەكتەپنىڭ چاقىرىق قەغىزى كەلگەندە... نازاكەت ئاداشنىڭ ئانىسىمۇ ئۇلگۇرۇپلا ئاغرىپ يېتىپ قالغىنىنى قېرىشقاندەك. يا كېسىلى تېزرەك شىپا تاپمىدى. دادامنى ئىقتىسادتىن قىسىناپ قويىمەن دەپ نازاكەت تېخى سۇلتىيىپ، سەن بولساڭ ئاتا ـ ئانامنىڭ ئوقۇش راسخوتۇمنى تۆلىيەلىگۇدەك ماجالى يوق دەپ سۇلتايساڭ، يۇقسۇزلۇقنىڭ، نامراتلىقنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتەرسىلەرمۇ جېنىم دوستلىرىم...

گۈلىستان سۆزلىرىنى تۈگىتىشى بىلەنلا كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئەمدىلا جانلىنىشقا باشلىغان سورۇن قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيۇۋەتكەندەك بىردىنلا تىمتاسلىققا چۆمدى.

— بولدى گۈلىستان، دوستلار، كۆڭلۈڭلارنى يېرىم قىلماڭلار، — دېدى مۇھەممەت بۇ تىمتاسلىقنى بۇزۇپ، — گۈلىستان، سەن بايا تەقدىرنى ئۇستا چاقچاقچى دېدىڭغۇ. شۇنداق، ئۇنىڭ ئويۇنلىرى ھەقىقەتەن كىشى چۈشەنگۈسىز دەرىجىدە سىرلىق. ئۇ ھازىر بىزنى يىغلاتقان بولسا، كىم بىلىدۇ، ئەتىلا كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋېتەمدۇ تېخى. لېكىن، مېنىڭ نەزىرىمدە ھاياتقا ئۈمىدۋار بولۇپ مۇئامىلە قىلغان كىشىلا، ئاشۇ تەقدىردىن ئىبارەت ئۇستا چاقچاقچىغا تەڭ كېلەلەيدۇ. بولدىلا، بۇنداق گەپلەرنى قىلىپ كۆڭلىمىزنى يېرىم

قىلمايلى. بايا ئۆزۈڭ دەپ ئۆتتۈڭغۇ. بۈگۈن بىزنىڭ كۈلۈشىمىزگە رۇخسەت، يىغلاشقا رۇخسەت يوق. قېنى، ھەممەيلەننىڭ بۈگۈنلا ئەمەس، مەڭگۈ كۈلۈپ ياشىشى ئۈچۈن بىر رومكىدىن كۆتۈرەيلى.

— خۇشە.

— ھەممەيلەننىڭ بەختى ئۈچۈن.

— ئىستىقبالىمىز ئۈچۈن.

— سالامەتلىكىمىز ئۈچۈن.

— خۇشاللىقىمىز ئۈچۈن.

رومكىلار ئارقا - ئارقىدىن بوشىتىلدى. ئوغۇللار ھاراق رومكىلىرىنى ھەر قېتىم «خۇش كەتتى» قىلىشقاندا، قىزلارمۇ گاززاپ قۇتىلىرىنى ھاراق رومكىلىرىغا تەگكۈزۈپ، سورۇنغا ماسلاشتى. سورۇننىڭ كەيپىياتى بىردىنلا جانلاندى، كۈلكە - چاقچاقلار باشلاندى. گۈلىستاننىڭ چىرايىدىكى بايىقى مەيۈسلۈكنىڭ ئورنىنى خۇددى بۇلۇتنىڭ ئارىسىدىن كۈن چىققاندەك، پاللىدە خۇشاللىق قاپلىغانىدى.

— ھەي دوستلار، — دېدى ئۇ ۋارقىراپ سۆزلەپ، — نازاكەتنى سۆزگە تەكلىپ قىلايلى. ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ بەرسۇن. قانداق دەيسىلەر.

ئولتۇرغانلار قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ چاۋاك چېلىشتى.

— گۈلىستان ياخشى تەكلىپ بەردى. ھەممەيلەن ئۆز ئالدىمىزغا شەخسىي پاراڭ سېلىشماي، نۆۋەت بىلەن بىر - ئىككى ئېغىزدىن كۆڭۈلدىكى گەپلىرىمىزنى قىلىشايلى، — دېدى خالمۇرات ھاراقنىڭ تەسىرىدە خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى نازاكەتتىن ئۈزمەي.

— نازاكەت كۆڭلىدىكى گەپنى يالغۇز ساڭىلا دەمدۇ ياكى ھەممەيلەنگە دەمدۇ، — چاقچاق قىلدى ئابدۇسېلىم خالمۇراتنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ.

ئابدۇسېلىمنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن سورۇندا گۈررىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى، مۇھەممەتمۇ بۇ كۈلكىگە قوشۇلدى. لېكىن، ئۇنىڭ كۈلكىسى تولىمۇ ياسالما ئىدى، چىرايىنىڭ بىر يەرلىرى تاتىرىپ كېتىپ بارغاندەك كۆرۈنەتتى.

— مەن... مەن... — نازاكەت خىجىللىقتىنمۇ ياكى ھاياجاندىنمۇ، ئەيتاۋۇر بىرھازا دۇدۇقلاپ، دەيدىغان گېپىنى باشلىيالمىدى. ئۇنىڭ غەمكىن شەھلا كۆزلىرى خۇددى تېشىپ كېتەيلا دەپ تۇرغان بىر جۈپ بۇلاققا ئوخشاپ قالغانىدى.

— جىددىيلەشمە، نېمىگە جىددىيلىشىسەن؟ ھەممەيلەن ساۋاقداشقۇ. يات ئادەم بولمىغاندىكىن تارتىنماي سۆزلەۋەرمەمسەن، — دېدى گۈلىستان مەدەت بېرىپ. نازاكەت قولىدىكى گاززاپتىن بىر يۇتۇم ئوتلىۋالغاندىن كېيىن سۆز باشلىدى:

— مەن ئاۋۋال بۇ سورۇنغا جەم بولغان بارلىق دوستلارغا بەخت تىلەيمەن، ئاندىن ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرگە شەرەپ بىلەن قوبۇل قىلىنغان دوستلارنى چىن دىلىمدىن تەبرىكلەيمەن ھەم ئۇلارنىڭ ئەتىدىكى سەپىرىگە ئاق يول تىلەيمەن. شۇنداقلا ئالىي مەكتەپنى غەلىبىلىك تاماملاپ، ئەل - يۇرت، ئاتا - ئانا، ئۇستاز ۋە دوستلارنىڭ ئۇمىدىنى يەردە قويماسلىقىڭلارنى ئۇمىد قىلىمەن، — ئۇ قولىدىكى گاززاپ قۇتىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن گېپىنى ئاخىرلاشتۇردى، — قېنى، دوستلۇقىمىزنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىشى ئۈچۈن.

— سالامەتلىكىمىز ئۈچۈن.

— خۇشە.

ئىچىشۋازلىق خېلى ئوبدان قىزىدى. يىگىتلەردىن پەقەت ئىچمىدىم دېگەنلىرىمۇ ئۈچ - تۆت رومكىدىن ئاق ھاراق ئىچىشتى. ھاراق يىگىتلەرنى ئوبدانلا قىزىتقانىدى. كۆپرەك ئىچىپ قويغان بىر قىسىم يىگىتلەر ئېگىز - پەس سۆزلەپ، مەست بولۇشقا باشلىغانلىقىنى ئاشكارىلىماقتا ئىدى. ئاۋۇ قىز

بىلەن يىگىت باشلىرىنى بىر يەرگە ئەكېلىۋېلىپ تاتلىق پىچىرلاشماقتا. ئاۋۇ بىر جۈپلەر بولسا ۋەدىلەشمەكتە، قەسەم ئىچىشمەكتە. ئاۋۇ بىر جۈپلەرنىڭ بەخت دېڭىزىغا ئايلانغان كۆزلىرى خۇمارلىق بېقىشماقتا. ئاۋۇ زىلۋاغىنا كەلگەن قىز بولسا ئىچىملىكنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى باشقا بىر كۈچنىڭ تەسىرىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر بارلىق يېتىرقاش، تارتىنىشلارنى بىر يانغا قايرىپ قويۇپ، يېنىدىكى دوغىلاقىنا كەلگەن قارا قاشلىق يىگىتنىڭ ئالىقانلىرىغا ئاناردەك قىزارغان مەڭزىنى يېقىپ كۆز يېشى قىلماقتا، قوي كۆزلىرىدىنمۇ ياش تامچىلىرى مۆلدۈرلىمەكتە...

— ھە... ھەي دوستلار... مېنىڭ بىر تەكلىپىم بار، — دەپ توۋلىدى شاكىر سورۇندىكىلەرنىڭ كەيپىياتىغا ھالاقىت بېرىپ، شۇ ھامان بىر يەرگە كەلگەن باشلار ئايرىلىشتى، بىر - بىرىگە مەھكەم كىرىشىپ كەتكەن بارماقلار قىيمىغان ھالدا ئاجرىدى. شاكىر گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — گۈلىستان، سەن ئۈنئالغۇغا مۇزىكىسى تانسىغا كەلگۈدەك بىر لېنتا ئالماشتۇرۇۋەتە. دوستلار، ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. ھەممەيلەن ئۆيىمىزگە بۇرۇنراق قايتايلى. ئەتە يولغا چىقىدىغانلىرىمىز بىلەن خوشلاشقىلى ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىلار ئۆيلىرىمىزگە كېلىپ بولدى ھەرقاچان. شۇڭا، سورۇننى بۇرۇنراق يىغىشتۇرايلى. سورۇنىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ھەممەيلەن بىر مەيدان تانسا ئوينىساق قانداق دەيسىلەر، — شاكىر يېنىدىكى خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغان خالمۇراتنى نوقۇدى، — قوپە ئاداش، ئېزىلىپ كەتكەن شاپتۇلدەك ئولتۇرماي، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا نازاكەت بىلەن بىر مەيدان تانسا ئويناۋال.

شاكىرنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەنلا سورۇندىكىلەر يەنە گۇرىردە كۈلۈشتى. گۈلىستان ئۈنئالغۇغا لېنتا ئالماشتۇرۇشقا تۇتۇندى.

— گۈلىستان ئۈنئالغۇنىڭ كۇنۇپكىسىنى باسماي تۇر، — دېدى مۇھەممەت دەرھاللا. ئۇ ھاراقنى خېلىلا كۆپ ئىچكەن بولسا

كېرەك، كۆزلىرى ۋە چىرايى گەدەنلىرىگىچە قىزىرىپ كەتكەنىدى، — شاكىر ئاداش ناھايىتى ئوبدان تەكلىپ بەردى. مەنمۇ ئەڭ ئاخىرىدا بىر مەيدان تانسا قىلىپ ئاندىن سورۇنىمىزنى ئاخىرلاشتۇرساق دېمەكچىدىم. ئەمما، مېنىڭمۇ بىر شەخسىي تەلىپىم بار. ئۇنىئالغۇنى قويمىساق. ئۇنىڭ ئورنىغا مەن بىر پەدە گىتار چېلىپ ناخشا ئېيتىپ بەرسەم دەيمەن.

— نېمە، گىتار چېلىپ بېرەي دەمسىنا؟ — ھەيران بولغانلىقىنى يوشۇرماي سورىدى گۈلىستان.

— ئەجەبلىنىۋاتامسەن؟ بەلكىم مەندەك بىر سەھرالىقنى گىتار چالالايدۇ دەپ ئويلىمىغان بولغىيدىڭ ھەرقاچان، — دېدى مۇھەممەت شوخلۇق بىلەن ئۆزىنى كۈلكىگە زورلاپ.

راستلا سورۇندىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى گۈلىستانغا ئوخشاش، مۇھەممەتنىڭ گىتار چېلىپ بېرەي دېگىنىگە ھەيران قالغانىدى. شۇنداق، بۇ جىمىغۇر «كىتاب خالتىسى» — سەھرالىقنى كىممۇ گىتار چېلىشنى بىلىدۇ دەپ ئويلىغان دەيسىز. بىراق، ئۆلارنىڭ بۇ ئەجەبلىنىشى خالمۇراتنىڭ چۈشەندۈرۈشى بىلەن دەرھال يوقاپ كەتتى.

— ئەجەبلەنمىسەڭلارمۇ بولىدۇ، — دېدى خالمۇرات چۈشەندۈرۈپ، — راست، ئولتۇرۇش باشلانماستا مۇھەممەتنى بىرەر پەدە گىتار چالدۇرارمەن دەپ ئويلىغانىدىم. باشقا گەپلەر بىلەن بولۇپ كېتىپ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى ئۆزى بۇ ئىشنى ئېسىمگە سالدى. ھەيران قالماڭلار، مۇھەممەت گىتارنى چالالايدۇلا ئەمەس، خېلىلا ۋايىگە يەتكۈزۈپ چالىدۇ. ئەسلىدە مۇھەممەت ھەر قېتىملىق يازلىق، قىشلىق تەتىللەردە شەھەرلىك ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيىدا ئېچىلغان ئىشتىن سىرتقى مۇزىكا ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتنىشىپ، ياخشى تەربىيەلەنگەنىكەن ئەمەسمۇ، ماڭىمۇ ئۇنىڭ بۇ ھۈنىرىنى بىلگىلى تېخى بىر ھەپتە بولدى. ئۇنىئالغۇنى تولا ئاڭلاپ زېرىكىپ كەتتۇق. مۇھەممەتنىڭ گىتاردىن بىر پەدە تىڭشايلى.



ھەممىمىزگە خاتىرە بولۇپ قالار.

بۇ تەكلىپكە ھەممەيلەن قوشۇلدى. ھەيرانلىق، گۇمانسىراش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان جۈپ ـ جۈپ كۆزلەر مۇھەممەتكە تىكىلدى. مۇھەممەت گىتارنى قولىغا ئېلىپ ئىككى مىنۇتچە ئىخلاس بىلەن تۇزىتۋالدى ـ دە، ئۆزىگە ھەيرانلىق، ئىشەنمەسلىك، مەنسىتمەسلىك ئالامەتلىرى بىلەن تىكىلگەن كۆزلەرگە قاراپ مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، بارماقلىرى بىلەن گىتارنىڭ تارىنى چېكىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بۇلاق سۈيىدەك سۈزۈك، سۇبھى شامىلىدەك يېقىملىق بىر ئاز يۇمران كەلگەن ئاۋازى سورۇندىكىلەرنىڭ يۈرەك بېغىشىغا بېرىپ ئۇرۇلۇپ، ۋۇجۇدىنى قاتتىق ھاياجانغا سالدى. خالمۇرات بىلەن نازاكەت، شاكىر بىلەن گۈلىستان... قاتارلىق بىرنەچچە جۈپلەر گىتارنىڭ رىتىمىغا ماسلاشتۇرۇپ تانسىغا چۈشتى.

ئاھ، ۋەيرانىمەن، ئەي جانان،
سەندىن كېرەك ماڭا ۋىجدان.
كېچىلەرى زارە قىلغان،
كۆيۈك ئوتۇڭغا مەن ھەيران.

كۈيلەيمەن سېنى دائىم،
دەرد كەلدى ماڭا ئايىم.
باشقىنى تاللاپ سۆي دەيسەن،
بارمىسا مېنىڭ رايىم.

ئىشەنگىن ماڭا جانان،
سەن ئۈچۈن پىدا بۇ جان.

گىتارنىڭ يۇقىرى ماھارەت بىلەن چېلىنىشى، ناخشىنىڭ يېقىملىق ساداسى ئولتۇرغانلارنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى

قاناتلاندۇرۇپ، يۈرەك تارىنى چەككەندى. ئۇلار زوقمەنلىك، قايىللىق بىلەن ھېسسىياتلىرىنى باسالماي بىر - بىرىگە پىچىرلاشماقتا ئىدى.

— توۋا، ئادەمنىڭ تۇرقىغا قاراپ باھا بەرگىلى بولمايدىكەن.

— بىر مۆرىمەس دېسەم...

— مۇھەممەتنى ئەمدى لاي بوت دېمەي، ئاشىق دېسەك بولغۇدەك.

— ناخشىنى ئەجەبمۇ ھېسسىياتلىق ئوقۇدى يا.

— شۇنى دەيمىنا، بارماقلىرى گىتارنىڭ تارىنى چېكمۇۋاتامدۇ ياكى يۈرەكنىڭ تارىنىمۇ.

— ھەي بىچارە، ئاتا - ئانىسىنىڭ نامراتلىقى تۈپەيلىدىن ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بارالمايدىغان بولدى - دە.

— ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپ تۇرۇپمۇ ئوقۇش راسخوتىغا چىقىنالماي ئوقۇشتىن ۋاز كەچكەنلەرگە ھۆكۈمەت ياردەم بەرمەسمۇ؟

— بەش يىللىق ئوقۇش راسخوتى دېگەن كەم دېگەندە ئوتتۇز - قىرىق مىڭ كوي دەڭلا.

— خۇداغا شۈكۈر، بىزنىڭ ئاتا - ئانىمىز دېھقان بولۇپ قالماپتىكەن.

— ئالىي مەكتەپلەرگە مۇھەممەتتەك ئوقۇغۇچىدىن مىڭى بولسىمۇ ئارتۇق كەلمەيتتى.

— نازاكەتنىڭ باغرى يۇمشاقلىقىنى دەيمىنا، دادىسى قىيىنچىلىق تارتسامىمۇ، ھەرقانچە قەرزدار بولۇپ كەتسەممۇ ئوقۇتىمەن دېسىمۇ ئۇنىماپتۇ.

— شۇنداقمۇ دەيسەن، ئانىسىنى داۋالىتىشقا يىگىرمە مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل كېتىپتۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئانىسى تېخى ساقايمىغان تۇرسا.

— بىر قىسىم مەرىپەتپەرۋەر سودىگەرلەر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن ئوقۇشقا بارالمىغانلارغا ئىئانە قىلىپ

پۇل جۇغلاپتۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم. شۇلاردىن نېمىشقا ياردەم سورىمىغاندۇ؟

— سوراپتۇ، ئۇلارمۇ مەكتەپكە تاپشۇرىدىغان بىر يىللىق ئوقۇش راسخوتىنىلا بېرەلەيدىكەن، قالغىنىغا...

— شۇنداق، بەرىبىر ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىدىن پۇل چىقمىسا بىكار - دە.

— بىر ئامالى بولۇپ قالار.

— شۇنداق، بۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس.

مۇھەممەت ئۆزى ھەم نازاكەت ھەققىدە بولۇۋاتقان بۇ پاراڭلارغا قۇلاق سالماستىن، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن گىتار چېلىپ، ناخشا توۋلىماقتا. جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن خېلىلا پىششىپ قېتىپ كەتكەن بارماقلىرى گىتارنىڭ تارى ئۈستىدە يەڭگىل ئوينىماقتا، سۈزۈك، مۇڭلۇق ئاۋازى پۈتكۈل باغقا ئاستا - ئاستا تارالماقتا. ئۇ شۇ تۇرقىدا گىتار بىلەن بىر تەن - بىر جان بولۇپ كەتكەنىدى. قىز - يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى تانىسىغا چۈشتى. مۇھەممەت ناخشىسىنى بار ئىشتىياقى بىلەن داۋاملاشتۇرماقتا:

مېھرىڭ گويا بىر دېڭىز،
سىز ئۇنىڭغا چۆمسىگىز.
يۈلتۇز بولسا كۆزلەرىڭىز،
تولۇن ئايدۇر جامالىڭىز.

ئاھ، مېنى سەرسان قىلدىڭىز،
يۈرەك باغرىمنى تىلدىڭىز.
چىن دىلىمنى بىلسىڭىز،
مېنى ھەمراھ قىلسىڭىز.

ئىشەنگىن ماڭا جانان،
سەن ئۈچۈن پىدا بۇ جان.

— ياشاپ كەت دوستۇم.
— قولۇڭ دەرد كۆرمىسۇن ئاداش.
— گىتارنى بىر كىشىلىك چالىدىغان بولۇپ كېتىپسەن.
— شۇغىنىسى ئاران بىر پەدە چېلىپ توختىتىۋالدىڭ - دە.
— يەنە بىر پەدە چېلىۋېتە.
— شۇنداق قىلە مۇھەممەت، ئادەمنى يالۋۇرغۇزماي.

مۇھەممەت ناخشىسىنى تۈگىتىپ، گىتارنى توختىتىشى بىلەنلا، بارلىق قىز - يىگىتلەر تانسا سورۇنىدىن چۈشمەي تۇرۇپلا ئۇنىڭغا تەبرىك، ئالقىش، ئىلتىجا، ئۈتۈنۈش، تەلەپ سۆزلىرىنى يامغۇردەك ياغدۇرۇۋەتتى. مۇھەممەت كەمتەرلىك بىلەن ئۆزرە قويدى.

— رەھمەت دوستلار، سىلەرگە قاملاشمىغان ناخشام بىلەن ئازراق بولسىمۇ خۇشاللىق بېغىشلىيالىغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلماقتىمەن. مېنىڭغۇ كۆڭلۈڭلارنى يەردە قويماي، تاكى سىلەر زېرىكىپ بولدى دېگۈچە چېلىپ بەرگۈم بار، لېكىن ئارىمىزدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئەتە سەپەرگە چىقىدىغانلىقىنى ئېسىمىزدىن چىقارمايلى. ھازىر كۈن ئولتۇرۇشقا بىرەر سائەت ۋاقىت قاپتۇ. ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلارنى ئۆيدە ساقلىتىپ قويۇپ، بىز بۇ يەردە ناخشا تۇۋلاپ ئولتۇرساق ياخشى بولماس. شۇڭلاشقا، سورۇنىمىزنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇرساق. خۇدا بۇيرۇسا مۇشۇنداق ئولتۇرۇۋېلىشىمىزغا يەنە پۇرسەت كېلەر. كىم بىلىدۇ تېخى، مەنمۇ ئەتە ياكى ئۆگۈن ئىچىدە ئارقاڭلاردىن بېرىپ قالسام... ئولتۇرۇشىمىزنىڭ داۋامىنى مەكتەپتە ئولتۇرۇشۇۋالامدۇق تېخى.

— شۇنداق بولسىغۇ تازا بەلەن بولاتتى، — دېدى كىمدۇر بىرسى مۇھەممەتنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ.

— سەنمۇ مۇھەممەت ئۈمىدنى ئۈزۈۋەتمەي، ئامال ئىزدەپ باق، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭمۇ بولسا ياردەم قىلىپ قالار.

— شۇنداق قىل. بۇ دېگەن ئۆمرۈڭدە بىر قېتىم كەلگەن ئەڭ چوڭ پۇرسەت، ئالدىراپ قولدىن بېرىپ قويما.

— سەندىن ئىقتىسادىي ئەھۋالى تۆۋەنلەرمۇ بىر ئامال قىلىپ مەكتەپكە بېرىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتىدۇ.

— ھېچ بولمىسا يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى باشلىقلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەھۋالىڭنى ئېيتىپ باق.

— خەير، ئۇرۇمچىدە كۆرۈشەيلى.

ياخشى تىلەك، ياخشى مەسلىھەتلەر، ئايرىلىش، خوشلىشىش سۆزلىرى، قول سىقىشىش، قۇچاقلىشىش ۋە كۆز يېشى قىلىشلار تەكرارلاندى، ھەر خىل ۋەدە ـ قەسەملەر بېرىلدى ۋە ئېلىندى.

— ئەتە بېكەتكە ئۇزىتىپ چىقالماي قالسام ئاقيوللۇق بولارسىلەر.

— خەير، ئامان بولۇڭلار.

— خەير ـ خوش، ساۋاقداشلار.

— بېرىپلا خەت يازارسىلەر، دادامنىڭ ئادرېسىغا يېزىڭلار.

— چوقۇم يازىمىز، سىلەرمۇ يازارسىلەر.

— خوش، خۇدايىمغا ئامانەت.

## 2

مۇھەممەت خالمۇراتنىڭ ۋە باشقا ساۋاقداشلىرىنىڭ «بىزنىڭ ئۆيدە قونۇپ قالغىن» دەپ شۇنچە تۇتۇشلىرىغا ئۇزرە قويۇپ، ئابدۇسېلىمنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئابدۇسېلىممۇ مۇھەممەتنى «مەن ئەكېتەي» دەپ تۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن باشقا ساۋاقداشلار بولدى قىلىشتى، لېكىن خالمۇرات پەقەتلا قويۇپ بەرمىدى. چۈنكى، مۇھەممەت ئىلگىرى كۆپ ھاللاردا خالمۇراتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تاماق يەپ كېلەتتى، گاھى ۋاقىتلاردا قونۇپمۇ قالاتتى. خالمۇراتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ

مۇھەممەتنى ئۆز بالىسىدەك ياخشى كۆرەتتى.
خالمۇرات مۇھەممەتنى بىر يانغا تارتىپ تۇرۇپ سورىدى:
— راست گەپ قىلە ئاداش، بۇگۈن راستلا ئابدۇسېلىمنىڭ ئۆيىگە كېتەمسەن؟
— شۇنداق، بۈگۈنچە ئابدۇسېلىمنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالاي.
— سەن ئابدۇسېلىمنىڭ ئەھۋالىنى بىلەمسەن؟ ئۆيلىرى بەكمۇ كىچىك، ئابدۇسېلىمنىڭ ئانىسى، سىڭلىسى بولۇپ تۆتىڭلار قانداق سىغىسىلەر؟
— ھازىر ياز بولغاندىكىن، ئابدۇسېلىم بىلەن ئىككىمىز ئۆگزىدە ياتارمىز.
— شۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشقىلى كەلگەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ خېلى باردۇ.
— بۈنچە ئىنچىكە ئويلاپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ، — دېدى مۇھەممەت خالمۇراتنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ئۆيلىرى ھەرقانچە كىچىك بولسىمۇ، ماڭا ياتقۇدەك جاي چىقىپ قالار.
— مەيلى ئەمىسە، — دېدى خالمۇرات مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىپ، — بايىقى گەپلىرىمنى باشقىچە ئويلاپ قالما. دېمەكچى بولغىنىم، ئابدۇسېلىمنىڭ قىيىنچىلىق ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇپ خىجىل قىلىپ قويارمىزمىكىن دەيمەن.
— خاتىرجەم بول، مېنىڭمۇ ئويلىغىنىم بار، — دېدى مۇھەممەت خالمۇراتنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ.
— ماقۇل ئەمىسە، — دېدى خالمۇرات ۋە نېرىراقتا ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان نازاكەتكە قاراپ ماڭدى.
ئابدۇسېلىم بىلەن مۇھەممەت خېلى ئۇزاققىچە ئۈن - تىنسىز مېڭىشتى. ئابدۇسېلىمنىڭ بايا ئولتۇرۇشتىكى شوخلۇقلىرى تامام غايىب بولغان بولۇپ، چىرايىنى غەم بۇلۇتلىرى قاپلىغانىدى. قوشۇمىلىرى مەھكەم تۈرۈلگەن بولۇپ، قانداقتۇر قىيىن بىر مەسىلىنى مۇلاھىزە قىلىۋاتقاندەك

كۆرۈنەتتى.

— سەپەر تەييارلىقلىرىڭ پۈتتىمۇ؟ — سورىدى مۇھەممەت ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— ھەئە، — دېدى ئابدۇسېلىم.

— چالا قالغان ئىشلىرىڭ يوقتۇ؟

— يوق.

— ھەممە نەرسىلىرىڭ تەخ بولۇپ بولدىمۇ؟

— ھەئە.

ئابدۇسېلىمنىڭ قىسقا - قىسقا جاۋابلىرى مۇھەممەتنى قانائەتلەندۈرەلمىدى. ئۇ شارتتىدە ئابدۇسېلىمنىڭ ئالدىغا ئۆتتى - دە، كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ سورىدى:

— راست گەپ قىلە ئاداش، ئالىي مەكتەپكە بارساڭ قىينالمىغۇدەك، تەييارلىقلىرىڭ شۇنچە پۇختا بولۇپ بولدىمۇ؟ مەندىن يوشۇرماي، راست گېپىڭنى قىل.

ئابدۇسېلىم مۇھەممەتنىڭ مىختەك تىكىلگەن كۆزلىرىدىن كۆزىنى ئاستا ئەپقاچتى.

— ئىشقىلىپ پۈتتى دېسەممۇ بولىدۇ، — دېدى ئابدۇسېلىم خىجىللىق بىلەن، — ئانامنىڭ «يوق - يوق» دەپ يۈرۈپ، چىشىنىڭ كاۋىكىغا سېلىپ ساقلاپ قويغان ئازراق پۇلى بار ئىكەن. ئوقۇشقا ئۆتكىنىمنى ئاڭلاپ نەچچە كۈندىن بېرى كېچە - كۈندۈز ئۇخلىماي، دەم ئالماي دوپپا تىكىۋاتىدۇ. بۈگۈن پۈتكەن دوپپىلارنى سودىگەرلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن دەپ قالغان. ناۋادا ئاشۇ دوپپىلارنى ساتالىغان بولسا ئازراق پۇل بولىدۇ، — ئابدۇسېلىم شۇلارنى دەپ ئېغىر خورسىندى - دە، گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — قانداق قىلىمەن ئاداش، مەن ئانامغا ئوقۇپلا بېرىپتىمەن. يەنە ئوقۇيمەن دەۋاتىمەن. مېنى ئوقۇتىمەن دەپ ئانامنىڭ خۇن - خۇنى كەتتى. بىچارە ئانام يەنە قانچىلىك جاپايىمنى تارتار. رەھمەتلىك دادام بولغان بولسىمۇ ... — ئابدۇسېلىمنىڭ گەپلىرى بوغۇزىغا كەپلىشىپ قالدى، كۆز

چاناقلىرى لىققىدە ياش تولدى. ئۇ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — «ئوقۇشقا بارماي بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتاي، قىينىلىپ قالىدىكەنسىز» دېسەم، ئانام پەقەتلا ئۇنىمىدى. تاغام ئىمتىھاندىن ئۆتكىنىمنى ئاڭلاپ ئوقۇش راسخوتۇمنى بېرىدىغان بولدى. ئۆزۈمنىڭمۇ تەستە كەلگەن بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىۋەتكۈم كەلمىدى. ئەھۋال شۇ ئاداش. شۇڭا، ساڭا ئارتۇق گەپ قىلغۇم كەلمىدى.

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، — دېدى مۇھەممەت تەسەللى بېرىپ، — بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. تاغاڭ ئېسىل ئادەم ئىكەن، ئۇنىڭ ئەجرىنى كېيىن قايتۇرارسەن. سەن ئوقۇشۇڭنى خاتىرجەم ئوقۇۋەر. ئاناڭ بىلەن سىڭلىڭنىڭ ئەھۋالىدىن مەن خەۋەر ئېلىپ تۇرىمەن، — مۇھەممەت قويۇن يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ ئابدۇسېلىمغا تەڭلىدى، — مە، ماۋۇ ئىككى يۈز كوي پۇل مېنىڭ يوللۇقۇم.

— بۇ... بۇ نېمە قىلغىنىڭ، — دېدى ئابدۇسېلىم ھاياجانلانغان ھالدا، — ياق، ئالالمايمەن، ئالسام بولمايدۇ.

— ئال ئابدۇسېلىم، بىز دېگەن ساۋاقداش. سېنىڭ قىينچىلىقىڭ، ئوخشاشلا مېنىڭ قىينچىلىقىم. بۇ يوللۇقۇمنى قوبۇل قىلمىساڭ ساۋاقداشلىقىمىزنىڭ يۈزىنى قىلمىغان، مېنى كۆزگە ئىلمىغان بولىسەن. بۇ ئۆزۈمنىڭ پۇلى. مەن بۇ پۇللارنى يىغىمىزدىكى ئۆرۈك - شاپتۇللارنى شەھەرگە ئەكىرىپ سېتىپ جۇغلاپ قويغان. مانا ئەمدى ساڭا يوللۇق تۇتۇشۇمغا ئوبدانلا ئەسقاتتى.

مۇھەممەت پۇلنى ئابدۇسېلىمنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي يانچۇقىغا سېلىپ قويدى.

— رەھمەت ساڭا دوستۇم، — دېدى ئابدۇسېلىم كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ تۇرۇپ، — ھازىرچە بۇ پۇللارنى ئالاي، لېكىن قەرز ھېسابىغا ئالىمەن، كېيىنچە چوقۇم قايتۇرىمەن.

— ئۆيۈڭدىكىلەردىن خاتىرجەم بول، مەن ئۇلارنى پات - پات

يوقلاپ، ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىمەن، مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىيىنچىلىق تارتىپ قالساڭ مەندىن يوشۇرماي خەت ياز، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن. مەن سەن بىلەن مۇشۇ يەردە خوشلىشاي، خەير، ساڭا ئاقيول تىلەيمەن.

مۇھەممەت شۇلارنى دېدى ـ دە، ۋېلسىپىتنىڭ ئالدىنى كەينى تەرەپكە بۇرىدى.

ــ قونۇپ قالىمەن دېگەنىدىڭغۇ؟ ــ دېدى ئابدۇسېلىم تەئەججۇپلىنىپ.

ــ كۆڭ خېلى بالدۇر ئىكەن. ئۆيگە چىقىپ كېتەي دەپ قالدىم. بىز بەربىر خوشلىشىمىز ئەمەسمۇ، بېرىپلا خەت يېزىشۇپ تۇرىمەن.

ــ ماقۇل، سەنمۇ خەت يازغىن.

ئىككى ئاغىنە بىر ـ بىرىنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىشىپ تۇرۇپ خوشلاشتى.

## 3

تۇمەن مىڭ زىننەت چىراغلىرى ئېسىلغاندەك جۇلالىنىپ تۇرغان يۇلتۇزلۇق ئاسماندا تولۇن ئاي گۈزەل جامالىدىن ئالتۇن نۇرلىرىنى سېخىيلىق بىلەن چاچماقتا. شەھەر كوچىلىرىدا ئادەملەر خېلىلا شالاڭلاپ قالغان. خالمۇرات بىلەن نازاكەت بىر ـ بىرىنىڭ ئاياغ تىۋىشىغا قۇلاق سېلىپ ئاستا مېڭىشماقتا. ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە دەيدىغان نۇرغۇن يۈرەك سۆزلىرى، ئەزگۈ تىلەكلىرى بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇر بوغۇزىغىلا كەپلىشىپ قالغاندى. يىگىت قەدىمىنى ئاستا توختاتتى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا نازاكەتمۇ توختاشقا مەجبۇر بولدى. يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئايرىلىش دەقىقىلىرىدىن مۇڭغا تولغان كۆزلەر ئىنتىزارلىق بىلەن بېقىشتى. قىزنىڭ كۆز چانىقىدىن سىرغىپ

چۈشكەن ئىككى تامچە ياش مەڭزىگە كېلىپ توختىدى ـ دە، ئاي نۇرىدا شەبنەمدەك يالتىراپ، خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

بىر جۈپ يۈرەك ھاياجانلىق دەقىقىلەردە رىتىمسىز سوقماقتا. بىر جۈپ تەن جۇدالىق ئازابىدا خۇددى جۇدۇن سوققان ياپراقتەك تىترىمەكتە ئىدى. ئاخىر يىگىت قىزنى قۇچاقلىۋالدى. قىز قارشىلىقسىزلا يىگىتنىڭ كەڭ، كۈچلۈك كۆكرىكىگە باش قويدى، ئايرىلىش تىلەكلىرىنى ئىزھار قىلىشقا ئاجىز كەلگەن لەۋلەر جۈپلەشتى. يىگىتنىڭ يۇمشاق، ساقال باسقان مەڭزى قىزنىڭ ئاناردەك مەڭزىگە قايتا ـ قايتا تەگدى.

— نازاكەت... نازاكەت... — توختىماي پىچىرلايتتى يىگىت تىترەك ئاۋازدا.

— خۇدا... ئاھ خۇدا... — دەيتتى قىز مۇڭلۇق ئاۋازدا.

— مېنى كۈت. ماڭا پەقەت سەنلا كېرەك. سەن مېنىڭ جېنىم، پەرىشتەم، — دەپ پىچىرلايتتى يىگىت لېۋىنى قىزنىڭ چوڭچۈرىدەك قولىقىغا تەگكۈزۈپ.

— چوقۇم... مەن سېنى كۈتىمەن. خۇدايىمغا تاپشۇردۇم، — دەيتتى قىز يىگىتنىڭ مەڭزىگە لەۋلىرىنى يېقىپ تۇرۇپ.

ئايدىڭدا ئۇلارنىڭ گەۋدىسى پەقەت بىر تەن بىر جان بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلارنى غەيرىي كۆزلەردىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنمىكىنتاڭ، تولۇن ئاي تۇيۇقسىز بىر پارچە بۇلۇتنىڭ ئارقىسىغا شۇڭغۇدى.

## بەشىنچى باب

# پەرزەنت غېمى

## 1

ياقۇپ ئاكىنىڭ ئەسلىدىنلا ۋىجىك قامىتى تېخىمۇ بەك قورۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۇ دوختۇرخانىغا كەلسە بىر خىللا ئىڭراپ ياتقان ئايالىغا قاراپ ئىچى سىيرىلاتتى. مانا بىر ئايدىن ئاشتى، دوختۇرلارنىڭ جان پىدالىق بىلەن داۋالىشى نەتىجىسىدە ئېسىنى بىلمىگۈدەك ھالەتتە ياتقان ئايالى گەپ قىلالىغۇدەك، مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى دېيەلىگۈدەك ھالەتكە كەلگەن بولسىمۇ، تېخىچىلا كېسەل كارىۋىتىدىن چۈشەلمەيۋاتاتتى. نازاكەتنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن تېجەشلىك بىلەن جۇغلىغان پۇللىرىمۇ پاك ـ پاكىز تۈگىدى. يەنە تېخى دوختۇرخانىدىن تېپىلمايدىغان چەت ئەلنىڭ قىممەت باھالىق دورا ـ ئوكۇللىرىنى قەشقەر، ئۈرۈمچىدىن ئەكەلدۇرۇش ئۈچۈن بەش مىڭ يۈەن قەرز ئالدى. ئېغىر ئىقتىسادىي غەم، روھىي بېسىم ئۇنى گاراڭ قىلىپ قويغانىدى. نازاكەتنىڭ ئوقۇشقا بېرىشتىن ۋاز كەچكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئايالىنىڭ كېسىلى يەنە ئېغىرلاپ قالدى. قىزىنىڭ ئوقۇشقا بارالمىغانلىق سەۋەبىنى ئۆزىدىن، بىمەھەل ئاغرىپ قالغانلىقىدىن كۆرگەن ئانا ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى. تەقدىرنىڭ رەھىمسىزلىكىدىن، ۋاپاسىزلىقىدىن رەنجىيتتى، ئۈنسىز ياش تۆكەتتى. تاماق كۆتۈرۈپ كەلگەن نازاكەتنى ھەر كۆرگەندە خىجىللىقتىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالمايتتى. قىزىنىڭ

مۇڭ ـ ھەسرەت يوشۇرۇنغان كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىيالمايتتى، گېلىدىن غىزامۇ ئۆتمەيتتى.

ئانىسىنىڭ روھىي ھالىتىنى چۈشەنگەن نازاكەت بىر ئامال قىلىپ ئانىسىنى گەپكە سېلىشقا، نىمجان ۋۇجۇدىدىكى خىجىللىق، ئەيىبكارانە تۇيغۇرلارنى يوقىتىۋېتىشكە، كۈلدۈرۈپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇشقا تىرىشاتتى ـ يۇ، قاملاشتۇرالماي سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ ياسالمىلىقىنى چاندۇرۇپ قوياتتى. ئۇ بۇ قېتىم قەتئىي غەيرەتكە كېلىپ ئانىسىغا كۆڭلىدىكىنى ئوچۇقلا ئېيتتى:

— خۇش بولاي جېنىم ئانا، ئۇنداق ئىچىڭىزگە تىنىپ ھەسرەت يۇتىۋەرمەڭ. ئۇنىڭسىزمۇ كېسەل ئازابىڭىز، دەرد ـ ھەسرىتىڭىز يەتكۈچە بار. مېنىڭ ئوقۇشقا بارالمىغانلىقىم ھەرگىزمۇ سىزنىڭ سەۋەنلىكىڭىز ئەمەس. بۇنداق روھىي بېسىمنى كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ. دادام ئۈچۈن، مەن ئۈچۈن، ئۇكىلىرىم ئۈچۈن سالامەتلىكىڭىز تېزرەك ئەسلىگە كەلسىلا بولىدى. ئالىي مەكتەپكە بۇ يىل بارالمىسام كېلەر يىلى بارارمەن، بارمىسامۇ مەيلى. جاھاندىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىگە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش نېسىپ بولمايدۇغۇ. بۇ ئىشلارغا كۆڭۈلنى يېرىم قىلىش، ئارتۇقچە ھەسرەتلىنىش ئەرزىمەيدۇ ئانا. مېنى خۇش بولسۇن دېسىڭىز، ھېچنېمىنى ئويلىماي، دوختۇرلارنىڭ داۋالىشىغا ياخشى ماسلىشىپ بېرىڭ.

— جېنىم قىزىم، سېنىڭ ئىستىقبالىڭغا، بەختىڭگە مەن توسالغۇ بولدۇمغۇ ئاخىر...

ئانا نازاكەتنىڭ ئالىقانلىرىنى يۈزىگە يېقىپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىدى. ئانا ـ بالا بىرھازا يىغلىشىپ دەرد تۆكۈشۈۋالغاندىن كېيىن خېلىلا يەڭگىللەپ قالدى. ئەنە شۇ كۈندىن كېيىن نازاكەتنىڭ كۆزىگە ئانىسىنىڭ كېسىلى خېلىلا ياخشىلىنىپ قالغاندەك كۆرۈنۈپ، كۆڭلى بىرئاز ئارامىغا چۈشتى.

ئانىسىنىڭ كېسىلىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ ئۇ ئوقۇشقا كەتكەن ساۋاقداشلىرىنى، بولۇپمۇ خالمۇراتنى كۆپرەك ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. خالمۇراتنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرى، شوخ چاقچاقلىرى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ سېغىنىشىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋېتەتتى. تۇنجى قېتىم سۆيۈشكەن دەقىقىلەردىكى ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالغان ئاجايىپ تاتلىق، قۇدرەتلىك تۇيغۇ ۋۇجۇدىدا قايتىدىن زاھىر بولۇپ، ھاياجانلىق ھېسلارغا ئەسىر بولاتتى. قۇربى يەتسە خالمۇرات ئالدىدىلا پەيدا بولۇپ قالسا، يىگىتنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ قانغۇدەك يىغلىۋالسا، دەرد ـ ھەسرەتلىرىنى تۆكۈۋالسا... ئۇ لەززەتلىك تۇيغۇلار، ئارمانلار ئىسكەنجىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى قىزلارغا خاس زىددىيەتلىك تۇيغۇلار چىرمىۋالاتتى. «خالمۇرات ئۆزگىرىپمۇ قالارمۇ؟ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بىرەر قىز ساۋاقدىشىنى ياخشى كۆرۈپمۇ قالارمۇ؟» بۇنداق مۇدھىش خىيالدىن پۈتكۈل ۋۇجۇدى مۇزلايتتى، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشاتتى، نەپەسى قىسىلاتتى، يەنە ئاستا ـ ئاستا ئېسىگە كېلىپ ئۆزىنىڭ بۇ بىمەنە خىيالىدىن نومۇس قىلاتتى. خالمۇراتقا بولغان ئىشەنچىنى يوقاتقانلىقىدىن، بىھۇدە گۇمانلانغانلىقىدىن ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى. «ئۇ ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كەلسە توي قىلالارمىزمۇ؟ ئىككىمىزنىڭ تەقدىرى چىگىلگەنمىدۇ؟ باللىق بولارمىزمۇ؟ باللىق بولۇپ قالساق، بالىلىرىمنى چوقۇم ياخشى تەربىيەلەيمەن. تېجەشلىك بىلەن پۇل ئىقتىساد قىلىپ، ئۆزۈم كىيمىسەممۇ، يېمىسەممۇ بالىلىرىمنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتىمەن...»

— كەچلىك تاماقنىڭ تەييارلىقىنى قىلدىڭىزمۇ قىزىم؟

دادىسىنىڭ تۇيۇقسىز سورىغان سوئالىدىن نازاكەت چۆچۈپ ئېسىگە كەلدى. ئوي ـ خىياللىرىنى دادىسى بىلىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ ۋىللىدە قىزاردى، نومۇس كۈچىدىن دادىسىنىڭ چىرايىغا قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى.

— ياق تېخى، ھازىر تەييارلىق قىلاي.

قىزىنىڭ جىمجىغۇر تۇرقىنى كۆرسە، ئالىي مەكتەپكە بارالمىغانلىقى ئۈچۈن ماڭا باتىناپ قالغانمىكىن دەپ خۇدۇكسىرەپ، خىجىللىق ئوتىدا ئۆرتىنىدىغان جاپاكەش دادا، قىزىنىڭ ھازىرقى خىيالچان تۇرقىنى كۆرۈپ بىر ئاز ئوڭايسىزلاندى، ئىككى ئىغىز تەسەللى بەرمەكچى بولدى ـ يۇ، لېكىن دەماللىققا مۇۋاپىق سۆز تاپالمىدى.

— مىجەزىڭىز يوقمۇ، نېمە؟

— ياقەي، بىر ئوبدان تۇرۇۋېتىمەنغۇ مانا، — نازاكەت ئالدىراپ ـ تېنەپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى، — نېمە تاماق يېگۈڭىز بار دادا؟

— ئانىڭىز ياخشى كۆرىدىغان تاماق ئېتىڭ قىزىم.

نازاكەت بىر پىيالە چاي قۇيۇپ دادىسىغا تۇتتى. ياقۇپ ئاكا چاينى قولىغا ئېلىپ بىر ئوتلىدى ـ دە، نازاكەتنى يېنىغا چاقىردى.

— كېلىڭ، قېشىمدا ئولتۇرۇڭ قىزىم، سىزگە دەيدىغان گېپىم بار.

نازاكەت دادىسىنىڭ قېشىغا ئاستا كېلىپ ئولتۇردى ـ دە، خىيالچانلىق بىلەن يەرگە تىكىلدى.

— مەندىن رەنجىپ قالدىڭىزمۇ قىزىم؟

دادىسىنىڭ كۈتمىگەن يەردىن سورىغان بۇ سوئالىدىن نازاكەت ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي بىرنەچچە دەقىقە تېڭىرقىدى. دادىسىنىڭ سوئالىنىڭ تېگىگە يەتكەندە بولسا ۋۇجۇدىغا گۇررىدە يىغا ئولاشتى. شۇ دەقىقىدە كۆزىگە دادىسى شۇ قەدەر سۆيۈملۈك، شۇ قەدەر مېھرىبان، شۇ قەدەر ئۇلۇغ — مۇقەددەس كۆرۈندى. «دادا مېھرى دېگەن نەقەدەر ھارارەتلىك ـ ھە! تۇرمۇشنىڭ شۇنچىۋالا ئېغىر قىسمەتلىرىگە دۇچار بولۇپ تۇرۇپمۇ يەنە پەرزەنت غېمىدە تېپىرلايدۇ، پەرزەنت ئوتىدا كۆيىدۇ. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشنى ئارزۇ قىلمايدىغان كىم بار. لېكىن،

يوقسۇزلۇق، قولى قىسقىلىق سىزنىڭ گۇناھىڭىز، ئەيىبىڭىز ئەمەس دادا، ھېلىمۇ ئائىلىنىڭ ئېغىر ئىقتىسادىي يۈكىنى يالغۇز ئۈستىڭىزگە ئېلىپ، بىزنى بېقىپ قاتارغا قوشتىڭىز، ساۋاقداشلىرىمنىڭ، دوستلىرىمنىڭ ئالدىدا بويىنۇمنى قىستۇرمىدىڭىز. ئانامنىڭ كېسىلىنىمۇ پەرۋانە بولۇپ بېقىۋاتىسىز، داۋالىتىۋاتىسىز. مەن چوپچوڭ بىر قىز بولۇپ تۇرۇپمۇ سىزگە قىلچىلىك ياردەم بېرەلمىدىم. كەچۈرۈمنى سىز مەندىن ئەمەس، مەن سىزدىن سورىسام بولىدۇ، جېنىم دادا...»

نازاكەتنىڭ يۈرىكى ئۇنسىز نىدا قىلاتتى. ئۇ دادىسىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ راسا بىر يىغلىۋالماقچى بولدى ـ يۇ، يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. «نېمە قىلاي ئۇنىڭ ھەسرىتىگە ھەسرەت قوشۇپ، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال نازاكەت، داداڭنىڭ دەردلىك يۈرىكىنى زېدە قىلما، ھەسرەتلىك دىلىنى ئاۋۇندۇر، تەسەللى بەر...»

— گەپ قىلمايسىزغۇ قىزىم؟

— سىزدىن نېمىشقا رەنجىگۈدەكمەن دادا، — دېدى نازاكەت چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ ۋە بالىلارچە ئەركىلىك بىلەن دادىسىنىڭ يۈزىنى سىلىدى، — سىز شۇنداق ياخشى تۇرسىڭىز. قىزىق جۇمۇ سىز دادا، نەدىكى سوئاللارنى سوراپ قويىدىكەنسىز، — نازاكەت ئۈستىلىق بىلەن سۆزنى تېمىدىن چەتنەتتى، — دوختۇرلار بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ؟ ئانامنى يەنە قانچىلىك ۋاقىتلاردا دوختۇرخانىدىن ئاچىقالىغۇدەكمىز؟

— دوختۇرلار ئانىڭىزنى سالامەتلىكى خېلىلا تېز ئەسلىگە كېلىۋاتىدۇ، يەنە ئون ـ ئون بەش كۈنلەردىن كېيىن ياتاقتىن چىقسا بولىدۇ دەيدۇ.

— ئانام دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن ئۆينىڭ ئىشلىرىنى قەتئىي قىلدۇرمايلى. بۇ توغرۇلۇق ئانامغا ياخشىراق بىر خىزمەت ئىشلىمىسىڭىز بولمايدۇ جۇمۇ، دادا.

— بولىدۇ قىزىم، — دېدى ياقۇپ ئاكا قىزىغا ئىچ كۆيەرلىك بىلەن قاراپ، — سىز نېمە دېسىڭىز شۇ.

— ماقۇل ئەمىسە، مەن تاماقـقا تەييارلىق قىلاي.
ئۇكىلىرىمنىڭ مەكتەپتىن كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قاپتۇ.

نازاكەت شۇنداق دېدى ـ دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئاشخانا ئۆيگە چىقىپ كەتتى.

قىزىنىڭ كەينىدىن مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ قالغان ياقۇپ ئاكىنىڭ ۋۇجۇدىنى سۆيۈنۈش، رازىمەنلىكتىن ئىبارەت بىرخىل تۇيغۇ چىرمىۋالدى. خۇشاللىقتىن كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى: «جېنىم قىزىم، ئەقىللىك قىزىم، مېنى ئايىغىنىڭىزغا رەھمەت. ئەسلى سىزدىن يوشۇرىدىغان ئىش يوق ئىدى. مەقسىتىمنى بىلىپ قېلىپ مېنى ئېغىز ئاچۇرمىدىڭىز، كۆڭلۈمنى ئايىدىڭىز. ئىنسابىڭىزغا، ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت قىزىم. ئى خۇدا، باللىرىمنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى، ئىنسابىنى زىيادە قىلغايسەن...»

## 2

تۆت كارىۋاتلىق كېسەللەر ياتىقى. دېرىزە تۈۋىدىكى كارىۋاتتا ياتقان ھەسەلخان ئاچا كۆزىنى يۇمغىنىچە يەڭگىل پۇشۇلداپ تىنىپ ياتماقتا. تۇرقىدىن ئۇخلىغان ـ ئۇخلىمىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئەنە، ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، چىرايى ئازابلىق پۈرۈشتى. دېمەك، ئۇ ئۇخلىمىغان. ئاغرىق ئازابى بىلەن ئۇنىسىز ئېلىشماقتا. نازاكەتنىڭ تەقدىرى ھەققىدە باشلانغان ئازابلىق خىياللىرى يۈرىكىنى قۇرتتەك غاجاپ، ۋۇجۇدىدىكى ئاغرىق ئازابىدىن بەكرەك قىيىنىماقتا. ئۇ بۇ خىياللارنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتىشكە بىرقانچە قېتىم ئۇرۇنۇپ باقتى، تۈۋى يوق قاراڭغۇ ھاڭدەك باش ـ ئاخىرى يوق خىياللار ئۇنى ئازابلىغنى ئازابلىغان. كاللىسىنىڭ ئىچىگە بىرەر مىڭ ھەرە كىرىۋالغاندەك غوڭۇلداپ كەتتى. «ئى تەڭرىم، بۇنچىۋالا قىينىغۇچە ئالىدىغان ئامانىتىڭنى تېزرەك ئالساڭچۇ. ئالدىڭدا

قانداق ئېغىر گۇناھلارنى قىلغان بولغىيدىم.» ئانا كاللىسىدىن كەچكەن بۇ خىيالدىن خىجىل بولدى، ياراتقان ئىگىسىدىن رەنجىگەنلىكى ئۈچۈن شۇ ھامان ئۆزىنى ئەيىبلىدى. نازاكەتنىڭ مۇڭلۇق كۆزلىرى، ياقۇپ ئاكىنىڭ تېخىمۇ بەك كىچىكلەپ كەتكەن ئاجىز قامىتى، ئۈمىدلىك تىكىلگەن كۆزلىرى نامايان بولدى. «كەچۈرگىن تەڭرىم، خاتا سۆزلەپ قويۇپتىمەن. كېسىلىمگە ئۆزۈڭ شىپالىق بېرەرسەن. باللىرىمنى قاتارغا قېتىۋالغۇچە ئۆمۈر بەرگىن...»

ياتاق ئىشىكىنىڭ قوپال سىلكىنىپ ئېچىلىشى ئانىنىڭ گادىرماچ تۇيغۇلىرىنى ئۈزۈپ قويدى، كۆزىنى لاپپىدە ئېچىپ ئىشىككە ئۈمىد بىلەن تەلمۈردى. ساقاللىرى ئۆسۈپ چاڭگىلىشىپ كەتكەن، ئۇستىبېشى توپىغا مىلەنگەن، كۆڭلىكى تەر ۋە كىردىن رەڭگىنى يوقاتقان، چىرايى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن دېھقان — تام تۈۋىدىكى كارىۋاتتا ئىڭراپ ياتقان ئايالىنىڭ ئېرى كۆرۈندى. كېسەلچان ئانىنىڭ ۋۇجۇدىنى خەيرخاھلىق تۇيغۇلىرى چىرمىۋالدى.

— ھېسابلىشىپ بوللىمۇ؟

— ھەئە، — ئەر ئايالىنىڭ سولغۇن چىرايىغا قارىماسلىققا تىرىشىپ جاۋاب بەردى، — قولۇمغا يىگىرمە كويغا يېقىن پۇل ئاشتى.

— ھەرنېمە بولسا ئۆيگە بېرىۋالغۇدەك پۇل ئېشىپتۇ، — دېدى چوكان نەپەسى سىقىلغان ھالدا خىرقىراپ سۆزلەپ، — ئەمىسە، نەرسە - كېرەكلەرنى تېزرەك يىغىشتۇرسىلا.

— كېسەللىرى ساقايماي تۇرۇپ دوختۇرخانىدىن چىقىپ كېتەملا سىڭلىم؟

ئۇلارنىڭ سۆزىنى تىڭشاپ ياتقان ئانا سورىدى - يۇ، شۇ ھامان سورىغان سوئالىدىن خىجىل بولدى.

— قانداق قىلىمىز ئاچا، مېنى داۋالىتىمەن دەپ ئۆيدىكى پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سېتىپ بولدى، —

دېدى چوكان زارلىنىپ، — خەۋەرلىرىدە بار، ئىككى كۈندىن بېرى دوختۇرلار «ئۆتكۈزگەن پۇلۇڭلار توگەپ كەتتى، پۇل تۆلىمىسەڭلار بولمايدۇ» دەپ دورا ـ ئوكۇللىرىمنى توختىتىۋەتتى. قەرز بېرەلىگۈدەك تۇغقانلارنىڭ ھەممىسىدىن بىر قېتىمدىن قەرز ئېلىپ بولدۇق. يەنە سوراۋەرگىلى يۈزىمىز چىدىمىدى. ئۆيدىمۇ تۆت بۇلۇڭ، بىر كۇلۇڭدىن باشقا ھېچنېمە قالمىدى. بۇ يەردە ئۆلۈمۈمنى كۈتۈپ ياتقۇچە ئۆيگە چىقىپ كېتەي دېدىم. رەھمەتلىك قېيىنئانامدىن تەۋەررۇك قالغان زىرەم بار ئىدى. بايا شۇنى سېتىپ كىرىپ ھېسابلىشىپتىكەن، قولىغا ئاران يىگىرمە كوي ئېشىپتۇ. ئاشۇ پۇل بىلەن ئاستا ئۆيگە كېتىۋالايلى دېيىشتۇق. يەيدىغان رىزقىم، كۆرىدىغان كۈنۈم بولسا ساقىيىپ قالارمەن، ئەجىلىم توشقان بولسا ئۆلەرمەن...

چوكان شۇلارنى دېدى ـ دە، بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. ھەسەلخان ئاچىنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلدى، ياش چوكانغا تەسەللى بەرگۈدەك مۇۋاپىق ئىككى ئېغىز سۆز تاپالماي قىينالدى. ياش چوكاننىڭ يېرىم ـ يارتا داۋالىنىپلا چىقىپ كەتمەكچى بولغانلىقىدىن كۆڭلى يېرىم بولدى، ئىچ ئاغرىتتى. نېمە ئامال. «تاپشۇرغان پۇلۇڭلار توگىدى» دەپ، ھەسەلخان ئاچىنىڭ دورا ـ ئوكۇلىنى توختىتىۋەتكەندىمۇ، ياقۇپ ئاكىنىڭ «پۇل تېپىپ كەلگۈچە داۋالىغاچ تۇرۇڭلار» دەپ شۇنچە يېلىنىشلىرىغا پەرۋا قىلمىغان، ھەسەلخان ئاچىمۇ تولۇق بىر كۈن دورا ـ ئوكۇلسىز يېتىپ قالغانىدى. «پۇل مۇھىممۇ ـ ئادەممۇ؟ ئادەم ھايات بولسا پۇل تېپىلىدۇغۇ ئاخىر. جاھان نېمە بولۇپ كېتىپ بارىدىغاندۇ ھازىر. ھەممە نېمىگە پۇل ـ پۇللا دەيدۇ. پۇلۇڭ بولمىسا ئۆلۈپ كېتىشىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق. رەھىم ـ شەپقەت، مېھىر ـ مۇھەببەت نەگە كەتتى ـ ھە! ئاھ خۇدا... نازاكەت قىزىممۇ ئاشۇ پۇل سەۋەبىدىن ئوقۇشقا بارالمىدىغۇ ئاخىر. بىچارە بالا نېمىمۇ بولۇپ كەتكەندۇ. دادىسى بىلەن مەندىن رەنجىپ قالغانمىدۇ؟ كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ ئىمتىھاندىن

ئۆتۈپ ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بارالمىساڭ بولمايدۇ دەپ، تەلەپنى قاتتىق قويدۇق، ھە دېسىلا ئۆگىنىشكە، تاپشۇرۇق ئىشلەشكە بېسىپ، دوستلىرى بىلەن بىرەر - يېرىمدەم ئوينىۋالغىلىمۇ قويمىدۇق. مانا، تەلەپ - ئۈمىدىمىزنى يەردە قويماي ئىمتىھاندىن يۇقىرى نومۇر ئېلىپ ئۆتتۈۋىدى... ئاھ خۇدا، بىرنەچچە يىل كېچىكىپ سالساڭ بولماسمىدى ماڭا شۇ نجىس كېسەلنى. شۇ ئاجىز قىز بالىغا قانداق يۈز كېلەلەيمىز ئەمدى. ئاتا - ئانا بولماق نېمانچە تەستۇ. شۇ ئاجىز قىزىمىنىڭ تەقدىرى نېمە بولۇپ كېتەر، قانداق قىسمەتلەرگە دۇچار بولار. ئۆزۈڭگە ئاسان، بەندەڭگە قىيىن، ئىشلىرىمىزنى ئۆزۈڭ ئاسان قىلغايسەن...»

— خوش ئاچا، كېسەللىرى تېزرەك شىپا تاپقاي.

كېسەلچان چوكاننىڭ سۆزلىرى ئانىنىڭ تەگسىز خىياللىرىنى چالغىتتى. چوكان ھەممە نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بولغان بولۇپ، ھەسەلخان ئاچا بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن ئىشىك تۈۋىدە ئېرىگە يۆلىنىپ تۇراتتى، سولغۇن چىرايى تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، جىنچىراغدەك ئاجىز كۆزلىرىدىن مۆلڭ تۆكۆلەتتى.

— خوش سىڭلىم، — دېدى ھەسەلخان ئاچا ئۆكسۈگەن ھالدا چوكانغا تەسەللى بېرىپ، — ئۆزلىرىنى ئوبدان ئاسرىسىلا، ساقىيىپ كېتەرلا، خۇدايىم شىپالىق بېرەر. ئاچا - سىڭىللاردەك ئوبدان كۆنۈشۈپ قاپتىكەنمىز. ئۆيىنىڭ ئادرېسىنى بىلگەندىكىن، شەھەرگە كىرسىلە چوقۇم يوقلىسىلا. شەھەرگە كىرىپ مېنى ئىزدىمىسىلە خاپا بولىمەن. خۇدايىم بۇيرۇسا ساقىيىپ قالسام مەنمۇ سىلىنى يوقلاپ چىقىمەن.

— ماقۇل، مەنمۇ ئىزدەيمەن. سىلىمۇ سەھەرالىق دېمەي، چوقۇم ئىزدەپ چىقسىلا.

چوكان ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىغىنىچە، ئېرىنىڭ ياردىمىدە ياتاقتىن سىرتقا ماڭدى.

گۆرىستانلىقتەك تىمتاسلىققا چۆمگەن ياتاقتا ھەسەلخان ئاچا يالغۇزلا قالدى. ئۇ قۇرۇقدىلىپ قالغان ئۈچ كېسەل كارىۋىتىغا ئىختىيارسىز نەزىرىنى ئاغدۇردى. ئاۋۇ كارىۋاتتىكى ياش چوكان ساقىيىپ چىقىپ كەتكەندىن بېرى، دوختۇرخانىغا تۈزۈك كېسەل كەلمىدىمۇ، كارىۋات خېلى كۈنلەردىن بېرى قۇرۇق ئىدى. يەنە بىر كارىۋاتتىكى كېسەل ئۈرۈمچىگە بېرىپ داۋالىنىدىغان بولدۇم دەپ چىقىپ كەتكىلى ئىككى كۈن بولغانىدى. ھەسەلخان ئاچىنى غېرىبىلىق بېسىپ يەنە يىغا تۇتتى، ۋۇجۇدىنى يەنە ئازابلىق تۇيغۇلار چىرمىۋالدى. ياش چوكاننىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭغا كۈچلۈك تەسىر قىلغانىدى. «ئەھۋالدىن قارىغاندا كېسىلىم ساقايماي ئۇزاققا سۆرۈلۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. ھېلىمۇ ئاز قەرزگە بوغۇلمىدۇق. بىچارە دادىسى چاندۇرماي يۈرگەن بىلەن ئاز قىينالمىدى. راست، ئەمدى مەنمۇ يېتىۋەرمەي، دوختۇرخانىغا پۇل غازاڭدەك كېتىۋاتىدۇ، ئالتە پاتمان قەرزنى گەدىنىمىزگە ئارتىۋالغان بىلەن قايتۇرمىساق بولمايدۇ. نازاكەتتىن كىچىكلىرىنى ئوقۇتۇش ئۈچۈنمۇ پۇل لازىم. شۇنداق قىلاي، مەنمۇ ياتاقتىن چىقىپ كېتەي، يەيدىغان رىزقىم، كۆرىدىغان كۈنۈم بولسا ساقىيىپ كېتەرمەن...»

ھەسەلخان ئاچا شۇ تەرزدە شۇنداق خىيال سۈرۈپ ياتتى. كارىدوردىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭلار، ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئاياغ تىۋىشلىرى، قوشنا ياتاقتىكى كېسەللەرنىڭ ئىڭراشلىرىمۇ قۇلىقىغا كىرمىدى. ياتاققا ئېرى ياقۇپ ئاكىنىڭ كىرگىنىنىمۇ، سولغۇن چېھرىگە كۆيۈمچانلىق بىلەن ئۇزاقتىن - ئۇزاق تىكىلىپ تۇرغىنىنىمۇ كۆرمىدى. يەڭگىل يۆتەل ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئېسىگە كەلگەن ھەسەلخان ئاچا ياقۇپ ئاكىنى كۆرۈپ زورغا كۈلۈمسىرىدى. بۇ ئۇنىڭ ياقۇپ ئاكىغا بەرگەن ئۈنسىز تەسەللىسى، مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈشى ئىدى. يىگىرمە نەچچە يىللىق بۇ ۋاپادار ئەر - خوتۇنلار شۇنچىلىك ئاددىي چىراي ئىپادىلىرىدىنمۇ بىر - بىرىنىڭ قەلبىنى چۈشىنەلەيتتى،

كۆڭلىدىن كەچكىنىنى، مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى بىلمۇاللايتتى.

— ئاۋۇ سىڭىلچاق چىقىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ — سورىدى ياقۇپ ئاكا يېڭىلا بوشىغان كارىۋاتنى كۆزى بىلەن ئىشارەت قىلىپ.

— شۇنداق، ھېلىراقتا چىقىپ كەتتى، — جاۋاب بەردى ھەسەلخان ئاچا ھەسرەتلەنگەن ھالدا.

— كېسىلى ئانچە ياخشىلانغاندەك قىلمايۋاتاتتى...

— دوختۇرخانىغا ئۆتكۈزگەن پۇلى تۈگەپتۇ. دوختۇرلار دورا ـ ئوكۇللىرىنى توختىتىۋەتتى. يەنە داۋالىنىشقا پۇل تاپالماپتۇ، نېمە ئامال بىچارىلەرگە. بىزنىڭ ھالىمىزمۇ شۇ تۇرسا، دېھقانىنىڭ كۈنى نېمە بولماقچىدى دەيلا.

ياقۇپ ئاكا ئۈن چىقارمىدى. ئايالىنىڭ ئايىغىدا، كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇردى، ئېغىر غەم تاغلىرى مۇكچەيتىۋەتكەن ۋىجىك قەددى تېخىمۇ بەك كىچىكلەپ كەتكەندەك كۆرۈندى. ئادەتتە ساقىلىنى پەقەتلا ئۆستۈرۈۋەتمەيدىغان ئىككى كۈندە بىر قىرىپ تۇرىدىغان بۇ ئادەمنىڭ ساقاللىرى خېلىلا ئۆسۈپ قالغاندى. ھەسەلخان ئاچىنىڭ كۆزىگە ئېرىنىڭ چاچ ـ ساقاللىرىدىكى ئاق بىردىنلا كۆپىيىپ قالغاندەك كۆرۈنۈپ يۈرىكى ئېچىشتى، كۆزىگە غىلىلدە ياش كەلدى. ئادەتتە مۇڭدىشىشى تۈگىمەيدىغان بۇ ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ قالغاندى، بىر ـ بىرىنىڭ چىرايىغا مېھرىبانلىق بىلەن تىكىلگەن كۆزلەردىن يوشۇرۇشقا ھەرقانچە ئۇرۇنسىمۇ مۇڭ ـ ھەسرەت تۆكۈلەتتى، كۆزلەر بىر ـ بىرىگە تەسەللى بېرىپ پىچىرلىشاتتى، يۈرەكلەر ئوخشاش رىتىمدا دۈپۈلدەيتتى. تۇرمۇشنىڭ نۇرغۇن قىسمەتلىرىگە، تۈيۇقسىز كەلگەن زەربىلىرىگە بىر ـ بىرىگە ھەمدەم بولۇپ تاقابىل تۇرۇپ، غالىب كەلگەن، سىنالغان بۇ ئەر ـ خوتۇنلار شۇ تۇرقىدا بىر ـ بىرىگە تويماي قارىشاتتى. ئاشۇ قاراشلىرى بىلەن مىسكىن كۆڭۈللىرىگە تەسەللى بېرىشەتتى.

— مەن ياتاقتىن چىقىپ كېتەيمىكىن، — دېدى ھەسەلخان

ئاچا ئارىدىكى جىملىقنى بۇزۇپ.

— نېمىشقا؟ — سورىدى ياقۇپ ئاكا گۇمانىي تۇيغۇدا، — تېخى كېسەللىرى تۈزۈك ساقايمىغان تۇرسا.

— بايا دوختۇر كىرىپتىكەن، سۆزلەشتىم، — دېدى يالغان سۆزلەپ، — دوختۇر «خەتەرلىك كېسەل ئاسارىتى پۈتۈنلەي تۈگىدى، ئەمدى ياتاقتىن چىقىپ بىر مەزگىل ئوبدان كۈتۈنسىلە» دەيدۇ.

— راستىما؟ — ياقۇپ ئاكا ھەم خۇشاللانغان، ھەم گۇمانسىرىغان ھالدا ئايالىغا تىكىلدى.

— راست، — دېدى ھەسەلخان ئاچا ئېرىگە دادىل قاراشقا تىرىشىپ، — مەن بۇ يەردە يېتىۋەرسەم سىلىنى كۆپ ئاۋارە قىلىپ قويىدىكەنمەن. دوختۇرخانىغا چاپمىسىلا تېخى، ئىدارىلىرىگە چاپمىسىلا تېخى. خىزمەتلىرىگىمۇ كۆپ تەسىر يەتتى. باللارمۇ مەكتەپ، ئۆي، دوختۇرخانا ئارىلىقىدا قاتناپ ئۆگىنىش قىلالماي، تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلىيەلمەيۋاتىدۇ. شۇنداق قىلايلى، دەرھال ياتاقتىن چىقىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرسىلە.

— ئاۋۋال دوختۇر بىلەن ئۆزۈم بىر سۆزلىشىپ باقاي، — دېدى ياقۇپ ئاكا ئايالىنىڭ سۆزلىرىگە ئانچە پەرۋا قىلماي.

— كۆرۈشسىلىمۇ شۇ ماڭا دېگەن گەپنى دەيدۇ، — ھەسەلخان ئاچا ئالدىراپ - تېنەپ ئېرىنى نىيىتىدىن ياندۇرۇشقا تىرىشىپ، — كۆرۈشمىسىلىمۇ بولىدۇ.

— شۇنداقتىمۇ دوختۇرنىڭ مەسلىھەتىنى ئالمىساق، پىكرىنى ئاڭلاپ باقمىساق بولمايدۇ - دە.

ھەسەلخان ئاچا ئۈن چىقارمىدى.

«گېپىمگە ئىشەندۇرەلمەپتىمەن - دە، شۇنداق، باشقا گەپ بولسا ئىشەندۇرەلىگىنىم بىلەن بۇ گەپكە ئىشەندۇرەلمىگۇدەكمەن. كۆڭلۈمنى نېمىشقا چۈشەنگىلى ئۇنىمايدىغانلا ياقۇپ ئاخۇن. ھېلىمۇ شۇنچە داۋالاتتىلا، نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلدىلا،

مېنى دەپ باشقىلارغا يېلىنىدىلا، يالۋۇرىدىلا، توي قىلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە كۆڭلۈمنى چۈشىنىدىغان قانىتچىلىك چىگمىدىلە. ھەرقانداق تەلەپلىرىمگە ھۆرمەت قىلىپ كەللە. مەن سىلىدىن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا رازى...»

ياقۇپ ئاكىنىڭ يۈرىكىمۇ پىچىرلىماقتا:

«ياخشى كۆڭۈللىرىنى چۈشەندىم ھەسەلخان. بىلىمەن، مېنى ئاياۋاتىلا. ئۆزلىرىنى ئەمەس مېنى، بالىلارنىڭ غېمىنى يەۋاتىدىلا. سىلى بولغاچقىلا مەن ھېچنېمىدىن غەم قىلماي، زېھنىمنى ئائىلىنىڭ ئىشلىرىغا چاچماي، خاتىرجەم خىزمەت ئىشلىگەنىدىم. ھېلىمۇ جىق ئېغىرچىلىقىمنى كۆتۈرىدىلە، كۆيۈنىدىلە. ئەمدى سالامەتلىك ئەھۋاللىرى بۇ دەرىجىگە يەتكەندە مېنىمۇ، ئۆزلىرىنىمۇ ئالدىمىسىلا. سىلى ئۈچۈن، كېسەللىرىنى تېزرەك داۋالىتىپ ساقايتىش ئۈچۈن مەن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا رازى. خاتىرجەم بولسىلا، تىلەمچى بولۇپ كەتسەممۇ پۇل تېپىپ كېلىپ سىلىنى داۋالىتىمەن. بۇ مېنىڭ ئەرلىك بۇرچۇم. ماڭا سىلى بولمىسىلا بولمايدۇ ھەسەلخان، رەھمەت ياخشى كۆڭۈللىرىگە...»

— نېمە تاماق يېگۈلىرى بار؟ نازاكەت قىز ئانامدىن سوراپ كېلىڭ، شۇ بويىچە تاماق ئېتەي دېگەنىدى.

— چاچتەك كېسىپ ئۈگرە ئەتسۇن، — دېدى ھەسەلخان ئاچا.

— ماقۇل ئەمىسە، مەن ماڭاي، — دېدى ياقۇپ ئاكا ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — نازاكەت قىزغا ئىككى پارچە خەت كەپتىكەن، تېزرەك ئاپىرىپ بېرەي.

— كىمدىن كەپتۇ؟

— ئوقۇشقا كەتكەن ساۋاقداشلىرىدىن.

— ساۋاقداشلىرىدىن؟ — ھەسەلخان ئاچا بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — خەتنى نازاكەت قىزغا ھازىرچە كۆرسەتمەي تۇرسىلا قانداق بولار؟

— نېمىشقا؟ — ياقۇپ ئاكا بىر ئاز گاڭگىرىدى.
— دېمەكچى بولغىنىم، نازاكەت قىز بۇ خەتلەرنى كۆرسە، — دېدى ھەسەلخان ئاچا مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈپ، — ئۆزىنىڭ ئوقۇشقا بارالمىغانلىقىدىن ھەسرەتلىنىپ تېخىمۇ بەك ئازابلىنارمىكىن دەيمەن. شۇڭلاشقا، ھازىرچە كۆرسەتمەي تۇرساق.
— ياق، ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ خوتۇن، — دېدى ياقۇپ ئاكا ئايالىنىڭ تەكلىپىنى كەسكىن رەت قىلىپ، — بىز بۇ خەتلەرگە نېمە يېزىلغانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ خالىغانچە بىر تەرەپ قىلىۋەتسەك ياخشى بولمايدۇ. نېمىلا بولمىسۇن ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى بىلەن خەت ـ ئالاقە قىلىپ تۇرغىنى ياخشى. كىم بىلىدۇ، بۇ خەتلەر ئۇنىڭ مىسكىن كۆڭلىگە تەسەللى بېرىپ، ھەسرەت ـ نادامەتلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، خۇشاللىق بېغىشلاپ قالامدۇ تېخى.
— ئۇنداقتا... بۇ خەتلەرنى ئېچىپ كۆرۈپ باقامدۇق يا. ئاۋۋال ئوقۇپ بېقىپ...
— ياق، بۇنداق قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. نازاكەت قىز ھازىر كىچىك بالا ئەمەس. ئۇنىڭ شەخسىي خەت ـ ئالاقە ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالساق ياخشى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىمىز بىزگە ئىشىنىپ، دوستلىرىغا بىزنىڭ ئادرېسىمىز ئارقىلىق خەت يېزىشنى تاپىلىغان تۇرسا، بىز ئۇنىڭ ئىشەنچىنى يەردە قويساق قانداق بولىدۇ. مەن ئىشىنىمەن، بۇ خەتلەردە نازاكەت قىزنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدىغان، قەلبىنى ئازابلايدىغان گەپلەر چوقۇم يوق. سىلىمۇ بىھۇدە ئويلاردا بولمىسىلا، نازاكەت قىز ئەقىللىك بالا بولدى. ئۇ بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى چۈشىنىدۇ.
ھەسەلخان ئاچا ياقۇپ ئاكا بىلەن يەنە ئارتۇق گەپ تالاشمىدى.

## 3

ھەسەلخان ئاچا نازاكەت بىلەن بىللە كىرىپ كەلگەن ئاچىسىنى كۆرۈپ ھەم خۇشال بولدى، ھەم كۆڭلى بۇزۇلدى. سەھرا ئاياللىرىغا خاس كىيىنىۋالغان، چىرايىدىن ساددىلىقى، ئاق كۆڭۈللۈكى، خۇشخۇيلۇقى تۆكۈلۈپ تۇرغان بۇ ئايال ياش قۇرامىغا قارىغاندا ساغلام، تەندۇرۇس كۆرۈنەتتى، قەدەم ئېلىشلىرىمۇ خېلىلا مەزمۇت ئىدى.

— ھارماڭ ئاچا، سالامەت تۇردىڭىزمۇ؟ — دېدى ھەسەلخان ئاچىسىدىن ئاۋۋال ئەھۋال سوراپ.

— ياخشى، ئۆزىڭىزمۇ ياخشى بولۇپ قاپسىزمۇ ئۇكام، — ئاچىسى شۇلارنى دېگەچ سىڭلىسىنىڭ يېتىپ تۇرۇپ ئۇزارتقان قوللىرىنى مەھكەم قىستى، ئېڭىشىپ تۇرۇپ مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ كۆرۈشتى، ئاندىن كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — كېچىدىن چۈشۈمگە كىرىپ قاپتىكەنسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەھەردىلا قاپىقىم تارتىپ پەقەتلا خاتىرجەم بولالمىدىم. ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرۈپ چىقاي دەپ ئالدىراپ كىرىشىم. نى ئېغىر كېسەللىمۇ ساقىيىدىكەن، خۇدايىم ئۆزى شىپالىق بېرەر ئۇكام، — ئاچىسى شۇلارنى دەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

ئاچىسىنىڭ يىغىسىنى كۆرۈپ ھەسەلخان ئاچىمۇ كۆز يېشى قىلدى. نازاكەتنىڭمۇ كۆز چاناقلىرى ياشقا لىق تولغانىدى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ كۆز يېشىنى سىڭدۈرۈۋەتتى.

ئاچا - سىڭىل بىرپەس كۆز يېشى قىلىشقاندىن كېيىن ئاستا - ئاستا توختاشتى. ھەسەلخان ئاچا كېسەلنىڭ خېلىلا ياخشىلىنىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ ئاچىسىنى بىرئاز تىنچلاندۇردى.

— بىرەر ھەپتە تۇرغۇدەك بولۇپ كىردىم ئۇكام، — دېدى

ئاچىسى ئۇنىڭ گەجگە، بىلەكلىرىنى يەڭگىل ئۇۋۇلىغاچ.

— ئاۋارە بولۇپ قالارسىزمۇ ئاچا، — دېدى ھەسەلخان ئاچا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ.

— ئۇنداق دېمەڭ ئۇكام. نازاكەت قىزىممۇ ھېرىسىپ ھالىدىن كېتىپتۇ. ئۇمۇ ھاردۇقىنى ئېلىۋالسۇن. سىزنى ئۆز قولۇم بىلەن تاماق ئېتىپ بېرىپ بېقىۋالاي.

ھامىنىسىنىڭ بۇ گەپلىرى نازاكەتنىڭ قۇلىقىغا ياغدەك ياقتى، «ئوبدان بولدى، ئەمدى يېزىغا چىقىدىغان ئىشىم ئوڭغا تارتىدىغان بولدى».

— راستىمۇ ھاما، — دېدى نازاكەت ئەركىلىگەن ھالدا، — ئانامنىڭ ھالىدىن سىز بىرەر ھەپتە خەۋەر ئېلىپ تۇرسىڭىز، ئۇنداقتا مەن يېزىغا چىقىپ كىرەلەيدىغان بولدۇم ـ دە، ئەمدى.

— مەيلى، بولسا شۇنداق قىلىڭ قىزىم. ئۇكامنىڭ ھالىدىن ئۆزۈم خەۋەر ئالىمەن. سىز تۇغقانلارنىڭ ئۆيىدە خاتىرجەم مېھمان بولۇپ كىرىڭ.

— تۇغقانلارنى يوقلاپ كىرەي دەپ قالدىڭمۇ نېمە، قىزىم، — دېدى ھەسەلخان ئاچا.

— ياقەي، بۇ قېتىم تۇغقانلارنىڭ قېشىغا چىقمايمەن.

— ئەمىسە، نېمىشقا چىقىسەن؟ — سورىدى ئانا سەل گۇمانسىراپ.

— ئەپسۇس، مەن چىقماقچى بولغان يېزىدا بىرمۇ تۇغقىنىمىز يوق، — دېدى نازاكەت سۆزىگە سىرلىق تۈس بېرىپ.

— ئەمىسە، ئۇنداق يەرگە چىقىپ نېمە ئىش قىلىسەن؟ — سورىدى ئانا بىرئاز تېرىكىپ.

— ساۋاقداشلىرىمنىڭ قېشىغا چىقىپ كىرەي دېگەن، — دېدى نازاكەت ئانىسىنىڭ ئاچچىقلىنىپ قالغانلىقىنى سېزىپ دەرھاللا، — ماڭا ئوخشاش ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، ئوقۇش راسخوتىغا چىقىشالماي، ئوقۇشتىن ۋاز كەچكەن بىرقانچە

ساۋاقداشىم بار ئىدى. شۇلار بىلەن بىر كۆرۈشۈپ كىرەي دەپ ئويلىغان.

ھەسەلخان ئاچا ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى.

— ئۇ يەرگە چىقسىڭىزمۇ مەيلى قىزىم، يېزىغا چىقسا ئادەمنىڭ ھاردۇقى تېز چىقىدۇ، — دېدى ھامىمىسى سالا قىلىپ.

— يوغان كىرلىرىمنىڭ چالىسى بار ئىدى، مەن كېتىپ ئېشىپ قالغان كىرلارنى يۇيۇۋېتەي، — دېدى نازاكەت ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ.

قىزىنىڭ كەينىدىن قاراپ قالغان ھەسەلخان ئاچىنىڭ نېرۋىسى يەنە قوچۇلدى، «ئەجەب تۇيۇقسىز يېزىغا چىققۇسى كېلىپ قاپتۇ بۇ قىز بالىنىڭ... دېسەم - دېمىسەم دادىسى كۆتۈرۈپ كەلگەن خەتنىڭ كاساپىتىغۇ بۇ. ھەي، شۇ خەتنى بەرمەي تۇرايلى دېسەم پەقەتلا ئۇنىمىدى. چوقۇم ئاشۇ خەتتە بىر گەپ بار...»



## ئالتىنچى باب

# ئىككى پارچە خەت

ئۆيدە يالغۇز قالغان نازاكەت قولىدىكى ئىككى پارچە خەتكە سەۋدايىلارچە ئۇزاق تىكىلدى، ئىختىيارسىز كۆزىگە سۈرتتى، ئۇزاققىچە قېنىپ - قېنىپ پۇرىدى، ئاخىرىدا لېۋىگە بىرنەچچە قېتىم باسقاندىن كېيىن ئاندىن خەتنى ئاچتى. ئۇ ئاۋۋال كونۋېرتتىن خالمۇراتنىڭ خېتىنى چىقاردى - يۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، خەتنى يەنىلا ئەسلى پېتىچە يۈرەك شەكلىدە قاتلاپ كونۋېرتقا سېلىپ قويدى - دە، گۈلىستاننىڭ خېتىنى ئوقۇشقا كىرىشتى:

«نازاكەت:

يازغان خېتىڭگە ۋاقتىدا جاۋاب خەت يازالمىدىم، ئەپۇ قىل.

نازاكەت، مەن ساڭا ئالدىنقى قېتىم يازغان خەتلىرىمدە ئۈرۈمچى شەھىرىنى يۈزەكىلا تونۇشتۇرۇپتىكەنمەن. ئۈرۈمچىلىك ساۋاقداشلار، دوستلار ھەققىدە ھېچنېمە دېمەپتىكەنمەن. ئېسىڭدىمۇ دوستۇم، ئالدىنقى خېتىمدە ‹بۇ شەھەرنىڭ ھەممە نېمىسى، ھەتتا بىر تال تاش، بىر تال گىياھ، بىر زەررە تۇپراقىغىچە مېنى ھەيران قالدۇرۇپ، بارلىق ھېس - تۇيغۇلىرىمنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتىۋالدى›، دەپ يازمىغانمىدىم. ھەقىقەتەن شۇنداق دوستۇم. بۇ شەھەر بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىن نەچچە ھەسسە گۈزەل ۋە چوڭ، ئادەملىرى ئاجايىپ ئەركىن ۋە سىپايە، ياشلىرى ئىنتايىن شوخ ۋە مېھماندوست ئىكەن. بىزنىڭ ئاشۇ يۇرتلاردا ئاددىيسى، بېشىڭغا

سالغان رومىلىڭ چىڭراق چىگىلمەي قېلىپ، بوينۇڭغا سىيرىلىپ چۈشۈپ قالسا، بىردەمنىڭ ئىچىدە نەچچە ئادەمنىڭ «ئىمان»، ۋە «يامان» دىن ۋەز ئېيتىپ، مۇقەددەس كىتابلاردىن شېپى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ قىلغان ئالتە پاتمان تەربىيە، نەسىھەتلىرىگە بۇرۇن - قۇلىقىڭغىچە تويۇپ كەتكىنىڭ بىلەن، بۇ شەھەردە قانداق كىيىنسەڭ، قانداق يۈرسەڭ ھېچكىمنىڭ چاتىقى يوق. يالغۇز قىز - چوكانلارلا ئەمەس، بەلكى ئانامدەك ئاياللارمۇ چېچىنى كەستۈرۈپ، بىر چىرايلىق بۇدۇر قىلدۇرۇپ يۈرىۋېرىدۇ. 10 - ئايدىن باشلاپلا قىز - ئاياللار (ياشلارنى ئاساس قىلىپراق) كۆڭلەك كىيمەي ئىشتان بىلەن يۈرىۋېرىدىكەن. بىزنىڭ يۇرتلاردا يات ئادەم ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزۈڭنىڭ بىر تۇغقان ئاكا ياكى ئىنىڭ بىلەن بىللە كوچىغا چىقساڭمۇ بىر تالاي كۈلكىلىك ۋە ھاقارەتلىك پاراڭلارغا تېما بولۇپ بەرگىنىڭ بىلەن، بۇ شەھەردە قىز - يىگىتلەر جۈپ - جۈپى بىلەن قولتۇقلىشىپ، ئەركىن - ئازادە يۈرىۋېرىدىكەن. بىر - بىرىنى شۇنداقلا ياخشى كۆرۈشۈپ قالدىمۇ بولدى، بىزنىڭ يۇرتتىكىدەك ئاتا - ئانىسىدىن، قولۇم - قوشنىلاردىن قورقۇپ، تەمتىرەپ يۈرمەيلا ئوچۇق - ئاشكارا بىر - بىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ - كېلىدىكەن. توۋا، سېلىشتۇرۇپ كەلسەڭ پەرق دېگەن ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىلىقىدەك. گاھى بۇنداق ئىشلارنى تولا سېلىشتۇرۇپ، نېمە ئۈچۈنلۈكىگە جاۋاب تاپالماي ئېلىشىپ قالايلا دەپ قالىمەن، كاللام قاپاق بولۇپ قالىدۇ. قولۇمدىن كەلسە كىشىلەرنىڭ نورمال يۈرۈش - تۇرۇشى، ھەۋەس - قىزىقىشى، ئەركىنلىكىنى بوغىدىغان، ھەممە ئىشلارغا چات كىرىۋېلىپ، ئۇنىمۇ يامان، بۇنىمۇ يامان دەپ، بارلىق ئىشلارنى ئۆزلىرىنىڭ قاتمال، بىر تەرەپلىمە، خۇراپىي، ئادەت قارىشى بىلەن ئۆلچەيدىغان، كۆزىتىپ باھا بېرىدىغان ئاشۇنداق ئادەملەرنى توپ - توپى بىلەن ماشىنىلارغا بېسىپ ئەكېلىپ بۇ شەھەرنى، ئادەملىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى كۆرسەتكۈم كېلىدۇ. بولدىلا، بۇ توغرۇلۇق مۇشۇنچىلىكلا يازاي. قۇرۇق ئارزۇنىڭ ئۆزلۈكىدىنلا رېئاللىققا ئايلانغىنىنى كەم كۆرگەن. ئىشقىلىپ، ھەرنېمە قىلغان بىلەنمۇ خەلق خۇراپاتلىق، نادانلىق، نامراتلىق... پاتقىقىغا چوڭقۇر پېتىپ كەتكەن، قىلچىلىك دىنىي بىلىمى

بولمىسىمۇ، ھە دېسىلا خالىغانچە پەتىۋا توقۇپ چىقىرىپ، ئاددىي، ياۋاش خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلىش بىلەن كۈن كەچۈرىدىغان كاززاپلارغا كەڭرى سورۇن، شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن بىزنىڭ ئاشۇ يۇرتلارغا بۇ شەھەرنىڭ مەدەنىيىتى يەنە ئون - ئون بەش يىلدىمۇ يېتىپ بىرىپ بولالمايدۇ.

ھە راست، ئاناڭنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ كېسىلى خېلى ياخشىلىنىپ قالدىمۇ؟ داداڭ، ئۇكىلىرىڭ تىنچلىقمۇ؟ ساۋاقداشلار شەنبە - يەكشەنبە كۈنلىرى بىر يەرگە كېلىپ قالساق گېپىڭنى قىلىشىمىز. قولىمىزدىن كەلسە ئىدى، ئوقۇش راسخوتۇڭنى مەكتەپكە تاپشۇرۇپلا سېنى ئۈرۈمچىگە ئەكېلىۋالغان بولساق. سەن كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، پەيت ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى قانداق قىلاي دەۋاتىسەن، مېنىڭچە، كېلەر يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا يەنە بىر قېتىم قاتناشقىن. كېلەر يىلى ئىمتىھاندىن گەپ يوق ئۆتۈپ كېتەلەيسەن. ئۇنىڭغىچە ئاتا - ئاناڭمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەييارلىق قىلىۋالار. ئۇلارنى قىيناپ قويىمەن دەپ ئولتۇرما. ئاتا - ئانا بولغانلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەش، ئوقۇتۇش مەجبۇرىيىتى بار. ئۇلارنى دەپ ئۆزۈڭنىڭ ئىستىقبالىڭنى ۋەيران قىلما. ئالىي مەكتەپ ھاياتى نېمىدېگەن ياخشى - ھە! ئالىي مەكتەپ بوسۇغىسىدىن ئاتلىۋالساڭلا ئويۇن - تاماشا دېگەننى پۇخادىن چىققۇچە ئوينايسەن. يۇرتتىكى باشقا ساۋاقداشلار بىلەنمۇ پات - پات كۆرۈشۈپ تۇرۇۋاتامسەن؟ ئۇلار تىنچ تۇردىمۇ؟ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ مەن ھازىر ئاساسەن سەن بىلەنلا خەت يېزىشىۋاتىمەن. باشقىلار بىر قېتىملا خەت يېزىپ قويۇپ توختاپ قېلىشتى. ئۇلار خەت يازمىغاندىكىن، مەنمۇ خەت يازىمەن دەپ ئۆزۈمنى ئاۋارە قىلمىدىم. ھە راست، مۇھەممەت دېگەن سەھرالىق دەرۋىشتىن خېلى خەت كېلىپ تۇرغانىدى. بىرنەچچە يىل بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم ئىكەن دەپ خەت يېزىپ قويسام، بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىپ، ھالىغا باقماي بىرمۇنچە تەربىيە - نەسىھەتلەرنى قىلىپ خەت يېزىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدە ھۆرمىتىنى قىلاتتىڭ، پات - پات كۆرۈشۈپ تۇرىدىغانسەن ھەرقاچان. ئۇ ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ يازغان خېتىگە قاراپ، سەھراسىغا چىقىپ كەتمىنىنى چاپماي، ۋائىزلىق قىلىپ يۈرۈۋاتامدىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم. قارا،

ئۇ سەھرالىق مېنى نېمىدەپ ئويلاپ قالغان — ھە! مەن خۇددى ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان دۆت ئادەمدەك، يازغان خەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە بىر تاغار قۇرۇق ۋەز — نەسىھەتلەر. بىركىمنىڭ نەسىھەتكە موھتاج بولۇپ قالغان ئادەم يوق بۇ يەردە. ئاخىر ئۇ سەھرالىق دەرۋىشكىمۇ خەت يازمىدىم. دەرسنىمۇ يولىدا ئۆگەنگۈلۈك، ئويۇن — تاماشىنىمۇ پۇخادىن چىققۇچە راسا ئوينىغۇلۇق ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭچە بولغاندا، مەن پەقەت ئويۇن — تاماشىمۇ قىلماي، ئۇچ ۋاق تاماق يېگەندىن باشقا ۋاقىتلاردا ئۆگىنىشتىن باش كۆتۈرمىسەم بولغۇدەك. مىللەتنىڭ تەقدىرى دەمدۇ، مىللەتنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش دەمدۇ، ئىشقىلىپ، بىرنېمىلەرنى دەپ كېتىپتۇ. شۇمۇ دەي دېسە گەپمۇ؟ مەن بىر گۈلىستان ياخشى ئوقۇغانغا مىللەتنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى، مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتكىلى بولامتى. كۆردۈڭمۇ، ئاتا — ئانام قىلمىغان نەسىھەت — تەربىيەلەرنى ئۇ سەھرالىقنىڭ ھالىغا باقماي قىلىپ كېتىشلىرىنى! ...

نازاكەت، سەن ھازىر مېنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمنىڭ قانداق ئۆتۈۋاتقانلىقىغا قىزىقىۋاتىسەنغۇ ھەرقاچان. مەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، مۇنچىۋالا كۆپ دوست تېپىۋېلىشىمنى راستلا ئويلىمىغانىدىم. بىلەمسەن، مېنىڭ بۇ دوستلىرىمنىڭ كۆپىنچىسى ئۈرۈمچىلىك. ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ يۇرتتا ئوينىغان تانسا — دىسكولار نېمە ئۇ. ئۇلار ھەقىقەتەن بۇنداق ئويۇننىڭ ئەھلى ئىكەن. تانسا — دىسكولارنى ئوينايدىغان بولسا قەبرىسىنى قاتۇرۇۋېتىدىكەن. ئەگەر ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن، قاتناشمىغان بولسام، يۇرتتىكى بىرنەچچە ساۋاقداشلار يىغىلىپ قىلغان ئاشۇ ئاددىي، چۆپچەل سورۇنىمىز بىلەن ماختىنىپ، ئاغزىمنى تاتلىق، كۆڭلۈمنى خۇش قىلىپ يۈرىۋېرىدىكەنمەن. ئەسلىدە سورۇن، ئولتۇرۇشلارنىڭ بوۋىسى ئۈرۈمچىدە ئىكەن ئەمەسمۇ؟ ھازىر كۈنۈڭ نېمە؟ ھەر كۈنى ئاخشىمى ئاشۇ دوستلارغا قوشۇلۇپ ئولتۇرۇشلارغا بېرىش، تانسا ئويناش. گاھى كۈنلىرى ئولتۇرۇشلارنىڭ كۆپلۈكىدىن يېتىشەلمەي قالىسەن تېخى.

شاكىر بىلەن ئىككىمىزنىڭ بىر مەكتەپكە قوبۇل

قىلىنغىنىمىزدىن سېنىڭمۇ خەۋىرىڭ بار. ئۇنىڭ بىلەن بىر مەكتەپكە، بىر سىنىپقا كىرىپ يەنە بىللە ئوقۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلغانىدىم، ئىش ئارزۇيۇمدىكىدەك بولۇپ، بىر كەسىپكە، بىر سىنىپقا قوبۇل قىلىندۇق. دەسلەپتە خۇشاللىقتىن بېشىم ئاسمانغا تاقاشقانىدى. ئەپسۇس، مانا ئەمدى ئاشۇ تىلىكىم ئۈچۈن پۇشايمان قىلىۋاتىمەن، ھەسرەتلىنىۋاتىمەن. نېمىشقا دەمسەن دوستۇم، شاكىر چىدىمىدى. ئۇرۇمچىلىك ئاشۇ دوستلار بىلەن شۇنچە ئىناق، يېقىن ئارىلىشىپ ئۆتكىنىمگە چىدىمىدى. ھەر قېتىم ئاشۇ دوستلار بىلەن ئولتۇرۇشلارغا، كىنو - تىياتىرلارغا بېرىپ كەلسەم، ئۇنىڭ چىرايىغا قارىغىلى بولمايدۇ. ئادەمگە ھازىرلا يەۋېتىدىغاندەك سەت گۆلىيىپ، تەنە قىلىدۇ. كۆڭلىنى ئىزدەپ «بىللە بېرىپ كېلەيلى» دېسەم تېخى ئۇنىمايدۇ. ئىچىم بەك سىقىلىپ كەتتى. راستىنى ئېيتسام، مۇشۇ يېقىندىن بېرى شاكىر كۆزۈمگە بىر قىسمىلا كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. كۆڭلۈم ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇشنى، مۇڭدىشىشنى، بىر يەرلەرگە بىللە بېرىشنى ھەرگىز خالىمايدۇ. شاكىرنىڭ قورسىقىغا كىرىپ چىقسام، مەندىن مەردانىنى (مەردان ئاشۇ ئۇرۇمچىلىك دوستلىرىم ئىچىدىكى مەن بىلەن ئەڭ يېقىن ئۆتىدىغان يىگىت، بىز ھەم ساۋاقداش) كۈنلەيدىكەن. گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلغاندا، شاكىرغىمۇ قىزغانماسلىققا نېمە ئامال. چۈنكى، مېنىڭ ھازىر بىر كۈنلۈك ۋاقتىمنىڭ كۆپ قىسمى مەردان بىلەن بىللە ئۆتىدۇ. ئۇ مەنسىز ھېچ يەرگە چىقمايدۇ. مەنمۇ ھەم شۇنداق. ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە شۇنداق ئىجىل بولۇپ كەتتۇقكى، ئارىلىقىمىزدىكى يېقىنچىلىقتا شاكىر سىغقۇدەك ئورۇن يوق. مەن بۇ قېتىمقى خېتىمدە چوقۇم ئۇنىڭ بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرىتىمنى قوشۇپ ئەۋەتىمەن. ئۇنى كۆرسەڭ چوقۇم قايىل بولىسەن. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنىڭ ئىچى كۆيگۈدەك يىگىت. ئۇنىڭ بەزەن گەپ - سۆز ۋە ھەرىكەتلىرى مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ. لېكىن، ئارىمىزدا شاكىر بولغانلىقى ئۈچۈنلا تېخىچىلا ئېغىز ئاچماي يۈرىدۇ. مەن كۆڭلۈمدە شاكىر بىلەن مەردانىنى دەڭسەپ كۆردۈم. كۆڭلۈمنىڭ شاكىرغا مايىللىقى بىر پىرسەنتكىمۇ يەتمەيدىكەن. قەلبىمنى مەردان پۈتۈنلەي ئىگىلەپ بوپتۇ. شاكىر

مېنى ئۆزىگە قىزىقتۇرالماس، جەلپ قىلالماس بولۇپ قالدى. مەيلى چىرايى، مەيلى بويى ـ بەستى جەھەتتىن مەردانىنىڭ شاكىردىن قېلىشقۇچىلىكى يوق. شوخلۇق، نوچىلىق جەھەتتە شاكىر مەردانىنىڭ قولىغا سۇمۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى سېلىشتۇرسام، مەردانىنىڭ دادىسىنىڭ ھوقۇقى ئالدىدا شاكىرنىڭ دادىسىنىڭ ھوقۇقىنى ھوقۇق دېمىسىمۇ بولىدۇ. بىلەمسەن ئاداش، مەردانىنىڭ دادىسى مۇئاۋىن نازىر. ئۆزۈڭ لىللا بىرنېمە دەپ باقە ئاداش، مۇشۇنداق بىر يىگىت ئۈچۈن شاكىردىن كەچسەم، سەنمۇ ئەيىبلىمەيسەنغۇ دەيمەن. ساڭا ئالدىن خەۋەر بېرىپ قوياي، يەنە بىر قېتىم يازىدىغان خېتىمدە چوقۇم مەردان بىلەن يۈرگەنلىكىم ھەققىدە خۇش خەۋەر يەتكۈزىمەن. ئاھ، ئۇ بەختلىك كۈنلەرگە ئۇزاق ۋاقىت قالمىدى.

ئەپۇ قىل، ئۆز گېپىم بىلەن بولۇپ كېتىپ، ساڭا خالمۇرات توغرۇلۇق ھېچنېمە يازماپتىمەن.

خالمۇراتنىڭ مەكتىپى بىلەن بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ئارىلىقى ئانچە يېقىنمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ بىلەن ھەپتىدە بىر دېگۈدەك بولمىسىمۇ، ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم كۆرۈشۈپ تۇرىمىز. سالامەت تۇرۇۋاتىدۇ. مەكتەپنىڭ مومىسى پايدا قىلدىمۇ ياكى ئۈرۈمچىنىڭ ھاۋاسى ياقتىمۇ، ئىشقىلىپ، بىرنەچچە ئاي ئىچىدە خېلى سەمرىپ قالدى. كۆرۈشسەكلا سېنىڭ گېپىڭنى قىلىدۇ ۋە سەندىن قاچان خەت كەلگەنلىكىنى، نېمە دەپ يازغانلىقىڭغىچە قانماي سۈرۈلەپ بېرىدۇ. «نازاكەتمۇ ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا كەلگەن بولسا...» دەپ ھەسرەتلىنىدۇ. ھازىر خالمۇراتتىمۇ ئۆزگىرىش خېلىلا چوڭ. دېمىسىمۇ، بۇ شەھەر نېمىنى ئۆزگەرتمەيدۇ دەيسەن. كىشىلەر (بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلار) ئۈرۈمچىدە «باشقا يۇرتتىن كەلگەن مومىغا چوكا سانجىپ، پۇت چىقىرىپ قويسا دەرھال ماڭىدۇ» دېيىشىدۇ. بۇ گەپ بەكمۇ مۇبالىغە قىلىنغاندەك تۇيۇلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە خېلىلا چوڭقۇر مەنىسى بار. چۈنكى، ئۈرۈمچىگە كەلگەن ھەرقانداق ئادەم ئاسانلا ئۆزگىرىدۇ. ئۈرۈمچىگە يېڭى كەلگەن ئوقۇغۇچىلار بىر ئايغا قالمايلا ئوغۇللار شەپكە ـ دوپپىسىنى، قىزلار رومال ـ كۆڭلىكىنى پۈتۈنلەي تاشلايدۇ. سېنىڭ خالمۇراتىڭمۇ ھەم شۇنداق. ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن ھەپتە

كۆرۈشتۈم. تونۇمايلا قاپتىمەن. چېچىنى بۇدۇر قىلدۇرۇۋاپتىكەن، شۇنداق چىرايلىق يارىشىپتۇ. لېكىن، بىچارىنىڭ كۆڭلى دەككە - دۇككىدە ئىكەن. «بىر قىسمىلا بولۇپ قالدىم، چېچىمنى بۇنداق ياساتمىسام بوپتىكەن» دەيدۇ تېخى. «نېمىدىن خىجىل بولىسەن، ھېلىغۇ سەنكەنسەن، قىزلار جېنىدا چاچلىرىنى كەستۈرۈپ بۇدۇر قىلدۇرۇشۇۋالدىغۇ. ساڭىمۇ بىر چىرايلىق يارىشىپتۇغۇ ئەنە. شۇ تۇرقۇڭ بىلەنلا سۈرەتكە چۈشۈپ نازاكەتكە ئەۋەتىپ بەر» دېسەم، «خۇدايىم ساقلىسۇن، مۇشۇ تۇرقۇمنى نازاكەت كۆرسە خوش بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، چوقۇم رەنجىپ قالىدۇ» دېمەسما، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتىم. سەنمۇ قالتىس جۇمۇ ئاداش، ئۆزۈڭ يىراقتا بولغىنىڭ بىلەن خالمۇرات يەنىلا سېنىڭ تىزگىنىڭدە.

نازاكەت، خېتىمنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇراي. ئۆزۈڭنى كۆپ ئاسرا. مۇھەممەتتەك ۋائىزلارنىڭ گېپىگە بەك ئىشىنىپ كەتمە. بۇ جاھاندا ئويناپ - كۈلۈپ، بەخت ئىچىدە ياشايمىز دەيدىكەنمىز، ئىنسابسىز، شەپقەتسىز بولۇشىمىز، ھەرقانداق ئىشتا ئەڭ ئاۋۋال ئۆز مەنپەئەتىمىزنى ئويلىشىمىز كېرەك. مېنىڭچە، ئارتۇقچە ئاق كۆڭۈللۈك ئەخمەقلىق ھېسابلىنىدۇ.

خەير، سېنى سېغىنىپ:

گۈلىستان

«×× يىلى ×× نويابىر»

نازاكەت خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، سوغۇقلا كۈلۈپ قويدى - دە، خەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئابزاسلىرىغا يەنە قايتا بىر نەزەر سالغاندىن كېيىن، خەتنى قاتلاپ كونۋېرتقا سالغاچ، «توۋا، ماۋۇ گۈلىستاننىڭ قىلغان گەپلىرىنى، شۇمۇ گەپ بولدىمۇ ئەمدى. جاھاندا شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئويناپ - كۈلۈپ ياشىغىلى بولامدىكىنە؟ ئۇنداق ياشىغاننىڭ نېمە مەنىسى بار. ئۇنداق ئادەمنىڭ ھايۋاندىن نېمە پەرقى قالىدۇ. خۇددى يىرتقۇچ ھايۋانلاردەك ۋۇجۇددا ئىنساب، شەپقەت بولمىغان ئادەمنىمۇ

ئادەم دېگىلى بولامدۇ. خۇدا نېمىشقىمۇ بەندىلىرىنى ۋەج ـ دۇنيا يىغىدىغان قىلىپ ياراتقان بولغىيدى... ئادەملەر ئاچ كۆز، دۇنيا پەرەس بولمىغان بولسا، شەپقەتسىز قارا نىيەت بولمىغان بولاتتى... كەچۈر گۈلىستان، مەن ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايمەن. ئاق كۆڭۈللۈك، مېھىر ـ شەپقەت، ئىنساب، ياخشىلىق مېنىڭ قەلب خەزىنەمدە ساقلانغان ئېسىل دۇردانىلەردۇر. مەن ئۇنى قەتئىي قەدىرلەيمەن...» دېگەنلەرنى ئاستا پىچىرلىدى ۋە قولىدىكى كونۋېرتقا مەنىستىمەسلىك نەزىرى بىلەن بىرپەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، بىر يانغا تاشلاپ قويۇپ، ئىككىنچى پارچە خەتنى ــ خالمۇراتنىڭ خېتىنى قولىغا ئالدى. شۇ ھامان يۈرىكى ئىختىيارسىز دۈپۈلدەپ كەتتى. خەتنى تۇتۇپ تۇرغان بارماقلىرى ھاياجاندىن تىترىدى، بۇرنىنىڭ ئۇچى ئېچىشىپ، كۆزىگە مۆللىدە ياش كەلدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ، خەتنى باغرىغا بېسىپ بىر مىنۇتتەك تۇردى، ۋۇجۇدىدىكى جىددىيلىك، ھاياجانلىق تۇيغۇلار ئاستا بېسىقتى. ئۇ خەتنى ئالدىراپ ئوقۇشقا باشلىدى:

«سۆيۈملۈك نازاكىتىم:

ياخشى تۇرۇۋاتامسەن، دادىڭ، ئاناڭ ۋە ئىنى ـ سىڭىللىرىڭ تىنچ ـ ئامان، ياخشى تۇردىمۇ؟

مەنمۇ سالامەت تۇرۇۋاتىمەن.

نازاكەت، ئالدىنقى خېتىڭدە ئاناڭنىڭ كېسىلىنىڭ بىر ئاز ياخشىلىنىپ قالغانلىقىنى يېزىپتىكەنسەن. ھازىر قانداق بولدى؟ ياتاقتىن چىقتىمۇ؟ خېتىڭدە گەرچە ئوچۇق يازمىغان بولساڭمۇ، كېلەر يىلى قايتا ئىمتىھانغا قاتنىشىپ ئوقۇشقا بېرىش ئارزۇيۇڭدىن ۋاز كەچكەندەك قىلىسەن. ئاناڭنى داۋالىتىمەن دەپ داداڭنىڭ قەرزگە بوغۇلۇپ قالغىنىنى مەنمۇ بىلىمەن. ئالىي مەكتەپنى تاماملاش ئۈچۈن خېلى نۇرغۇن پۇل كېتىدۇ. ئەمما، كېلەر يىلى ئاتا ـ ئاناڭ بىرەر ئامالىنى قىلالماسمۇ؟ سېنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كېلىشىڭنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىدىغانلىقىمنى بىلەمدىغانسەن نازاكەت، ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى ئۈمىدسىزلەندۈرمىگىن.

قارا نازاكەت، مەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ بىر ئىشقا ھەيران قالدىم. بازار ئىگىلىكى بىزنىڭ يۇرتلاردا ئېغىزدا تەكىتلىنىۋاتقان بىلەن، ئۈرۈمچىدە ھەقىقىي ئۈنۈمىنى كۆرسىتىۋېتىپتۇ. ئۈرۈمچىنى قايناق بىر سودا دېڭىزى دېسەڭ ھەرگىز ئارتۇق كەتمەيدۇ. نېمىشقا دېسەڭ، ئۈرۈمچىلىكلەرنىڭ سودا ئېڭى بەك يۇقىرى ئىكەن. ماڭا بۇ شەھەردىكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممە ئادەم سودىگەردەكلا تۇيغۇ بەردى. ئۇلارنىڭ پۇل، مال - دۇنيا قارىشى بەك ئۈستۈن ئىكەن. بىكار لاغايلاپ يۈرگەن ئادەمدىن بىرسىنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. ھەممىلا ئادەم ئېلىۋاتقان - سېتىۋاتقان، ئالدىراش چېپىپلا يۈرگەن. ئۇلارنىڭ يول مېڭىشلىرىمۇ شۇنداق تېز، شۇنداق جىددىي ئىكەن. بىر گەپنى دەپ بەرسەم ھەيران قالما. ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ بوش ۋاقىتلىرىدا ھەر خىل يوللار بىلەن تىجارەت قىلىپ پۇل تاپىدىكەن. ئۆيى بىرىنچى قەۋەتكە جايلاشقان ئوقۇتقۇچىلار بالكونلىرىنى كىچىك بوتكا - دۇكانلارغا ئايلاندۇرۇۋاپتۇ. يۇقىرى يىللىقلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى دەرستىن سىرت قوشۇمچە تاپاۋەت بىلەن، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن، ئىش تېپىپ ئىشلەيدىكەن، رېستوران، كەچلىك كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا كۈتكۈچىلىك قىلىدىكەن. بۇلارنى باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان بولسام ئىشەنمىگەن بولار ئىدىم. ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، دەسلەپ ھەيران قالدىم. ھازىر ئويلىسام بۇ ئىشنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق ئىكەن. چۈنكى، قاراپ تۇرساڭ پۇل يانچۇقۇڭغا ئۆزلۈكىدىن كىرمەيدۇ. پۇلۇڭ بولمىسا ھېچقانداق ئىش قىلالمايسەن. جەمئىيەتتە ئورنۇڭمۇ، ياشاش ھوقۇقۇڭمۇ بولمايدۇ.

بىزنىڭ ئاتا - ئانىلىرىمىز قانداق ساددا كىشىلەر - ھە. ئۇلار ھۆكۈمەت بەرگەن ئازغىنا ئايلىققا شۈكۈر قىلىپ، بىر ئۆمۈر تەمەسىز، مىننەتسىز باش چۆكۈرۈپ ئىشلىدى. پۇل تېپىشنىڭ، تىجارەت قىلىشنىڭ يوللىرى ھەققىدە ئىزدەنمىدى، يىگىرمە - ئوتتۇز يىل خىزمەت قىلغان بىر دادا خىراجەتكە چىقىشالماي پەرزەنتىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتالمىسا، بۇ پاجىئە ئەمەسمۇ؟ سەن بىلىسەن، بىزنىڭ ئائىلىمۇ ئانچە باياشات ئائىلە ئەمەس، مېنى ئوقۇتىمىز دەپ ئۆيدىكىلەر غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر،

ئانام ئائىلىنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىنى قامداشقا ياردىمى بولۇپ قالار دېگەن مەقسەتتە لەڭپۇڭچىلىق دۇكىنى ئېچىشقا تەرەددۇتلىنىۋېتىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ھەم خىجىل بولدۇم، ھەم خۇش بولدۇم. خىجىللىقىم ئانامنى قېرىغان ۋاقتىدا جاپاغا سېلىپ قويغىنىم، خۇشلۇقۇم ئۇلارنىڭ كاللىسىدا كېچىكىپ بولسىمۇ ئويغانغان بازار ئىگىلىكى ئېڭى.

شۇنداق، قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن پۇل تېپىش كېرەك. پۇللا بولسا ھەرقانداق ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ. بارماق چىشلەپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. پۇل بولغانلىقى ئۈچۈنلا سەن ـ بىزنىڭ يېرىمىمىزچىلىكمۇ ئوقۇمىغان قۇرۇق سۆلەت، ئويۇنچىلارمۇ ئالىي مەكتەپلەردە كېرىلىپ يۈرۈۋاتامدۇ، ئەنە. تەقدىر ئۇلارنى ئۆز بالىسىدەك ئەتىۋارلاپ، ئەجىر ـ بەدەلسىزلا ئارزۇ ـ تىلەكلىرىگە يەتكۈزدى. بىزنى بولسا ئۆگەيلەپ، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ئازاب ـ ھەسرەتلىرىنى تەقدىم قىلدى. مانا بۇ پۇلنىڭ قۇدرىتى بولماي نېمە؟

نازاكەت، بۇ ئىشلارنى ھەر قېتىم ئېسىمگە ئالسام ئويلاپ قالىمەن. خۇدا ھەممىنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرۇپ، نېمىشقا ئادەملەرنىڭ تەقدىرىنى ئادىللىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرمايدىغاندۇ؟ چاڭقىغانغا سۇ بەرمەي، توڭلىغانغا قار ياغدۇرۇپ بېرىدىغاندۇ؟ ئەگەر تەقدىر ئادىل بولسا ئىدى، گۇلىستاننىڭ ئورنىغا سەن، شاكىرنىڭ ئورنىغا مۇھەممەت بارسا توغرا بولاتتى. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئۇلارنىڭ چۈشىگىمۇ كىرىپ باقمىغان بولغىيدى، لېكىن تەقدىر ئۇلارنى يەنە كۈلدۈردى، ئەتىۋارلىدى، ئەركىلەتتى. مانا بۇمۇ پۇلنىڭ قۇدرىتى.

ئەپۇ قىل نازاكەت، بەلكىم سەن مۇشۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ، «خالمۇرات پۇلپەرەس بولۇپ كېتىپتۇ» دەپ ئويلاپ قېلىشىڭ مۇمكىن. لېكىن، سەن جەمئىيەتنى ھەقىقىي كۆزىتىپ، چوڭقۇرلاپ چۈشىنىدىغان بولساڭ، نېمە ئۈچۈن پۇلپەرەس بولۇپ قالغانلىقىمنى ئاندىن چۈشىنىسەن. ئادەم ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى تەقدىرگە باغلاپ، تەقدىردىن ئۈمىد كۈتۈپ ئولتۇرىۋېرىدىكەن، ئۇنداق ئىنساننىڭ ئارزۇ ـ تىلەكلىرى مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئىنساندا ئارزۇ ـ تىلەككە تۇشلۇق ھەرىكەت ـ جاسارەت بولۇشى

كېرەك. ئارزۇ ـ تىلىكى بولۇپ، ھەرىكەت ـ جاسارىتى بولمىغان ئىنساننىڭ خىيالپەرەس ـــ سارائىدىن ھېچقانداق پەرقى بولمايدۇ. بۇ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ چوڭ پاجىئەسى.

نازاكەت، سېنى ياخشى كۆرىمەن، سېنى ئۆمۈر بويى سۆيىمەن، سېنىڭ بەختىڭ، خۇشاللىقىڭ ئۈچۈن ھېچنېمىنى ئايىمايمەن، ياردىمىم كېرەك بولسا ھەرگىز ئىككىلەنمە. شۇ تۇرقىدا قۇدرىتىم يەتسە ئىدى، قېشىڭغا ئۇچۇپلا بارسام، سېنى باغرىمغا بېسىپ قانغۇچە سۆيۈۋالسام دەيمەن...»

خەتنى ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە نازاكەتنىڭ يۈزلىرى خىجىللىقتىن ۋىللىدە قىزاردى، يۈرىكى ئەنسىز دۈپۈلدىدى، لەۋلىرى تاتلىق بىر سېزىمدىن كۆيۈشكەندەك بولدى. ئۇ ئۆي ئىچىگە خۇدۇكسىرەپ بىر قارىۋالغاندىن كېيىن خەتنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى:

«... ھە راست، شاكىر بىلەن گۈلىستان يامانلىشىپ قالدى. گۈلىستاننىڭ نېمە قىلغىنىنى بىلمىدىم. ئۈرۈمچىلىك بىر ئوغۇل ساۋاقدىشى بىلەن دائىم بىللە يۈرىدىكەن. شاكىر بىلەن پەقەتلا كارى يوق. شاكىر ھاراققا بەك ئۆگىنىپ كەتتى، ئۈزمەي تاماكا چېكىدۇ، جەمئىيەتتىنمۇ ئاغىنە تېپىۋالغان ئوخشايدۇ، بىرەر يامان ئىشلارغا ئارىلىشىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. ھازىر ئۈرۈمچىدە زەھەر چېكىدىغانلار بەك كۆپىيىپ كەتتى. ئادەملەر بىر ـ بىرىنى قەستلىسىمۇ چاندۇرماي زەھەر چەكتۈرۈپ قويۇش ئۇسۇلى بىلەن زەھەرگە خۇمار قىلىپ قويۇپ ۋەيران قىلىپ ئۆچىنى ئالارىمىش. ئابدۇسېلىم بىلەن پات ـ پات كۆرۈشۈپ تۇرۇۋاتىمىز. ۋاقتى يەتسىلا مېنى ئىزدەپ كېلىدۇ. ئۇ مۇھەممەتكە خەت يېزىپ ‹تىجارەت قىلىش توغرۇلۇق مەسلىھەت بەردىم› دەيدۇ. راست، مۇھەممەت ياۋاشتەك كۆرۈنگىنى بىلەن جىگىرى بار، تىجارەتتە ئۆزىنى سىناپ باقسا بولاتتى.

نازاكەت، ۋاقتىڭنى ئېلىپ ناھايىتىمۇ كۆپ سۆزلەپ كەتتىمغۇ دەيمەن. ئارتۇقچە ياكى خاتا سۆزلەپ قويغان بولسام ئەپۇ قىلارسەن. مەندىن باشقا دوستلارغا سالام ئېيت.

خەير، لەۋلىرىڭنى قانماي سۆيۈپ، سىنىڭ خالمۇراتىڭ.
×× يىلى ×× نويابىر»

نازاكەت خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن چوڭقۇر ئۇھ تارتتى، قولىدىكى خەتكە تىكىلگەن شەھلا كۆزلىرى مۇڭلۇق مۆلدۈرلەيتتى، ئوي ـ خىياللىرى چىگىچلىشىپ كەتتى.

«مۇھەممەت راستلا تىجارەت قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنمىدۇ؟ خالمۇرات توغرا ئېيتىدۇ، ھازىر دېگەن بازار ئىگىلىكى دەۋرى، ئۆيدە قۇرۇق خىيالنى قىلىپ كۈتۈپ ئولتۇرىۋەرگەن بىلەن بولمايدۇ. مۇۋاپىق بىرەر يول بىلەن پۇل تېپىش كېرەك. مەنمۇ ئىغىرچىلىقىمنى دادامغا سېلىپ ئولتۇرىۋەرسەم بولماس. دادامنىڭ ‹ئىدارىدىكى باشلىقلارغا دېدىم، سىزگە مۇۋاپىق خىزمەت تېپىپ بېرىدىغان بولدى› دېگىنىگىمۇ خېلى ۋاقىتلار بولۇپ قالدى. ھازىر ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ كېلىپ ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت تەقسىم قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان باللاردىنمۇ خېلى بار. ئەھۋال ئاشۇنداق تۇرسا، ماڭا قىلغۇدەك خىزمەت چىقارمۇ؟ ئىشلەپ پۇل تېپىپ، دادامنىڭ زىممىسىدىكى ئىقتىسادىي يۈكنى ئازراق يەڭگىللىتەلىسەم، ھەرقانداق جاپالىق خىزمەت بولسىمۇ قىلىۋېرەتتىم. ئىشقىلىپ، جەمئىيەتكە، ئائىلىگە يۈك بولۇپ قالمىسام بولاتتىغۇ. مۇھەممەت بىلەن كۆرۈشۈپ مەسلىھەت قىلىشىپ باقايمۇيا، توغرا، شۇنداق قىلاي. بىرەر ئامال تېپىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس ...»

— ھوي، قېتىپ ئولتۇرۇپ كېتىپسىزغۇ قىزىم. خەتلىرىڭىزنى ئوقۇپ بولدىڭىزمۇ؟ ساۋاقداشلىرىڭىز تىنچلىقمىكەن؟

چوڭقۇر خىيالغا پاتقان نازاكەت دادىسىنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئېسىگە كەلدى ـ دە، ئۈستەلدىكى خەت ـ كونۋېرتلارنى ئالدىراش يىغىشتۇردى، ھودۇقۇش ئىلكىدە دادىسىنىڭ چىرايىغا ئاستا قارىدى. ياقۇپ ئاكا قىزىنىڭ جاۋابىنىمۇ كۈتمەستىن ھارغىن

گەۋدىسىنى سافاغا تاشلىدى.

— چاي ئىچەمسىز دادا؟ — سورىدى نازاكەت كۆيۈنگەن ھالدا.

— ماقۇل، چاينى قىزىقراق دەملەرسىز.

نازاكەت دادىسىغا بىر پىيالە چاينى قويۇپ بېرىپ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. قىزىنىڭ ئۆزىگە دەيدىغان بىرەر گېپى بارلىقىنى پەملىگەن ياقۇپ ئاكا چايدىن بىر ئوتلىۋېلىپ ئۆزى ئېغىز ئاچتى:

— ماڭا دەيدىغان گېپىڭىز بارمىتى قىزىم؟

— بايا ھامام كەپتىكەن، — دېدى نازاكەت گەپنى يىراقتىنراق باشلاپ.

ياقۇپ ئاكا خەۋىرى بارلىقىنى ئىپادىلەپ بېشىنى لىڭشىتتى.

نازاكەت گەپنى ئايلاندۇرۇپ ئولتۇرماي، مەقسىتىنى ئوچۇقلا ئېيتىش قارارىغا كەلدى:

— ھامام بىرەر ھەپتە تۇرىمەن دەيدۇ. شۇڭا، ئانامنىڭ ھالىدىن ھامام خەۋەر ئالغاچ تۇرسا، مەن يېزىغا چىقىپ كىرەيمىكىن دېگەنىدىم.

ياقۇپ ئاكىنىڭ نازاكەتنىڭ بۇ مەقسىتىدىنمۇ خەۋىرى بار ئىدى. بايا دوختۇرخانىدا ھەسەلخان ئاچا ئۇنىڭغا بۇ گەپلەرنى دېگەن ھەم نازاكەتنى يېزىغا بارغۇزماسلىقنىمۇ تاپىلىغانىدى. دادىسىنىڭ گەپ قىلماي تۇرغىنىنى كۆرۈپ نازاكەت بىر ئاز ئوڭايسىزلاندى.

— ساۋاقداشلىرىڭىزنى يوقلاپ، مۇڭدىشىپ كىرەي دېگەن ئوخشىمامسىز، — دېدى ياقۇپ ئاكا ئۇنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ.

— شۇنداق، — دېدى نازاكەت يەڭگىل تىنىۋېلىپ، نېمە ئۈچۈندۇر ئۇ يېزىغا چىقىش مەقسىتىنى ھازىرچە دادىسىغا ئېيتماي تۇرۇشنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى، — سىز قوشۇلسىڭىز ھازىرلا يولغا چىقسام دەيمەن.

«مەيلىلا، بارسا بىرىپ كەلسۇن. نەچچە ۋاقىتتىن بىرى ئانىسىنىڭ كېسىلىدىن خەۋەر ئالىمەن، ئۆكىلىرىمگە تاماق ئېتىپ بېرىمەن دەپ، ئاز جاپا تارتمىدى بىچارە بالا. ساۋاقداشلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، مۇڭدىشىپ كەلسە كۆڭلى بىر ئاز ئارام تېپىپ قالار. مۇھىت ئالماشتۇرۇپ كىرسە، ئۆيدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئولتۇرغىنىدىن ياخشى ئەمەسمۇ.» ياقۇپ ئاكا يانچۇقىدىن يىگىرمە يۈەن ئېلىپ نازاكەتكە تەڭلىدى.

— مەيلى، شۇنداق قىلىڭ قىزىم. مەڭ، ماۋۇ پۇلغا ساۋاقداشلىرىڭىزغا بىرنەرسە ئالغاچ چىقارسىز.

نازاكەت دادىسىنىڭ ماقۇل بولغىنىنى ئاڭلاپ ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك يەڭگىل تىندى، لېكىن پۇلنى پەقەتلا ئالغىلى ئۇنىمىدى.

— ئېلىڭ قىزىم، — دېدى ياقۇپ ئاكا يەنە زورلاپ، — ھېچبولمىغاندا ساۋاقداشلىرىڭىزنىڭ ئۆكىلىرىغىمۇ بولسا بىرنەرسە ئېلىۋالارسىز. شەھەردىن ئالايىتەن قۇرۇق قول چىقىسىڭىز سەت تۇرىدۇ.

نازاكەت ئاران تەستە ئون يۈەن پۇلنى ئالدى.

— ماۋۇ ئون كويىنىمۇ ئېلىڭ. يولدا كىرا قىلارسىز، — دېدى ياقۇپ ئاكا يەنە.

— ۋېلسىپىت بىلەن چىقىمەن، — دېدى نازاكەت قەتئىيلىك بىلەن.

# يەتتىنچى باب

## ئانارگۈل

سەھرانىڭ ھەقىقىي گۈزەللىكىنى ھېس قىلالىغان ئادەم ئۈچۈن بەئەينى بىر جەننەت. زوقلىنالىغان، بەھرە ئالالىغان ئادەملەر ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەممىلا پەسلى ئوخشاشلا گۈزەل، مېھرىلىك، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى شەھەرگە سېلىشتۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. شەھەردە ئاغزى - بۇرنىنى تۇتۇۋالغاندەك بۇرۇقتۇرما بولۇپ قالغان نازاكەت شەھەر سىرتىغا چىقىشى بىلەنلا كۆڭلى ئېچىلىپ، ئۆزىنى گويا قەپەستىن بوشانغان قۇشتەك ئەركىن - ئازادە سەزدى. گەرچە 11 - ئاي ئاخىرلىشاي دەپ قالغان بولسىمۇ ھاۋا خېلىلا ئىسسىق ئىدى. نازاكەت پەلتوسىنى سېلىپ ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىگە ئەپچىللىك بىلەن تاڭدى - دە، پېدالنى بار كۈچى بىلەن تېپىشكە باشلىدى.

سۈۋادان، جىگدە، سۆگەت قاتارلىق دەل - دەرەخلەر يالىڭاچلانغان بولۇپ، يول بويىغا تۆكۈلگەن سارغايغان ياپراقلارنى ئىزغىرىن كۈز شامىلى يەڭگىل ئۇچۇراتتى. كونىلار كۈز پەسلىنى «ئالتۇن كۈز» دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن: بۇ يالغۇز كۈز پەسلىنىڭ ئەلۋەك، شېرىن، ئالتۇندەك نېمەتلىرىگىلا قارىتىپ ئېيتىلمىغان بولسا كېرەك. چۈنكى، دېھقانلار بىر يىللىق ئەمگەك مېۋىلىرىنى تولۇق يىغىپ بولدى. ئېتىزدا زىرائەتلەرنىڭ دېنى تۈگۈل، شاخ - شۇمبىلىرىمۇ قالمىدى. قاغا جىگدىسىدىن باشقا، ئاق جىگدە، نان جىگدە، يېمىش جىگدە،

قاپاق جىگدە دەمسىز، ئىشقىلىپ، كەچ كۈز پەسلىنىڭ «چالمىلىرى» ھېسابلانغان بۇ مېۋىلەرنىمۇ قېقىپ ئەتىيازنىڭ «ئالمىلىرى» قىلىپ، 2 ـ، 3 ـ ئايلاردا ئىچ پۇشۇقى قىلىش ئۈچۈن ئۆيلىرىگە ئەكىرىپ بولۇشقان. ئەمما، ئالتۇن پەسىل تەبىئەتنىڭ ھۆسنىنى ئالتۇن رەڭگە بىزەپ كېتىپ قالغاندەك، كەڭ دالا ـ قىرلاردىكى قومۇش، قىياق، يانتاق... زېمىن بوياقلىرىمۇ ئالتۇن رەڭدە، زېمىندىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغاندەك غەربتىكى قۇم بارخىنىنىڭ كۆكسىگە ئاستا ـ ئاستا باش قويۇۋاتقان، جامالى قان رەڭگىدە تاۋلانغان قۇياشنىڭ سۇس نۇرلىرىمۇ ئالتۇن رەڭدە بولۇپ، پۈتكۈل دالانى ئالتۇن رەڭ تۇسكە كىرگۈزگەن.

نازاكەت قۇم بارخىنىنى قوينىغا يوشۇرۇنۇشقا تەمشىلىپ تۇرغان قۇياش بىلەن بەسلەشكەندەك، ۋېلىسىپىت پىدالىنى ئىلدام ـ ئىلدام تەپمەكتە. ئۇنىڭ ئالدىدىن يايلاقتىن قايتقان قوي ـ كالا توپلىرى خۇددى بەسلەشكەندەك بىرىسى مەرىسە، بىرسى مۆرەپ ئۆتۈپ تۇرىدۇ. پادىچى باللارنىڭ زىل، جاراڭلىق تۇۋلىغان ناخشا ئاۋازى قوي ـ كالىلارنىڭ ئاۋازىغا تەڭكەش بولۇپ، ئاجايىپ ساددا ۋە يېقىملىق بىر خىل مۇزىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ. قوي ـ كالىلارنىڭ ئايىغىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاچچىق، قويۇق چاڭ ـ توزانلار بىرپەس لەيلەپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاستا ـ ئاستا ھاۋاغا سىڭىپ كېتىدۇ. نازاكەت مال ـ چارۋىلار توپىدىنمۇ، ئۇلارنىڭ يېقىمسىز ئاۋازلىرىدىنمۇ بىزار بولمىدى، ئۈستىبېشى قويۇق چاڭ ـ توزانلارغا كۆمۈلۈپ كەتسىمۇ ئاغرىنمىدى. ئۇ يول بويى خۇددى تەبىئەت بىلەن ئەمدىلا تونۇشۇشقا باشلىغان سەبىي باللارغا ئوخشاش ھېلى تەبىئەت مەنزىرىلىرىگە مەھلىيا بولسا، ھېلى تاتلىق، كۆڭۈللۈك خىياللارغا ئەسىر بولاتتى، گاھى ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا قايسىبىر ناخشىلارنى دىمىقىدا غىڭشىپ قوياتتى. ئۇ گۈگۈم بىلەن تەڭ مۇھەممەتنىڭ ئۆيى تۇرۇشلۇق كەنتكە يېتىپ كەلدى.

گۆگۈم قويۇقىدا تىمتاسلىقتا چۆمگەن كەنتكە كىرىپ نازاكەت ئۆزىنى بىر ئاز ياتسىرىغاندەك، تارتىنىغاندەك ھېس قىلدى، ئاشۇنداق ھېس - تۇيغۇلار تۇپەيلىدىنمۇ مۇھەممەتنىڭ ئۆيىنى دەماللىققا ئىلغا قىلالمىدى. دېمىسىمۇ، بىر قېلىپتا قۇيۇلغاندەك، كۇمىلاچ تاملار بىلەن ياسىلىپ، چۆرىسىگە ھەر خىل مېۋىلىك، مېۋىسىز دەل - دەرەخلەرنى تىكىپ باغ قىلىۋالغان دېھقان ئۆيلىرى بىر - بىرىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. نازاكەت ئۆرۈك پىشىشقىدا ساۋاقداشلىرى بىلەن بىر قېتىم چىقىپ، بىر كۈن ئۆرۈك يەپ، ئويناپ كەتكەن بۇ ھويلىنى ھە دېگەندىلا «مۇشۇ شۇ» دەپ جەزم قىلالمىدى.

«مۇھەممەتنىڭ ئۆيى قايسى بولغىيدى. يازدا چىققاندىغۇ دەرۋازىسىنىڭ تۈۋىدىكى ئېرىقنىڭ بويىدا يوغان بىر تۇپ قارىنى يوق پور سۆگەت تۇرغاندەك قىلاتتى. ھازىر ھەممە ھويلىلارنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا بىر - بىرىدىن پەرقلەنمەيدىغان ھەر يوغان سۆگەتلەر تۇرىدۇ. ئەجەب بىر تەمتىلەپ قالدىما. مۇھەممەتنىڭ مەھەللىسى مۇشۇ ئىكەنلىكىغۇ ئېنىق. سوراي دېسەم بىرەر ئادەم سىرتقىمۇ چىقىپ قويمىدى ياكى بولمىسا خالىغان بىر دەرۋازىنى قېقىپ سورايمىكىن. شۇنداق قىلاي، بۇنداق تۇرىۋەرسەم، بىردەمدىلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىدىغاندەك قىلىدۇ...»

— ھوي، بۇ نازاكەتقۇ، ۋاي خۇدايىمەي، قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى جېنىم ئاداش سىلىنى بۇ تەرەپلەرگە؟

نازاكەت تونۇش ئاۋاز ئىگىسىگە چاققانلىق بىلەن بۇرىلىپ قارىدى - دە، خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىۋەتتى:

— ئانار! ئانار، سەنمىدىڭ جېنىم ئاداش. ياخشى تۇردۇڭمۇ؟ نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن بۇ يەردە. سېنىڭ ئۆيۈڭ بۇ كەنتتە ئەمەس ئىدىغۇ؟

— ئاكامنىڭ ئۆيىگە كەلگەنىدىم، — دېدى ئانارگۈل نازاكەتنىڭ سوئالىغا قىسقىلا جاۋاب بېرىپ، — نېمانچە كەچ بولغاندا چىقىپ قالدىڭ بۇياقلارغا؟ — ئانارگۈل نازاكەتنىڭ

جاۋاب بېرشىنى كۈتمەيلا قولىدىن تۇتۇپ تارتتى، — يۈر، ئۆيگە كىرەيلى. مۇشۇ ئۆي ئاكامنىڭ ئۆيى بولىدۇ، — دېدى ئۇ ئۇدۇلدىكى بىر قورۇنىڭ دەرۋازىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

نازاكەت تۇزۇت قىلمايلا ئانارگۈلنىڭ كەينىدىن ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ ماڭدى. هويلا ئىچى خېلىلا كەڭرى ئىدى. دەرۋازىدىن كىرىشكە ئۇدۇل تەرىپى ئۆي ۋە ئاشخانا، ئوڭ تەرىپى كىچىكرەك باغ، سول تەرىپى ئېغىل ۋە ئەسكى - تۈسكىلەرنى قويىدىغان جاي ئىدى. ئۇلار هويلىغا كىرىشى بىلەنلا ئادەم هىدىنى ئالغان ئېغىلدىكى قوي - ئۆچكىلەر بەس - بەستە مەرەشكە باشلىدى.

— هازىرلا ئوتلاپ كىردى، يەنە ئوت تەمە قىلىدۇ بۇ تويمىغۇرلار. جىندەك تۇرۇپتۇر ئاداش، ئۆگزىگە چىقىپ شاخ تاشلاپ بېرىپ تايىنلىق قولۇمنى بىكار قىلاي.

ئانارگۈل شۇنداق دېدى - دە، ئېغىلنىڭ ئۆگزىسىگە شوتا بىلەن چىقىپ، ئۆگزىدىكى قوناق شاخلىرىدىن بىر قۇچاقنى ئېلىپ ئۆگزىنىڭ ئوچۇق يېرىدىن ئېغىلغا تاشلىدى - دە، يەسكە چۈشۈپ كىيىملىرىگە چاپلىشىۋالغان ئەخلەت - چاۋارلارنى قولى بىلەن قېقىپ چۈشۈرۈۋەتتى ۋە ئۆزىگە ئۆزى غودۇرىغاندەك قىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— بولسا تېخى دەردى، بولمىسا تېخى دەردى. ئازراق ئۇلاغ - ئىلمەك بېقىپ قويمىسا تېخى دېھقانچىلىق قىلغىلى بولمىغان، باقسا بۇ بالاخورلارنىڭ قورسىقىغا بىرنېمە تېپىپ بېرىپ بولغىلى بولمىغان. هازىر هەممە يەرلەرگە كېۋەز تېرىلىپ كەتكەچكە، بۇغداي - قوناق تېرىيدىغانغا يەر ئاز قالدى. ئۆتكەن يىللاردا بىر تاغىرىنى بەش موچەندىن ئالمايدىغان سېسىق سامانلارنىڭ تاغىرى بەش كويغا چىقتى، شۇمۇ يوق. ئۆزىمىزنىڭ ئېتىزىدىن چىققان سامان، شاخ - شۇمبىلار قىش كېلىپ بولغۇچە تۈگەيدۇ، يا كېۋەزنىڭ شادىسىنى قويغا تاشلاپ بەرگىلى بولمىغان. ئۆزىمىز دېھقان تۇرۇپ ئوت - ساماننى پۇلغا ئېلىۋاتىمىز. چارۋا مالنى باقمايلى دېسەك، قولىمىزدا ئون - ئون

بەش مودەك يەر بار. ئاشۇ يەرگە قىغ قويمىساق دېھقانچىلىق قىلغىلى بولمايدۇ. خىمىيەۋى ئوغۇت تۇتىيا بولۇپ كەتتى. ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن ئاداش، يەر بىلەن چارۋا بىز دېھقان خەقنىڭ جېنىمىز. ۋوي، كاسىلداپ تۆرۈۋەرگىنىمنى قارا، — ئانارگۈل نازاكەتنىڭ قولىدىكى ۋېلىسىپىتنىڭ رولىغا ئېسىلدى، — ۋېلىسىپىتنى ماڭا بېرە ئاداش.

ئانارگۈل نازاكەتنىڭ قولىدىن ۋېلىسىپىتنى ئېلىپ باراڭنىڭ ئاستىدىكى سۇپىغا دەس كۆتۈرۈپ ئالدى-دە، دەرھال ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ئېلېكتىر چىراغىنى ياقتى.

— قېنى، ئۆيگە كىرە.

نازاكەت بوسۇغىدىن ئاتلاپلا تولىمۇ يوغان سېلىنغان ئۆيگە قاراپ ھەيران قالدى. ئۆينىڭ تام-تورۇسلىرى ئىسلىشىپ قارىداپ كەتكەندى. نازاكەت ئۆينىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئىگىلىگەن سۇپىنىڭ تۆر تەرىپىدىكى كىگىزنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇردى-دە، قائىدە بويىچە پەتە ئوقۇپ «ئاللاھۇئەكبەر» دەپ ئىككى ئالقىنى بىلەن يۈزىنى سىيپىغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ ئانارگۈلدىن قايتا تىنچلىق-ئامانلىق سورىدى. ئانارگۈلمۇ نازاكەتتىن خۇددى يىراق يەردىن كەلگەن تۇغقىنىدىن ھاردۇق سورىغاندەك قايتا-قايتا ھاردۇق سورىدى، ئاتا-ئانىسىنىڭ، ئىنى-سىڭىللىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى، ئاندىن يان ئۆيگە داستىخان راسلاش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. بۇ ئۆيدە يالغۇز قالغان نازاكەت ئۆيئىچىگە قايتا نەزەر تاشلىدى. ئۆينىڭ تېمىغا گۈللۈك رەختە چۆرگۈلىتىپ ئىككى قات زەدىۋال تارتىلغان بولۇپ، ھېچقانداق ھەشەمىسىزلا ياغاچ ۋە بورا بىلەن يېپىلغان تورۇسنىڭ ئۇ يەر-بۇ يېرىدە قومۇش ساڭگىلاپ قالغان. بىرنەچچە يېرىگە تور باغلاپ كەتكەندى. يېرىمىغا كىگىز سېلىپ، يېرىمىنى شۇ پېتىچە تاشلاپ قويغان سۇپىنىڭ توپىلىرى كىگىزنىڭ گىرۋەكلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەندى. سۇپىغا لىق كەلگۈدەك ياساتقان،

لېكىن سىرلاتمىغان كاتىنىڭ ئۈستىگە بىرنەچچە يوتقان ـ كۆرپىلەر يىغىلغان. قوش قاناتلىق ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دېرىزىلەرنىڭ بىرسىنىڭ تۈۋىگە توختىتىپ قويۇلغان كىيىم تىكىش ماشىنىسى ئۈستىگە گۈللىرى كەشتىلەپ بولۇنمىغان ياستۇق قېپى ئارتىپ قويۇلغانىدى. ئۆيئىچىنى لامپۇچكا غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. نازاكەت ئاستا ئورنىدىن قوزغىلىپ كىيىم تىكىش ماشىنىسى ئۈستىدىكى ياستۇق قېپىنى قولىغا ئېلىپ گۈل كەشتىلىرىنى كۆرۈشكە باشلىدى. «ئەجەب چىرايلىق كەشتىلەپتۇ... ئانارنىڭ قول ھۈنىرىمۇ ياكى...»

— بۇ نەرسىگە قىزىقىپ قېلىۋاتامسەن قانداق؟ — دېدى داستىخان كۆتۈرۈپ كىرگەن ئانارگۈل نازاكەتنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ.

— چىرايلىق كەشتىلىنىپتۇ، — دېدى نازاكەت قايىل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ۋە قايتىپ كېلىپ كۆرپىدىن ئورۇن ئالدى.

ئانارگۈل قولىدىكى داستىخاننى نازاكەتنىڭ ئالدىغا سالدى ـ دە، پىيالىگە چاي قۇيدى ۋە يان ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كېتىپ، بىر پەتنۇستا گۆلە، قاق، جىگدە، ئامۇت... قاتارلىق يەل ـ يېمىش، يەنە بىر پەتنۇستا نان ئاچىقتى. ئۇ نازاكەتنى چايغا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ، ئىچكىرى ئۆيگە چىقىپ كېتىپ بىر قوغۇننى كۆتۈرۈپ كىرىپ پىچقاچ سۆز باشلىدى:

— ئېتىز ئىشلىرىدىن قولۇمنى بوشاتقان ۋاقىتلىرىمدا ئاشۇنداق ياستۇق قېپى، ئىچ كۆڭلەك، مىلەڭزە، پەردە قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىشلىدىم. دەسلەپ قوشنىلارغا بىكارغا تىكىپ بەردىم. كېيىن يىراق ـ يېقىندىن ئىش بۇيرۇتىدىغان بولدى. قىلغان ئىشىمغا سىمكار دەپمۇ تۇرۇۋالمايمەن، بەرگىنىنى ئالىمەن، ئاز بولۇپ قالدى دەپ رەنجىمەيمەن، بىرسى ئازراق بەرسە، يەنە بىرسى جىقراق بېرىدۇ. قولۇمدىكىسىمۇ خەقنىڭ

بۇيرۇتمىسى. شەھەرلىكلەرگە ئوخشاش چىرايلىق ئىشلىنىيەلمەيمەن. لېكىن، سەھرادىكى بۇ توپا تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئۆيلەرگە مۇشۇمۇ چىرايلىق يارىشىدۇ. قولۇڭنى تارتىۋالماي ئالە ئاداش، سەھرا دېگەندە تۇزۇكرەك بىرنەرسە بولمايدىكەن، ئاران بىر چىققان ۋاقتىڭدا خەۋەرسىز بولۇپ قاپتىمەن.

— ياق، ئۇنداق دېمە ئاداش، قوغۇن يېمىگىلى خېلى ۋاقىتلار بولۇپ قاپتىكەن، يازنىڭياقى مۇشۇنچىلىك تاتلىق قوغۇن يېمەپتىكەنمەن. جىقلا يەۋالدىم.

— ماقۇل ئەمىسە، مۇنۇ نەرسىلەرگە باققاچ ئولتۇرغىن، مەن بىرنەرسە قىلاي. كۆڭلۈڭ قانداق تاماققا تارتىدۇ؟

— ئاۋارە بولما، — دېدى نازاكەت ئانارگۈلنى توسۇپ، — قوغۇن، يەل - يېمىشلەر بىلەن قورسىقىم ئوبدانلا تويۇپ قالدى، تاماق ئېتىمەن دېمە.

— شۇنداق بولسىمۇ تۆت تال گۆلە - قاق بىلەن ياتقىلى بولمايدۇ - دە، كېچە ئۇزاق، ئاران بىر چىققىنىڭدا ئاچ قالمىغىن يەنە.

— ئۆزۈڭنىڭ قورسىقىڭ قانداق ئىدى؟ — سورىدى نازكەت بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك، — بايا «بۇ ئاكامنىڭ ئۆيى» دېگەندەك قىلىۋىدىڭ. ئاكاڭ بىلەن يەڭگەڭگە تاماق ئېتىپ قويىمەن دېسەڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارىڭ. ئىشقىلىپ، مېنىڭ ھېچنېمە يېگۈم يوق ياكى بولمىسا مۇنداق قىلايلى، — نازاكەت دەرھال سومكىسىنى ئېچىپ، ئىچىدىن سولياۋ خالتىغا قاچىلانغان گۆشگىردىنى داستىخانغا ئېلىشقا باشلىدى، — بۇ گۆشگىردىلەرنى شەھەردىن ئالغاچ چىققانىدىم. گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ. ئاكاڭ بىلەن يەڭگەڭ كەلسە مۇشۇ گۆشگىردىنى يەپ ياتار.

— بۇنچە ئاۋارە بولمىساڭمۇ بولاتتى. رەھمەت ئەمىسە، — ئانارگۈل داستىخاندىكى گۆشگىردىنى رەھمەت - تەزىم بىلەن ئالغاندىن كېيىن، يان ئۆيدىن بىر ئۈنئالغۇنى كۆتۈرۈپ چىقتى، —

ناخشا تىڭشىغاچ مۈڭدىشايلى.

ئانارگۈل ئۈنئالغۇنىڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىشى بىلەن، بىر ئەرنىڭ دۇتار بىلەن ئورۇنلىغان شوخ ناخشىسى ئاڭلاندى.

— دۇتارغا ئەجەبمۇ ئۇستىكەنە؟ كىمنىڭ ناخشىسى بۇ؟ — دېدى نازاكەت زوقلىنىپ، — ئاكاڭ ناخشىچىمۇ يا؟

— ياق، بۇ ئاكام ئەمەس، — دېدى ئانارگۈل جىددىي هالدا تۈزىتىش بېرىپ ۋە شۇ هامان ۋىلىققىدە كۈلۈۋەتتى، — ئەجەبمۇ بىر قىزىق ئىش بولدى - دە!

ئانارگۈل شۇنداق دېدى - دە، تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈشكە باشلىدى، ئۇنىڭ بۇ تۇيۇقسىز كۈلكىسىدىن نازاكەت ھېچنېمىنى چۈشەنمەي ئەجەبلەندى، «بۇنچىۋالا كۈلۈپ كەتكۇدەك نېمە ئىش بولغاندۇ» دەپ گاڭگىرىدى.

— نېمە بولدى ساڭا، ئەجەب كۈلۈپ كەتتىڭغۇ؟

— توۋا، ئەجەب بىر ئىش بولدى، — ئانارگۈل شۇنداق دېدى - دە، يەنە كۈلۈشكە باشلىدى، كۈلكىدىن ئۆزىنى ئاران - ئاران توختىتىپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى، — سەندىن باشتىلا يوشۇرماسلىقىم كېرەك ئىدى نازاكەت. سەن بۇ ئۆينى هازىرغىچە ئانارنىڭ ئاكىسىنىڭ ئۆيى دەپ چۈشەندىڭ، شۇنداقمۇ؟ سەن بىلەن تۇيۇقسىز كۆرۈشۈپلا يالغان سۆزلىگۈم كەلدى. ئەسلىدە چاقچاق قىلىپ شۇنداق دەپ قويغانىدىم. تېخى سېنى «مۇھەممەتتىن ئاللىبۇرۇن ئاڭلاپ بولدى، خەۋەر تاپتى» دەپ ئويلاپتىمەن...

— نېمىنى دەيسەن؟ ئەجەبمۇ ئادەم چۈشەنمەيدىغان بىر گەپلەرنى قىلىپ كەتتىڭغۇ؟ — دېدى نازاكەت ئانارگۈلنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— ئالدىرىما، هازىر ئېيتىپ بېرىمەن، — دېدى ئانارگۈل كۈلكىسىنى توختىتىپ، — بىلىپ قوي نازاكەت، بۇ ئاكامنىڭ ئۆيى ئەمەس، مېنىڭ ئۆيۈم. مەن توي قىلدىم. ئۈچ ئاي بولاي دەپ قالدى...

— نېمە دېدىڭ؟ توي قىلدىم دەمسەن؟ — دېدى نازاكەت قۇلىقىغا ئىشەنمىگەن ھالدا ھەيرانلىق بىلەن ئانارگۈلنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قاراپ، — نېمانچە تېز. ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇغۇ، چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسەن ئانار. ئەجەب...

— ئىشەنگىن، چاقچاق قىلمىدىم، — دېدى ئانارگۈل ئەمدى كۈلكىسىنى رەسمىي توختىتىپ، — سەن ھازىر ھەرقاچان «توي قىلغان بولساڭ، ئۆيدە ئېرىڭ كۆرۈنمەيدۇغۇ» دەپ سوراپ قېلىشىڭ مۇمكىن، ھەپتە بولدى، ھاشارغا كەتتى.

— ھاشارغا كەتتى؟

— ھەئە، ناھىيە بويىچە ئېلىپ بېرىلغان قىشلىق ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا كەتكەن، يولىغا قاراپ ئولتۇرىمەن، بۈگۈن كېلەرمىكىن دېسەم كەلمىدى، بەلكىم ئەتە كېلىپ قالار.

— سەن قانداق بولۇپ بۇنچە تېز توي قىلىپ قالدىڭ، مەكتەپتىكى ۋاقتىڭدا بىللە يۈرگەن...

— قويە بۇ گەپلەرنى، — دېدى ئانارگۈل قولىنى سىلكىپ، — مەكتەپتىكى ۋاقىتتا كەينىمگىمۇ بىرنەچچە ئوغۇل بالا كىرىۋالغان، ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن. سىنىپتا ئوچۇق - ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن مۇھەببەتلىشىپ يۈرۈۋاتقانلارمۇ خېلى بار ئىدى. دەسلەپتە ھەۋەس قىلدىم. «باشقىلار قىلغان ئىشنى مەن قىلسام نېمىشقا بولمايدىكەن» دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن كەينىمگە كىرىۋالغان ئوغۇللارنىڭ بىرسىگە ماقۇلمۇ بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلەشكەن بولدۇم. ئىككى كۈندە بىرەر قېتىم كەچتە خالىي يەرلەرگە بېرىپ قۇچاقلاشتۇق، سۆيۈشتۇق. ئۇنىڭدىن ئارتۇق تەلەپكە ھەرگىز ماقۇل بولمىدىم. بىر كۈنى ئۆيگە چىقسام ئانام خۇددى مېنىڭ ھەممە ئىشلىرىمنى بىلىپ قالغاندەكلا «قىز بالا دېگەن ئۆزىگە مەھكەم بولغىنى ياخشى. ئوغۇل بالا بىلەن بەك يېقىن ئارىلاشماڭ قىزىم. توي قىلماي تۇرۇپ قىز بالىنىڭ كۆكسى، ساغرىسى يوغىناپ قالسا، ئېپى -

مەلىنىڭ ئاھانىتىگە قالدۇ. ھەممىدىن يامان يېرى، يامان ئاتلىق بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدۇ» دېمەسما، نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم، ئەتىسى مەكتەپكە كېلىپلا ھېلىقى بالا بىلەن ئايرىلىپ كەتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن بىرسى بىلەن مۇھەببەتلىشىپ باقمىدىم.

— ئەمىسە...

— قانداق بولۇپ بۇنچە تېز توي قىلىپ قالدىڭ دېمەكچىمۇ سەن، — دېدى ئانارگۈل نازاكەتنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ، — ئۆزۈممۇ تويۇم ھەرقانچە تېز بولسا كېلەر يىلى ئورىمىدا بولار دەپ ئويلىغانىدىم. نىكاھ غايىب دېگەن شۇ ئوخشايدۇ.

— گېپىڭدىن قارىغاندا، تۇزۇك تونۇشمايلا توي قىلغان ئوخشىمامسەن.

— شۇنداق بولدى، — دېدى ئانارگۈل پەرۋاسىزلا، — مەن ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ مېنى بىر - ئىككى قېتىم كۆرۈپ قاپتۇ، تېگى - تەكتىمنى سۈرۈشتۈرگەندىن كېيىن، دادام - ئانىملار بىلەن سۆزلىشىپتۇ. دۇتار - ناخشىغا خېلى ئۇستا بولغاچقىمۇ يېزىدا خېلىلا نامى بار ئىكەن. دادام «ئاغزى بىر ئېغىز كەلىمىگە كەلمەيدىغان، داۋاملىق ئېشەك ھاڭرىغاندەك ناخشا توۋلاپ يۈرىدىغان ئۇنداق ئادەمنى كۈيۇ ئوغۇل قىلمايمەن» دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى، ئاناممۇ دادامنىڭ گېپىنى ياقىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ توي قىلىش تەلىپىنى رەت قىلىۋەتتى. لېكىن، ئۇ ئۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلمىدى. بىر كۈنى سەھەردە مەسچىتكە بامدات نامىزىغا ماڭغان دادام ئۇنى بوسۇغىمىزغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالغان ھالەتتە كۆرۈپ، چىرايلىقچە نەسىھەت قىلىپ يولغا ساپتۇ. بۇ ئىش ئاخىر ئەل - جامائەتنىڭ ئاغزىغا چىققىلى تۇردى. ئۇ خەقلەرگە «ئانارگۈل بىلەن پۈتۈشۈپ قويدۇم، دادىسى ماقۇل دېمىسە ئەپقاچىمەن» دەپ يۈرۈپتۇ. بۇ گەپ قانداق بولۇپ دادامنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالغان، بىر كۈنى ئانامنىمۇ، مېنىمۇ بولدى دېگۈچە تىللاپ

هارغاندىن كېيىن، ئۇنى چاقىرتىپ ئەكېلىپ، تېزدىن توي تەييارلىقى قىلىشقا بۇيرۇدى. ئەمەلىيەتتە، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىممۇ سۆزلىشىپ باقمىغانىدىم. بۇ گەپنى دادامغا دېسەم، دادام گېپىمگە پەقەتلا ئىشەنمىدى. شۇنىڭ بىلەن هايت ـ هۇيت دېگۈچىلا تويۇمنى قىلىپ قاراپ ئولتۇردى.

— ئەجەب بىر ئىش بوپتۇ ـ هە! — دېدى نازاكەت بىر ئاز هەيران بولغان هالدا، — گېپىڭدىن قارىغاندا، سەن بۇ تويغا قوشۇلۇپمۇ كەتمەيدىكەنسەن. نېمىشقا دادىڭغا ئوچۇقىنى ئېيتىپ قارشىلىق بىلدۈرمىدىڭ. توي ئىشى دېگەن ئۆمۈر سودىسى تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن ئەمدىلا ئوقۇش پۈتكۈزگەن تۇرساڭ.

— جېنىم ئاداش، سەن بۇ ئىشقا بۇنچىۋالا هەيران بولما، — دېدى ئانارگۈل نازاكەتكە چۈشەندۈرۈپ، — بۇ دېگەن شەهەر ئەمەس، يېزا. بۇ يەردە قىز ـ يىگىتلەر مۇهەببەت باغلىشىپ توي قىلىمىز دەپ يۈرسە، ئۆزلىرىگە تۈگىمەس ئاۋارىچىلىك ۋە هاقارەت تېپىۋالىدۇ، قىز بالا سۆز ـ چۆچەككە قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردىكى يېشى ئون ئۈچتىن ئاشقان قىزلارنىڭ هەممىسىنىڭ بېشى باغلاقلىق، بىزنىڭ مەهەللىدە مەندىن ئىككى ـ ئۈچ ياش كىچىك قىزلارنىڭمۇ ئالدىنىڭ بىرەردىن بالىسى بار. ئېتتىكرەك توي قىلىۋالمىساڭ، خەقلەر «ئەر چىقمىدى، ئولتۇرۇپ قالدى» دەپ گەپ تاپىدۇ. مېنىڭ كەينىمدىنمۇ هېلىقىدەك گەپ چىققاندىن كېيىن، دادامنىڭ دەرهال تويۇمنى قىلىشقا ئالدىرىغىنى شۇ. گەپ ئاۋۇپ كەتسە ئاتا ـ ئانامنىڭ يۈزىگە سەت بولىدۇ ئەمەسمۇ. شۇڭا، مەنمۇ ئارتۇقچە كەينىمگە تارتىپ تۇرۇۋالمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئىككى يىل ئاۋۋال تۈگەپ كېتىپتىكەن. توي قىلغاندىن بۇيان قېيىنئانا دەردى تارتماي ئۆتۈۋاتىمەن. بۇ ئۆيلەر ئۇنىڭغا ئاتا ـ ئانىسىدىن مىراس قالغان ئۆيلەر.

— هازىر قانداق ئۆتۈۋاتىسىلەر؟

— يامان ئەمەس، — دېدى ئانارگۈل، — ئېتىمىز ـ ئېرىقىمىزنىڭ

ئىشلىرىنى بىللە قىلىمىز. ئېغىر ئىشلارنى مېنى قىلغىلى قويمايدۇ. قولى بوشىغان ۋاقىتلاردا دۇتار چېلىپ بېرىدۇ. ئەل ـ ئاغىنىلىرى بىلەن ئانچە ـ مۇنچە هاراق ئىچىپ، قىمار ئويناپ قالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئارتۇقچە ئەسكى خۇيى يوق، ئۆرۈپ ـ دۇمبالايدىغان ئىشنى قىلمىدى.

نازاكەت ئانارگۇلنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشىغان پېتى ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ئانارگۇلنى بىر ئىشنى توغرا قىلمىغاندەك، ئانارگۇلگە ئۇۋال بولغاندەك تۇيغۇغا كەلدى. لېكىن، ئانارگۇلنىڭ قايسى ئىشنى خاتا قىلغانلىقىغا، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۇۋال بولغانلىقىغا ئۆزى قانائەتلەنگۇدەك جاۋاب تاپالمىدى، كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى تولىمۇ ناخۇش، تۇمانلىق ئىدى.

ـــ مۇھەممەتنىڭ ئۆيى مۇشۇ ئەتراپتىمۇ؟ ـــ سورىدى نازاكەت بىر ئازدىن كېيىن جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

ـــ ھەئە، مۇشۇ ھويلىدىن ساناپ يۇقىرىغا ماڭسا ئالتىنچى ھويلا شۇ. مۇھەممەتمۇ ھاشارغا كەتكەن. ئۇمۇ بۈگۈن كەلمىسە، ئەتە كېلىپ بولىدۇ. بىلەمسەن نازاكەت، مۇھەممەتمۇ كەينىگە تارتىپ چىڭ تۇرۇۋالمىغان بولسا، ھېلىغىچە ئۇمۇ توي قىلىپ بولغان بولاتتى.

ـــ شۇنداقمۇ تېخى، ـــ دېدى نازاكەت قىزىقىپ، ـــ ئۇ نېمىشقا كەينىگە تارتىپ تۇرۇۋالدىكىنە.

ـــ بۇ تەرىپىنى مەنمۇ بىلمىدىم، دادىسىمۇ ئۆيلەپ قوياي دېسەم ئۇنىمىدى دەپ قاقشاپ يۈرگۇدەك. يا ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە پۈككىنى بارمىكىنتاڭ، كۈنبويى قولىدىن كىتاب چۈشمىگىنى چۈشمىگەن ئۇنىڭ. بىزنىڭ ئابلىز بىلەن كۆڭلى يېقىن. پات ـ پات سېنىڭ ھەم ئوقۇشقا كەتكەن ساۋاقداشلارنىڭ گېپىنى قىلىشىپ قالىمىز. ئوقۇشقا كەتكەن ساۋاقداشلار بىلەن خەت يېزىشىپ تۇرۇۋاتامسەن. سېنى «خالمۇرات بىلەن يۈرۈپتۇ» دەپ ئاڭلىغانىدۇق، راستمۇ؟

— ساۋاقداشلار بىلەن خەت يېزىشىۋاتىمەن، — دېدى نازاكەت ئانارگۈلنىڭ كېيىنكى سوئالىغا جاۋاب بېرىشنى خالىماي، — ھەممىسى ياخشى تۇرۇپتۇ. سەن خەت يېزىشمىدىڭمۇ؟

— خەت يېزىشقۇم بار ئىدى. ساۋاقداشلاردىن خەت كەلسە ئابلىزنىڭ ئاچچىقى كېلىدۇ. ئوغۇل ساۋاقداشلىرى بىلەن خەت يېزىشىۋاتامدىكىن دەپ كۈنلەپ قالىدىكەن، شۇڭا خەت يازمىدىم. ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ، ئورۇن سالاي، ياتقاچ مۇڭدىشامدۇق.

— مەيلى، شۇنداق قىلايلى.

ئانارگۈل ئۇلۇغ تەرەپتىكى قازناق ئۆيگە ئىككى كىشىلىك ئورۇن سالدى. مەشكە ئوت ياقاي دېگەندى، نازاكەت «ئۆينىڭ ئىچى بەك ئىسسىپ كەتسە ئۇخلىيالماي قالىمەن» دەپ ئوت ياقتۇرمىدى. ئىككى ساۋاقداش ئۇن - تىنسىز چەكسىز خىياللار قوينىغا پاتقىنىچە ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى.



# سەككىزىنچى باب

# كۆرۈنگەن تاغ...

## 1

گۈلىستان بىلەن خالمۇراتنىڭ هايات، جەمئىيەت ۋە كىشىلىك تۇرمۇش يولىغا تۇتقان ئوخشىمايدىغان پوزىتسىيەلىرى، كۆزقاراشلىرى، چىقارغان خۇلاسە ـ يەكۈنلىرى، ئانارگۈل بىلەن مۇھەممەتنىڭ ئالدىغا زورلۇق بىلەن دۈچ كەلگەن ئۆمۈر سودىسى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ئىشقا تۇتقان ئوخشىمايدىغان پوزىتسىيەلىرى بىرلىشىپ، نازاكەتنىڭ كاللىسىدا يەشكىلى بولماس چىگىچ تۈگۈن ۋە چېكى يوق خىياللار دۇنياسىنى پەيدا قىلىپ، تاكى تۈن تەڭ بولغۇچە كۆزىگە ئۇيقۇ يولاتمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ، دوستلىرىنىڭ ئىستىقبالى هەققىدە، كەلگۈسى هەققىدە ئويلىدى، ئاۋۋال ئاخشامدىن تاكى تۈن تەڭ بولغۇچە ئويلىدى، نەچچە ئون قېتىم ئوڭ يېنىغا، نەچچە ئون قېتىم سول يېنىغا ئۆرۈلدى، بۇ تۈگىمەس چىگىچ خىياللاردىن قۇتۇلۇپ تېزرەك ئۇخلاش ئۈچۈن كۆزلىرىنى يۇمۇپ باقتى، لېكىن كىرپىكلىرىگە ئۇيقۇ قونىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۇيقۇسى پۈتۈنلەي قاچقانىدى.

نازاكەت گۈلىستان بىلەن خالمۇراتنىڭ خېتىنى كاللىسىدىن بىر قۇر ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ قىلغان سەمىمىي نەسىھەتلىرىنى يەنىلا توغرا تاپمىدى. ئۇنىڭ خىيالى مۇھەممەت بىلەن ئانارگۈلگە يۆتكەلگەندە، ئىختىيارسىز يوتقاندىن سۇغۇرۇلۇپ

چىقىپ، تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى. ئۇ مۇھەممەتكە ئىچ ئاغرىتتى، تولىمۇ قىممەتلىك بىر بۇيۇم ئېتىبارسىز تاشلىنىپ قالغاندەك بىر تۇيغۇغا كېلىپ، كۆڭلى ئاچچىق ھېسلارغا تولدى. نىكاھ ئىشىدا ئىرادىسىزلىك قىلماي، ئارزۇسى بويىچە ئىش قىلىشنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ تەلىپىنى، ئارزۇسىنى دەپلا، تېزلا نىكاھ بويۇنتۇرۇقىغا چۈشۈپ قالماسلىقىنى ئويلىدى ۋە مۇھەممەت بىلەن كۆرۈشۈپ، مۇشۇ ئىش توغرىسىدا ياخشىراق سۆزلىشىپ، مۇھەممەتنى رىغبەتلەندۈرۈشنى، مەدەت بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. «توي قىلىش ھازىرچە ئالدىرايدىغان ئىش ئەمەس. نىكاھ ۋە ئائىلە ئادەمنىڭ گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىنى بوغۇپ ئۆلتۈرىدىغان خەتەرلىك قاپقان. ئۇنىڭغا ئالدىراپ دەسسەپ سېلىشتىن ئېھتىيات قىلىش لازىم...» نازاكەت ئەنە شۇلارنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزگەچ، يېنىدا بەخىرامان يەڭگىل خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان ئانارگۈلگە قاراپ ۋۇجۇدىنى ئېچىنىش تۇيغۇلىرى قاپلىدى. ئاي نۇرى دېرىزىدىن يانتۇ چۈشۈپ، ئۆيئىچىنى گىرىمسەن يورۇتۇپ تۇراتتى. نازاكەت ئاي يورۇقىدا دوستىنىڭ ئالمىدەك مەڭزىگە، بىرئاز يوغانراق، لېكىن قان سۈركەپ قويغاندەك قىزىل لېۋىگە، ئىنچىكە، ئەمما سارغۇچراق كەلگەن قېشىغا ۋە چۈۋۇلۇپ ياستۇققا بىر كەلگەن ئۆرۈمە چېچىغا قاراپ ئۇزاققىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى. «نېمانچە بىغەم بولۇپ قالغانسەن ئانار. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تۇرمۇشقا، ھاياتقا ئارتۇقچە تەلىپىڭ يوق سېنىڭ. بىپەرۋالىقىڭدىنمۇ، خاپىچىلىقلىرىڭدىن خۇشاللىقىڭ كۆپ. سېنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بولۇۋالغانلىقىڭنى بىلمەيمەن. بەلكىم بۇمۇ سېنىڭ پېشانەڭگە پۈتۈلگەن قىسمەتتۇ. شۇ تۇرقىدا سېنى ئەيىبلەشنىمۇ، ئەيىبلىمەسلىكنىمۇ بىلمەيۋاتىمەن. بەلكىم سېنىڭ توغرىدۇر. بەلكىم كېيىنچە مۇشۇ قىلغانلىرىڭ ئۈچۈن بىر ئۆمۈر پۇشايمانغا قالارسەن، لېكىن مەن سەندەك شۈكۈر - قانائەتچان ئەمەس، مېنىڭ ھاياتقا بولغان ئارزۇ - تەلەپلىرىم بەك

كۆپ. مەن شۇنىڭ ئۈچۈن تىنىم تاپمايمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن غەمسىز، خاتىرجەم، خۇشال - خۇرام يۈرەلمەيمەن. خۇدايىم ھەممىمىزنىڭ بەختىمىزنى بېرەر دوستۇم...» نازاكەت باش - ئاخىرى يوق خىياللار قايىنىمىغا كىرىپ قالغانىدى. ئۇ دوستلىرى توغرۇلۇقمۇ، ئۆزى توغرۇلۇقمۇ ئويلىدى، ئۆزىنىڭ ھايات مۇساپىسىدىكى تېخى نىشانسىز، دېڭىز ئۈستىدە يەككە - يېگانە تۇرۇپ قالغان قولۋاقتەك تەقدىرى توغرۇلۇق باش قاتۇردى. ئۇنىڭغا گۈلىستان تولىمۇ رەھىمسىز، خالمۇرات تولىمۇ غايىۋى ۋە غۇۋا، مۇھەممەت تولىمۇ جاپاكەش ۋە رەتلىك، ئانارگۈل بولسا غەمسىز ۋە بىپەرۋا بولۇپ كۆرۈندى.

قىش پەسلىنىڭ كۈندۈزى قىسقا، كېچىسى ئۇزاق بولىدۇ. مانا مۇشۇ ئۇزاق كېچىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەك قىسمىنى ئەنە ئاشۇنداق بىر تالاي گادىرماچ خىياللار بىلەن بەند بولۇپ ئۆتكۈزۈپ، تۈنىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا كىرپىكىنى ئاران تەستە ئىلىنىشتۇرغان نازاكەت تاڭغا يېقىن لايدەك ئۇخلاپ قالغانىدى. بىراق، بامدات ۋاقتى بىلەن بەس - بەستە چىللاشقان خورازلارنىڭ ئاۋازى، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى، ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى، مەزىننىڭ تۈۋلىغان مۇڭلۇق ئەزان ساداسى قوشۇلۇپ نازاكەتنىڭ شېرىن ئۇيقۇسىنى بۇزدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپلا ئانارگۈلنىڭ بېشىغا ئاق لېچەكنى چوڭقۇر سالغىنىچە جايناماز ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى - دە، مەشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويغان چەينەكتىكى قىزىق سۇنى ئىمۇرىققا تەڭشەپ، تەرەت ئېلىپ كىرىپ، ئانارگۈلنىڭ يېنىغا — جاينامازنىڭ بىر بۇرجىكىگە سىغدالدى ۋە بامدات نامىزىنى بارلىق ئىخلاسى بىلەن ئۆتەشكە باشلىدى. گەرچە ئۇ ئانارگۈلگە ئوخشاش جايناماز ئۈستىدە ئۇزاقتىن - ئۇزاق تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرمىغان بولسىمۇ، لېكىن تۆت رەكەت بامدات نامىزىنى ئىخلاسى بىلەن ئادا قىلغاندىن كېيىن، خۇدادىن ئۆزىگە ئىمان، ئىنساب، بىلىپ -

بىلمەي قىلغان گۇناھلىرىغا مەغپىرەت، ئەل - يۇرتقا ئامانلىق، ئاتا - ئانىسىغا ئۇزۇن ئۆمۈر، ئىنى - سىڭىللىرىغا بەخت - سائادەت، مۇشكۇل ئىشلىرىغا ئاسانلىق تىلەپ دۇئا قىلدى. ئۇ دۇئاغا قول كۆتۈرگەندە كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

ئەتىگەنلىك ناشتىغا ئۇلار قول - قولچە ھالۋا ۋە ھورنان تەييارلاشتى.

— مۇھەممەت ھاشاردىن بۈگۈن كېلەرمۇ؟ — دېدى نازاكەت ناشتا قىلغاچ.

— بىلمىدىم، ھاشارغا كەتكەنلەر تۈنۈگۈن قايتىپ كەلگىلى تۇرغان. مەنمۇ ئابلىزنى ئاخشام كېلىپ قالار دەپ يولىغا قارىسام كەلمىدى. بەلكىم بۈگۈن كېلىپ قالار. كىم بىلىدۇ تېخى مۇھەممەت ئاخشام كېلىپ بولدىمۇ؟

— ھاشارغا كەتكەنلەر تەڭ قايتىپ كەلمەيدىكەن - ھە؟ — دېدى نازاكەت بىر پىيالە چاي ئۇتلىغاچ، — ئەمگەكنى ئۆپچە قىلمايدىغان ئوخشايدۇ.

— ياق، ئۆپچە قىلمايدۇ، — دېدى ئانارگۇل چۈشەندۈرۈپ، — ھاشارنى تېرىغان يېرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ قويىدۇ، ھەركىم ئۆزىگە بۆلۈنگەن ئىشنى تۈگەتسە قايتىپ كېلىدۇ. سەل تۇرۇپ ئۇلاغلارغا ئوت سېلىۋېتەي، مۇھەممەتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلەمدۇق يا؟

— مەيلى، بارساق بارايلى، — دېدى نازاكەت.

## 2

مۇھەممەت نازاكەتنىڭ كۆزىگە خېلىلا ئۆزگەرگەندەك كۆرۈندى. دېمىسىمۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ ئائىلىگە قايتقاندىن كېيىنكى ئۈچ - تۆت ئاي ئىچىدە ئۇ سېزىلەرلىك دەرىجىدە ئورۇقلىغانىدى. ئۇنىڭ دوغىلاققىنا كەلگەن يۈزى بىر ئاز سوزۇلغان، قويۇق قارا قاشلىرى ئاستىدىكى قوي كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، بۇرنى خېلىلا ئۇچلانغان، ئېڭەكلىرىنى

قويۇق ساقال ـ بۇرۇت باسقان، ئاقپىشماق چىرايى جۇدەپ خېلىلا قارىدىغانىدى. نازاكەت مۇھەممەتنى كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭ سىرتقى قىياپىتىدىكى ئەنە ئاشۇ ئالامەتلەرنى چاققانلىق بىلەن كۆز ئۆڭىدىن ئۆتكۈزدى.

ئانارگۈل بىلەن بىللە كىرىپ كەلگەن نازاكەتنى كۆرۈپ، مۇھەممەت بىرنەچچە دەقىقە تۇرۇپلا قالدى، كۆزلىرىگە ئىشەنمىدى، يۈركى هاياجاندىن دۈپۈلدىدى. ئۇ راستلا نازاكەت ئىدى. نازاكەت ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈۋاتاتتى. مۇھەممەت ئىپادىلىگۈسىز بىر خىل خۇشاللىق ئىلكىدە نازاكەتنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە، قىزغىنلىق بىلەن هال ـ ئەھۋال سورىدى:

— قانداق بولۇپ بىزنىڭ بۇ سەھرالارغا قەدىمىڭ يېتىپ قالدى؟ — سورىدى ھەيرانلىقىنى يوشۇرماي.

— ئۆيدە ئولتۇرۇپ زېرىكىپ كەتتىم. سىلەر بىلەن كۆرۈشكۈم، مۇڭداشقۇم كەلدى، — دېدى نازاكەت مەقسىتىنى ئوچۇقلا ئېيتىپ.

— ياخشى قىپسەن، قاچان چىققانىدىڭ؟

— ئاخشام چىققان، كېچىدىن بىزنىڭ ئۆيدە قوندى، — دېدى ئانارگۈل ئۆزىنىڭمۇ بارلىقىنى بىلدۈرۈپ قويغۇسى كەلگەندەك، قىزغىنلىق بىلەن سۆزلىشىۋاتقان ئىككى ساۋاقداشنىڭ ئارىسىغا قىستىلىپ. دېمىسىمۇ ئۇلار خۇشاللىقتا گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ ئانارگۈلنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى، — هاشاردىن ئاخشام كەلگەن ئوخشىمامسەن، ئابلىزمۇ بۇگۈنلەتىن كېلەلىگۈدەكمۇ ياكى...

— ئابلىزمۇ چامنى بۇگۈن چۈشتە تۈگىتىپ بولارمىكىن، ئىشقىلىپ، كەچكىچە كېلىپ بولىدۇ، — دېدى مۇھەممەت ئانارگۈلگە جاۋاب بېرىپ، — قانداق، ئۈچ كۈن كۆرمەي سېغىنىپ كەتكەن ئوخشىمامسەن ئابلىزنى.

— سېغىندىم، سېغىنمىسام بولامتى ئەمىسە، ئېرىم

بولغانديكەن سېغىنىمەن ـ دە، ئەلۋەتتە، ــ دېدى ئانارگۈل ئەزۋەيلەپ.

مۇھەممەت ئانارگۈلگە چاقچاق قىلىپلا «نازاكەتنىڭ ئالدىدا قاملاشمىغان گەپ قىلدىممۇ، نېمە؟» دەپ ئويلىنىپ قالغانىدى، چاقچىقىغا ئانارگۈلنىڭ بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلاپ خىجىل بولدى، چىرايىغا ۋىللىدە قىزىللىق يۈگۈردى.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم قىزىم، كىم كەلدىكىن دېسەم، ئۆيگە ئەزىز مېھمان چىقىپتىكەن ئەمەسمۇ، ــ مۇھەممەتنىڭ ئانىسى شۇنداق دېگىنىچە كېلىپ، ئاۋۋال نازاكەت بىلەن، كېيىن ئانارگۈل بىلەن مەڭزىگە يېقىپ كۆرۈشتى، قىزغىن ھال ـ ئەھۋال سورىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەتمۇ خىجىللىقتىن تېزلا قۇتۇلدى.

ــ نېمانداق مېھماننى ئۆيگە باشلىماي قاراپ تۇرسەن بالام. قېنى، ئۆيگە كىرەيلى بالىلىرىم.

ئانا نازاكەتنىڭ ئاستىغا مۇھەممەتنىڭ تويىغا ئاتاپ تىكىپ ساقلاپ قويغان ئەتلەس كۆرپىنى ئىككى قات قىلىپ سالدى، داستىخاننى كۆڭۈل قويۇپ ساقلىغان كۆز نېمەتلىرىدىن ئۈزۈم، قوغۇن، ئالما، ئانار، ياڭاق، بادام، گۈلە ـ قاق... قاتارلىق ھۆل ـ قۇرۇق يەل ـ يېمىشلەر بىلەن كۆمۈۋەتتى. ئانىنىڭ ۋۇجۇدىنى نېمە ئۈچۈندۇر نازاكەتنى كۆرۈش بىلەنلا سىغدۇرۇپ بولماس بىر خىل خۇشاللىق ئورىۋالغانىدى. ئۇ نازاكەتنى داستىخاندىكى نېمەتلەرگە زورلايتتى، سەرخىللىرىدىن تاللاپ، ئۇنىمىغىنىغا قويماي قولىغا تۇتقۇزۇپ قوياتتى. ئانا ئۈچ ساۋاقداشنىڭ قىزغىن مۇڭدىشىپ كەتكەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، غىپپىدە سىرتقا چىقتى ـ دە، ئېغىلغا چۈشەك سېلىۋاتقان ئېرىنىڭ قېشىغا چىقتى.

ــ ھوي ئادەم، قوللىرىدىكى كەتمەننى جىندەك قويۇپ تۇرۇپ ماۋۇ يەرگە چىقسىلا. ئىلدام بولسىلا دەيمەن، ــ دېدى ئالدىرىتىپ.

— ھە، نېمە دەيسىلە، — دېدى سۇلتىناخۇن ئاكا، — نېمە ئىش بولدى، ئەجەب ئالدىرىتىپ كەتتىڭلىغۇ؟

— نېمە ئىش بولدى دەۋاتقىنىنى ماۋۇ ئادەمنىڭ، ئۆيگە مېھمان كەلدى، مېھمان. سىلىمۇ كۆرگەنلا ھەرقاچان. ھە ماڭسىلا، دەرھال ھېلىقى ئاق خورازنى ئۆلتۈرۈپ بەرسىلە.

— ئاق خورازنى جۈمە كۈنى ئۆتكۈزىدىغان نەزىرگە ئاتاپ قويغانىدۇققۇ. نەزىرگە ئاتاپ قويغان نەرسىنى ئىشلىتىۋەتسەك بولماس.

ئانا سۇلتان ئاكىنىڭ ئەزمىسىنى ئېزىپ قىلغان گېپىدىن رەنجىدى، تېرىكتى:

— ۋاي خۇدايىمەي، بولسىلا ئەزمىلىك قىلماي. ئاق خورازنى نەزىرگە ئاتاپ قويغان بولساق، باشقا توخۇنى ئۆلتۈرۈپ بەرسىلىمۇ بولىدۇ. تۆگە سويۇپمۇ چىللىغىلى بولمايدىغان مېھماننى كۆرۈپ تۇرۇپ قىلغان گېپىنى. نېمە ئىش قىلساق بىر ئىش قىلىپ مېھماننىڭ ئالدىغا چىقمىساق قانداق بولىدۇ. ھە بولسىلا پىچاقلىرى يانلىرىدىمىتى يا؟

سۇلتىناخۇن ئاكا خوتۇنىنىڭ غەرىزىنى چۈشەندى، قولىدىكى كەتمەننى تاشلاپ توخۇ كاتىكىدىن سىمىزغىنا مېكىياندىن بىرنى تۇتۇپ چىقتى ـ دە، توخۇنىڭ پاچىقىنى ئايالىغا تۇتقۇزۇپ، ئىككى قانىتىنى پۇتىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ، سول قولىدا توخۇنىڭ بېشىنى مەھكەم تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، ئوڭ قولىدىكى پىچاققا ئىچىدە قىسقا سۇرىدىن بىرنى ئوقۇپ سۇفلىۋەتكەندىن كېيىن «ئاللاھۇئەكبەر، ساڭا ئەجەل، ماڭا پەرمان» دەپ پىچاقنى سۇردى، توخۇنىڭ قېنى پۇتۇنلەي ئېقىپ، جېنى چىقىپ بولغاندىن كېيىن، پاچىقىنى كېسىۋەتكەچ گۇمانسىرىغان ھالدا سوراپ قالدى:

— مېھمان دېگەنلىرى ئابلىزاخۇننىڭ ئايالى بىلەن بىللە كەلگەن قىز بالا شۇمۇ؟

— ھەئە، ئاشۇ شۇ، — دېدى ئانا توخۇنى قولىغا ئېلىپ

تۇرۇپ.
— ئۇ مۇھەممەت قارىي بىلەن قانداق تونۇشىدىكەن؟
— ساۋاقدىشى ئىكەن.
— ساۋاقداش، قانداق ساۋاقداش؟
— قانداق ساۋاقداش بولاتتى، ئۈچ يىل بىر مەكتەپتە، بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقداش ـ دە.
— بىزنىڭ ئۆيگە چىقىپتىكەنمۇ ياكى...
— ۋاي تاڭەي.
— نېمىدەپ چىقىپتۇ؟
— خۇدا بىلىدۇ.
— سوئالىمغا تۈزۈك جاۋاب بەرمەملا...
— نېمىدەپ جاۋاب بېرىمەن ئەمدى. قىزىق گەپ قىلىدىكەنلا، مېھمان بولۇپ كەلگەن ئادەمدىن «نېمىدەپ چىقلا» دەپ سورىغىلى بولامتىكى.
— ...
— ھەي دادىسى، سىلى سەپسالدىمۇ؟
— نېمىگە؟
— نېمىگە دېگەنلىرى نېمىسى، ھېلىقى گەدەنكەش ئوغۇللىرىنىڭ چىرايىغىچۇ؟
— مۇھەممەت قارىينىڭ چىرايى نېمە بوپتۇ؟
— ياشاپ كەتسىلە، ئەقىللىرىگە بارىكاللا.
— تەنە قىلماي گەپلىرىنى ئوچۇق قىلسىلا.
— مەن سىلىگە مۇھەممەت قارىينىڭ چىرايىغا سەپسالدىمۇ دەۋاتىمەن.
— مۇھەممەت قارىي خېلىلا خۇشخۇيغۇ.
— ئويلاپ باقسىلا، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بۇلۇڭتەك تۇتۇلۇپ كەتكەن ئوغۇللىرىنىڭ چىرايى مانا ئەمدى بۇ شەھەرلىك نايناق خېنىمنى كۆرۈش بىلەنلا خۇددى ئاپتاپتەك پاللىدە ئېچىلىپ كەتتى.

— بۇ دېگەنلىرىغۇ راست، — دېدى سۇلتان ئاكا تەن بەرگۈسى كەلمەي، — لېكىن مېنىڭ پەرىزىمنىمۇ ھەرھالدا خاتا دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ مەيلىنى مۇشۇنداق قىز بالىدىن بىرەرى ئۆزىگە قارىتىۋالمىغان بولسا، گۈلنىسا قىزغا شۇنچە ئۆچلۈك قىلىپ، توينى كەينىگە سۆرەپ يۈرەرمىدى.

— مۇھەممەت قارىينىڭ كۆڭلى راستىلا سىلىنىڭ دېگەنلىرىدەك بولسا، ئەمىسە ئوغۇللىرىنىڭ ھەقىقەتەن كۆزى، دىتى بار ئىكەن.

— نېمە؟ نېمە دېدىلە، ئەقىل - ھوشلىرى جايىدىمۇ سىلىنىڭ، — دېدى سۇلتان ئاكا خاپا بولغان ھالدا خوتۇنىغا قاراپ.

— ئەقىل - ھوشۇم جايىدا، — دېدى ئانا خاتىرجەملىك بىلەن ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا سۆزلەپ، — مۇھەممەت قارىي راستىلا مۇشۇ قىزنى تاللىغان بولسا كۆزى بار ئىكەن. كۆرلىمۇ، قىزنىڭ رەڭگىرويىمۇ شۇنداق كېلىشكەن، قائىدە - يوسۇنلۇقلۇقىنى دېمەيلا تېخى. شەھەرلىك بولغىنى بىلەن خېلى مۇسۇلمانچىلىقى بار ئادەمنىڭ بالىچاقىسى ئوخشايدۇ. شەھەرنىڭ دىمىقى ئۈستۈن، ياسانچۇق، ھالى يامان قىزلىرىغا پەقەتلا ئوخشىمايدىكەن. بىر كۆرۈپلا كۆزۈمگە شۇنداق ئىسسىق كۆرۈنۈپ كەتتى.

— بولدى، بولدى، «بىسمىللا» دېمەستە ئۈنچە داڭلاپ يۈرمەيلى، بىر كۆرۈپلا بىرنېمە دېمەك تەس. «ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە» دېگەن گەپ بار. كىم بىلىدۇ ئوغۇللىرىغا تېگىۋېلىپلا، قېيىنئانىلىقىنى قىلغىلى تۇرامدۇ تېخى. ۋاقتى كەلگەندە پۇشايمانىنى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالمىسىلا يەنە. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز شەھەرلىك خەق بىلەن قانداقمۇ چىقىشىپ قۇدا - باجا بولالايمىز. بۇ ئىش قەتئىي قاملاشمايدۇ. «خىلى خىلى بىلەن، گۈلى گۈلى بىلەن» دېگەپ گەپ بار ئەمەسمۇ. ھەرھالدا ھالىمىزغا بېقىپ ھال تارتقىنىمىز تۈزۈك.

سۇلتان ئاكا شۇلارنى دېدى ـ دە، يانچۇقىدىن تاماكا قۇتىسىنى ئېلىپ، قەغەزگە تاماكا ئوراشقا باشلىدى. ئۇ تاماكىنى ئانچە كۆپ چەكمەيتتى، ئەمما بىر ئىشقا سەل چېچىلىپ قالسا دەرھال تاماكا چېكىدىغان ئادىتى بار ئىدى.

— ئوھۇش، نېمىلەرنى دەپ يۈرىدىغانلا، — دېدى ئانا رەنجىگەندەك قىلىپ، — تېخى مۇھەممەت قارىينىڭ ئاشۇ قىزنى ئالىمەن دەپ تۇرۇۋالغىنى، قىزنىڭ ئوغۇللىرىغا تېگىمەن دەپ كېلىۋالغىنى يوققۇ. ئادەمنىڭ خىيالىدا يوق گەپنى ئاۋۋال ئۆزلىرى چىقاردىلا، مەنمۇ شۇنىڭغا تۇشلۇق گەپ قىلدىم. مانا ئەمدى ئۆزلىرىچىلا شەھەرلىك ئۇندىغەيۇ، شەھەرلىك مۇندىغەي دەپ كەتكەنلىرىنى. شەھەرلىكمۇ ئەۋلىيا، پادىشاھ ئەمەس، ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەم. بىز شەھەرلىكنىڭ خىلى بولالمىغۇدەك، تاز ـ پوقاق، ئاقساق ـ چولاق ئەمەس، ناھايىتى دېھقان دېگەن ئېتىمىز بار شۇ. دېھقان بولساق نېمە بوپتۇ. نان ـ ئېشىمىزنى ھالاللاپ تېپىپ يەپ كېلىۋاتىمىز. شەھەرلىك بىلەن قۇدا بولساق بولغۇچىلىكىمىز بار. «سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۆرۈچ دەم يەپتۇ» دېگەن گەپ بولدى ـ دە، بۇ. ماڭا قارىسىلا، سۇنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۆتۈك سېلىپ يۈرمەيلى. شەھەرلىك دەپ ئۈنچە قورقۇپمۇ كەتمەيلى. «ئوغلۇڭ بولسا ئوچاقتەك، قىزلار كېلۇر قورچاقتەك» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ. كەمبەغەل بولساقمۇ خۇدانىڭ بەرگىنى بار. ناۋادا ئىش سىلىنىڭ پەرەزلىرىدىكىدەك بولۇپ قالسا، بالىنىڭ رايىغىمۇ ئانچە ـ مۇنچە باقايلى.

— بالىنىڭ رايىغا باقايلى، — سۇلتان ئاكا ئاۋازىنى قاتتىقراق چىقىرىپ خوتۇنىغا چەكچەيدى، — ماڭا قارىسىلا، بالا دېگەن ئەزەلدىن ئاتا ـ ئانىنىڭ رايىغا باقىدىغىنىنى كۆرگەن. ھېلىمۇ ئۇنى ئون بىر يىل ئوقۇتتۇم. ساۋاتسىز قالمىسۇن، زامانىنىڭ كەينىدە قالمىسۇن دېدىم. «قوڭغۇمدا ئىشتان قالمىسىمۇ مەيلى، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتاي دېسەم»، ئۇ «سىلەرنى

قىينىغۇم يوق» دەپ پەقەتلا ئۇنىمىدى. «بوپتۇ بالام» دېدىم. لېكىن، ئۇ مېنىڭ رايىمغا باقتىمۇ؟ ئوقۇشقا بارالمىغاندىكىن «ئۆيلەپ قوياي، ۋاقتىدا خوتۇن ئېلىپ، ئۆي تۇتۇۋالسۇن» دېسەم پەقەتلا يېقىن كەلمىدى. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ياشتىكى بالىلارنىڭ بىر ــ ئىككىدىن بالىسى بار. مۇھەممەت تېخىچە سالتاڭ يۈرىدۇ. تېخى ئىزا تارتماي «مەن سىلىگە خوتۇن ئېلىپ بېرىڭلار دېمىدىم، ئىككى ــ ئۈچ يىلغىچە توي قىلمايمەن. تويۇمغا خەجلەيدىغان پۇلنى قولۇمغا بېرىڭلار» دەيدۇ تېخى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ رايىغا بېرىپ كەلسەم، نەچچە يىلدىن بېرى ئۇنىڭ بىر بېشىنى ئىككى قىلىمەن دەپ كويلاپ، موچەنلەپ يىغقان پۇلۇمنى سودا، تىجارەت قىلىمەن دەمدۇ، نەدىكى بىر قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارغا بۇزۇپ يوقاتماقچى. مەن بۇ بالىنى بۇنچىۋالا ھاماقەت، ھەمدەم خىيال چوڭ بولۇپ قالار دەپ ئويلىمىغان. مانا ئەمدى بۇ ئويۇنىمۇ كۆر دەپ، بۇ شەھەرلىك خېنىمنى چاقىرىپ كەپتۇ. ئاڭلاپ قويۇڭلا خوتۇن، سىلى بالىنىڭ رايى دەپ، بۇ خېنىمنى كېلىن قىلىپ ئۆيگە ئەكىرىدىغان بولساڭلا، ھېچ ئىش قىلماي پۇت ــ قولىنى تۇتۇپ، يەلپۈپ ئولتۇرساڭلا بولىدۇ. بولمىسا بۇ ئۆيدە ئۇ بىر كۈنمۇ ئولتۇرمايدۇ. بىز دېگەن دېھقان خەق، دېھقانلىقىمىزغا تارتىشىپ ئولتۇرغىنىمىز تۈزۈك.

— ماۋۇ ئادەمگە دەپ تۇرسام، ئوشۇقچە چېچىلىپ يۈرگىنىنى. ھېلىمۇ مەن بۇ ئىشنى جەزمەن شۇنداق قىلايلى دېمىدىمغۇ. ئاق يەردە تۈگمەن تالاشقىنىمىز بىلەن ئۇلار نېمە ئويدا، نېمە كويدا، بىلىپ بولمايدۇ. بۇ ئۆيدە قايسىبىر ئىش مېنىڭ دېگىنىمدەك بولغان. خاپا بولمىسىلا، سىلىنىڭ دېگەنلىرى ھېساب. بولسىلا، خاپا بولماي ئىككى تال ئوتۇن ئۈششاقلىۋەتسىلە.

ئانا ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ قويۇپ، قولىدىكى توخۇنى يۇڭداش ئۈچۈن ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

## 3

ساۋاقداشلار خېلى ئۇزاق ئۇيان - بۇيانىنىڭ پارىڭىنى سېلىشتى، خالمۇرات، شاكىر، گۈلىستان، ئابدۇسېلىم ۋە باشقا خېلى كۆپ ساۋاقداشلار تىلغا ئېلىندى. ئۆزلىرىنىڭ ئۈچ - تۆت ئايدىن بېرى نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى، قايسى ساۋاقداشلاردىن خەت كەلگەنلىكىنى، قايسىسىدىن خەت كەلمىگەنلىكىنى سۆزلەشتى. خالمۇراتنىڭ گېپى چىققاندا نازاكەتمۇ، مۇھەممەتمۇ ئۇڭايسىز ھالەتكە چۈشۈپ، بىرنەچچە دەقىقە جىمىپ قېلىشتى. بۇ ئىككى ساۋاقداشنىڭ مەخپىي سىرلىرىدىن بىخەۋەر ئانارگۈل بىپەرۋا ھالەتتە ئولتۇراتتى.

— ھە راست، ئاناڭنىڭ كېسىلى ساقايدىمۇ؟ — سورىدى مۇھەممەت ئارىدىكى جىملىقنى بۇزۇپ.

— بىر ئاز ياخشىلاندى، تېخى ياتاقتىن چىقمىدى.

ئانىسىنىڭ گېپى چىقىشى بىلەن نازاكەتنىڭ دىل يارىسى تاتىلانغاندەك بولۇپ، بايامقى خۇشال، غەمسىز تۇيغۇلىرى غايىب بولدى. كۆزلىرى قايتىدىن مۇڭغا تولدى.

— بولدى، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ساقىيىپ قالار، كېسەل دېگەن ئادەمگە بىراقلا چاپلىشىپ، ئاستا - ئاستا چىقىدىكەن، — مۇھەممەت پاراڭنىڭ تېمىسىنى باشقا تەرەپكە بۇرىماقچى بولدى، — داداڭنىڭ ئىدارىسىدىكىلەر سېنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرماقچى بوپتىكەنغۇ، بۇ ئىشلار قانداق بولۇپ كەتتى؟

— ھازىرغىچە جىمجىتتىقۇ، — دېدى نازاكەت خىيالچانلىق بىلەن، — دەسلەپتە خېلى ئۈمىدلىنىپ يۈرگەنىدىم، كېيىن بۇ گەپلەرمۇ غايىب بولۇپ كەتتى.

— قۇرۇق گەپ كىمگە خۇشياقىدۇ ھازىر، — دېدى ئانارگۈل سۆزگە ئارىلىشىپ، — ئەھۋالدىن قارىغاندا، داداڭ باشقىلارغا ئارقا ئىشىك قىلمىغان ئوخشايدۇ.

— دادامۇ ئانامنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىش ھەلەكچىلىكىدە ئاۋارە. باشلىقلارغا ئارقا ئىشىك قىلغۇدەك نەدە پۇل.

— مېنىڭچە، سەۋەب بۇنىڭدا ئەمەس، — دېدى مۇھەممەت ئويچانلىق بىلەن، — ھازىر ئىشسىزلىق ھەممە يەردە بار. ئاڭلىشىمچە، يۇرتىمىزدىمۇ ئالىي - ئوتتۇرا تېخنىكومىلارنى پۈتكۈزۈپ كېلىپ، تەشكىلنىڭ خىزمەت تەقسىم قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقىنىغا بىر - ئىككى يىلدىن ئاشقانلارمۇ خېلى بار ئىكەن. ئەھۋال مۇشۇنداق بولغاچقا، داداڭنىڭ ئىدارىسىدىكىلەرمۇ ئامال قىلالمىغان بولۇشى مۇمكىن.

مۇھەممەتنىڭ مۇلاھىزىسى نازاكەتنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئويلىغانلىرى بىلەن بىر يەردىن چىققانىدى.

— ئاجايىپ زامان بولۇپ كەتكىلى تۇرىدىغۇتاڭ، خەجلەي دېسەڭ پۇل بولمىسا، قىلاي دېسەڭ ئىش بولمىسا، — دېدى ئانارگۈل گەپكە لوقما سېلىپ، — بىزغۇ دېھقان بالىلىرى، بىزگە ئىشمۇ، ئاشمۇ ئېتىزدا بار. ئاق نانچىلىق قىلمىساقلا كەتمەنگە تايىنىپ جان بېقىپ كېتەلەيمىز، قورسىقىمىز ئاچ قالمايدۇ، ئۇچىمىز يالىڭاچ قالمايدۇ، بەك باي - باياشاتمۇ يۈرەلمەيمىز. موھتاجلىق بىلەن يوقسۇزلۇقنىڭ تەھدىتىدە ياشايمىز. بىراق، ساڭا ئوخشاشلارنىڭ راستلا كۈنۈڭلار تەس ئىكەن. شەھەردە تېرىپ پايدىلىناي دېسەڭلار تېخى يەر بولمىسا، بىرەر ئىش - ئوقەت قىلاي دېسەڭ تېخى قىز بالا تۇرساڭ!

— قىز بالىمۇ ئىش - ئوقەت قىلسا بولىۋېرىدۇ، — دېدى مۇھەممەت ئانارگۈلنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ.

مۇھەممەتنىڭ سۆزلىرى نازاكەتنىڭ تېرىقتەك چېچىلىپ كەتكەن خىياللىرىنى يىغدى. راست، ئۇ مۇھەممەت بىلەن مۇشۇنداقراق بىر ئىش قىلىش توغرۇلۇق پاراڭلاشقىلى چىققان ئەمەسمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىك بىرپەس كۆتۈرۈلدى.

— مېنىڭ بۇ يەرگە چىقىشتىكى مەقسىتىممۇ سەن بىلەن مۇشۇنداقراق بىر ئىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىپ بېقىش

ئىدى، — دېدى نازاكەت مۇھەممەتكە تىكىلىپ، — دەپ باققىنا، ئۆزۈڭ نېمە ئىش قىلاي دەيسەن؟

— بۇ سوئالىڭغا نېمىدەپ جاۋاب بەرسەم بولار؟ — مۇھەممەت تەڭلىكتە قالغاندەك بولۇپ بېشىنى قاشلىدى.

— مۇشۇ سوئالغىمۇ تەڭلىكتە قالغان بارمۇ، — ئىككىيلەننىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان ئانارگۈل دەرھال گەپكە لوقما سالدى، — ئاۋۋال توي قىلىسەن، ئاندىن دېھقانچىلىق قىلىسەن، قانداق دېدىم.

ئانارگۈلنىڭ بۇ گېپى مۇھەممەتنىڭمۇ، نازاكەتنىڭمۇ قۇلىقىغا ياقمىدى. مۇھەممەت نارازىلىق بىلەن ئانارگۈلگە قاراپ قويدى ـ دە، گەپ ـ سۆز قىلمايلا پىيالىلەرگە چاي تولۇقلاشقا باشلىدى. ئارىنى جىمجىتلىق باستى، ئۈچ ساۋاقداش بىر ـ بىرىدىن سادا كۈتۈپ ئولتۇرۇشتى. نازاكەت ئاخشام ئانارگۈلدىن ئاڭلىغان گەپلەرنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، ھېچنېمىنى ئۇقمىغان بولۇپ چاقچاق ئارىلاش سورىدى:

— توي قىلماقچى بوپسەن، راست شۇنداقمۇ مۇھەممەت؟

نازاكەتنىڭ بۇ سوئالىغا مۇھەممەت بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قولىغا بىر تال ئالمىنى ئېلىۋېلىپ ئوينىغاچ جاۋاب بەردى:

— ئانارنىڭ گېپىگە ھازىرچە بىرنېمە دېيەلمەيمەن. چۈنكى، بىر پارچە قىزىل گۆش ۋاقتىمدىن تارتىپ، پوق ـ سۈيدۈكۈمدىن ئايرىپ چوڭ قىلغان ئاتا ـ ئانامنىڭ كەلگۈسۈم ئۈچۈن باش قاتۇرۇشى، كۆڭلىگە ئارزۇ ـ ئارمانلارنى پۈكۈشى تەبىئىي ئەھۋال. ئۇلارنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇش پەرزەنت ئۈچۈن ئادا قىلىشقا تېگىشلىك قەرز. لېكىن، مەن كەلگۈسۈمنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە، توي قىلىپ بالىلىق بولۇش، دېھقانچىلىق قىلىپ تىرىكچىلىك قىلىشنىلا ئويلىغان ئەمەس. مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە تۇشلۇق ئارزۇ ـ ئارمانلىرىم بار. ئاشۇ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىم قەلبىمدە بىر پارچە چوغ بولۇپ يېلىنجاپ ئارام

بەرمەيدۇ. ئاتا - ئانام مېنىڭ بۇ ئارزۇ - ئارمانلىرىمنى ھەرگىز چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار مېنى ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىگە، ئۆزلىرى يولۇققان قىسمەتلەرگە ۋارىسلىق قىلدۇرماقچى. شۇ ئىشلار تۈپەيلىدىن ئاتا - ئانام بىلەن ئازراق زىددىيەت پەيدا بولۇپ قالدى.

— بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپتىم، ئاخشام ئانار ماڭا ھەممىنى ئېيتتى، — دېدى نازاكەت ۋە بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — توي قىلىش ھەممە ئادەمنىڭ بېشىدا بار ئىش. بىز ئۇنىڭغا مەيلى بالدۇر، مەيلى كېچىكىپ بولسۇن ھامان دۇچ كېلىمىز. بىراق، ھازىرچە بىزگە مۇھىمى بۇ ئەمەس. بىز ئالىي مەكتەپكە بارالمىدۇق. خىزمەت قىلايلى دېسەك، ھازىر ئىشسىزلىق ئېغىر. بىر مەزگىل ئىش كۈتۈپ تۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بەزىدە ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن بىزنى مەكتەپمۇ، جەمئىيەتمۇ ئۆز قوينىغا ئالمايۋاتقاندەك، ئۆگەيلەۋاتقاندەك بىر خىل تۇيغۇغا كېلىپ قالىمەن. خۇددى تۇرمۇش يولىمىز توسۇلۇپ قالغاندەك، ئىستىقبالىمىز تۈگەشكەندەك بولۇپ، ۋۇجۇدۇم ئاچچىق ئازاب، ھەسرەتلەرگە تولىدۇ. ئۆزۈمنى ئارتۇقچە ئادەم بولۇپ قالغاندەك، جەمئىيەتكە، ئائىلىگە يۈك بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن.

— بۇنداق ھېس - تۇيغۇ مەندىمۇ بولغان، — دېدى مۇھەممەت نازاكەتكە تەسەللى بېرىشكە تىرىشىپ، — مەنمۇ بۇ ھەقتە كۆپ باش قاتۇردۇم، ئويلىدىم. مېنىڭچە، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان ياكى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا خىزمەت قىلغان ئادەملەرنىڭلا ھايات مۇساپىسىنىڭ توسالغۇسىز، داغدام بولۇپ كېتىشى ناتايىن. مەن ئەسلىدە بىر تەرەپتىن ئىشتىن سىرتقى ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتىدىغان كەسپىي مەكتەپلەردە ئوقۇغاچ، بىر تەرەپتىن كىچىك تىپتىكى ئۈن تارتىش زاۋۇتى بىلەن ماي تارتىش زاۋۇتى قۇرماقچىدىم. مەبلەغنىمۇ بىر ئامال قىلىپ ھەل قىلغىلى

بولاتتى. بىراق، بۇ ئىشقا دادام چىش - تىرنىقىغىچە قارشى تۇرۇۋاتىدۇ، — مۇھەممەت بىر پىيالە چاي ئوتلىۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — دادام «ئوقۇيمەن دېدىڭ، گېپىڭنى ئاڭلاپ ئوقۇتتۇم، ئوقۇشىنمۇ تۈگەتتىڭ. ئەمدى مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ، توي قىلىسەن» دەپلا تۇرۇۋېلىپ بارىدۇ. «ھازىرچە توي قىلىشقا زورلىماڭ، تويغا كېتىدىغان مەبلەغنى ماڭا بېرىڭ، زاۋۇت قۇرۇپ پۇل تاپاي» دېسەم، گېپىمگە ماقۇل دېيىش تۈگۈل، قۇلاقىمۇ سېلىپ قويمىدى. ناۋادا دادام ماقۇل دەپ قالغان بولسا، ئىككى - ئۈچ يىل ئىچىدە ئازراق مەبلەغ توپلىۋېلىپ، كېيىنچە ئوتتۇرا ھال تىپتىكى بىر مېۋە - چېۋە زاۋۇتى قۇرۇش پىلانىم بار ئىدى. بۇ ئىشنى قىلىشقا كۆزۈم يېتەتتى. يېزىمىزدا ھەر يىلى نۇرغۇن مېۋە - چېۋە، يەل - يېمىشلەر يېگىلى ئادەم يوق سېسىپ تۈگەيدۇ. يېزىمىزنىڭ مېۋە - چېۋە جەھەتتىكى تەبىئىي شارائىتى بەكمۇ ئەۋزەل ئىدى. دېھقانلار ھەر يىلى تاغار - تاغارلاپ گۈلە - قاقىلارنى قۇرۇتقان بىلەن، تۈزۈك ساتالماي قۇرتقا يەم قىلىۋېتىدۇ ياكى مەككار سودىگەرلەرگە ئەرزان باھادا سېتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ پەقەت قۇرۇتقان گۈلە - قاقىلارنىڭلا گېپى. ھەر يىلى شېخىدىن چۈشۈپلا ھۆل پېتى سېسىپ، بۇزۇلۇپ، ئىسراپ بولۇپ كېتىدىغان مېۋە - چېۋىلەر نۇرغۇن. يۇرتىمىزدىكىلەر باغ قىلىشقا ماھىر بولغىنى بىلەن، ئاشۇ بېغىدىن چىققان مېۋىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا، ئىقتىسادىي قىممىتىنى تونۇشقا ماھىر ئەمەس. شۇڭا، مەن ئاشۇ ئىسراپ بولۇپ كېتىپ بارغان بايلىقتىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، ئۆزۈمگىمۇ، دېھقانلارغىمۇ پايدىلىق بىر ئىش قىلىشنى كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم. ئەپسۇسكى، مېنىڭ بۇ پىلانىمنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىمنى دادام چۈشەنمىدى. چۈشىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، مېنى مەسخىرە قىلدى، زاڭلىق قىلدى. ئەلۋەتتە، دېھقانچىلىق قىلىشمۇ يامان ئىش ئەمەس. ئەمما بىر - ئىككى مودىن يەر

تاتلاپ، ئۆمۈرنى زايە قىلىۋەتكۈچە، ئۆزۈمگىمۇ، خەققىمۇ پايدىسى بارراق بىر ئىش بىلەن شۇغۇللىناي دېسەم، ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق. بۇ پىلانىمنى قوللايدىغان ئادەمنىڭمۇ تېخى تايىنى يوق، — دېدى مۇھەممەت ھەسرەتلەنگەن ھالدا.

مۇھەممەتنىڭ بۇ پىلانلىرى نازاكەتنى خېلىلا چوڭقۇر ئويغا سالدى. ئۇ مۇھەممەتنىڭ پىلانىغا قايىل بولدى. كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى خۇددى قاراڭغۇ ئۆيگە شام ياققاندەك غۇۋا يورۇشقا باشلىدى، كۆڭلىدىن قانداقتۇر بىر خىيال لىپلا قىلىپ كەچتى. ئۇ خىيالىنى مۇھەممەتكە ئېيتىشقا تەمشىلىپ تۇراتتى، ئۇنىڭغىچە مۇھەممەتنىڭ ئانىسى چىلاپچا بىلەن چۆگۈننى كۆتۈرۈپ كىردى. ئۈچ ساۋاقداشنىڭ سۆھبىتى ۋە خىيالى شۇ يەردىلا ئۈزۈلۈپ قالدى. ئىككى قىز قايتا - قايتا تۈزۈت قىلىشقاندىن كېيىن قوللىرىنى چايقاشتى.

توخۇنىڭ ئىككى پاچىقى، مەيدە گۆشى بېسىلغان بىر لېگەن پولۇ تۈگىتىپ يېيىلدى. داستىخاندا مۇھەممەتنىڭ ئانىسىمۇ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۈچ ساۋاقداش ئارتۇق گەپ قىلىشمىدى. ئۇلار غىزا يەپ بولغۇچە پەقەت مۇھەممەتنىڭ ئانىسىلا گەپ قىلىپ چىقتى. ئەلۋەتتە، ئانىنىڭ گەپلىرى نازاكەتنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى چاندۇرماي ئاسماقچىلاپ سوراپ بىلىۋېلىش ۋە مۇھەممەت توغرۇلۇقلا بولدى. جاھاندىكى بارلىق ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى ماختاشقا، پەرزەنتلىرى ئارقىلىق ماختىنىشقا، پەخىرلىنىشكە ئامراق بولغىنىغا ئوخشاش، مۇھەممەتنىڭ ئانىسىمۇ مۇھەممەتنى بولدى دېگۈچە ماختىدى، ئۇچۇردى. ئانىسىنىڭ ماختاشلىرىدىن مۇھەممەت خېلىلا ئوڭايسىزلاندى. تاماقتىن كېيىن، ئانىنىڭ قايتا - قايتا زورلىشى بىلەن بىرەر تىلىمدىن قوغۇن يېيىلدى. ئانا داستىخاننى يىغىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆيدە يالغۇز قالغان ساۋاقداشلار ئايلىنىپ كىرمەكچى بولۇپ سىرتقا چىقىشتى.

# 4

كۈن چۈش بولغىنىغا قارىماي، ھاۋا خېلىلا سوغۇق ئىدى. ئۇلار يالىڭاچلانغان دالادا مەقسەتسىز مېڭىشتى. ھايات، كىشىلىك تۇرمۇش، ئىنسان قىممىتى، جەمئىيەت، بازار ئىگىلىكى، ۋەزىيەت ھەققىدە كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى، كەڭتاشا سۆزلەشتى، مۇنازىرە قىلىشتى. ئانارگۈلنىڭ كۆزقارىشى كۆپىنچە ھاللاردا نازاكەت بىلەن مۇھەممەتنىڭ كۆزقارىشى بىلەن بىر يەردىن چىقمىغانلىقى ئۈچۈنمۇ، بۇ مۇنازىرە، پاراڭلار ئۇنىڭغا قىلچىلىك ياقمىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، دېھقانىنىڭ بالىلىرى شەرتسىز دېھقان بولۇشى، دېھقانغا لايىق نېسىۋىسىگە شۈكۈر ـ قانائەت قىلىشى كېرەك ئىدى. دېھقان ئۈچۈن يەر تېرىشتىن باشقا ئىش قىلىمەن دېيىش ھاماقەتلىك ھېسابلىناتتى. زاۋۇت قۇرۇش، سودا ـ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇمىغان، يۇقىرى مەلۇمات ئالمىغان، قولىدا تۆت تەڭگە دەسمايىسى يوق ئادەملەرنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇ ئىككى ساۋاقدىشىنى قايىل قىلىشقا كۆزى يەتمىگەندىن كېيىن، ئۇلارنى كەچلىك تاماققا كېلىشكە تاپىلاپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

نازاكەتنى مۇھەممەتنىڭ پىلانى خېلىلا قىزىقتۇرغانىدى. ئۇ ئۇيان ـ بۇيانىنىڭ پاراڭلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، گەپنى مۇھەممەتنىڭ پىلانىغا يۆتكىدى:

— شۇنداق قىلىپ سېنىڭ مېۋە ـ چېۋىگە ئىش قوشۇش زاۋۇتى قۇرۇش پىلانىڭنى بۇ يېزىدا ھېچكىم قوللىمىدىمۇ؟

— قوللىدى، — دېدى مۇھەممەت ئويچانلىق بىلەن، — مەھەللىدىكى يەتتە ـ سەككىزچە ئاغىنىلىرىمگە دېگەنىدىم. ھەممىسى ئانچە ئىشەنچ قىلالمىغان بولسىمۇ، قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئۇلارنى سەنمۇ تونۇيسەن. ھەممىسى پاراللېل

ئوقۇغان ساۋاقداشلار.

— ئەمىسە، نېمىشقا ئىش باشلاشقا ھەرىكەت قىلمىدىڭ؟

— مەبلەغ يوق، مەبلەغ جەھەتتىن قىسىلىدىكەنمىز.

— سىنىڭچە، قانچىلىك مەبلەغ كېتەر؟

— بۇنىڭغا ھازىرچە مەنمۇ بىر نېمە دېيەلمەيمەن. ئاز بولغاندىمۇ بىرەر يۈز مىڭ كوي پۇل كېتەر، — مۇھەممەت نازاكەتنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئۆزىگە ئۈمىد بىلەن تىكىلگىنىنى كۆرۈپ تەپسىلىيرەك چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى، — مېنىڭ پىلانىمدىكىسى ئانچە چوڭ تىپتىكى زاۋۇت ئەمەس. ھازىرچە ئۆزىمىزنىڭ ۋە قوشنا بىرقانچە يېزىنىڭ مېۋە - چېۋىلىرىنى بىر تەرەپ قىلالىغۇدەك ئىقتىدارغا ئىگە بولسىلا بولىدى، كېيىن بازار ۋە ئېھتىياجغا قاراپ كېڭەيتىۋالغىلى بولاتتى. بىراق، ھالقىلىق مەسىلە پۇلدا بولۇپ قالدى.

— بىلىشىمچە، ئابدۇسېلىم بىلەن ئالاقىلىشىپ، تىجارەت ھەققىدە مەسلىھەتلىشىپتىكەنسەنغۇ؟ — سورىدى نازاكەت ئۈزۈلۈپ كېتەيلا دەپ تۇرغان ئۈمىد يىپلىرىغا مەھكەم ئېسىلىۋېلىپ.

— ھە، بۇ مۇنداق ئىش، — دېدى مۇھەممەت چۈشەندۈرۈپ، — بايا تېخى ساڭا دېيىشنى ئويلىغان، ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ. ئابدۇسېلىم ئۆتكەندە يازغان خېتىدە گۇلە - قاق، ياڭاقلارنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردە بازىرى ئىتتىكلىكىنى، باھاسىنىڭمۇ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى يېزىپتىكەن. مەن ئەل - ئاغىنە، تۇغقانلاردىن ئازراق قەرز ئېلىپ، نەق - نېسى بولۇپ يېزىمىز تەۋەسىدىنلا بىرەر ماشىنا كەلگۈدەك مال تەييارلاپ قويغانىدىم. ئابدۇسېلىم تۆت - بەش ماشىنا مالنىڭ گېپىنى قىلغانىدى. ئەمما، ئۇنچىلىك مال تەييارلىيالمىغۇدەكمەن. قولۇمدىكى ئاشۇ بىر ماشىنا مالنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ باقاي دېگەن. سودا قاملىشىپ قالسا، زاۋۇت قۇرۇشقا تۇشلۇق پۇل تېپىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن باشقا پىلانلىرىمنى ئويلىشارمەن.

— مالغا ئۇرۇمچىدە راستلا خېرىدار تاپالارسەنمۇ؟

— ئابدۇسېلىم بۇ ئۇچۇر بەك ئىشەنچلىك، تېزرەك تۇتۇش قىلساڭ چوقۇم مۆلچەردىكىدىن كۆپرەك پايدا ئالالايسەن دېگەن. ئابدۇسېلىم، خالمۇراتلارغىمۇ خەت يېزىپ قويدۇم. ئۇلار مالنى ئۇرۇمچىگە ئاپىرىشىمغىلا ئۆتكۈزۈۋالىدىغان خېرىدار تېپىپ قويىدۇ.

— قاچانلاردا يولغا چىقىسەن؟

— ئالدىمىزدىكى ھەپتىنىڭ ئاخىرلىرىدا، — مۇھەممەت نازاكەتتىن خالمۇراتقا ئەۋەتىدىغان نەرسە - كېرەك بارمىدى، دەپ سورىماقچى بولۇپ يەنە دەرھال گېپىنى ئۆزگەرتىۋالدى، — قانداق، ماڭا تاپىلايدىغان بىرەر ئىش بارمىتى؟

— مەنمۇ ساڭا بىرەر ماشىنا مال تەييارلاپ بېرەيمىكىن دەيمەن، — دېدى نازاكەت ئىشەنچ بىلەن.

نازاكەتنىڭ بۇ جاۋابى مۇھەممەتنى ھەيران قالدۇردى.

— بۇ گېپىڭ راستمۇ، چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسەن.

— قانداق، مېنى قىز بالا، بۇنداق ئىشلار قولىدىن كەلمەيدۇ دەپ ئىشەنچ قىلالمايۋاتامسەن؟ — ياندۇرۇپ سورىدى نازاكەت رەنجىگەن قىياپەتتە.

— ياق - ياق، ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس، بىراق...

— بولدى، شۇنداق بولسۇن، — دېدى نازاكەت كەسكىنلىك بىلەن، — بىر قانچە يېزىدا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىز بار. شۇلارنىڭ قېشىغا چىقىپ ھەرىكەت قىلىپ كۆرەي، يەنە بىر - ئىككى ماشىنا مال تېپىلىپ قالار. بىللە سودا قىلايلى.

قىزنىڭ جاۋابىدىن مۇھەممەت چەكسىز سۆيۈنۈپ كەتتى، ۋۇجۇدىنى ھاياجانلىق تۇيغۇلار چىرمىۋالدى.

— ماڭا ئىشەنگىنىڭگە رەھمەت، نازاكەت.

— ساڭا ئىشىنىمەن، بايا دېگەنلىرىڭ ھەرگىزمۇ قۇرۇق، خىيالىي تەسەۋۋۇر ئەمەس. بىز چوقۇم ئۆز ئالدىمىزغا ئىگىلىك تىكلىيەلەيمىز. ئىش كۆتۈپ تۇرغان باشقا ساۋاقداشلارنىمۇ

ھەرىكەتلەندۈرەيلى.

— شۇنداق قىلايلى، — مۇھەممەتنىڭ كۆزىدە خۇشاللىق، ئىشەنچ نۇرلىرى بالقىدى، — سەن ماڭا يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىشىم ئۈچۈن يول كۆرسەتتىڭ، ئەقىل كۆزلىرىمنى ئاچتىڭ. نېمىشقىمۇ بۇرۇنراق سىلەرنى ئويلىمىغاندىمەن.

— سېنىڭ كاللاڭ داۋاملىق كېچىكىپ ئىشلەيدۇ!

نازاكەتنىڭ ئويلىمىغان يەردىن قىلغان بۇ چاقچىقى مۇھەممەتنىڭ يۈرەك يارىسىنى قوزغاپ قويدى. ئۇ شۇنداق بىر مۇڭلۇق، شۇنداق بىر ئىلتىجالىق نەزەر بىلەن قىزغا لاپپىدە قارىدى ـ دە، دەرھال نەزىرىنى يىراق دالاغا ئاغدۇردى. نازاكەت يىگىتنىڭ شۈكلەپ قالغانلىقىنى كۆرۈپلا، دېمەيدىغان گەپنى قىلىپ مۇھەممەتنىڭ مەجبۇرىي دۇملەنگەن ئىشق دەرۋازىسىنى چېكىپ سالغانلىقىنى سەزدى ـ دە، ئوڭايسىز بىر تۇيغۇدا لېۋىنى چىشلىدى.

ئىزغىرىن كەچ كۈز شامىلى مەڭزىلەرنى سوغۇق سىيپايتتى، تۇيۇقسىز قايتا يېلىنجاشقا باشلىغان مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرىنى ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بولغاندەك قاتتىق ـ قاتتىق سوقاتتى. مۇھەممەت نەزىرىنى قىزغا ئاستاغىنا ئاغدۇردى. ھەئە، ئەتىگەن كۆرۈشكەندىن بېرى تۇنجى قېتىم قىزغا ئاشىقلىق كۆزى بىلەن قارىدى. ئۆزىدىن بىر قەدەم يىراقلىقتا تۇرغان ئاشۇ نازۇك قامەتنى قۇچاقلاش، ئالمىدەك مەڭزىگە، چىرايلىق لەۋلىرىگە قانغۇچە سۆيۈش ئىستىكى ۋۇجۇدىدا كەلكۈن ياسىدى، ۋۇجۇدى گۈلخان بولۇپ ياندى، ئاخىرقى ھېسابتا يىگىت ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

كۈن غەرىبكە قىيسايغان بولۇپ، پېشىن ۋاقتى بولغانىدى. نازاكەت بىلەن مۇھەممەت ئانارگۈلنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئوخشىتىپ ئېتىلگەن مانتىنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى، ئاندىن كېيىن ئانارگۈلنىمۇ ئېلىۋېلىپ باشقا ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىشتى.

خېلى كۆپ قىسىم ساۋاقداشلىرىنىڭ (بولۇپمۇ قىزلارنىڭ) توي قىلغانلىقى ياكى توي قىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقى نازاكەتنى بەكمۇ بىئارام قىلدى. ئۇ ساۋاقداشلىرىغا ئالدىراپ توي قىلماسلىق ھەققىدە ئىككى ئېغىز گەپ قىلمىغان، ئۇلارنى بۇ ئىشتىن توسمىغان بولسىمۇ، چىرايىدىن خاپا بولغانلىقى، بىئارام بولغانلىقى بىلىنىپ قالدى. كۆڭلى غەش بولدى. لېكىن، ئاخىرقى ھېسابتا مېۋە ـ چېۋىگە ئىش قوشۇش زاۋۇتى قۇرۇش ئۈچۈن بىر قىسىم ساۋاقداشلىرىنىڭ ماددىي جەھەتتىن مەبلەغ سېلىشقا كۆنگەنلىكى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىكنى تۈگىتىپ خېلىلا روھلاندۇردى. ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندىلا ساۋاقداشلىرى بىلەن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا خوشلاشتى. نازاكەت شەھەرگە گويا ئېزىپ قالغان ئادەم يولىنى تېپىۋالغاندەك خۇشاللىق بىلەن ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.



# توققۇزىنچى باب

# يىگىت ئاشىق، قىز بىخەۋەر

## 1

نازاكەتنىڭ يېزىغا چىقىپ كىرىپلا ئادەتتىن تاشقىرى روھلىنىپ كېتىشى، ئەس ـ يادى قىزىنىڭ غېمىدە بولۇپ قالغان ياقۇپ ئاكىنى خېلىلا خاتىرجەم قىلدى. ئۇ نازاكەتنىڭ باشقا ۋاقىتلاردىكىگە ئوخشاش، بامدات نامىزىدىن كېيىن جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۇزاق كۆز يېشى قىلماي، نامىزىنى ئۆتەپ بولۇپلا، ئەتىگەنلىك ناشتىنى كۆڭۈل قويۇپ تەييارلاپ، ئىنى ـ سىڭىللىرىنى ئەركىلىتىپ، چاقچاقلىشىپ يۈرگىنىنى، ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بارالمىغان بىر قىسىم ساۋاقداشلىرى بىلەن ئىزدىشىپ، قانداقتۇر بىر ئىشلار ھەققىدە كۇسۇرلىشىپ، كۆڭۈللۈك پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قىزىنىڭ روھىي ئازاب، غەم ـ غۇسسىلەردىن تېزلا قۇتۇلۇپ كەتكەنلىكىگە شۈكۈر قىلىپ، يەڭگىل تىن ئالدى.

ياقۇپ ئاكا كېسەلخانىغا كىرىپ كەلگەندە، ئايالى ئاچىسى بىلەن قانداقتۇر بىر ئىش توغرۇلۇق قىزغىن پاراڭلىشىۋاتاتتى. ھەلىمىخان كەلگەندىن بۇيان ئايالىنىڭ روھىي ھالىتى ۋە سالامەتلىكىدە باشقىچە جانلىنىش بولۇۋاتاتتى. ئۇلار ياقۇپ ئاكىنى كۆرۈپ دەرھال پاراڭلىرىنى توختىتىپ بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋالدى.

— مەن ئۆيگە بېرىپ تاماق قىلاي، سىز ياقۇپ ئاخۇن بىلەن

ئوبدانراق مەسلىھەت قىلىشىپ بېقىلى، — دېدى ھەلىمىخان ئاچا سىڭلىسىغا بەكرەك جېكىلەپ.

— سىلىنى تازىمۇ بىر جاپادا قويدۇق ھەلىمىخان، — دېدى ياقۇپ ئاكا قېيىنئاچىسىغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ، — نازاكەت قىزىمۇ سىلىنى بار دەپ، ئۆيىنىڭ ئىشلىرىغا تازا قول تىقماس بولۇۋالدى.

— ئۇنداق دېمىسىلە ياقۇپ ئاخۇن، نازاكەتخانىمۇ ئاز جاپا تارتمىدى. بىرنەچچە كۈن ھاردۇقىنى چىقىرىۋالغاچ، ئاداشلىرى بىلەن ئويىنىۋالسۇن، — ھەلىمىخان ئاچا سەل توختىۋېلىپ گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — بىچارە بالا بىرەرنگە مال ئۇقۇشۇپ بېرىشكە ۋەدە قىلىپىمىدىكىنتاڭ، «شامالباغدىن بىرەر ماشىنا گۇلە ـ قاق تېپىلارمۇ» دەيدۇ.

— قانداق قىلىدىكەن بىر ماشىنا گۇلە ـ قاقنى؟ — سورىدى ياقۇپ ئاكا ھەم قىزىققان، ھەم گاڭگىرىغان ھالدا.

— مەنمۇ تازا بىلىپ كېتەلمىدىم. شامالباغدىغۇ ھەممە ئادەمنىڭ بېغى بار، بىرەر ماشىنا گۇلە ـ قاق دېگەن بىزنىڭ مەھەللىدىنمۇ چىقىپ قالىدۇ. ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆيىدىن بىرەر ـ يېرىم تاغاردىن گۇلە ـ قاق، بادام ـ ياڭاق چىقماي قالمايدۇ. شامالباغقا چىقىپ ئىسمايىلجان ئاكام بىلەن كۆرۈشۈپ باقايمىكىن دەۋاتاتتى، — ھەلىمىخان ئاچا ئەمدى ئوغلىنى داڭلاشقا كۆچتى، — بىچارە بالامنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم بولغىنىغا قارىماي، خوتۇندىن تەلىيى چىقمىدى. ئۆتكەن ئايدا بېرىشىدا ئۇرۇمچىگە تېرە يۆتكەپ، قايتىشىدا شامالباغقا ئاق ئوغۇت يۆتكەپ ئوبدانلا پايدا ئالدى دېسىلە، خېلى يۇرۇشى بار بالا بولدى.

ھەلىمىخان ئاچىنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى ياقۇپ ئاكىنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. «نازاكەت قىز شۇنچىۋالا گۇل ـ قاقنى نېمە قىلىدىغاندۇ؟ بۇ ئىشنى ئەجەب مېنىڭ مەسلىھەتىمگە سالماپتۇ يا. نېمە ئىش قىلماقچى بولسا مەندىن يوشۇرمايتتىغۇ ئۇ بالا.

تۇنۇگۇندىن بېرى بىر قانچە ساۋاقداشلىرى بىلەن كۇسۇرلىشىپ يۈرگىنىمگە قارىغاندا...»

— قوپسىلا، ئاچامنى ئۈزىتىپ قويۇپ كىرسىلە.

ياقۇپ ئاكا چۆچۈپ خىيالدىن باش كۆتۈردى ۋە ياتاقتىن چىقىپ كېتىپ بارغان قېيىنئاچىسىنىڭ كەينىدىن چىقىپ ئۈزىتىپ قويدى.

— يېقىنراق كەلسىلە، مەسلىھەتلىرىگە سالىدىغان گەپ بار، — دېدى ھەسەلخان ئاچا ياقۇپ ئاكىغا قېشىدىن جاي كۆرسىتىپ.

ياقۇپ ئاكا ئايالىنىڭ قېشىغا كېلىپ كارىۋاتنىڭ لېۋىگە جايلاشتى - دە، «نېمە گەپ» دېگەندەك قىلىپ ئايالىغا تىكىلدى. ھەسەلخان ئاچا گەپ قىلىشقا ئاغزىنى ئۆمەللەپ بولۇپ يەنە بىردىنىلا جىمىپ قالدى. قارىماققا ئۇ مەقسىتىنى دېيىشكە قىسىلىۋاتقاندەك، ئېرىنىڭ قوشۇلماسلىقىدىن ئەنسىرەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— قېنى، دېمەمسىلە، — دېدى ياقۇپ ئاكا ئايالىغا مەدەت بېرىپ.

— ئاچام نازاكەت قىزىمىزنى سوراپ كىرىپتۇ.

ئايالىنىڭ بۇ گېپىنى ياقۇپ ئاكا دەماللىقتا ئاڭقىرالمىدى.

— نازاكەت قىزنى سوراپ كىرىپتۇ دەمسىلە؟

— ھەئە، بالا قىلىۋالسام دەيدۇ.

ياقۇپ ئاكا ئايالىنىڭ دېگىنىنى ئەمدى تولۇق چۈشەندى. بۇ گەپ ئۇنىڭغا ھەم تاسادىپىي، ھەم غەلىتە بىلىندى.

— چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسىلە خوتۇن، — دېدى ياقۇپ ئاكا ئايالىنىڭ چىرايىغا سىناش نەزىرى بىلەن تىكىلىپ.

— چاقچاق قىلمىدىم، — دېدى بايامقى جىددىيچىلىكتىن، روھىي بېسىمدىن بىر ئاز قۇتۇلۇپ، ئۆزىنى يەڭگىل سېزىشكە باشلىغان ھەسەلخان ئاچا ئېرىگە دادىل قاراپ، — ئىسمايىلجانغا ئېلىپ بېرىپ كېلىن قىلىۋالسام دەيدۇ.

— ئىسمايىلجاننىڭ خوتۇنى بارغۇ؟ — ياقۇپ ئاكىنىڭ

تەلەپپۇزى بىر ئاز قاتتىق چىقتى.

— يامانلاپ كەتكىلى ئۈچ ئايدىن ئېشىپتۇ. يېقىندا ئاجراشماقچىكەن، — ياقۇپ ئاكىنىڭ تاماكا چېكىشكە تۇتۇنغانلىقىنى كۆرۈپ ھەسەلخان ئاچا گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — ئاچامنىڭ دېيىشىچە، ئۇ بالا توي قىلغاندىن بىرى پەقەتلا كېلىشەلمەپتۇ، ئىككى يىلدىن بېرى كېلىنى قورساق كۆتۈرمەپتۇ. ئاچام «ياتنىڭ دەردىنى تارتقۇچە، تۇغقاننىڭ دەردىنى تارتاي، نازاكەت قىزنى بالا قىلىۋالسام» دەپ بەك چىڭ تۇرۇۋالدى.

— سىلى نېمە دەپ جاۋاب بەردىڭلا؟

— ئاچامنىڭ كۆڭلى بەك نازۇك... شۇڭا سىلى بىلەن بىر مەسلىھەت قىلىشاي دەپ... ھەرھالدا مەندىن يالا ئايىدى دەپ رەنجىپ قالمىسۇن...

ياقۇپ ئاكا گەپ قىلماي يەنە تاماكا ئوراشقا تۇتۇندى. ھەسەلخان ئاچا راستلا تەڭقىسلىقتا قالغانىدى. ئۇ بۇ ئىشقا ئېرىنىڭ قوشۇلمايدىغانلىقىنى باشتىلا پەملىگەن، لېكىن ئاچىسىنىڭ تەلىپىنىمۇ دەماللىققا رەت قىلىۋېتىشكە يۈزى چىدىمىغانىدى. چۈنكى، ئاچىسىنىڭ خېلىلا قول ئىلكىدە بولۇپ، شامالباغ يېزا بازىرىدا قاسساپلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بۇ ئائىلە، يېزا تەۋەسىدە خېلى نامى بار باي ئائىلىلەردىن ھېسابلىناتتى. ئۇ سىڭلىسىغا بەك كۆيۈنەتتى، ئىقتىسادىي جەھەتتىنمۇ ياردەم قىلىپ تۇراتتى. بۇ قېتىم ھەسەلخان ئاچا دوختۇرخانىدا يېتىپ قېلىپ، ياقۇپ ئاكا تازا پۇلغا زار بولۇپ تۇرغاندا بەش مىڭ يۈەن پۇل بېرىپ تۇرغانىدى. ياقۇپ ئاكىنىڭ ئۈن چىقارماي پۇرقىرىتىپ تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇشى ھەسەلخان ئاچىنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزىۋەتتى. ئۇ ئائىلىسىنىڭ قىلچىلىك ئىقتىسادىي يۆلىنىشى كۆتۈرۈشۈپ بېرەلمىگىنىنى ئاز دەپ، ئاغرىپ قېلىپ ئېرىنى بىرمۇنچە قەرزگە بوغۇلدۇرۇپ قويغانلىقىدىن ئەپسۇسلىناتتى. بۇ ئاز قەرز

ئەمەس ئىدى. قەرزدىن ۋاقتىدا قۇتۇلۇپ كېتەلمىسە، نازاكەتنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ چوڭ بولۇۋاتقان ئىنى - سىڭىللىرىمۇ نازاكەتنىڭ تەقدىرىگە ئوخشاش تەقدىرگە دۇچار بولاتتى. ئۇ چاغدا ئانا بالىلىرىغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىدۇ. بەش بالىدىن بىرەرىنىمۇ بولسا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتالمىسا ئەل - جامائەت، ئېپى - مەلە ئالدىدا ئاتا - ئانا بولغۇچىنىڭ يۈزىگە سەت ئەمەسمۇ؟

«هازىرقى ئەھۋالىڭلار ماڭا ئايان، — دېگەنىدى ئاچىسى مەقسىتىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمايلا، — نازاكەت قىزنى ئەمدى بەرىبىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتالمايدىڭلار. ئىشەك قەرزنى گەدىنىڭلىگە ئارتىۋالساڭلار، باشقا بالىلىرىڭلارنىمۇ ئوقۇتالمايسىلەر. مېنىڭچە، بولسىغۇ شۇنداق ياردەم بەرگۈم بار، ئەمما مەن سىزگە تۇغقان بولغىنىم بىلەن ئىسمايىلجاننىڭ دادىسى يات. ھېچنېمىدىن - ھېچنېمە يوقلا سىلەرنىڭ قەرزىڭلارنى تۆلىشىپ بېرەيلى دېسەم، ئاكىڭىزنى ماقۇل كەلتۈرەلمەسلىكىم مۇمكىن. مەنمۇ ياقۇپ ئاخۇن بىلەن ھەسەلخان نازاكەت قىزنى بىزگە بالىچىلاپ بېرىۋەتتى دەپ چىقسام، ئاكىڭىزنىڭ ئالدىدا گېپىم چوڭ بولىدۇ. نازاكەت قىزنىڭ تويلۇقى، تويىنىڭ ئاشسۈيى دەپ ئون بەش مىڭ كوي پۇل بېرىشكە ماقۇل كەلتۈرىمەن. بۇ پۇلدىن تويغا ئالتە - يەتتە مىڭ كوي چىقىم قىلساڭلار، قالغىنىنى قەرزىڭلىگە بېرىپ خاتىرجەم بولىسىلەر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى بەش مىڭ كوي پۇلنى ئېغىزغا ئېلىشقا ئاكىڭىزمۇ ئۇيىلىدۇ. سىلەرنىڭمۇ قايتۇرۇشۇڭلارنىڭ ئورنى قالمايدۇ، ئون - ئون بەش مىڭ كوي پۇل خەجلەيدىغان بولسام نازاكەت قىزدىن قېلىشمىغۇدەك كېلىنىنى ھەرقانداق يەردىن تاپالايمەن. مەندىن كەتسە سىزگە كەتسۇن دەۋاتىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسمايىلجانىمۇ چىراي، بوي - بەستى كېلىشكەن بالا. ناھايىتى نازاكەت قىزدىن ئالتە - يەتتە ياش چوڭ چىقىدۇ. ياقۇپ ئاخۇنغا مەقسىتىمنى ئالدىرىماي

تەپسىلىي چۈشەندۈرۈڭ...»

ئاچىسىنىڭ سۆزلىرىنى ھەسەلخان ئاچا ئاخىرقى ھېسابتا توغرا تاپتى. «بەرىبىر بىرەر يىل ئۆتسە نازاكەت قىزنىڭ باش ئاغرىقى بولغىلى تۇرىدۇ. قىز بالىنى بەرىبىر ياتلىق قىلىدىغان گەپ. تونۇشمايدىغان، بىلىشمەيدىغان ئادەملەر بىلەن قۇدا بولۇپ، كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىپ يۈرگۈچە، ئاچامنىڭ مەسلىھەتىگە ماقۇل دەي. نازاكەت قىزىمۇ يوقسۇزلۇقنىڭ، قېيىنئانىنىڭ دەردىنى تارتىپ يۈرمىسۇن. بىزمۇ قەرزدىن ئاسانراق قۇتۇلۇپ، ئۇكىلىرىنىڭ ئىستىقبالى ھەققىدە باش قاتۇرايلى». ھەسەلخان ئاچا مۇشۇلارنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، دەسلەپتە نازاكەتنى قۇربانلىق قىلىۋەتكەندەك، ئىستىقبالىنى دوغا تىكىۋەتكەندەك، نازاكەتكە نىسبەتەن تازا ئادىللىق بولمىغاندەك تۇيغۇدىكى كۆڭۈل بىئاراملىقى خېلىلا بېسىلىپ قالدى، روھىي بېسىمدىن قۇتۇلغاندەك بولدى. نازاكەتكە گۈزەل بىر ئىستىقبال، كۈتۈلمىگەن بىر ئامەت قۇچاق ئېچىۋاتقاندەك بىلىنىپ، تەڭرىگە شۈكۈر ـ سانا ئېيتتى، قىزىنىڭ بەختىدىن شادلاندى.

ئەپسۇسكى، ياقۇپ ئاكىنىڭ گەپ قىلغىلى ئۇنىماي پۇرقىرىتىپ تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇۋېلىشى ئۇنىڭ بايامقى خۇشاللىقلىرىنى خۇددى توزغاقتەك توزۇتۇۋەتتى. ياقۇپ ئاكا ئۈزمەي تاماكا چېكىۋاتاتتى. ھەسەلخان ئاچا بۇ ئازابلىق سۈكۈتكە پەقەتلا چىدىيالمىدى. ئاخىر ئاچىسىنىڭ سۆزلىرىنى، ئۆزىنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرىنى بىرمۇبىر ئالدىرىماي سۆزلىدى، سۆزلەپ بولۇپ ياقۇپ ئاكىنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ جىمجىت ئولتۇردى. ئەمما، ئېرىنىڭ ئاغزىدىن بىرەر ئېغىز سۆز ئەمەس، ھە دەپ پۇرقىراپ كۆكۈچ تاماكا ئىسى چىقىۋاتاتتى.

ئانىسىنىڭ كۆزىگە ئوغۇل، دادىسىنىڭ كۆزىگە قىز چوڭ بولمىغاندەكلا كۆرۈنىدۇ. شۇڭىمۇ قىزنى تالالىق قىلىشقا ئانا، ئوغۇلنى ئۆيلەشكە دادا بەك ئالدىرايدۇ. شۇ دەقىقىدە ياقۇپ

ئاكىسىنىڭ نەزىرىدە نازاكەت تېخى رەسىدە بولمىغان قىز ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ كۆز ئالدىدىكى پايدا ـ مەنپەئەتنى دەپ رەھىمسىز موھتاجلىقتىن قۇتۇلۇشنى كۆزلەپ، يەڭگىلتەكلىك بىلەن قىزىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىشقا يۈرىكى ئۇنىمايۋاتاتتى، ئاتىلىق بۇرچى ئۇنى رەھىمسىزلەرچە ئەيىبلەۋاتاتتى. «ۋادەرىخ، بىچارە ئاتىنى ئىككى تاشنىڭ ئارىلىقىدا نېمانچە قىستايدىغانسەن ـ ھە !»

ئېرىنىڭ مۇرەككەپ روھىي ھالىتىنى چۈشەنگەن ھەسەلخان ئاچا، ئۇنىڭ بىچارە تۇرقىغا قاراپ يۈرىكى ئېچىشتى، كۆزىگە مۆللىدە ياش كەلدى. ئاشۇ كۆكۈچ تاماكا ئىسى ئارىسىدا بارغانسېرى كىچىكلەپ كېتىپ بارغاندەك كۆرۈنۈۋاتقان ئېرىنىڭ ۋىجىك قامىتىگە قاراپ تۇرۇۋېرىشكە چىدىماي كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. شۇنداق، زېرەك، ئەقىللىك ئاياللار ئۇچۇن ئېرىنىڭ بىقۇۋۇللۇقىنى، بىچارە تۇرقىنى كۆرۈشتىنمۇ ئارتۇق ئازاب يوق. ھەقىقىي ئايال ئېرىنىڭ مەغرۇرلۇقىدىن سۆيۈنىدۇ، پەخىرلىنىدۇ.

## 2

نازاكەتنىڭ ھېلىقى كۈنى مۇھەممەتكە ئىشەنچلىك ھالدا بىر ـ ئىككى ماشىنا مال تەييارلاپ بەرمەكچى بولغانلىقىنى پۈرىتىشىدا مەلۇم سەۋەب بار ئىدى. ئۇ ساۋاقداشلىرىغا، يېزىدىكى تۇغقانلىرىغا، بولۇپمۇ نەۋرە ئاكىسى ئىسمايىلجانغا زور ئۈمىد باغلىغانىدى. چۈنكى، ئۇ ئىسمايىلجاننىڭ تېرە، ئۇغۇت، سولياۋ يوپۇق سودىسى قىلىپ، ئۈرۈمچى، ھەتتا ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ـ كېلىپ تىجارەت قىلىدىغانلىقىنى، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭمۇ ياخشىلىقىنى، بەش ـ ئون مىڭ كوي پۇلنى بىرەر ئايلىق سورىسا گەپ يوق بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى، شامالباغ ۋە قوشنا يېزىلاردىن مال ئۇقۇشۇپ بېرىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا

كەلتۈرگەنىدى. ئۇ ھامىسى ھەلىمخان ئاچىدىن ئانچە - مۇنچە گەپ سوراپ باققان بولسىمۇ، نىمە ئۇچۇنلىقىنى - مەقسەت - مۇددىئاسىنى يوشۇردى، ئىشلىرى يۇرۇشۇپ بولغۇچە دادىسىدىنمۇ مەخپىي تۇتۇشنى قارار قىلدى.

ئىسمايىلجانغا چاقىرغۇ قىلىنۇېدى، ئۇ دەرھال چاقىرغۇ قايتۇردى. نازاكەت تېلېفوندا ھازىرلا شامالباغقا چىقماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، يۈزتۇرا كۆرۈشۈپ دەيدىغان مۇھىم گېپى بارلىقىنى، ئۆزىنى ساقلاپ تۇرۇشنى ئېيتىپ تېلېفوننى قويۇۋەتتى - دە، دەرھال دوختۇرخانىغا كېلىپ ئانىسى بىلەن ھامىسىغا شامالباغقا ھازىرلا چىقىپ - كىرىدىغان ئىشى بارلىقىنى، ئىككى - ئۈچ كۈنلەردىن كېيىن قايتىپ كىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

نازاكەتنىڭ بۇ قارارىدىن ئانىسى بىلەن ھامىسى ھەم ھەيران قالدى، ھەم خۇشاللاندى.

— مەيلى، بولسا شۇنداق قىلىڭ قىزىم، — دېدى ھامىسى ۋە نازاكەتنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئەللىك كوي پۇل تۇتقۇزدى، — بۇ پۇلغا ئىسمايىلجانغا يېگۇدەك بىرنەرسە ئالغاچ چىقارسىز.

نازاكەت شامالباغقا چىقىپلا ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان ئىسمايىلجان بىلەن كۆرۈشتى. ئوقۇغۇچىلىق كىيىملەرگە خاس پاكىز، رەتلىك كىيىنىۋالغان، بىرئاز قورساق سېلىپ سەمرىشكە باشلىغان ئېگىز بويلۇق بۇ يىگىت قارىماققا خېلى كۆچتۈڭگۈر كۆرۈنەتتى، مەڭزىنى تىلىۋەتكەندەك ئىككى سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تىك تارتۇق چىرايىغا سۇرلۇك تۈس بېغىشلايتتى. ئۇ ئاپتوبۇستىن چۈشۈۋاتقان نازاكەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەھۋال سورىدى:

— تىنچ - ئامان كەلدىڭمۇ، ھەسەلخان ئانام، ياقۇپ دادامىلارنىڭ ئەھۋالچۇ؟

نازاكەت نەۋرە ئاكىسىنىڭ ئارقىمۇئارقا سورىغان سوئاللىرىغا «ياخشى» دەپ بىر ئېغىزلا جاۋاب بەردى.

— يۇرە، ئاشخانىغا كىرىپ بىرەر قاچىدىن تاماق يەيلى.
— قورسىقىم ئاچمىدى، — دېدى نازاكەت ئۆزرە قويۇپ، — سېنىڭ ئاچقان بولسا مەيلى، بولمىسا تاماق يېمەيلى.
— بىرەر قاچا تاماق دېگەن قورساققا پېتىپ قالار. سەھرادىمۇ شەھەردىن قېلىشمىغۇدەك تاماق ئېتىدۇ جۇمۇ.
— راستلا قورسىقىم ئاچمىدى، — دېدى نازاكەت ۋە نەۋرە ئاكىسىنىڭ كۆڭلەكتىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان قورسىقىغا قاراپ چاقچاق قىلدى، — سەنمۇ تاماقنى قەرەللىك، ئازراق يېگىن. قارا، سەمرىپ قورساق سېلىپ كەتكىنىڭنى.
يىگىت قورسىقىنى سىلاپ قويۇپ كۈلدى.
— سەمرىپ كېتىشتىن ئەنسىرىگىلى قىز بالىمىتىم مەن. ئوغۇل بالا دېگەن يېگەن ـ ئىچكەندەك، سوقا ـ سەندەلدەك بولغىنى ياخشى. زىيادە ئورۇق بولۇپ كەتسىمۇ، قىزلار «پوت ـ قولىنىڭ جېنى يوق، ئەرۋاھ ئىكەن» دەپ ياراتمايدۇ.
نازاكەت نەۋرە ئاكىسىنىڭ گېپىگە كۈلۈپ قويۇپ، جاۋاب قايتۇرمىدى.
يېزا بازىرى دېگەن شۇ. سىرتتىن بىرەر ناتونۇش ئادەم، بولۇپمۇ بويىغا يەتكەن ناتونۇش قىزلار پەيدا بولۇپ قالدىمۇ، يېغىياچىلىقى شۇ ھامانلا چېنىپ قالىدۇ. مانا ھازىرمۇ كىشىلەر شامالباغدىكى نامى بار بايۋەچچە ئىسمايىلجاننىڭ قېشىدىكى مۇنۇ قىزغا ھەر خىل نەزەرلىرى بىلەن تىكىلىشمەكتە، كۇسۇرلاشماقتا. نازاكەت بىر ئاز قورۇندى.
— ھاشىم دادام دۇكاندىمۇ؟
— دادام قوتاز ئەكېلىمەن دەپ تاغقا كەتكەن، — دېدى يىگىت، — ئىككى ـ ئۈچ كۈنلەردىن كېيىن كېلەرمىكىن.
— يۇرە ئەمىسە ئۆيگە كېتەيلى بۇ يەردە تۇرنۇەرمەي. ساڭا دەيدىغان مۇھىم گېپىم بار.
يىگىت يولىنىڭ چېتىگە توختىتىپ قويغان «suzuki» ماركىلىق موتوسىكلىتنى ئوت ئالدۇردى. نازاكەت ئەپچىللىك

بىلەن يىگىتنىڭ كەينىگە ئولتۇردى.

تال - باراڭلار بىلەن قورشالغان، ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى ئۇسلۇبى بىلەن ياسالغان ھەشەمەتلىك بۇ قورۇ - جاي نازاكەتكە تونۇشلۇق ئىدى. نازاكەت ئۆيدە نەۋرە ئاكىسىدىن باشقا ئادەمنىڭ يوقلۇقىدىن ئەجەبلىنىپ سورىدى:

— يەڭگەم كۆرۈنمەيدۇغۇ؟

— ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىدە.

— قاچان كەتكەن؟

— ئۈچ ئاي بولدى، يامانلاقلىق.

— نېمىشقا ئەكېلىۋالمىدىڭ؟

— ئاجرىشىدىغان بولدۇق.

— مىجەزى خېلى تۈزۈكتىغۇ چولپان ئاچامنىڭ، — دېدى نازاكەت نەۋرە ئاكىسىنىڭ بەخىرامان بەرگەن جاۋابلىرىدىن قانائەت ھاسىل قىلماي، — كېلىشىپ، ئۆي تۇتۇپ قالساڭلار بولمامدۇ؟

— ئۆي تۇتقۇچىلىكىمىز قالمىدى، — دېدى يىگىت يەنە قىسقىلا قىلىپ.

— ھەرقاچان سەن بوزەك ئەتكەنسەن.

— مەن شۇنداق ئەسكىمۇ؟ — يىگىت نازاكەتكە ئىچ كۆيەرلىك بىلەن قارىدى.

— ئەمىسە، چولپان ئاچام ئەسكىمۇ؟ — سورىدى نازاكەت چاقچاق ئارىلاش، — شەھەرمۇشەھەر تىجارەت قىلىمەن دەپ يۈرۈپ بۇزۇلغانسەن ھەرقاچان.

— ئۆيدە خوتۇنىنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرسا پۇل تاپقىلى بولمايدۇ. شەھەر - يۇرت ئاتلاپ تىجارەت قىلسا ئۇششاق گەپتىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. «يېغى ياندىن قوپار، بالا قېرىنداشتىن» دەپ، ئەمدى سەنمۇ ئىشەنمەيۋاتىسەن ماڭا.

نەۋرە ئاكىسىنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن بەرگەن بۇ جاۋابى نازاكەتنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى. يىگىتنىڭ ئانىسىنىڭ

شەھەرگە كىرىشتىكى مەقسىتىدىن ئاز - تولا خەۋىرى بار ئىدى. شۇڭلاشقا، نازاكەتكە نىسبەتەن قەلبىنىڭ بىر يەرلىرىدە ئاللىقانداق شېرىن ئارزۇلار بىخ سۈرۈشكە باشلىغانىدى. ئۇ نازاكەتنىڭ تۈيۈقسىز چىقماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئوڭايسىزلاندى ھەم جىددىيلەشتى، ھەم خۇشاللاندى. چاچ - ساقاللىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ياسىتىپ، پاكىز كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىپ قىزنى كۈتۈپ تۇردى. «ئەھۋالدىن قارىغاندا نازاكەت ئۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپمىغان ئوخشايدۇ. بولمىسا بۇنداق سوئاللارنى سوراپ يۈرمەس ئىدى. ئۇ بىلسە نېمە دەر، كاساپەت ھۆسنىگە تولۇپ بارغانسېرى چىرايلىقلىشىپ كېتىپتۇ. ئوقۇشقا بارالمىغاندىكىن بەربىر ئەرگە تېگىدۇ. بەلكىم ماڭا ياق دەپمۇ يۈرمەس. كىچىككىدىنلا ماڭا ئامراق ئىدى. شەھەرگە كىرسەم پايپاق - كۆڭلەكلىرىمنى يۇيۇپ بېرەتتى. ‹كىنو - تىياتىرغا ئەكىرگىن›، دەپ خەقىش قىلاتتى. تەقدىر رىزىق - نىكاھىمىزنى كېچىكىپ چاتقان بولسا ئەجەب ئەمەس...»

يىگىت قىزنىڭ گۈزەل جامالىغا، قوزىنىڭ تۇمشۇقىدەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىگە تىكىلگىنىچە شېرىن خىياللارغا غەرق بولغانىدى.

— قاراپلا تۇرىسەنغۇ ئىسمايىلجان ئاكا، ئولتۇرە، ساڭا دەيدىغان گېپىم بار.

يىگىت شېرىن خىيالدىن چۆچۈپ ئېسىگە كەلدى. قىزنىڭ ئەركىلىكى چىقىپ تۇرغان چىرايىغا ئوغرىلىقچە نەزەر تاشلىدى.

— ئالدىرىماي تۇر، ئاۋۋال داستىخان سالاي، يەل - يېمىشكە بولسىمۇ ئېغىز تېگىپ ئولتۇرايلى.

يىگىت داستىخاننى بىردەمدىلا ئالما، ئانار، ئامۇت، قوغۇن، ئۈزۈم قاتارلىق يەل - يېمىشلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتتى.

— ۋوي، تاسلا قاپتىمەن ئۇنتۇپ قالغىلى، — نازاكەت دەرھال سومكىسىدىن توخۇ كاۋىپى، گۆشگىردە قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ داستىخانغا قويدى.

— نېمانچە ئاۋارە بولۇپ كەتتىڭ، شۇنداقلا چىقساڭمۇ بولاتتىغۇ، — دېدى يىگىت ئۆزرە قويۇپ.

— توخۇ كاۋېپىغا سەن بەك ئامراق ئىدىڭ، شۇنداقلا چىقىشقا كۆڭلۈم قويمىدى. توخۇ گۆشىنى جىقراق يەپ بەرسەڭ ئورۇقلايسەن.

توخۇ كاۋېپىغا ئامراقلىقىنى نازاكەتنىڭ ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىدىن يىگىت تولىمۇ سۆيۈندى، ۋۇجۇدىدا سۆيگۈ ۋەسۋەسىسى غەليان كۆتۈردى.

— سېنى بولسا ئىككى ماشىنا، بولمىغاندىمۇ بىر ماشىنا گۈلە - قاق بولامدۇ، بادام - ياڭاق بولامدۇ، قۇرۇق يەل - يېمىش ئۇقۇشۇپ بېرەرمىكىن دەپ چىققانىدىم، — دېدى نازاكەت رەسمىي مەقسەتكە كۆچۈپ.

قىزنىڭ كۈتمىگەن يەردىن قويغان بۇ تەلىپى يىگىتنى بىر ئاز ئويلاندۇرۇپ قويدى.

— نېمە قىلىسەن ئۇنچە جىق يەل - يېمىشلەرنى، بىرەر چوڭراق سودىغا تۇتۇش قىلىۋاتامسەن نېمە؟

— راست دەيسەن، سودا قىلاي دەۋاتىمەن، — دېدى نازاكەت رەسمىي يوسۇندا، — ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بارالمىدىم. ئانامنى داۋالىتىمىز دەپ كۆپ قەرزدار بولۇپ كەتتۇق. تەشكىلنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئىش كۈتۈپ ئولتۇرسام بۇ يىقىندا خىزمەتكە ئورۇنلىشالمىغۇدەكمەن. ئۇرۇمچىگە ئوقۇشقا كەتكەن ساۋاقداشلاردىن بىر ئاز بازار ئۇچۇرى ئىگىلىگەنىدىم، تەۋەككۇل دەپ بىر مىدىرلاپ باقاي دەيمەن. دادامنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى يەڭگىللىتەلىسەم ئەجەب ئەمەس.

— بۇ ئىش سېنىڭ قولۇڭدىن كېلەرمۇ؟ — دېدى يىگىت دەرگۇمان بولغان هالدا.

— مېنى قىز بالا دەپ كەمسىتىۋاتامدىغانسەن، — دېدى نازاكەت نارازى بولغان هالدا، — سودىنى ئاياللار قىلىسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى يىگىت ئويلانغان هالدا، — ئەمما سودا قىلماق ئۇنچە ئاسانمۇ ئەمەس، ئۇنىڭمۇ نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلىرى، خەتىرى بار. پايدا بىلەن زىيان قەدەمدە بىر پۇتۇڭغا پۇتلىشىپلا تۇرىدۇ.

— بۇنىمۇ ئويلىشىپ قويدۇم. لېكىن، مەن نىيىتىمدىن يانمايمەن، — دېدى نازاكەت قەتئىيلىك بىلەن، — قانداق، ماڭا ياردەم قىلامسەن ـ يوق؟

— ياردەم قىلىشىمدا چاتاق يوق، — دېدى يىگىت كەسكىنلىك بىلەن، — هازىر دېهقانلارنىڭ قولىدا پۇل يوق تازا قىيىنلىپ تۇرۇۋاتقاندا، گۆلە ـ قاقلىرىنى سېتىۋالىمەن دېسەڭ، ئىشىكىڭنىڭ تۇۋىگە ئۆزلىرى ئەكېلىپ بېرىدۇ.

— يەنە بىر گەپ، — دېدى نازاكەت سەل روهلانغان هالدا، — مەن شامالباغقا قولۇمنى سېلىپلا چىقتىم. دېهقانلاردىن مال سېتىۋېلىشىمغا سەن پۇل بېرىپ تۇرسەن. مالنى بىر تەرەپ قىلىۋالسام بىرەر ئاي ئىچىدىلا پۇللىرىڭنى ئۆسۈمى بىلەن قايتۇرىمەن.

— نەدىمۇ ئۇنداق ئاسان ئىش بولسۇن، — دېدى يىگىت چىرايىنى ئۆزگەرتمەيلا، — مالنىمۇ مەن ئۇقۇشۇپ بەرسەم، پۇلنىمۇ مەن بېرىپ تۇرسام، پايدىنى سەن ئالساڭ... پۇلۇڭ بولمىسا سودا قىلىمەن دېمە.

يىگىتنىڭ بۇ جاۋابىدىن نازاكەت بىرئاز تېڭىرقىدى. كۆز ئالدىدىكى داغدام يول بىردىنلا غايىب بولۇپ، قارا جاڭگالغا كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى، ئاچچىق بىر تۇيغۇدىن يۇز مۇسكۇللىرى لىپىلداپ، كۆزىگە غىللىدە ياش كەلدى.

— چىدىماسلىق قىلما، سېنىڭ پۇلۇڭ بار. مېنىڭ پايدا ئېلىپ كېتىشىمگە چىدىماي قىزىل كۆزلۈك قىلىۋاتامسەن ـ نېمە؟

قىزنىڭ غەزەپلىك تۇرقىنى كۆرۈپ يىگىت پاراققىدە كۈلۈۋەتتى.

— قارا، چېقىشىپ قويسام، بىشەملىك قىلىپ كېتىشىڭنى، خاتىرجەم بول، ھەرگىز سېنىڭ ئاغزىڭدىكى، بولۇپمۇ سەندەك بىر قىز بالىنىڭ ئاغزىدىكى لوقمىغا چاڭ سالمايمەن. لېكىن، قولۇمدا راستىلا پۇل يوق. ھەممە پۇلنى چوڭراق بىر سودىغا دەسمايە سېلىۋەتكەنىدىم. ئەمما، مالنى دېھقانلاردىن نېسى ئېلىپ بېرىشكە مەن كېپىل.

نازاكەتنىڭ كۆڭلى بىرئاز ئارامىغا چۈشتى، نەۋرە ئاكىسىغا مىننەتدارلىق بىلەن قارىدى.

— يۈرە ئەمىسە، ھازىردىن باشلاپ مال ئۇقۇشىمىز.

— ئالدىرىما، — دېدى يىگىت، — ئاۋۋال مۇنۇ توخۇ كاۋىپىدىن يەپ قورسىقىمنى بىر توقلىۋالاي، دېھقانلار بىلەن كۆرۈشكەندە مېنىڭ ئاغزىمغىلا قارىغىن. ھەرگىزمۇ ئارتۇقچە گەپ ئارىلاشتۇرۇپ، چاندۇرۇپ يۈرمە.

ئۇلار مەسلىھەت قىلىشىۋالغىنىنى بويىچە كەنتلەرگە باردى، كېيىن ئۇدۇللا كەنت شۇجىلىرىنى ئىزدىدى.

— بۇ خېنىم، ئۈرۈمچىدىكى يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ ناھىيەمىزدىكى ۋاكالەتچىسى بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى ئىسمايىلجان شۇجىلارغا نازاكەتنى، — دېھقانلارغا خەۋەر قىلىپ، مال سېتىۋېلىشىمىزغا ياردەملەشكەن بولسىلا. گۈلە - قاق، بادام - ياڭاق، چىلان، جىگدە... ئىشقىلىپ، قۇرۇق يەل - يېمىش بولسىلا ھەممىسىنى سېتىۋالىمىز. مالنىڭ باھاسىنى سۈپىتىگە قاراپ يۈزتۈرا دېيىشىمىز.

نازاكەت نەۋرە ئاكىسىنىڭ يالغانچىلىقىغا ھەيران قالدى، لېكىن لام - جىم دېمىدى. ئۇلار كەچ كىرگۈچە خېلى جىق كەنتلەرنى ئارىلىدى، بارغانلىكى يەردە نازاكەت ئۈرۈمچىدىكى كاتتا شىركەتنىڭ ۋاكالەتچىسى سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇلدى، ئۆزىگە ھەۋەس، ئۈمىد، ئىشەنچ ۋە باشقا نەزەرلەردە تىكىلگەن كۆزلەرنىڭ ئارىسىدا قورۇندى، خىجىللىق قاپلىغان ۋۇجۇدى تىكەنلەشتى.

— ئەجەب بىر يالغانچىلىقنى ئوخشىتىۋەتتىڭغۇ، ئادەمنى خىجىل قىلىپ، — دېدى نازاكەت ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە نەۋرە ئاكىسىنى ئەيىبلەپ، — تاس - تاس قالدىم قېچىپ كەتكىلى.

— قاچقان بولساڭ مالنىڭ ھەممىسى ئۆزۈمگە قالاتتى شۇ، — دېدى ئىسمايىلجان كۈلۈپ، — سودا دېگەن شۇ، گاھى چاغدا يالغان سۆزلىمەيمۇ ئامالىڭ يوق. سېنى ئۇلارغا راست گەپ قىلىپ «سىڭلىم بولىدۇ، ئۈرۈمچىگە كۆلە - قاق يۆتكىمەكچىدى» دېسەم، گېپىمنىڭ ئۇلارغا ھېچقانچە تورى، تەسىرى بولمايدۇ. ئۆمۈر بويى يەر تاتىلاپ، يېزا بازىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ باقمىغان دېھقانلار ئۈچۈن «ئۈرۈمچى» دېگەن سۆز تولىمۇ دەبدەبىلىك، كاتتا ئاڭلىنىدۇ، قىزىقىدۇ، بىر - بىرىگە ئۆزلۈكىدىن خەۋەر يەتكۈزۈشىدۇ. قاراپ تۇر، ئەتە ئەتىگەندىن باشلاپ ئۆينىڭ ئالدى بازار بولۇپ كەتمىسە، مانا مەن.

— يالغان سۆزلىمەي، ئالدامچىلىق قىلماي تىجارەت قىلغىلى بولماسمۇ زادى.

— بولىدۇ، راست گەپ قىلىشنىڭمۇ ئورنى بار. پەقەت پايدا ئېلىشقا كۆزۈڭ يەتسە راست گەپ قىلساڭمۇ بولىدۇ. سودا دېگەننى گاھى راست گەپ بىلەن، گاھى يالغان گەپ بىلەن قىلىدىغان گەپ.

نازاكەت ئۈن چىقارمىدى. نەۋرە ئاكىسىنىڭ سودا قىلىشقا ئائىت بىر يۈرۈش پەلسەپىسىگە ئانچە قايىل بولۇپ كەتمىسىمۇ، لېكىن تىجارەتكە راست - يالغان ئارىلاشمىسا پايدا ئالغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئازراق چۈشەندى.

— سودا دېگەن خۇددى جەڭ قىلغانغا ئوخشايدۇ. سەن ئۇنى يېمىسەڭ، ئۇ سېنى يەيدۇ، باغرى يۇمشاق ئادەم سودا قىلسا پايدا ئالالمايدۇ. يۈزۈمدىكى تارتۇقمۇ مۇشۇ ھەقىقەتنىڭ جانلىق مىسالى. شۇڭا مەن دەيمەن، ئايالالار سودا قىلسا ھەم بەك قاملاشتۇرۇۋېتىدۇ، ھەم قەتئىي قاملاشتۇرالمايدۇ. بولدىلا، بۇ

گەپنى قويايلى، — دېدى ئىسمايىلجان ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — يۈرە، بازارغا چىقىپ قورساققا تاماق يەپ كېلەيلى.
— مېنىڭ بازاردىن تاماق يېگۈم يوق، — دېدى نازاكەت نېمە ئۈچۈندۇر بازارغا چىققۇسى كەلمەي.
— نېمىشقا، — دېدى ئىسمايىلجان، — سەھرا بولغان بىلەن شەھەردىن قېلىشمىغۇدەك تاماق ئېتىدۇ. بىر ئاغىنەم شەھەردىكىگە ئوخشاش قىلىپ رېستوراندىن بىرنى ئاچقان، ھەر خىل قورۇمىلىرى بار، بەك مەززىلىك، سېنى بىر مېھمان قىلىۋالاي دەۋاتىمەن.
— بولدى، چىقمايلى، ساڭا ئوخشىتىپ بىر تاماق ئېتىپ بېرەي.
— راستمۇ، ئۇنداق بولسا مەيلى، — دېدى ئىسمايىلجان ئارتۇقچە تالاشماي، — سەن ئەتكەن تاماقنى يېمىگىلىمۇ خېلى بوپتۇ. نېمە تاماق ئېتىسەن.
— سېنىڭ نېمە يېگۈڭ بولسا.
— ئەمىسە تۇگرە ئەت. ئانامغا تۇگرە ئېتىپ بېرىڭ دېسەم، داۋاملىق چۆچۈرە ئېتىپ قويىدۇ.
نازاكەت تاماققا تۇتۇندى.

## 3

كېچە ئاسمىنى تولىمۇ سۈزۈك ئىدى. تۇمەنلىگەن يۇلتۇزلار قىز - يىگىتلەرنىڭ شوخ كۆزلىرىدەك چاراقلايتتى. كەچ كۈزنىڭ ئاچچىق سوغۇقى كۈزلۈك كىيىملەر ئۈستىدىنمۇ ئادەمنىڭ غولىنى قورۇيتتى. ۋۇجۇدىدا ئۈزۈكسىز قۇتراۋاتقان بىر شېرىن خىيالنىڭ ئازابىدا يالغۇز يېتىپ قىينالغان ئىسمايىلجان قەلبىنى لەرزىگە سالغان تۇيغۇلار ئىسكەنجىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاخىر يوتقاندىن سوغۇرۇلۇپ چىققاندى. ئۇ ئۆيدىن ھويلىغا چىقىپ تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇردى، سوغۇق شامال تومۇرلىرىدا

قىيان ياساۋاتقان يىگىتلىك قانلىرىنى قىلچىلىك پەسلىتەلمىدى، ئوت ـ ئاتەش ۋۇجۇدىنى قىلچىلىك سوۋۇتالمىدى. بىرنەچچە قېتىم ئىختىيارسىز نازاكەت ياتقان ئۆينىڭ ئىشىك تۈۋىگە كەلدى ـ يۇ، يەنە مەجبۇرىي ئارقىسىغا ياندى. يىگىتنىڭ خىياللىرى ھەم شېرىن، ھەم ئازابلىق، ھەم ئۈمىدسىز ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نازاكەتنى بۇنچىۋالا تېز ھەم تويۇقسىز ياخشى كۆرۈپ قېلىشىنى ھەرگىز خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئانىسى شەھەرگە ماڭغاندا نازاكەت قىزغا سۆز ئېچىپ بېقىش خىيالىنى ئېيتقاندا، لام ـ جىم دېمەي كۈلۈپلا قويغانىدى، ھەتتا نازاكەت شامالباغقا چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا بۇ ئىشنى ئۇنتۇپمۇ كەتكەنىدى. قىزنى كۆرۈپلا يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىدە بىخ سۈرگەن ناھايىتىمۇ مەۋھۇم بىر شېرىن ئارمان بايا نازاكەت تۇگىرىنى پىشۇرۇپ داستىخانغا ئەكەلگەندە ئىختىيارسىز باراقسانلاپ كەتتى. ھەئە، ئۇ ئايالى بىلەن ئۆي تۇتقان ئىككى يىلنىڭ كېيىنكى بىر يىلىدا مەيلى سودا ئىشى بىلەن ئون ـ ئون بەش كۈن سىرتلاردا تۇرۇپ كەلسۇن، مەيلى سىرتقا چىقماي ئۆيدە بىرەر ئاي تۇرسۇن، ئايالىنىڭ بىرەر قېتىممۇ ئاياللىق نازاكىتى بىلەن قىلغان قىزغىن مۇئامىلىسىگە، ئەركىلەشلىرىگە ئېرىشەلمىدى. قاپاق تۈرۈشلەر، داستىخانغا تاماقنى دوقۇسلىتىپ قويۇشلار، ئارامسىز كوتۇلداشلار، يوق باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن ھە دېگەندە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاشلار ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇزلىتىۋەتكەنىدى. سەھرا دېگەندە خوتۇننى تولا يامانلاتقان ئەرنى ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدۇ، ئەركەكلىكىدىن، يىگىتلىكىدىن گۇمان قىلىدۇ، ياپتا سۆزلەر بىلەن چاقچاق قىلىپ جېنىغا تېگىدۇ، بۇنداق ياپتا چاقچاقلار ئىسمايىلجاننى قانچە قېتىملاپ ئازابلىغانلىقىنى ئۆزىمۇ ساناپ بېرەلمەيدۇ.

ئۇ ئايالى بىلەن قەتئىي ئاجرىشىپ كېتىش نىيىتىگە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئايالى بىلەن ئاجراشماي تۇرۇپ بىرەر قىزنى

ياخشى كۆرۈپ قېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. «بۇ ئىشقا نازاكەت نېمىدەر، ماقۇل بولارمۇ؟ ياق دەپ قالسا قانداق قىلارمەن. لېكىن، نېمىلا بولمىسۇن كۆڭلۈمنى بىلدۈرۈپ قويغىنىم ياخشى. ئەمما، مەندىن ياردەم كۈتۈۋاتقان، ئىقتىسادىي ياردىمىگە موھتاج بولۇۋاتقان مۇشۇنداق پەيتتە بۇنداق گەپلەرنى قىلسام قانداق بولار؟ ئۇنىڭ قىزلىق غۇرۇرىغا تېگىپ قويماسمەنمۇ؟ شۇنداق، پەيت كۈتۈشۈم كېرەك. ھازىرچە ئۇنىڭغا ياخشى تەسىر قالدۇرغىنىم ياخشى، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال ئىسمايىلجان، سەۋر قىل، ئەتىرگۈلنىڭ تەبىئىي ئېچىلغىنىنى پۇراقلىق...»

يىگىت قۇلىقىنى ئىشىككە مەھكەم يېقىپ ئۆيئىچىنى تىڭشىدى، ئۆيئىچىدىن قىزنىڭ غەمسىز پۇشۇلداشلىرى ئاڭلىناتتى. يىگىتنىڭ كۆز ئالدىغا قىزنىڭ يوتقان ئىچىدىكى بېلىقتەك ھالىتى كېلىۋېلىپ ۋۇجۇدى يەنە بىر قېتىم لەرزىگە كەلدى. «نېمىگە قاراپ تۇرىسەن ئىسمايىلجان، ئۆيگە ئېتىلىپ كىرگىن قىزنى باغرىڭغا باس، لەۋلىرىگە سۆي، قۇچاقلا. بىر قىز بىلەن بىر ئۆيدە يالغۇز قېلىپ قۇچىقىغا كىرەلمىسەڭ، قانداقمۇ ئەركەك سانىلىسەن، ئۇ بەرىبىر سېنىڭ خوتۇنۇڭ بولىدۇ. پەيتنى قولدىن بەرمە.» يىگىتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھېسسىيات تولپارى تىزگىن سىيرىيتتى، چاپچىيتتى. «ياق، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال. ئۇنداق قىلساڭ نامەردلىك قىلغان بولىسەن. ھايۋانىي نەپسىنىڭ، بىر دەملىك ھېسسىياتنىڭ كەينىگە كىرگەن يىگىت يىگىت ئەمەس. ئۆزۈڭنىمۇ، قىزنىمۇ ئۆمۈرلۈك داغۇھەسرەتكە قويىدىغان ئىشنى قىلما». يىگىتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەقىل ـ پەزىلىتى ھېسسىيات تولپارىنىڭ يۈگىنىنى تارتاتتى.

يىگىت دەرھال كەينىگە ياندى ـ دە، ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ مۇزدەك يوتقاننى قۇچاقلىدى، ياستۇقنى گاچىلدىتىپ چىشلىدى.

شۇ دەقىقىدە نازاكەتمۇ ئويغاق ئىدى. خالمۇرات ھەققىدىكى

كەلگۈسى شېرىن ئارمانلار، مۇھەممەت ۋە باشقا ساۋاقداشلىرى بىلەن قىلماقچى بولغان سودىسى، ئىستىقبالى ھەققىدىكى گۈزەل ئارزۇلار ئىلكىدە تاتلىق ئەللەيلىنىۋاتقان قىز ئىشىك تۈۋىدىكى نەۋرە ئاكىسىنىڭ ئازابلىق خىياللىرىدىن زىنھار بىخەۋەر ئىدى.

ئۇلار قايسى ۋاقىتتا ئۇخلاپ قېلىشقىنىنى ئۆزلىرىمۇ تۇيماي قېلىشتى.

ئىسمايىلجاننىڭ پەرىزى توغرا چىقتى. ئۇلار ناشتا قىلىپ بولغۇچە، ئېشەك ھارۋىلىرىغا ئۆيلىرىدىكى قۇرۇق يەل - يېمىشلەرنى بېسىپ كەلگەن دېھقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئىسمايىلجان ئۇلارغا ھازىرچە مالغا نەق پۇل بېرەلمەيدىغانلىقىنى، ئۈرۈمچىدىكى باش شىركەتتىن ئەۋەتكەن پۇل تېخىچە كەلمەيۋاتقانلىقىنى، پۇلنى بىر ئايدىن كېيىن بېرىشكە ئۆزى كېپىل بولىدىغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، دېھقانلار شەرتسىزلا ماقۇل بولدى. مالنىڭ سۈپىتى ئۇلارنىڭ پەرىزىدىكىدىن خېلىلا ياخشى ئىدى. نازاكەت ئاق ھۆججەت يېزىپ بېرىپ، ئىسمايىلجان مالنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرگەچ جىڭلاپ، تۈرى بويىچە تاغارلارغا قاچىلىتىپ، ھويلىنىڭ بىر تەرىپىگە باستۇرۇپ خېلىلا چارچىدى. بىر يېرىم كۈن ئىچىدە ئۇلار ئىككى ماشىنا كەلگۈدەك ھەر خىل قۇرۇق يەل - يېمىشلەرنى تەييارلاپ بولغانىدى.

— توۋا، دېھقانلار ئاجايىپ ئادەملەر ئىكەن، — دېدى نازاكەت ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا دۆۋىلىنىپ تۇرغان ماللارغا رازىمەنلىك بىلەن قاراپ، — ئۇلار شۇنچىۋالا مالنى سېنىڭ ئىككى ئېغىز گېپىڭگە ئىشەنچ قىلىپ نېسىگە بېرىۋەتتى.

— بەرمەسكىمۇ ئامالى يوق، — دېدى ئىسمايىلجان بىر خىل تەمەننالىق تۇيغۇسىدا، — ۋۇجۇدىدا ھالاللىق، ئاق كۆڭۈللۈك مۇجەسسەملەشكەن، ساختىلىقتىن خالىي بۇ ئادەملەر خەققە ئاسان ئىشىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنمۇ بۇ يۇرت خەلقى نەزىرىدە ئىشەنچسىز، ساختىپەز ئادەم ھېسابلانمايمەن.

— راست شۇنداق ئىكەن، — دېدى نازاكەت قايىللىق بىلەن، — خەلقنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىش ئاسان ئەمەس.

— ھە، مالمۇ تەييار بولدى مانا، قاچان، قانداق يۆتكەيسەن، — دېدى ئىسمايىلجان، — ۋاقتىدا يۆتكىمىسەڭ قۇرتلاپ، سېسىپ، چاشقانلارغا يەم بولۇپ كېتىدۇ جۇمۇ. ئۇ چاغدا پايدا ئېلىش تۇگۇل، مېنىمۇ بىرمۇنچە قەرزگە بوغۇپ قويىسەن.

— خاتىرجەم بول، ئەتىلا يۆتكەپ كېتىمەن، — دېدى نازاكەت ئىشەنچ بىلەن، — بىراق سەندىن ئۆتۈنىدىغان بىر ئىشىم بار. مېنىڭ قىلىۋاتقان بۇ ئىشلىرىمنى ئانام ـ دادىلاردىنمۇ ھەم ھەلىمخان ئانام، ھاشىم دادامدىنمۇ سىر تۇت. پەقەت ئىككىمىزلا بىلسەك بولدى.

قىزنىڭ ئۆزىگە ئىشەنچ بىلەن ئەركىلەپ تۇرۇپ ئېيتقان سۆزلىرى يىگىتنىڭ يۈرىكىنى شۇرۇرىدە ئېرىتىۋەتتى. ئۇ قىز بىلەن مۇشۇنداق مەخپىي ئىشلارنى بىر ئۆمۈر قىلىشقا رازى ئىدى.

— خاتىرجەم بول، — دېدى يىگىت ۋەدە بېرىپ، — ماللىرىڭنى ئورۇمچىگە يۆتكەيدىغانغا ئىشەنچلىك شوپۇر، ماشىنا بار، ئۇقۇشۇپ بېرەيمۇ؟

— شۇنداق قىلساڭ تېخىمۇ خوش بولۇپ كېتەتتىم.

— بولىدۇ ئەمىسە، شۇنداق قىلايلى. ئەسلىدە ماللىرىڭنى ئورۇمچىگە ئۆزۈم ئاپىرىشىپ بېرەي دېگەن، لېكىن ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىچىدە دېيىشىپ قويغان مۇھىم بىر سودام بار...

— خاتىرجەم بول، شېرىكلىرىم ئىشەنچلىك، — دېدى نازاكەت يىگىتنىڭ سۆزىنى تارتىۋېلىپ، — مەن ھازىر ماڭاي. ئەتە ساڭا چاقىرغۇ قىلىپ مالنى ئەكېلىدىغان يەرنى ئېيتىپ بېرىمەن. ئۇنىڭغىچە سەن ماللىرىمنى ماشىنىغا باستۇرۇپ تەخ قىلىپ قويارسەن.

ئىسمايىلجان نازاكەتنى بازارغا ئاپىرىپ ئاپتوبۇسقا سېلىپ قويدى. قىزنىڭ كۆزلىرى يىگىتكە مىننەتدارلىق بىلەن تىكىلەتتى، يىگىتنىڭ ئايرىلىشقا قىيىمىغان كۆزلىرىدىن ھىجران نۇرلىرى بالقىيتتى.

# ئونىنچى باب

## دوستلارغا خەت

بۈگۈن نازاكەتنىڭ ۋۇجۇدىنى بىر خىل خۇشاللىق، ھاياجان ئورىۋالدى، بىپايان قۇملۇقتا تېنەپ قالغان يولۇچى بوستانلىققا ئۇچراشقاندەك شادلاندى. كۆز ئالدىدىكى تۇمان تاراپ كەتكەندەك كۆڭۈل ئازادىلىككە ئېرىشتى. ئېھ ئۈمىد، سەن نېمىدېگەن قۇدرەتلىك ـ ھە! شۇنداق، ئىنسان ئۈمىدتىن ئايرىلغان دەقىقىدىن باشلاپ يېرىم ئۆلگەنگە باراۋەر. ئۈمىد شامى ئۆچمىسىلا ئىنسان ھەرقانداق مۇشكۇلاتلارنى يېڭىپ ھامان بىر كۈنى ئارزۇسىغا، غايىسىگە يېتىدۇ، كۆزلىگەن مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ.

نازاكەت نەۋرە ئاكىسىنىڭ قوللىشى، ياردىمىگە ئېرىشىپ، مۇھەممەتكە ۋەدە قىلغان ئىككى ماشىنا مالنى تەييارلىيالىغانلىقى ئۈچۈن مەمنۇن بولدى. ۋۇجۇدى ئىشەنچكە تولدى. ئىسمايىلجاندىن چىن كۆڭلىدىن مىننەتدار بولدى. بۇ ياخشىلىقنى ھامان بىر كۈنى مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن قايتۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

ئۇ شەھەرگە قايتىپ كىرىپلا، ئۆيىگىمۇ كىرمەستىن ئۇدۇل مۇھەممەتنىڭ ئۆيىگە چىقتى. مۇھەممەت ھەممە تەييارلىقلارنى پۈتكۈزۈپ ئۇنىڭ يولىغا قاراپلا تۇرغانىكەن. ئىككى ماشىنا مالنىڭ تەييار بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇ خۇشاللىقتىن سەكرەپ كەتتى. نازاكەتنىڭ غەيرىتىگە، تىرىشچانلىقىغا قايىل بولدى.

نازاكەت ئەتە شامالباغدىن كىرىدىغان مال قاچىلانغان ئىككى ماشىنىنىڭ شوپۇرىنى مۇھەممەت بىلەن ئۇچراشتۇرىدىغان جاينى ۋە ۋاقىتنى كېلىشىۋېلىپ، يەنە شەھەرگە يېنىپ كىرگەنىدى. مانا ھازىر ئۇ شامالباغدىن كىرگەن ئىككى ماشىنا مالنى مۇھەممەتكە ئۇچراشتۇرۇپ قويۇپ ئۆيىگە يېنىپ كەلگەن بولۇپ، خالمۇرات بىلەن گۈلىستانغا خەت يېزىپ مۇھەممەتتىن ئەۋەتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان ھاياجان ھېس - تۇيغۇلىرىنى غىدىقلاپ، دىققىتىنى يىغالمىدى، قولى ھېچ ئىشقا بارمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خالمۇرات، گۈلىستان، شاكىر، ئابدۇسېلىم، مۇھەممەت ۋە باشقا دوستلىرى، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ قىلماقچى بولغان سودىسىنىڭ، تىجارىتىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى، كېيىنچە قۇرۇشنى پىلانلىغان مېۋە - چېۋىگە ئىش قوشۇش زاۋۇتى خۇددى تېلېۋىزور ئېكرانىدىكى سۈرەتتەك نامايان بولۇشقا باشلىدى. شۇنداق، ئۇ بىر - ئىككى يىل ئىچىدە ئۆزىنىڭ جەمئىيەتكە يۈك بولۇۋاتقان ئارتۇقچە، كېرەكسىز ئادەم ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. تىرىشچانلىقى، ئەقىل - پاراسىتى ئارقىلىق تىكلىگەن ئىگىلىكى، نەتىجىسى ئارقىلىق ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدۇ، جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسى ئارقىلىق ئاتا - ئانىسىنى، دوستلىرىنى قايىل قىلىدۇ. ئۇ دوستلىرىنى سېغىنغانىدى. ئارزۇ - ئارمانلىرىنى دوستلىرىغا ئېيتقۇسى، پىكىرلەشكۈسى كەلگەنىدى. لېكىن، دوستلىرى ھازىر يېنىدا يوق ئىدى. ئۇ بىر ئاز يالغۇزلۇق، غېرىبلىق ھېس قىلدى، ئىچى سىقىلدى. نازاكەت نېمىنىدۇر خىيالىدىن ئۆتكۈزدى - دە، ئۇچىسىغا دەرھاللا مامۇق چاپىنىنى كىيىپ سىرتقا ماڭدى.

گۈگۈم پەردىسىگە ئورالغان شەھەر جۇشقۇن، قايناق، رەڭگارەڭ ھاياتنى داۋاملاشتۇرماقتا. ئۇنىڭ ئاشۇ ھەم يېقىملىق، ھەم سۈرلۈك، ھەم جۇشقۇن، ھەم ھەسرەتلىك قويىنىدا نۇرغۇن خۇشاللىقلار، ئازابلار، رەزىللىكلەر، ياخشىلىقلار يوشۇرۇنغان،

كوچىدا پىيادىلەر، ۋېلىسىپىتلىكلەر، موتوسىكلىت ۋە ماشىنىلار خۇددى ھاشار چۈمۈلىلىرىدەك توختىماي ئۇياندىن ـ بۇيانغا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. نازاكەتمۇ ئەنە شۇ قايناق، قالايمىقان توپقا خۇددى دېڭىزغا قوشۇلغان تامچىدەك سىڭىپلا كەتتى. ئۇنىڭغا ھازىر شەھەرنىڭ ھەممە نەرسىسى يېقىملىق ۋە گۈزەل كۆرۈنەتتى. نازاكەت شەھەر ئاسمىنىدىكى چاقناپ تۇرغان تۈمەنلىگەن يۇلتۇزلارغا، ئاشۇ يۇلتۇزلار زېمىنغا چۈشۈپ شەھەر كوچىلىرىغا قونغاندەك ۋىلىلداپ يېنىپ تۇرغان كوچا چىراغلىرىغا، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مەنزىرە دەرەخلىرىگە، سۇر ـ ھەيۋە بىلەن قارىيىپ تۇرغان بىنالارغا، ئادەملەرگە مۇھەببەت بىلەن تىكىلدى، ھۇزۇرلاندى، شادلاندى، كەچلىك بازار ئۇنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىۋالدى. ئۇ ئاشپەزلەرنىڭ قاپىيەداش كەلگەن سۆزلەر بىلەن جاراڭلىق ئاۋازدا مانتا ساناشلىرىغا، كاۋاپچىلارنىڭ ئاۋازلىرىنى قويۇۋېتىپ خېرىدار چاقىرىشلىرىغا، كاۋاپدانىنىڭ ئالدىدىكى ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ كاۋاپ بىلەن ھاراق ئىچىۋاتقان ھاراقكەشلەرگە، ئۇششاق يايمىچىلارنىڭ ماللىرىنى داڭلاپ ئالىتاغىل توۋلاشلىرىغا قىزىقىپ قارىدى. قايسىبىر ئاشخانىنىڭ ئىشىك بېشىغا ئېسىلغان ئاۋاز كۈچەيتىش ساندۇقىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ئۇدار ـ ئاھاڭلىرىنى تۈزۈك ئايرىۋالغىلى بولمايدىغان غىتى ـ غىتاڭ مۇزىكا ئۇنىڭ كەيپىنى بۇزمىدى، شۇنداقلا قايسىبىر دۇكاننىڭ قوش كانايلىق ئۈنئالغۇسىدىن ئاڭلىنىۋاتقان غېجەك، تەمبۇر، ساتار بىلەن ئورۇنلانغان مۇقام كۈيلىرى ئۇنىڭ چىشىغا تەگمىدى. نازاكەت ئۆزىگە چېلىققانلىكى نەرسىلەرگە قىزىقىپ، ياقتۇرۇپ ئاجايىپ شېرىن خىيال ـ ئەسلىمىلەر قاينىمىغا غەرق بولغان ھالدا شەھەرنىڭ جەنۇبىغا قاراپ ئاستا كېتىپ باراتتى.

نازاكەت ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاۋازلار، ھەر خىل ئاھاڭدىكى ناخشا ـ مۇزىكا، خىلمۇخىل تۈردىكى يايمىچى، ئېلىپساتارمەنلەر شالاڭلاشقاندىلا، ئاندىن خىياللار قاينىمىدىن چىقتى ـ دە،

ئۆزىنىڭ شەھىرىنىڭ بىر چېتىگە چىقىپ قالغانلىقىنى تۇيدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بۇنىڭدىن تۆت - بەش ئاي ئىلگىرىكى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا تۇنجى قېتىم ئۇنتۇلماس، گۈزەل خاتىرىلەرنى قالدۇرغان ئۆستەڭ يېقىملىق شارقىراپ ئېقىپ تۇراتتى، سۈپسۈزۈك سۇ بېتىدە تۇمەنلىگەن يۇلتۇزلار جىمىرلاپ شوخلۇق بىلەن كۆز قىسىشىۋاتاتتى. نازاكەت نەزىرىنى ئەتراپقا يۆتكىدى، ئۆستەڭ بويى چۆلدەرىگەن، جىگدە، سۆگەتلەر يوپۇرماق تاشلاپ يالىڭاچلانغان، بىرنەچچە ئايلار ئىلگىرى جۈپ - جۈپ ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ شېرىن سۆھبەتلىرىگە گۇۋاھ بولۇپ قەدىرلەنگەن مەجنۇنتاللار ھازىر گويا مەشۇقىدىن ئايرىلىپ قالغان ئاشىقتەك غەمكىن، بىگانە تۇراتتى. ئۇنىڭ تۈۋىدە جۈپ - جۈپ سايىلەر يوق ئىدى. قېنىپ - قېنىپ سۆيۈشۈشلەر، تاتلىق - تاتلىق پىچىرلىشىشلار، غەمسىز، يېقىملىق كۈلكىلەر ئاڭلانمايتتى. ئۆستەڭ سۈيىنىڭ شىرىلداشلىرىمۇ نازاكەتنىڭ قۇلىقىغا بۇنىڭدىن تۆت - بەش ئايلار ئىلگىرىكىدەك شوخ، جۇشقۇن، يېقىملىق مۇزىكىدەك ئەمەس، بەلكى ھەسرەتلىك، مۇڭلۇق مۇزىكىدەك ئاڭلاندى. شۇنداقتىمۇ نازاكەت روھلۇق، جۇشقۇن ئىدى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغان بولۇپ، ئاللىقانداق شېرىن ئەسلىمىلەر قوينىغا غەرق بولغانىدى، ئۇماق لەۋلىرىدە ئاجايىپ تاتلىق بىر كۈلكە جىلۋە قىلاتتى. ئۇ شۇ ھالەتتە بىرھازا تۇرغاندىن كېيىن، كۆزلىرىنى لاپپىدە ئاچتى - دە، تۇنجى قېتىم خالمۇرات بىلەن بىللە مۇڭداشقان، قۇچاقلاشقان، سۆيۈشكەن مەجنۇنتالنى تاپماقچى بولغاندەك ھەربىر تۈپ مەجنۇنتالنى بىرمۇبىر كۆز ئۆتكۈزدى. مەجنۇنتاللارنىڭ يىرىك، سوغۇق قوۋزاقلىرىنى مېھرى بىلەن سىلىدى. خالمۇراتنىڭ ھىدىنى، ئىزىنى تاپماقچى بولغاندەك سىنچىلاپ قارىدى. مەجنۇنتاللار ھېسسىياتسىز، دېكابىرنىڭ كېچىلىك ھاۋاسى خېلىلا سوغۇق ئىدى. سوغۇق نازاكەتنىڭ غولىنى قورۇدى، تېنىنى جۇغۇلداتتى. ئۇ چېكى يوق شېرىن

خىياللىرىنى توختىتىپ، ماموق چاپىنىغا تىخىمۇ بەك قىمدالغىنىچە ئۆستەڭ بويىدىن ئاستا ـ ئاستا ئايرىلدى. لېكىن، بىرنەچچە قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى يەنە خالمۇرات بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن قىسقا، لېكىن شېرىن، ئۇنتۇلماس سۆيگۈ كارتىنىلىرى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالدى.

نازاكەت ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھۇجرىسىغا كىرىپلا، خالمۇرات ئوقۇشقا كەتكەندىن بېرى تاپشۇرۇۋالغان خەتلەرنى ئېلىپ قايتا بىر قۇر ئوقۇپ چىقتى. خەتلەر ئۇنى ھاياجانغا سېلىپ يۈرەك سوقۇشىنى كۈچەيتىۋەتتى، ۋۇجۇدىغا ئىلھام، كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلىدى، خالمۇراتنىڭ قايناق ھېسلارغا تولغان سۆزلىرى سۆيۈندۈردى، خىيالىي مۇڭداشتى، ئەمدىلا مايسا بولغان بۇرۇتلۇق لەۋلىرى لېۋىگە تەگكەندەك تۇيغۇغا كېلىپ لەۋلىرى كۆيۈشتى، تاتلىق سېزىم پەيدا بولدى. ئۇ يېزىغا چىقىشىنىڭ ئالدىدا خالمۇراتنىڭ گۈلىستانىنىڭ خېتى بىلەن بىللە تاپشۇرۇۋالغان خېتىنى ئوقۇۋېتىپ، قىسمەن جايلىرىغا كەلگەندە يەڭگىل باش چايقىدى، قىسمەن جايلىرىغا كەلگەندە رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتتى. قىسمەن جايلىرىغا كەلگەندە سوغۇقلا كۈلۈپ قويدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بايىقى شېرىن، تاتلىق تۇيغۇلار ئاستا ـ ئاستا غايىب بولغانىدى. نازاكەت خەتنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن، كۆزىنى يۇمۇپ بىردەم خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى، ئاندىن قولىغا قەلەم ـ قەغەزنى ئېلىپ خەت يېزىشقا كىرىشتى:

«ئەسسالامۇئەلەيكۇم خالمۇرات!

تىنچ ـ ئامان تۇرۇۋاتامسەن؟ ئوقۇشۇڭ ياخشى كېتىپ بارامدۇ؟ ئۆگىنىشتە قىينالمىغانسەن؟ مەن سېنىڭ ھەرقانداق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تىرىشىپ ياخشى ئوقۇيدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن.

يېقىندا يازغان خېتىڭنى تاپشۇرۇۋالدىم. خېتىڭنى ئوقۇپ كۆپ ئويلاندىم. بازار، پۇل، كىشىلىك مۇناسىۋەت، جەمئىيەت ھەققىدىكى

مۇلاھىزىلىرىڭگە قايتا - قايتا كۆڭۈل يۈگۈرتتۈم. توغرا، ھازىر دېگەن راستلا بازار ئىگىلىكى. ئادەملەر ئىقتىدارىغا، قابىلىيىتىگە يارىشا پۇل تېپىۋاتىدۇ، پۇل تېپىش يوللىرىنى ئىزدەۋاتىدۇ. لېكىن، ئاتا - ئانىمىزنىڭ نامراتلىقى ئۇلارنىڭ سەۋەنلىكى، گۇناھى ئەمەس. ئۇلار ياشىغان دەۋر بىلەن ھازىرقى دەۋر، سىياسەت ئوخشىمايدۇ. ئۇلار ئازغىنا تۇرمۇش كاپالىتىگە، جاپالىق خىزمەت شارائىتىغا كۆنۈپ كەتكەن. ئۇلارنى بىر ئۈزۈلۈپلا بازار ئىگىلىكىگە يۈزلۈش قىل دېسە گاڭگىراپ قېلىشى، بازارنى قوبۇل قىلالماسلىقى مۇمكىن. بىلىپ تۇردۇم، بىچارە دادام مېنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش خىراجىتىمنى غەملىيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئالدىمدا ئۆزىنى گۇناھكار ھېس قىلىپ، بېشى چۈشۈپ كەتتى. ئانامنىڭ كېسىلى، مېنىڭ تەقدىرىم ھەققىدە كۆپ باش قاتۇرۇپ، ھەسرەت چېكىپ شۇكلەپلا قالدى. ھېلىمۇ تەشكىلدىن، ئىدارىسىدىن چوڭ ئۈمىد كۈتۈپ ماڭا مۇۋاپىق خىزمەت تېپىپ بېرىش كويىدا ئاۋارە. بەلكىم دادام ئۆزۈمچىدىكى يۇقىرى قاتلام زىيالىيلىرىنىڭ، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ قوشۇمچە تىجارەت، سودا بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئاڭلىسا ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن. جەمئىيەت سەن دېگەندەك ھەقىقەتەن مۇرەككەپ. ئۇنىڭ ئادەملەرگە ئاتا قىلغان قىسمەتلىرىمۇ ھەر خىل. ئۇنىڭدا خۇشاللىقمۇ، غەم - قايغۇ، ھەسرەتلەرمۇ بار. ئەمما، ئاشۇ مۇرەككەپ جەمئىيەت ئاتا قىلغان ھەر خىل قىسمەتلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا ئادەملەرنىڭ چۈشەنچىسى، كۆزقارىشى بىر خىل بولمىسا كېرەك. چۈنكى، ئوخشاش بىر خىل مەسىلىنىڭ ئادەملەرنىڭ كاللىسىدا قوزغىغان ئىنكاسى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، سېنى ياكى باشقا بىرسىنى سەن پالانى مەسىلىگە مېنىڭ چۈشەنچەم، كۆزقارىشىم، ئېتىقادىم بويىچە مۇئامىلە قىل دېسەڭ بولامدۇ؟ ئەلۋەتتە بولمايدۇ. ئاتا - ئانىمىزغىمۇ ھەم شۇنداق.

سەن ئېيتقاندەك، مەن يوقسۇزلۇقنىڭ سەۋەبى بىلەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇيۇمدىن، ئىمتىيازىمدىن مەھرۇم بولدۇم. پۇل مېنى رەھىمسىزلەرچە جازالىدى، لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن مەن پۇلغا ئۇنچە ئېتىقاد قىلىپ كەتمەيمەن. توغرا، پۇل بولمىسىمۇ بولمايدۇ، ئەمما مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە تۇشلۇق ئېتىقادىم، ئارزۇ - غايىلىرىم

بار. چۈنكى، ئېتىقادلىق ئادەملەر ئىرادىلىك كېلىدۇ. ئېتىقاد — ئىنسان روھىنىڭ تۈۋرۈكى، ئىنسان بۇ روھىي تۈۋرۈكتىن ئايرىلىدىكەن، ئادىمىيلىكنى يوقىتىدۇ. مەن ئەنسىرەپ قالدىم. كاللاڭنى پۇل، مال - دۇنيا قوچۇۋەتمىگەندۇ - ھە؟ ھازىر سېنىڭ بۇلارنى ئويلايدىغان ۋاقتىڭ ئەمەس. سەن كاللاڭدىكى بۇنداق ئوي - خىياللارنى چىقىرىۋېتىپ تىرىشىپ ئۆگەن. سەن ئۈچۈن بۇ ئاسانلىقچە قولغا كەلمەيدىغان پۇرسەت. كەلگۈسىدە ئاشۇ ئۆگەنگەن بىلىمىڭ، ئەقىل - پاراستىڭ بىلەن نۇرغۇن پۇل تاپالايسەن.

ئەمما، مەن ساڭا ئوخشىمايمەن. سېنىڭ پۇل، بازار ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىڭ ماڭا غەيرەت، كۈچ ئاتا قىلدى، نېمە قىلىشىم كېرەكلىكى ھەققىدە يول كۆرسەتتى. ئەمدى مەن زادى نېمە ئىش قىلسام بولار دېگەن سوئالغا جاۋاب تاپقاندەك بولدۇم. سەنمۇ بىلىسەن، دۆلىتىمىزدە ھازىر ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىشسىزلىق مەسىلىسى تولىمۇ باش قاتۇرىدىغان بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ ماڭا ئوخشاش ياشلار دۆلەت، جەمئىيەت ۋە ئائىلىگە ئېغىر بىر يۈك بولۇپ قالدۇق. دۆلەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشىنى كۈتۈپ تۇرۇش ھەرگىزمۇ ئاقىلانە چارە ئەمەس. ئائىلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئاتا - ئانام مېنى بىر - ئىككى يىلدىن كېيىنمۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتالماسلىقى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنى - سىڭىللىرىممۇ يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن ئارقا - ئارقىدىن ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدۇ. ئاشۇلارنى ئوقۇتۇشقىمۇ يەنىلا پۇل كېرەك. ئۇنداقتا مەن زادى نېمە ئىش قىلسام، قايسى يولنى تاللاپ ماڭسام بولار؟ مانا مۇشۇنداق بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە تۇرغىنىمدا سېنىڭ خېتىڭنى تاپشۇرۇۋالدىم. خېتىڭنى ئوقۇپ كاللامدا تۈگىمەس مۇنازىرە، توقۇنۇشلار باشلىنىپ كەتتى. ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزۈمنى بىر شىددەتلىك تەتۈر قايىنامدىن چىققاندەك ھېس قىلدىم. مەندىن بارغانسېرى يىراقلاپ غۇۋالاشقان ئارزۇ - ئارمانلىرىم بارا - بارا يارقىنلاشتى، يۈرىكىمنى ئېكەكتەك غاجىغان كۆڭۈل غەشلىك، تىت - تىتلىقتىن قۇتۇلدۇم، خۇددى تېرىقتەك چېچىلىپ كەتكەن زېھنىمنى قايتىدىن يىغدىم. كۆڭلۈمگە پۈككەنلىرىمنى دوستلار بىلەن ئورتاقلىشىش مەقسىتىدە يېزىغا چىقتىم. مۇھەممەت، ئانارگۈل قاتارلىق ساۋاقداشلار بىلەن

كۆرۈشتۇم. مۇھەممەت بىلەن ئويلىغانلىرىمىز بىر يەردىن چىقتى. مۇھەممەت بۇ ھەقتە خېلى مۇكەممەل پىلان تۈزگەن ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتكەنىكەن، مەنمۇ مۇھەممەتتىن نېمە ئىش قىلىشىم كېرەكلىكىنى تولۇق بىلىۋالدىم.

خالمۇرات، شۇ دەقىقىدە بىزنىڭ نېمە ئىش قىلماقچى ئىكەنلىكىمىزنى بىلگۈڭ كېلىۋاتقاندۇ ھەرقاچان. ئاڭلا، بىز سېنى قىزىقتۇرغان، ھەۋەسلەندۈرگەن سودا ـ تىجارەت يولىنى تاللىدۇق. سەن بىزنىڭ بۇ پىلانىمىزغا قانداق قارايسەن؟ ئىشىنىمەن، سەن چوقۇم بىزنى قوللايسەن. بىز سودا ـ تىجارەت يوللىرى بىلەن مەبلەغ جۇغلاپ زاۋۇت قۇرىمىز. ئىگىلىكىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كەلگۈسىدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش شارائىتىغا ئېرىشەلمىگەن نامرات ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم قىلىمىز. جەمئىيەتتىكى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغانلارنىڭ ئىستىقبالى، چىقىش يولى يوق دېگەن قاراشلارغا رەددىيە بېرىمىز. تەقدىرنى ئىنسان ئۆزى يارىتىدۇ دەيدىغان گەپ بارغۇ. شۇنداق، بىزمۇ كەلگۈسى تەقدىرىمىزنى ئۆزىمىز يارىتىمىز. بىزنىڭ بۇ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىز ساڭا بەك غايىۋى تۇيۇلۇپ كەتمەس ـ ھە، خالمۇرات. مەيلى ئىشەن، مەيلى ئىشەنمىگىن بىز بۇ يولنى تاللىدۇق. مەن باشتا دېگىنىمدەك پۇلغا چوقۇنمايمەن، ئەمما پۇلنى ئاشۇ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولۇمدا خىزمەت قىلدۇرىدىغان ۋاستىگە ئايلاندۇرىمەن.

ئەتە مۇھەممەت ئۈچ ماشىنا يۈك بىلەن ئۈرۈمچىگە يولغا چىقىدۇ. بىز دېھقانلارنىڭ قولىدىكى ساتالماي بېسىلىپ قالغان، يۇرتىمىزنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالدۇق. بۇ ماللارنى ئۈرۈمچىگە ئاپارغاندىن كېيىن قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرۇلۇق مۇھەممەت ساڭا ئۇن كۈننىڭ ئالدىدا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ خەت يېزىپتىكەن، قالدى ئەھۋاللارنى مۇھەممەت بارغاندىن كېيىن سوراپ بىلىۋالارسەن. ماللارنى ئىمكان بار تېزرەك قولدىن چىقىرىشقا ياردىمىڭنى ئايىمىغايسەن.

يەنە بىر گېپىم، بەزىلەر ئالىي مەكتەپكە بېرىۋالسىلا، ھەممە ئىشىم ھەل بولدى، ئىستىقبال مەنزىلىگە ئاپىرىدىغان ماشىنىغا ئېرىشتىم دەپ ئويلاپ، دەرس ئۆگەنمەي، پەقەت ئويۇن ـ تاماشا قىلىپ يۈرسە كېرەك. سەن مېنىڭ بۇ گېپىمنى ھەرگىز خاتا

چۈشىنىپ قالما. مەن سېنىڭ چوقۇم تىرىشىپ ياخشى ئۆگىنىدىغانلىقىڭغا، ئالىي مەكتەپ ھاياتىڭنى بىھۇدە، مەنىسىز ئۆتكۈزمەيدىغانلىقىڭغا، ئاتا - ئاناڭنىڭ، ئۇستازلىرىڭنىڭ، دوستلىرىڭنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن. لېكىن، بىر قىسىم ساۋاقداشلاردىن كەلگەن خەتلەردىن قانائەتلەنگۈدەك بىر ئىبغىزمۇ گەپ تاپالمىدىم. ئۇلار بىرنەچچە ۋاراق قەغەزنى پۈتۈنلەي قانداقتۇر تانسا، ئولتۇرۇش، ئويۇن - تاماشا، كىنو - تىياتىر، يەپ - ئىچىش، كىيىنىش، مۇھەببەتلىشىش... قاتارلىق ئىبارىلەر بىلەن بوياپتۇ. ھەيران قالدىم. مەن ئاشۇ دوستلىرىمنىڭ تەقدىرىدىن بەكمۇ ئەنسىرەۋاتىمەن.

ئۆتكەن ھەپتە سىڭلىڭ گۆھەر بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم. ئۆيۈڭدىكىلەر سالامەت تۇرۇپتۇ. خاتىرجەم بولۇپ ياخشى ئوقۇ. قىيىنچىلىقتا يولۇقساڭ تارتىنماي ماڭا خەت ئارقىلىق ئېيت، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن. ئاڭلىشىمچە، ئۈرۈمچى شەھىرى بەك مەدەنىي ئىمىش. مەنغۇ كىيىنىش، تاشقى قىياپەت بىر ئادەمنىڭ (يۈكسەك ئارزۇ - غايىنى كۆڭلىگە پۈككەن ھەقىقىي بىر ئىنساننىڭ) ئىچكى دۇنياسىنى ئۆزگەرتىۋېتەلىشىگە ئىشەنمەيمەن ھەم شۇنداقلا سەندىنمۇ ئەنسىرەپ يۈرمەيمەن. شۇنداقتىمۇ مېنىڭ كۆزقارىشىمچە، ئۇ شەھەرگە بارغان ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى كۆپلەپ پەن - مەدەنىيەت، ھۈنەر - كەسىپ ئىگىلەش بولۇشى، كىيىنىش، ياسىنىش ۋە باشقا ئىشلار بولسا قوشۇمچە ئىشلار بولۇشى كېرەك دەپ ئويلايمەن.

خەير - خوش، خالمۇرات. دېمىسىمۇ بولىدىغان سۆزلەرنى يېزىپ قىممەتلىك ۋاقتىڭنى ئالغان بولسام ئەپۇ قىلارسەن. بىلەمسەن، مەن بۇ خەتنى شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى ھېلىقى ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ، تۇۋىدە ئىككىمىز بىللە ئولتۇرغان مەجنۇنتاللارنى كۆرۈپ كەلگەندىن كېيىن، سەن بىلەن خۇشال - خۇرام، مەنىلىك ئۆتكۈزگەن ئۇنتۇلماس كۈنلەرنى ئەسلەپ ئولتۇرۇپ يېزىۋاتىمەن.

خەير، ئەزىز تېنىڭگە سالامەتلىك، ئۆگىنىشىڭگە ئۇتۇق تىلەپ:

سېنىڭ نازاكىتىڭ.

×× يىلى ×× ئاي ×× كۈن»

نازاكەت خەتنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن قايتا ئوقۇپ چىقتى ۋە ئىشلەتكەن سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، خەتنى ئىخلاس بىلەن يۈرەك شەكلىدە قاتلاپ كونۋېرتقا سالدى. شۇ دەقىقىدە ئۇ ئۆزىنى خالمۇرات بىلەن يۈزمۇيۈز ئولتۇرۇپ مۇڭداشقاندەك ھۇزۇرلۇق سەزدى، ۋۇجۇدىنى ھاياجانلىق تۇيغۇلار قاپلىدى.

ئىنسان ئۈمىدسىزلەنگەندە، غەم ـ ھەسرەتكە مۇپتىلا بولغاندا ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىدۇ، غەمدىن قۇتۇلۇپ كۆڭۈل ئازادىلىككە ئېرىشكەندە باشقىلار ھەققىدە ئويلىنىدۇ، يېقىن كىشىلىرىنىڭ غېمىنى يەيدۇ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا باشقىلارنى ئورتاقلاشتۇرغۇسى كېلىدۇ. نازاكەت ھازىر ئەنە ئاشۇنداق تۇيغۇلاردا ئىدى.

ئۇ پىيالىدىكى سوۋۇپ قالغان چايدىن بىر يۇتۇم ئوتلىۋالدى ـ دە، راسا بىرنى كېرىلىۋالغاندىن كېيىن، گۈلىستانغا يازماقچى بولغان خېتىنى باشلىدى:

«گۈلىستان، سالامەت تۇرۇۋاتامسەن؟

يازغان خېتىڭنى تاپشۇرۇۋېلىپ، مەندەك بىر دوستۇڭنى ئۇنتۇپ قالمىغىنىڭدىن تولىمۇ خۇشال بولدۇم. ھەرھالدا ئۈرۈمچىدەك گۈزەل، مەدەنىي شەھەردە يېڭى، مەدەنىي دوستلارنى تېپىۋېلىپ، مەندەك بىر كونا، خوراپىي دوستۇڭنى ئۇنتۇپ قالماپسەن؟
(چاقچاق)

گۈلىستان، يازغان خېتىڭدىن ئۈرۈمچىگە بېرىپلا خېلى نۇرغۇن يېڭى دوستلار بىلەن تونۇشۇپ، كۆڭۈلۈڭنى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىڭنى بىلىپ تولىمۇ خۇشال بولدۇم. شۇ ئەمەسمۇ، چوڭ بولۇپ كۆرۈپ باقمىغان، بىرەر ئىچى كۆيگۈدەك ئۇرۇق ـ تۇغقىنىڭمۇ يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز يۇرتۇڭدىن بىر مىڭ نەچچە يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر شەھەردە، بىر قىز ئوقۇغۇچىنىڭ شۇنچىۋالا نۇرغۇن دوستلار بىلەن ئارىلىشىپ

كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. شەھەر ھەرقانچە ئاۋات ھەم چوڭ بولغىنى بىلەن، سەن بىلەن ئانچە ـ مۇنچە ھال ـ ئەسرار بولىدىغان، كۆڭلۈڭنى چۈشىنىدىغان بىرەر دوستۇڭ بولمىسا، ئۇنداق شەھەر ئادەمگە تەكلىماكان چۆللۈكىدىنمۇ دەھشەتلىكرەك تۇيۇلۇشى مۇمكىن. سېنىڭ كۆڭلۈڭ تۈز، شوخ، چىقىشقاق مىجەزىڭ بار. سەن ئاشۇ مىجەزىڭ بىلەن بەلكىم جاھاندىكى ھەممە ئادەملەر بىلەن دوست بولۇپ كېتەلىشىڭ مۇمكىن. كونىلارنىڭ «ئۆزۈڭ ئوبدان بولساڭ، ئالەم سېنىڭكى» دەيدىغان تەمسىلى بار ئەمەسمۇ؟ ھەرقانداق ئىنسان ئۇچۇن كىشىلىك تۇرمۇشتا، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ھال ـ مۇڭىغا يېتىدىغان، خۇشاللىق ـ خاپىلىقلىرىغا ئورتاقلىشالايدىغان بىرنەچچە دوستىنىڭ بولۇشى بەكمۇ زۆرۈر. لېكىن، بىر ئوقۇغۇچى ئۇچۇن ئۆزىنىڭ ساۋاقداشلىرىدىن باشقا زىيادە كۆپ دوست تۇتۇشىمۇ ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس. ئادەم كۆپىنچە ھاللاردا دوستلىرىنىڭ ياخشى پەزىلەتلىرىدىن كۆرە، يامان خۇي ـ ئادەتلىرىنى ئاسان ئۆگىنىپ قالىدۇ.

گۈلىستان، مەن ساڭا تەربىيە، نەسىھەت قىلغۇچى ئادەم ئەمەس، ھايات مۇساپەڭنى قانداق تاماملاشقا ئۆزۈڭنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ساڭا ئىككى ئېغىز دوستلۇق بۇرچۇمنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆرۈپ قالدىم. ئويلاپ باقارسەن.

شاكىر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭنىڭ يىرىكلىشىپ قالغانلىقىدىن تولىمۇ ئەپسۇسلاندىم. شاكىرنىڭ مىجەزى چۇسىراق ھەم جېدەلخۇمار بولغىنى بىلەن؛ سېنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ساڭا بولغان مۇھەببىتىنى ھەقىقىي مۇھەببەت دېيىشكە بولاتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ ساڭا ۋاپاسىزلىق قىلمايدىغانلىقىغا، ساڭا بولغان ساداقىتىگە ئىشىنەتتىم. لېكىن، سەن مەردان ئىسىملىك باشقا بىر يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىڭنى يېزىپسەن ھەم ئۇ يىگىتنىڭ ئۈرۈمچىلىك ئىكەنلىكىنى، دادىسىنىڭ نازىر دەرىجىلىك باشلىق ئىكەنلىكىنى سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىپسەن. لېكىن، شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنكى دوستۇم، مۇھەببەت ئەزەلدىن مال ـ دۇنيا، ھوقۇق، تاجۇدۆلەتكە قۇل بولغان ئەمەس. سەن مۇھەببەت، دوستلۇقنى

ھوقۇق، پايدا - مەنپەئەت، ئىمتىياز، مال - دۇنيا بىلەن ئۆلچەيدىغان بولساڭ، كېيىنچە چوقۇم پۇشايمان قىلىسەن، بەلكىم يەككە - يېگانە قېلىشىڭمۇ مۇمكىن.

كەچۈر، گۈلىستان، يۇقىرىدىكى سۆزلىرىم ھەرگىزمۇ مەرداننى ۋاپاسىز، يارامسىز دېگىنىم ئەمەس ھەم مېنىڭ ئۇنداق دېيىشكە ھەققىممۇ يوق. چۈنكى، مەن ئۇنى كۆرۈپ باقمىغان تۇرسام قانداقسىغا ئۇنداق ياكى مۇنداق دەپ باھا بېرەلەيمەن. دېمەكچى بولغىنىم، دوست تۇتۇشتا ئېھتىيات قىل، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ سەن ئۈچۈن سوقۇۋاتقان بىر ۋاپادار يۈرىكىنى ئورۇنسىز خارلىما دېمەكچىمەن. مەردان بىلەن شاكىردىن قايسىسىنى تاللاش مەسىلىسى پۈتۈنلەي ئۆزۈڭنىڭ ئىشى، بۇ ئىشقا مەن بىرنېمە دېيەلمەيمەن. سەن ھەرھالدا يۈرىكىڭگە قولۇڭنى ئوبدانراق سېلىپ باققىن.

گۈلىستان، يۇقىرىدىكى سۆزلىرىمنى ئويلاپ كۆرەرسەن، خەير، ساڭا بەخت تىلەپ:

دوستۇڭ نازاكەت.

«× × يىلى × × ئاي × × كۈن»

ئىككى پارچە خەتنى پۈتكۈزۈپ بولغان نازاكەت كۆڭلى ئارام تاپقاندەك خېلىلا يەڭگىللەپ قالدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، بەل، قوللىرىنى تۈزنۈۋالغاندىن كېيىن، داسقا چايداندىكى قايناق سۇنى قويۇپ، سوغۇق سۇ بىلەن تەڭشىدى - دە، پۇت - قوللىرىنى راھەتلىنىپ يۇدى، ئاندىن كارىۋاتقا يانپاشلىغاچ خىياللار قاينىمىغا غەرق بولدى. «دوست يىغلىتىپ ئېيتار، دېگەن گەپ بار. بىر قىسىم گەپلىرىم قوپال كەتكەن بولسا، خالمۇرات بىلەن گۈلىستان كۆڭلىگە ئالماس، ناۋادا ئۇلار مېنىڭ ياخشى كۆڭلۈمنى چۈشەنمەي، ئاتىكارچىلىق قىلدى دەپ رەنجىپ قالسا، ئەپۇ سورارمەن. ئىشقىلىپ، مەن ھەقىقىي دوستلۇق بۇرچۇمنى ئادا قىلدىم. دوستلىرىم، ئەجەب سېغىندىم سىلەرنى، يۈزتۇرا سۆزلەشكەن، مۇنازىرىلەشكەن بولساق - ھە! ئىشقىلىپ، خۇدايىم كۆڭلۈڭلارغا ئىنساب بېرەر...» نازاكەت خىيالدىن باش

ئېلىپ، قولىغا «ئىزدىنىش» ناملىق رومانىنى ئالدى ـ دە، نېمە ئۈچۈندۇر كىتابنى ئوقۇماي ئاستا ۋاراقلىغاچ يەنە خىيالغا كەتتى: «ئەتە ئەتىگەن مۇھەممەت ئۈچ ماشىنا مالنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ ماڭىدۇ. خالمۇرات، ئابدۇسېلىملار مالغا خېرىدار تېپىپ قويغانمىدۇ؟ بەلكىم خېرىدار تېپىپ قويغاندۇ. ئۈرۈمچى شۇنچە چوڭ شەھەر تۇرسا، ئۈچ ماشىنا مالنى ئالغىلى سودىگەر چىقماي قالارمۇ؟ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار ئۈرۈمچىدە بەكمۇ ئەتىۋارلىق دېيىشىدۇ. خۇدا مۇھەممەتنىڭ سەپىرىنى ئوڭ قىلىپ، سودىسىغا تۈگىمەس بەرىكەت ئاتا قىلغايسەن...»

نازاكەت ئەتە ئەتىگەن مۇھەممەتنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى، بايام يازغان خەتلەرنى مۇھەممەتنىڭ ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، بۇرۇنراق ئۇخلاپ، ئەتىگەنرەك ئورنىدىن تۇرۇش ئۈچۈن، چىراغنى ئۆچۈرۈپ كۆزىنى مەجبۇرىي يۇمدى.



# ئون بىرىنچى باب

## ئۈرۈمچى

### 1

يول — مۇساپىسى ئىككى مىڭ كىلومېتىردىن ئاشىدىغان، مۇشەققەتلىك تىك داۋان، چوڭقۇر ھاڭلاردىن، يىلان باغرى ئايلانما، ئەگىملەردىن، بۇلاق - ئۆستەڭ سۇلىرى شىلدىرلاپ ئېقىپ، چارۋا ماللار يايلاپ تۇرىدىغان بۈك - باراقسان، ياپيېشىل بوستانلىق، يايلاقلاردىن، بۇغداي، قوناق، كېۋەز... ھەر خىل دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى دېڭىزىغا ئايلانغان ئېكىنزارلىقلاردىن، نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمىي شەھەرلەردىن، گىياھ ئۈنمەس، سۇسىز تاقىر سايلىقلاردىن، يېزا - قىشلاقلاردىن، يىل بويى قىسنى قۇرۇماي شارقىراپ ئېقىپ تۇرىدىغان ئەزىم دەريالاردىن... كېسىپ ئۆتىدىغان، پۈتكۈل ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سودا، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، دوستلۇق ئالاقىسىنى تۇتاشتۇرۇشتا مۇستەھكەم كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدىغان دۇنياغا مەشھۇر يىپەك يولى.

مۇھەممەتكە مانا مۇشۇ ئۇزۇن سەپەرنى باسقىلى بۈگۈن تويتوغرا ئىككى كېچە - كۈندۈز بولدى. ئۇنىڭ يۈكلىرىنى كىرا قىلغان ئۈچ ماشىنا ئوخشاش سۈرئەت بىلەن خۇددى بەيگىگە چۈشكەن تۇلپارلاردەك چاپماقتا. ئۇلار ھازىر پۈتكۈل مۇساپىنىڭ ئاخىرقى خەتەرلىك، مۇشەققەتلىك بىر ئۆتكىلى «ئاغىبۇلاق» داۋانلىرىدىن بىر - بىرىگە ھەمدەم بولۇپ ئاشماقتا.

ئاپتوموبىللارنىڭ موتورى قاتتىق گۈرۈلدەيدۇ. سۈرئىتى بولسا كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاستىلىغان، شوپۇرلارمۇ ئىلگىرىكى بىپەرۋالىقىدىن سىزىلەرلىك دەرىجىدە جىددىيلەشكەن، كۈچلۈك، توم بارماقلار ماشىنا رولىنى مەھكەم قامالىغان، بۇركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلەر يولغا مىختەك تىكىلگەن. مۇھەممەت بولسا دەسلەپكى سەپەرگە چىققان كۈنلىرىدىكىگە ئوخشاش ھەممە نەرسىگە قىزىقىش، ھەيران قېلىش تۇيغۇسى بىلەن قاراپ كۆزەتمەكتە، ياھا بەرمەكتە، بۇ كارتىنىلارنى كۆڭۈل دەپتىرىگە قالدۇرماي خاتىرىلىۋېلىشقا تىرىشماقتا. ئىككى تەرىپى ئاسمانغا بوي سوزغان، ئۈستى كۆز يەتكۈسىز تاغ، ئوتتۇرىسى بەئەينى كارىدوردەك يول ئۇنى خېلىلا جىددىيلەشتۈردى، شۇنداقتىمۇ مۇھەممەت چوققىسى بۇلۇتلارغا تاقاشقان، ئۈستى ئاپپاق قارلار بىلەن قاپلانغان تاغقا ھەيرانلىق، ھەۋەس بىلەن تىكىلدى، تۇيۇقسىز خەلق ناخشىلىرىدىكى مۇنۇ بىر كۇپلېت بىيىت ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى:

> تاغمۇ تاغلاردىن ئېگىز، ئاغىبۇلاقنىڭ تاغلىرى،
> ئۈستىنى قارلار بېزەپتۇ، ئاستىنى گۈلباغلىرى.

«بۇ قوشاقنى كىم توقۇغان بولغىيدى؟ پۈتكۈل تاغنىڭ قىياپىتىنى ئەجەب ئىككى مىسرا بىلەنلا ئىپادىلەپتىكەن ـ ھە ! يۇرتىمىزنىڭ تاغ ـ دەريالىرى ھەقىقەتەن گۈزەل، ھەيۋەتلىك ئىكەن» دەپ ئويلىدى ئۇ ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن. ماشىنا ئەگرى ـ بۈگرى تاغ يولىدا بىر خىل سۈرئەتتە چايقىلىپ ماڭماقتا. مۇھەممەت تۈگىمەس خىياللار ئىلكىدە مەستخۇش.

ئۇ سەپىرىنىڭ دەسلەپكى كۈنى كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتى — سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئالتۇن پايتەختى، شەرق مەدەنىيىتىدىكى نۇرلۇق گۆھەر، ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقامنى تەۋەللۇت قىلغان قەدىمىي شەھەر يەكەندىن

يولغا چىقىپلا ۋۇجۇدنى بىر خىل ھاياجانلىق ھېس - تۇيغۇلار قاپلىۋالدى. ئۆزىنى بارسا كەلمەس يىراق بىر يەرگە كېتىپ بارغاندەك، ئەمدى قايتىپ كەلمەيدىغاندەك ھېس قىلىپ، كۆڭلى يېرىم بولدى. يۇرتىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلا - ئاتلىمايلا يۈرىكىنى يۇرت پىراقى ئۆرتىدى. بىر تەرىپى تاقىر سايلىق، بىر تەرىپى گىياھ ئۈنمەس، چوققىسى بۇلۇتلارغا تاقاشقان قىزغۇچ تاغ تىزمىلىرى بىلەن ئورالغان ھىممىتىنىڭ سېپىغا كەلگەندە، ئىچى سىقىلىپ بىر ئاز زېرىكىشلىك ھېس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىككى سائەتتىن كېيىن كۆزگە چېلىقىشقا باشلىغان يېڭىسار دىيارى ئۇنىڭ جىمىپ قالغان خىيال قۇشلىرىنى قاناتلاندۇردى. تارىختا نۇرغۇن جەڭ - يېغىلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، نۇرغۇن باھادىر ئوغلانلارنىڭ تېنىنى قوينىغا ئالغان بۇ يۇرت ئۇنىڭغا بەكمۇ سۆرلۈك تۇيغۇ بېغىشلىدى. كۆڭلىدىكى سىقىلىش، زېرىكىشلەرنى قاياقلارغىدۇر ھەيدىۋەتتى. تارىختا ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ راۋاج تاپقان بۆشۈكى بولغان، ئۇلۇغ ئالەمشۇمۇل ئالىم ۋە ئەدىبلىرىمىزدىن مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ كىندىك قېنى ۋە ئىجادىي مېھنەت تەرى تۆكۈلگەن ئەزىزانە شەھەر — قەشقەرنىڭ جامالى كۆزگە چېلىققاندا بولسا كۆڭلى پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ، بىر كۈنلۈك سەپەر ھاردۇقىنىمۇ ئۇنتۇدى. ئۇ ئەتىسى ئەنجۈر ماكانى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتاقلىق دۆلەت ئەربابى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مۇبارەك تېنىنى قوينىغا ئالغان ئاتۇشتىن كېسىپ ئۆتۈپ دۈچ كەلگەن قەشقەر - ئاقسۇ ئارىلىقىدىكى بەش - ئالتە سائەتلىك چۆل يولىنى بولسا، پۈتۈنلەي ئىلگىرىكى ئاخشىمى قەشقەر شەھىرىدە ئۆتكۈزگەن كۆڭۈللۈك مىنۇتلىرىنى، قەلبىنى قەرزىگە سېلىپ، ئەقىل بۇلىقىنى ئوقچۇتقان ھەيۋەتلىك «ھېيتگاھ مەسچىتى» ۋە ئۇنىڭ ئاسمانغا بوي سوزۇپ تۇرغان مۇنارىنى، قەدىمىي شەھەر ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ ئەپچىل قوللىرىدا ئېتىلىپ، پىشىپ چىققان مەززىلىك تاماقلارنىڭ تەمىنى تامشىش

بىلەن ھېچنېمىنى تۇيماي بىسىپ تۇگەتتى. گۇرۇچ ماكانىنىڭ مەركىزى ئاقسۇ شەھىرىگە يەتكەندە بولسا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بىر خىل كۈچلۈك، ھاياجانلىق ھېس ـ تۇيغۇ قاپلىۋالدى. مۇھەممەت يىراقتىنلا بۇ گۈزەل شەھەرگە ھۆرمەت بىلەن نەزەر سالدى. ھەيۋەت بىلەن ئېقىپ تۇرغان تارىم دەرياسىنىڭ شارقىراشلىرىدىن كۈچلۈك، جاراڭلىق بىر سادانى ئاڭلىغاندەك، ئۇلۇغۋار، گىگانت بىر سىيمانى كۆرگەندەك بولدى. «ئېھ، ئاقسۇ! خەلقىمىزنىڭ قەھرىمان، ئوت يۈرەك پەخىرلىك پەرزەنتى، تالانتلىق كۈيچىسى، ئەركىنلىك، ھۆرلۈككە ئىنتىلگۈچى يېڭى ھايات ئېقىمىنىڭ شىددەتلىك قاينام ئۆركىشى، ئوت يۈرەك شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپنى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇسى بىلەن قوينىغا ئالغان مۇقەددەس دىيار!» دەپ ھاياجان بىلەن پىچىرلىدى ئۇ. ئاقسۇدىن كېيىنكى سەپەر تاكى كۇچاغا ئۇلاشقۇچە ئۇنىڭغا ھېچقانداق خۇشاللىق بېغىشلىيالمىدى. مۇھەممەت كۇچاغا كېلىپ بولغۇچە خۇددى ھازىدار ئادەمدەك مەيۈسلىنىپ، تۇتۇلۇپ ئولتۇردى.

مەشھۇر مۇزات داۋانلىرىنىڭ كۆز ياشلىرىدىن ھاسىل بولغان ھەيۋەتلىك ئۆگەن دەرياسىدىن ئاشقاندىن كېيىنلا كۆزگە چېلىققان كۇچا بوستانلىقى مۇھەممەتنىڭ كۆڭلىگە يەنە قايتىدىن جۇشقۇنلۇق بېغىشلىدى. كۇچا شەھىرىگە كىرگەندە بولسا، دۇنياغا مەشھۇر تىلسىمات «مىڭئۆي»گە بەند قىلىنغان پەرىزاتلارنىڭ چىرايىدىن ئەندىزە ئالغان شوخ، لەۋەن، نازاكەتلىك كۇچا گۈزەللىرى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى مەيۈسلۈكنى ئۇنتۇلدۇردى. بىر كۈنلۈك سەپەردە ئاغزىغا بىر بۇردا نەرسە سالمىغان يىگىت كۇچا شەھىرىدە تويغۇچە غىزالاندى. ئۇ نەشپۈت ماكانى كورلىدىن ئۆتكەندىن كېيىن باش ئەگىم داۋىنىدا قىسقىلا توختاپ، جاھان ئاشىق ـ مەشۇقلىرىنىڭ سەردارى ـــ سۆيگۈ ـ ساداقەتمەنلىكنىڭ، ۋاپادارلىقنىڭ نەمۇنىسى «تاھىر ـ زۆھرە» مەقبەرىسىنى غايىبانە تاۋاپ قىلدى. خۇدادىن ئۆزىگە زۆھرەگە ئوخشاش ۋاپادار بىر مە-

شۇقنى يولۇقتۇرۇشنى تىلىدى، كەلگۈسى ھايات سەپرىدە ئۆزدگە بىر ئۆمۈر يولداش، مەھبۇبە بولىدىغان قىزنى خىيالىي تەسەۋۋۇر قىلدى. مۇھەممەت ھەرقانچە ئويلىماسلىققا تىرىشسىمۇ، كاللىسىغا نازاكەتنىڭ سىيماسى كىرىۋالدى. «توۋا، نازاكەتنىڭ خالمۇرات بىلەن يۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئويلاپ كەتكىنىمنى، ئەجەب بىر نامەرد خىياللارنى سۇرۇپ كېتىپتىمىنا...» مۇھەممەت ئوي ـ خىياللىرىنى خالمۇرات بىلەن نازاكەت بىلىپ قالغاندەك ۋىللىدە قىزاردى، قەلبىنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرى ئازابلىق ئېچىشتى.

«كىشىلىك ھايات يولى مۇشۇ بىز بېسىپ كېتىپ بارغان رېئاللىقتىكى يولغا نەقەدەر ئوخشايدۇ ـ ھە ! — دەپ چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزمەكتە مۇھەممەت ‹ئاغىبۇلاق›نىڭ خەتەرلىك ئەگىم، داۋانلىرىدىن قەيسەرلىك بىلەن ئېشىۋاتقان ماشىنا كابىنكىسىدا ئولتۇرۇپ، يولنىڭ سول تەرىپىدىكى كۆز ئىلىنىشقۇسىز چوڭقۇر ھاڭ، ئوڭ تەرىپىدىكى چوققىسى بۇلۇتقا تاقاشقان تاغ ھەم ھازىرلا گۈمۈرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك ساڭگىلاپ تۇرغان تاغ ئەمچەكلىرىگە قاراپ، — غەيرەت ۋە ئىرادە ئىنسان ئۈچۈن تۈگىمەس روھىي ئوزۇق. ئىلىم ـ پەن بولسا ھەممىنى يەڭگۈچى، بويسۇندۇرغۇچى قۇدرەتلىك كۈچ. خەلقىمىز غەيرەت ـ ئىرادە كەمرىنى مەھكەم باغلاپ، ئىلىم ـ پەن بىلەن پۇختا قوراللىنىدىغان بولسا، ئالدىدا ئەجدىھادەك سوزۇلۇپ ياتقان مۇنۇ تاغ ـ داۋانلاردەك ھەرقانداق مۇشكۇلاتلارنى بويسۇندۇرماي قالمايدۇ. زاۋۇت قۇرۇش ئىشلىرىم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ نۇرغۇن پۇل تاپالىسام، ئاشۇ پۇللارنى ئەڭ ئاۋۋال خەلقىمىزنىڭ، مىللىتىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىمەن...»

نەچچە ئونلىغان خەتەرلىك ئەگىملەردىن، داۋان ـ ھاڭلاردىن ئاشقاندىن كېيىن، ھەيۋەتلىك «ئاغىبۇلاق» تاغلىرى مۇھەممەتنىڭ كەينىدە قالدى. ئۇلارنى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭقۇر بولغان تۇرپان ئويمانلىقى — شامال ـ بوراننىڭ ئۇۋىسى توقسۇن

دىيارى بوران ئارىلاش زەھەردەك جۇت ـ شىۋىرغىنى بىلەن قارشى ئالدى.

ـــ ھازىر توقسۇندىن ئۆتۈپ داۋانچىڭغا يېقىنلىشىپ قالدۇق.

شوپۇر ئۇستامىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى مۇھەممەتنى بىر ئاز سەگەكلەشتۇردى. ئۇ ئالدىدىكى ئالتۇن رەڭ دالاغا سۆيۇنۇش، ھەۋەس بىلەن قارىدى ۋە دىمىقىدا خەلق ناخشىسى «داۋانچىڭ»نى غىڭشىشقا باشلىدى، مۇھەممەتكە شوپۇر ئۇستامىنىڭ بوم ئاۋازى جور بولدى:

داۋانچىڭنىڭ يولى قاتتىق،
تاۋۇزى تاتلىق.
داۋانچىڭدا بىر يارىم بار،
قەمبەرخان ئاتلىق.

قەمبەرخانىم، قەمبەرخانىم
يەلپۈپ قويايمۇ؟
يەلپۈگۈچىنىڭ دالدىسىدا
سۆيۈپ قويايمۇ؟

داۋانچىڭدا قوغۇن تېرىدىم،
پېلەكلەرى تۈز.
يوغان ـ يوغان قوغۇن چۈشتى،
ئۆزۈڭ تاللاپ ئۈز.

سەن يار ئۈچۈن تاياق يېدىم
بىر مىڭ ئالتە يۈز.
يەنە يېسەم شۇنچە يەرمەن،
جانىم قارا كۆز.

ناخشا تۈگىشى بىلەنلا ھەر ئىككىسى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك

قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ھەي ئىسىت، ھازىر 12 - ئاي بولۇپ قالدى - دە، 8 -، 9 - ئايلاردا داۋانچىلىڭ ھەقىقەتەنمۇ قوغۇن - تاۋۇزلار بىلەن تولۇپ كېتىدۇ، قىزىللىرى ناخشىدىكى قەمبەرخانىمدىنمۇ چىرايلىق، — دېدى يول بويى مۇھەممەتكە خالىس يۇرت تونۇشتۇرغۇچىلىقنى ئۈستىگە ئالغان شوپۇر ئۇستام ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — ئېيتە يىگىت، يۇرتتا پۇتۇشۇپ قويغان قىزىڭ بولمىسا، داۋانچىڭنىڭ قىزلىرىدىن بىرەرىنى قايتار ۋاقتىدا ئېلىۋېلىپ كېتەمدۇق يا؟

— داۋانچىڭنىڭ قىزلىرىنى قوغۇن - تاۋۇزلىرىغا ئوخشاش يول بويىغا دۆۋىلەپ قويمايدىغاندۇ ھەرقاچان، — دېدى مۇھەممەت چاقچاق قىلىپ.

— راست گېپىڭنى قىلە، سەن «ھە»لا دېسەڭ، خۇددى قوغۇن - تاۋۇز تاللىغاندەك تاللىۋالىسەن.

ئۇلار كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن داۋانچىڭنى قانداقلارچە كەينىدە قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالدى. يىراقتىن ئاڭلانغان ھەيۋەتلىك گۈدۈك ئاۋازى مۇھەممەتنى چۆچۈتۈۋەتتى. كابىنكا ئەينىكىدىن ئاۋاز چىققان تەرەپكە بويۇنداپ قارىدى. كەڭرى ئالتۇن رەڭ دالادا خۇددى دېڭىز يۈزىدە ئۈزۈپ كېتىۋاتقان غايەت يوغان بېلىقتەك بىر يولۇچىلار پويىزى تېز سۈرئەتتە كېتىۋاتاتتى. مۇھەممەت پويىزنى تۇنجى قېتىم شۇنچە ئېنىق، يېقىندىن كۆرۈۋاتاتتى.

— پويىز ! قارىسىلا ئۇستام، پويىز كېلىۋاتىدۇ ! — دېدى مۇھەممەت خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي. ئۇ ھاياجاندىن گەۋدىسىنى كابىنكا ئەينىكىدىن سىرتقا چىقىرىۋالغانىدى.

— ھەيران قېلىۋاتامسەن يىگىت، ئۆزۈڭنى بېسىۋال، — دېدى ئۇستام مۇھەممەتنى چاپىنىنىڭ پېشىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، — بېشىڭنى ئەينەكتىن چىقارما، خەتەرلىك. بۇ غايەت زور مەخلۇق بىزنىڭ يۇرتلاردا تېخى

بولمىغىنى بىلەن، بۇ يەرلەردە خېلى كەڭرى. سېنىڭ كورلىدا غىل - پاللا كۆرۈپ، بەكرەك كۆرۈۋالماي ئارمان قىلىپ كەتكىنىڭ يۈك پويىزى، ھازىر كۆرۈۋاتقىنىڭ يولۇچىلار پويىزى. پويىز كېلىۋاتقان يول شەرقىي شىنجاڭ تۆمۈريولى. بۇ پويىز ئىچكى ئۆلكىلەردىن چىققان چېغى. قومۇل ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە بارىدۇ.

مۇھەممەتنىڭ قۇلىقى شوپۇر ئۇستامنىڭ گېپىدە بولغىنى بىلەن، كۆزى پويىزدا ئىدى. ئۇ پويىزدىن كۆزىنى ئۈزمەي چوڭقۇر خىياللارغا پاتقانىدى. «يۇرتىمىزدا دېھقانلار يېڭىراق بىر خىل شەكىلدىكى ئاپتوموبىللارنى ياكى كىچىك ماشىنىلارنى كۆرسە، ھەيرانلىقتا خۇددى يېڭى كېلىنىنى كۆرگىلى كەلگەن ئادەملەردەك چۆرىسىگە ئولىشىۋالىدۇ، ھەيران قېلىشىدۇ. چەت ئەللەردە قاتناش قورالى قىلغىلى نەچچە يۈز يىل بولغان بۇ ھەيۋەتلىك مەخلۇق بىزنىڭ ئاشۇ تەكلىماكان ئېتىكىگە قاچانمۇ يېتىپ بارار؟ ...» دەپ ئويلايتتى ئۇ ئېغىر خورسىنىش بىلەن.

— ئۈرۈمچى شەھىرى ئەتراپىغا يېتىپ كەلدۇق، — دەپ ئەسكەرتتى شوپۇر ئۇستام مۇھەممەتكە مۇھىم بىر ئىشتىن بېشارەت بەرگەندەك ئەستايىدىللىق بىلەن.

ئۇستامنىڭ بۇ بىر جۈملە سۆزى مۇھەممەتكە راستلا جىددىي تەسىر قىلدى. ئۇ باش - ئاخىرى يوق خىياللار قاينىمىدىن قۇتۇلۇپ، كۆز ئالدىدىكى ئاسمانغا بوي سوزغان قەۋەت - قەۋەت بىنالارغا، قويۇق ئىس چىقىرىپ شەھەر ئاسمىنىنى كۆكۈچ تۇمانلاشتۇرۇۋاتقان زاۋۇت - فابرىكىلارنىڭ تۇرخۇنلىرىغا زور قىزىقىش بىلەن نەزەر تاشلىدى. تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقان ئون نەچچە قەۋەتلىك ھەيۋەتلىك بىنالار ئۇنىڭغا ئاجايىپ - غارايىپ تۇيغۇلارنى بەخش ئەتتى. مۇھەممەت كۆز ئالدىدا خۇددى تېلېۋىزور ئېكرانىدىكى سۈرەتتەك تېز - تېز ئۆتۈۋاتقان يېڭى، زامانىۋى، ئاجايىپ ھەيۋەتلىك مەنزىرىلەرگە تويماي قارايتتى. بابكارنىڭ موكىسىدەك ئۆتۈۋاتقان ھەر خىل شەكىلدىكى چوڭ -

كىچىك ئاپتوموبىللار، قومدەك چېچىلىپ، چۈمۈلىدەك مىغ - مىغ قايناپ كەتكەن ئادەم دېڭىزى... قايناق مەنزىرىگە تولغان ئۈرۈمچى ھاياتى مۇھەممەتنىڭ كۆزىنى ئالا چەكمەن قىلىۋەتتى.

قۇياش شەھەرنىڭ غەربىدىكى تاغنىڭ كەينىگە مۆككەندە، جەنۇب تەرەپتىن كەلگەن ئۈچ يۈك ماشىنىسى ئېغىر گەۋدىسىنى ھارغىن سۆرەپ، مۇساپىرلار مېھمانخانىسىنىڭ ماشىنا توختىتىش مەيدانىدا توختىدى.

## 2

تاك - تاك - تاك...

ئىشىكنىڭ يەڭگىل چېكىلىشى يېرىم كۈندىن بېرى سىرتقا چىقماي ھەر خىل خىياللار بىلەن ئۆزىنى ئەمەك قىلىپ، زېرىكىشلىك مىنۇت - سېكۇنتلارنى ئۆتكۈزۈۋاتقان مۇھەممەتنى چۆچۈتۈپ، مەنىسىز ئوي - خىياللىرىنىڭ يىپىنى ئۈزۈۋەتتى. ئۇ كارىۋاتتىن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى - دە، خۇشاللىقتىن يۈرىكى ئويناقلاپ كەتتى، ئىشىك تۈۋىدە خالمۇرات ھىجىيىپ قاراپ تۇراتتى. ئىككى دوست قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، ھال - ئەھۋال سوراشتى، سالامەت كۆرۈشكەنلىكى ئۈچۈن بىر - بىرىنى تەبرىكلەشتى.

— ئەجەب تەقەززا قىلدىڭا، ئەتىگەن تېلېفون بەرسەم ئەمدى كەلگىنىڭنى قارا، — دېدى مۇھەممەت خالمۇراتنى ئەيىبلەپ.

— ئەتىگەن بەرگەن تېلېفونۇڭنى ماڭا ئۈچىنچى سائەت دەرستىن چىققاندىن كېيىن ئاندىن يەتكۈزۈشتى. خەۋىرىڭنى ئاڭلىدىم - دە، بۇ يەرگە ھېچنېمىگە قارىماي چاپتىم، — دېدى خالمۇرات مۇھەممەتكە كېچىكىپ كېلىشىدىكى سەۋەبنى چۈشەندۈرۈپ، — قانداق، سەپەر ھاردۇقى خېلى چىقىپ قالغاندۇ؟

— خۇداغا شۈكۈر. مانا ھازىر سېنى كۆرۈپ ھاردۇقۇم

پۈتۈنلەي چىقتى.

مۇھەممەت تېخىچە ئۆرە تۇرغان خالمۇراتنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، چاي قۇيدى ۋە سەپەر سومكىسىدىن يۇرتتىن ئېلىۋالغان ياغ توقاچ، قورۇغان گۆش، مۇراببا، ھۆل - قۇرۇق يەل - يېمىشلارنى ئېلىپ تومپۇچكا ئۈستىگە تىزدى.

— يۇرتنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — سورىدى خالمۇرات نېمەتلەرگە ئېغىز تەگكەچ.

— يامان ئەمەس، ئاۋۋالقىدەكلا تۇردى. بىراق، سەن خېلى ئۆزگىرىپسەن، — دەپ جاۋاب بەردى مۇھەممەت خالمۇراتنىڭ قۇلىقىنى ياپقۇدەك ئۆستۇرۇپ، بۇدۇر قىلدۇرۇۋالغان چېچىغا، بىر ئاز سەمرىگەنلىكىنى ئىپادىلەپ تۇرغان ئاقپىشماق چىرايىغا، ئۇيقۇسىراپ كەتكەندەك قىزىرىپ قالغان كۆزىگە سەپسېلىپ.

— شۇنداقمۇ؟ راستلا ئۆزگىرىپتىمەنمۇ؟ پۈتۈنلەي ئەمەستۇ - ھە؟ — دېدى خالمۇرات شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇ يانچۇقىدىن بىر قاپ تاماكا ئېلىپ مۇھەممەتكە تۇتتى.

— تۇتە، تاماكا چەك.

— ئۆزۈڭ چەك، مەن بۇ نېمىنى ئۆگەنمىدىم، — مۇھەممەت خالمۇراتقا ئەيىبلەش نەزىرى بىلەن قاراپ دېدى، — بۇنىمۇ يېڭىلىق دەپ ئۆگىنىۋالغان ئوخشىمامسەن؟

— قانداق قىلىمىز ئاغىنە، — دېدى خالمۇرات بىر تال تاماكىنى لېۋىگە قىستۇرۇپ ئوت تۇتاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن پەرۋاسىزلىق بىلەن سۆزلەپ، — «يەكچەشمىنىڭ شەھىرىگە بارساڭ بىر كۆزۈڭنى قىس» دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ؟ ئۆزۈڭمۇ كۆرۈۋاتقانسەن ياكى ھېس قىلغانسەن، بۇ شەھەرنىڭ قېرى - ياش، چوڭ - كىچىك، ئەر - ئاياللىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئاساسەن باش كىيىمى كىيمەيدۇ. مەنمۇ دەسلەپتە بېشىمدىن شەپكەمنى ئاجراتماي يۈرگەنىدىم، كېيىن قارىسام سىنىپتا باش كىيىمى كىيىپ يۈرگەندىن يالغۇز مەنلا قاپتىمەن، شۇنىڭ بىلەن...

— شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ شەپكەمنى بېشىمدىن ئېلىپ پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتتىم دېگىن. «غورا غورىنى كۆرسە ئالا بولىدۇ» ئەمەسمۇ؟ يەنە تېخى «ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس» دەيدىغان تەمسىلمۇ بار.

— پاھ، تىلىڭ نېمانچە ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى، ئاداش. ھېلىتىن ھېچنېمە يوقلا ئۇچۇقدىغىلى تۇردۇڭغۇ؟ — دېدى خالمۇرات كۈلكىدىن ئۆزىنى تۇختىتالماي، — يۇرتتا يازنىڭ تومۇز سەراتان ئىسسىقىدىمۇ بېشىمىزدىن دوپپا بىلەن شەپكىنى ئاجراتماي كىيىپ كۆنۈپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈنمىكىنتاڭ، ماڭمۇ دەسلەپتە يالاڭباش يۈرۈش تولىمۇ غەلىتە تۇيۇلغانىدى، مانا ھازىر پۈتۈنلەي كۆنۈپ قاپتىمەن. سەنمۇ بۇ شەھەردە بىرنەچچە ھەپتە تۇرساڭ كۆزۈڭگە سىغىپ قالىدۇ.

— گېپىمنى خاتا چۈشىنىپ قالما ئاداش، — دېدى مۇھەممەت گېپىگە ئىزاھات بېرىپ، — يۇقىرىقى گەپلىرىم پۈتۈنلەي چاقچاق. بۇ تۇرقۇڭنى كۆرۈپ ئەيىبلىگىنىم ئەمەس، يالاڭباش يۈرسە كاللا سەگەكرەك تۇرىدۇ، يەنە چاچنى زىيادە ئۇزۇن قويۇۋالماي چىرايلىق ياسىتىپ پاكىز يۈرسە ئادەم تېخىمۇ سالاپەتلىك، تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈنىدىكەن. ھازىر يۇرتتىمۇ يالاڭباش يۈرىدىغان ياشلار پەيدا بولدى. ھەممىسى ئۈرۈمچى ياكى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ، ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كەلگەنلەر، لېكىن كۆپ ئەمەس. ئۇلارنىڭ بۇ يۈرۈش - تۇرۇشى پېشقەدەملەرنىڭ كۆزىگە ئانچە سىغمايۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، يالاڭباش يۈرسە ئادەم ئىمانىدىن ئاجرارمىش، كۇپۇرلۇق بولارمىش. ئاڭلىدىڭمۇ بۇ گەپلەرنى.

— بۇمۇ ئاشۇ بىر قىسىم پېشقەدەملەرنىڭ قارىشى. دەسلەپتە بىزمۇ شۇنداق ئويلىغان، ئەمما، بۇ قاراشلارنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق. باش كىيىمى كىيىش - كىيمەسلىك ھەققىدە كىتابلاردىمۇ ھېچنېمە دېيىلمىگەن. بىزنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار شۇنداق دەيدۇ، — دېدى خالمۇرات كۈلۈپ تۇرۇپ، —

ئاشۇ پېشقەدەملەرنىڭ نەزىرىدە ئىمان باش كىيىمى بىلەن ئۆلچىنىدىكەن ـ دە. بىراق، مەكتەپتىكى پىروفېسسورلارنىڭ دېيىشىچە، پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللانىڭ يۇرتىدىمۇ كىشىلەر يالاڭباش يۈرىدىكەن، مەسچىتتىكىمۇ يالاڭباش پېتىچە كىرىدىكەن، يالاڭباش ناماز ئوقۇيدىكەن. يالاڭباش يۈرۈش ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارچىلىقىغا ھېچقانداق نۇقسان يەتكۈزەلمەيدىكەن، بۇنى قانداق چۈشەنسەك بولار ئەمدى.

— مەنمۇ شۇنداقراق ئاڭلىغان، ئەمما ئىشەنمىگەنىدىم. ئالىي مەكتەپنىڭ پىروفېسسورلىرى شۇنداق دېگەن بولسا راست ئوخشايدۇ.

— ئەلۋەتتە راست ـ دە، ئۇ پىروفېسسورلارنىڭ بىرقانچىسى چەت ئەللەرگە بىرقانچە قېتىم ئىلمىي مۇھاكىمىلەرگە چىقىپ كىرگەن تۇرسا.

— ئادەم بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلىشسا گاڭگىراپلا قالىدىكەن. يۇرتتىكى ئاشۇ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ چىقارغان ھەر خىل پەتىۋالىرىغا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ، — دېدى مۇھەممەتمۇ ئۆزىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى دوستى بىلەن ئورتاقلاشقۇسى كېلىپ، — بىراق بەك زامانغا لايىقلاشتىم دەپ، زىيادە غەلىتە، غەيرىي كىيىنىشمۇ ياخشى ئەمەس، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساستا كىيىنگەن ياخشى. مۇشۇنداق قىلساڭ، بىرىنچىدىن، كىشىلەرگە ئانچە غەلىتە كىيىنىۋالغاندەك تۇيۇلمايسەن، ئىككىنچىدىن پېشقەدەملەرنىڭ كۆزىگىمۇ سىغىسەن، قانداق دېدىم؟

— ھىم ... بۇ مۇلاھىزەڭنى يامان دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى خالمۇرات مۇھەممەتنىڭ كۆزقارىشىنى تەستىقلاپ.

— بىراق، مۇھىمى بۇ ئەمەس. ئەلۋەتتە، سىرتقى گۈزەللىكىمىزگىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك، شۇنداقلا ئىچكى ـ تاشقى گۈزەللىكىمىزنىڭ بىردەك بولۇشىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. بىلىم ـ سەۋىيە، ئەخلاق ـ

پەزىلەت — ئىنساننىڭ زىننىتى.

— يېقىندىن بېرى كىتاب - ماتېرىياللارنى كۆپ ئوقۇۋەتكەن ئوخشىمامسەن، خۇددى پەيلاسوپلاردەك سۆزلەيدىغان بولۇپ قاپسەن، — دېدى خالمۇرات دوستىغا قايىللىق بىلەن قاراپ، — خاتىرجەم بول ئاغىنە، مېنىڭ تاشقى قىياپىتىم ئۆزگەرگىنى بىلەن مەن يەنىلا بۇرۇنقى خالمۇرات، سېنىڭ ساۋاقدىشىڭ، ئەڭ يېقىن ئاغىنەڭ. مەن ئەنئەنە بىلەن يېڭى مەدەنىيەتنىڭ ئەخلەت - چاۋارلىرىنى ئايرىۋالالمىغۇدەك دەرىجىدە دۆتلىشىپ كەتمىدىم. مەنمۇ ئەقىل - ھوشى جايىدا كىشىلەرگە ئوخشاشلا گۈزەل مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزنى قەدىرلەيمەن، سۆيىمەن ۋە ساپلىقىنى قوغدايمەن.

— بۇ تەرەپلەرگە مېنىڭمۇ ئىشەنچىم كامىل، — مۇھەممەت خالمۇراتنىڭ ئۈزمەي چېكىشلىرىگە قاراپ، باياتىن بېرى دېمەسلىكنى كۆڭلىگە پۈككەن گەپنى ئىختىيارسىز دەپ سالدى، — نەدىنمۇ ئۆگىنىۋالدىڭ تاماكا چېكىشنى؟ بىكاردىن - بىكارغا ئۆپكەڭنى ئىسلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇددى كور بەڭگىلەردەك ئارقىمۇئارقا ئۇلاپ چېكىدىغان بولۇپ قاپسەن.

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، شۇنداقلا بىر ھەۋەس بىلەن ئۆگىنىپ قالدىمغۇ تاڭ، تاشلاشقا نىيەت قىلىۋاتىمەن. لېكىن، ياتاقتىكى ئوغۇللارنىڭ ھەممىسى چەككەچكە تازا تاشلاپ بولالمايۋاتىمەن، — دېدى خالمۇرات بىر ئاز خىجىل بولغان ھالدا.

مۇھەممەت بۇ ھەقتە ئارتۇقچە گەپ قىلىپ يۈرمىدى. ئىككى دوست خېلى ئۇزاق جەمئىيەت، ۋەزىيەت، كىشىلىك تۇرمۇش، دىن، ئېتىقاد، ئەنئەنە ھەققىدە ئۆز قاراشلىرىنى كەڭتاشا سۆزلەشتى، پىكىر ئالماشتۇردى.

— باياتىن بېرى گەپ قىلماي ئولتۇرسام نازاكەتنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق سوراپ قويايمۇ دېمەيسەنغۇ؟

— ھە... بۇ... — مۇھەممەتنىڭ تۇيۇقسىز چاقچاق قىلىپ سورىغان سوئالى خالمۇراتنى ھودۇقتۇرۇۋەتتى، دەماللىققا جاۋاب

بىرەلمەي تەمتىرىدى.

— نېمانچە دۇدۇقلايسەن؟

— تېخى ئىككى ھەپتىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغانىدىم. شۇڭا...

— خەتتىكى ئەھۋال سورىشىش دېگەن باشقا. مانا مەن نازاكەتنىڭ قېشىدىن كەلدىم. مەندىن ئەھۋال ئۇقۇشساڭ باشقىچە بولىدۇ - دە.

خالمۇرات مۇھەممەتنىڭ چاقچاق ئارىلاش قىلغان بۇ گېپىگە ئارتۇق گەپ - سۆز قىلمىدى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭغا بۇ پاراڭ تازا خۇشياقمايۋاتقاندەك ئىدى.

— بىراق، نازاكەت خەت ئارقىلىق ئەھۋاللاشقانىدىم دەپ ئولتۇرماي، ساڭا يەنە خەت، سوۋغا - سالام ئەۋەتتى، — دېدى مۇھەممەت سومكىدىن نازاكەتنىڭ بىر پارچە خېتىنى ۋە گۈللىرى ئاجايىپ نەپىس ئىشلەنگەن بىر دانە كانۋا كۆڭلەك بىلەن بىر دانە كۆزنىڭ يېغىنى يېگۈدەك سىپتا تىكىلگەن بادام دوپپىنى ئېلىپ خالمۇراتقا تەڭلەپ تۇرۇپ، — بۇ كۆڭلەك بىلەن دوپپىنىڭ گۈلىنى نازاكەت ساڭا ئاتاپ ئۆز قولى بىلەن ئىشلەپتىكەن. ساڭا ئۆز قولۇم بىلەن تاپشۇرۇپ بېرىشىمنى تاپىلىغانىدى.

— رەھمەت. نازاكەت بەك ئاۋارە بوپتۇ.

خالمۇرات مۇھەممەتنىڭ قولىدىكى سوۋغاتلارنى ئېلىپ كارىۋاتنىڭ بىر تەرىپىگە تاشلاپ قويدى، خەتنى پەرۋاسىزلىق بىلەن يانچۇقىغا تىقتى. ئۇنىڭ چىرايىدا خۇش بولغانلىق ياكى خاپا بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ھېچقانداق ئالامەت يوق ئىدى. مۇھەممەت كارىۋاتقا تاشلاپ قويۇلغان دوپپا بىلەن كۆڭلەكنى ئېلىپ خالمۇراتقا تەڭلىدى:

— قاراپ تۇرماي، كىيىملىرىڭنى سېلىپ كىيىپ كۆرۈپ باقمامسەن، قانداقراق كېلىدىكىن بىر كۆرۈپ باقاي.

خالمۇرات خالىمىغان ھالدا چىرايىنى پۈرۈشتۈردى:

— بۇ سوغۇقتا كىيىم سېلىپ...

— ياتاقنىڭ ئىچى سوغۇق ئەمەسقۇ؟ سېنى تالاغا چىقىپ كىيىپ باققىن دېمىگەندىمەن. بولە، كىيىپ باق. ناۋادا يۇرتقا بارغاندا نازاكەت «دوپپا بىلەن كۆڭلەك قانداقراق كەلدى» دەپ سوراپ قالسا، نېمىدەپ جاۋاب بېرىمەن. ھە، ماۋۇ ئىشنىڭ جايىدا بولدى. پاھ، نازاكەت نېمانچە كۆزلۈكتۇ، خۇددى ساڭا ئۆلچەپ تىككەندەك دەل جايىدا كەلدى. قارا ئەينەككە، دوپپىمۇ شۇنداق چىرايلىق ياراشتى، — مۇھەممەت خۇشاللىقتا ھاياجان بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا مېلىنى خېرىدارغا داڭلاپ بېرىۋاتقان سېتىقچىغا ئوخشاپ قالغانىدى، — ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ چېۋەر قوللىرىدا پۈتكەن ئۇيغۇر دوپپىلىرى ئالۋاستىغىمۇ بىر كىشىلىك ھۆسن كىرگۈزىدۇ. نازاكەت سېنىڭ بويۇڭنى قانداق ۋاقىتتا ئۆلچىۋالغان بولغىيدى - ھە ! ئەجەبمۇ دەل جايىدا ئۆلچەپ تىكىپتا، مۇبارەك بولسۇن.

خالمۇرات گەپ قىلماي، دوپپا بىلەن كۆڭلەكنى سېلىۋېتىپ، ئەسلىدىكى كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى. مۇھەممەت كۆڭلەك بىلەن دوپپىنى قاتلىغاچ سورىدى:

— قانداق، مەن گېپىنى قىلغان ماللارغا خېرىدار تېپىپ قويدۇڭمۇ؟

— چاتاق يوق، — دېدى خالمۇرات مەغرۇرلۇق بىلەن، — ھە راست، ماۋۇ گەپنى دېيىشەيلى، خېرىداردىن بىرنى ئەمەس، ئۈچنى تېپىپ قويدۇم. مالدىن قانچىلىك ئەكەلدىڭ، جىقراق ئەكەلگەنسەن - ھە. خەقنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالماي يەنە.

— ئۈچ ماشىنا مال بار.

— ئاران ئۈچ ماشىنا؟ ھەممىسى گۈلە - قاقمۇ؟

— ياق، گۈلە - قاقتىن باشقا، قۇرۇق ئۈزۈم، بادام، ياڭاق قاتارلىق يەل - يېمىشلەرمۇ بار. تاپقان سودىگەرلىرىڭ مالنىڭ ھەممىسىنى ئالالارمۇ؟

— نېمە دەۋاتىسەنۈي، ئۇ ئۈچ ماشىنا مېلىڭنى ئۈچ سودىگەر

ئەمەس، بىر ئۆتەسەڭ بىرسىدىنىمۇ ئاشمايدۇ. مەن سەندىن مالغا خېرىدار ئۇقۇشۇش توغرۇلۇق خەت تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن پۈتۈن ئۈرۈمچى شەھىرىنى ئارىلىدىم. بازار ئەھۋالىنى ئۇقۇشتۇم. ئۈرۈمچىدە بۇنداق ماللارنىڭ راستىلا بازىرى بار ئىكەن. ئىچكى ئۆلكىلەردە بازىرى كارامەت ئىتتىكمىش. راستىنى ئېيتسام، نەچچە كۈندىن بېرى مەن بۇ ئۈچ سودىگەرگە بەكمۇ ئارزۇلۇق، ئەتىۋارلىق مېھمان بولۇپ كەتتىم، — خالمۇرات گېپىگە قولاق سېلىپ ئاڭلاۋاتقان مۇھەممەتكە ھە دەپ ماختىنىپ بېرىۋاتاتتى، — ئۈرۈمچىدە مەن كىرمىگەن ئالىي دەرىجىلىك رېستورانلار، يېمىگەن ئېسىل تائاملار قالمىدى. ئۇلارنىڭ ئۈچىلىسى «باشقا خېرىدار ئىزدىمە، قانچىلىك مال بولسا ھەممىسىنى ئۆزۈم سېتىۋالىمەن» دەپ تۇرۇۋىشىدۇ. ئىشقىلىپ، «بۇغدايىنىڭ باھانىسىدە قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ» دەپ، خېلى ئوبدان تاماشا قىلىۋالدىم.

— باھاسىنى دېيىشتىڭمۇ؟ ئۇلار كىلوسىنى قانچە پۇلدىن ئالالايدىكەن؟

— گۆلە - قاقنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك قۇرۇغانلىرى بولسا كىلوسى ئون كوي، ئۇنىڭدىن سەل تۆۋەنرەك بولسا يەتتە - سەككىز كوي، ئىشقىلىپ، ئەڭ تۆۋەن باھاسى بەش كويدىن تۆۋەن ئەمەس. بۇ پەقەت گۆلە - قاقنىڭلا باھاسى. ئۈزۈم، بادام، ياڭاقلارنىڭ باھاسىمۇ يۇرتتىكى باھادىن ئىككى - ئۈچ كوي يۇقىرى بولىدۇ. سەن گۆلە - قاقنىڭلا گېپىنى قىلغاچقا، بۇلارنىڭ باھاسىنى تەپسىلىيرەك ئۇقۇشماپتىمەن. قانداق، گۆلە - قاقنىڭ باھاسى مۇۋاپىق بوپتۇمۇ؟

— مۇۋاپىق بوپتۇ، — دېدى مۇھەممەت رازىمەنلىك بىلەن، — مەن تېخى تازا ئىشەنچ قىلالماي، يۈرىكىم پوكۇلداپلا يۈرەتتىم. بىز مالنى ناھايىتىمۇ خىلىلاپ سېتىۋالغان. پەرەز قىلغىنىمىزدىكىدىنمۇ كۆپ پايدا ئالغۇدەكمىز. ساڭا كۆپ رەھمەت، دوستۇم.

— بولدى، ئادەمنى خىجىل قىلما ئاداش. ئېيتە، مېۋە-چىۋىگە ئىش قوشۇش زاۋۇتى قۇرۇشقا راستلا بەل باغلىغان ئوخشىمامسەن؟

— ئىشەنمەيۋاتامسەن؟ ھازىر مەبلەغ ھەل قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتىمىز... بولدىلا، بۇ ھەقتىكى پىلانلىرىمىزنى ساڭا ئاخشاملىقتا سۆزلەپ بېرەي، — دېدى مۇھەممەت خالمۇراتنىڭ سوئالىغا ھازىر جاۋاب بېرىشنى خالىماي، — مېنى ھازىر ھېلىقى سودىگەرلەر بىلەن كۆرۈشتۇرگىن، مالنىڭ ئىشىنى دەرھال بىر تەرەپ قىلىۋېتەيلى.

— خاتىرجەم بول، بەك ئالدىراپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ، — خالمۇرات سائىتىگە قارىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئىككى سائەتتىن كۆپرەك ۋاقتىمىز مۇڭدىشىش بىلەن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. يۈر، سىرتقا چىقايلى. شەھەرنىڭ قىشلىق مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغاچ مۇڭدىشايلى.

ئۇلار مېھمانخانىدىن سىرتقا چىقىشتى.

— قايسى تەرەپكە ماڭىمىز. قىزىلتاغ تەرەپكە بارامدۇق ياكى دۆڭ كۆۋرۈك تەرەپكىمۇ؟

— مەن ئۈرۈمچىگە ئاخشام كەلدىم. بۇ شەھەر مەن ئۈچۈن ناتونۇش، ئۆزۈڭ بىلىپ باشلاپ ماڭ. ئىشقىلىپ، ھېلىقى سودىگەرلەرنىڭ تۇرۇشلۇق جايى تەرەپكىرەك بولسۇن.

— نېمىگە ئالدىرايسەن، ئۇلارنى ئىزدەپ بارمىساقمۇ، تېلېفوندا شۇنداقلا خەۋەر بېرىۋەتسەك ھازىرلا پالاقشىپ كېلىپ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ يۈرۈشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق.

خالمۇراتنىڭ بىپەرۋالىق ۋە چوڭچىلىق بىلەن دېگەن گەپلىرى مۇھەممەتكە ياقمىدى.

— سودا ئىشىدا ئالدىرىمىغان بىلەن بولمايدۇ. ئاداش، ئۈرۈمچى تەرەپكە بۇنداق ماللارنى يۆتكەيدىغانلار يالغۇز مەنلا ئەمەس، — دېدى ئۇ خالمۇراتقا چۈشەندۈرۈپ، — ناۋادا يەنە بىرەرى ئاشۇنداق مالدىن تۆت - بەش ماشىنا يۆتكەپ كېلىپ

قالسا، باھا تېزلا چۈشۈپ كېتىدۇ. سودىگەر دېگەن ئەرزان، ئېپىدە بولسىلا كىمنىڭ مېلى بولسا ئېلىۋېرىدىغان خەق. ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالىدىغان بولسا، قولىمىزغا تەييار كېلىپ بولغان پايدىنى قاچۇرۇۋېتىمىز.

— پاھ، سەن قاچانلاردىن بېرى سودىگەرچىلىك قىلىشقا باشلىغان، — دېدى خالمۇرات قايىللىق بىلەن مۇھەممەتنىڭ دولىسىغا شاپىلاقلاپ، — پۈتۈن سۆز - ھەرىكەتلىرىڭدىن پىشقان بىر سودىگەرنىڭ قىياپىتى چىقىپ تۇرىدۇ. قايىل بولدۇم. سېنى بوش چاغلىمىسام بولغۇدەك. ماقۇل ئەمىسە، بىز دۆڭ كۆۋرۈك تەرەپتە تاماق يېگەچ ئۇلارغا تېلېفون بېرىۋېتەيلى. لېكىن، سەن سودا ئىشىدا چوقۇم مېنىڭ مەسلىھەتىمگە كۆنۈشۈڭ كېرەك.

— قانداق مەسلىھەت ئۇ، تېزرەك ئېيتە قېنى؟ — ئالدىراپ سورىدى مۇھەممەت.

— بۇ مۇنداق ئىش، بايا ساڭا ئېيتتىمغۇ، نەچچە كۈندىن بېرى ھېلىقى ئۈچ سودىگەرنى بىر - بىرىگە ئۇچراشتۇرماي ئۇلارغا مېھمان بولدۇم، پۇلىنى خەجلىدىم، «مال كەلسە ھەممىسىنى سىلىگە سېتىپ بېرىمەن، خاتىرجەم بولسىلا، نەچچە ماشىنا مال كەلسە ھەممىسى سىلىنىڭ» دەپ ۋەدىنى بېرىۋەردىم. مانا ئەمدى ئۈچەيلەننى تەڭلا چاقىرساق مېنى ۋەدىسىدە تۇرماپتۇ دەپ خاپا بولىدۇ. بەلكىم ئۇلار مال تالىشىپ جېدەل چىقىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، بىز ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم چاقىرىپ، ئۈچ ماشىنا مالنى ئۈچكە بۆلۈپ تەقسىملەپ بېرەيلى. ئۇلار چوقۇم مال ئازكەن دەپ رەنجىيدۇ، ئەمما، سەن ئۇستىلىق بىلەن «ئارقامدىن يەنە ئىككى ماشىنىدا مال كېلىدۇ، لازىم بولسا سىلىگە بېرەي» دەپ يالغان سۆزلە. شۇنداق قىلىپ، ئۈچىلىسىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ قويىمىز. مەن تېخى ئۇلاردىن تاپان ھەققى ئالىمەن.

— بۇنداق قىلساق قانداق بولىدۇ، — دېدى مۇھەممەت خالىمىغان ھالدا، — قاراپ تۇرۇپ خەقنى قاقتى - سوقتى

قىلساق ياخشى بولماس.
— ساددىلىق قىلما ئاغىنە، — دېدى خالمۇرات مەسخىرىلىك كۈلۈپ، — جاھاندارچىلىق دېگەن ئاشۇنداق نەرسە، سەن خەقنى ئالدىمىساڭ، خەق سېنى ئالدايدۇ. ئۇلار سەندىن سېتىۋالغان مالنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە يۆتكەپ، نەچچە ھەسسە يۇقىرى باھادا ساتىدۇ. ئۇلار سەندىن ئاز جاپا تارتىپ، سەندىن كۆپ پايدا ئالىدۇ. بۇنداق ئادەملەردىن ئازراق پۇل شىلىۋالساق ھەرگىز قاقتى - سوقتى قىلغانلىق بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار پۇلنى ئۆز ئىختىيارىچە بېرىدۇ.
— مەيلى، ئۆزۈڭ بىل ئەمىسە، — دېدى مۇھەممەت خالمىغان ھالدا، — لېكىن ساڭا شۇنى دەپ قوياي، مالنى ھەرگىز نېسى ساتمايمەن. باھاسى تۆۋەنرەك بولسىمۇ مەيلى، نەق ساتمىسام بولمايدۇ.
— «ئەرزان ساتتىم، نەق ساتتىم» دېمەكچىمۇ سەن. خاتىرجەم بول، ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمىز. ئەمىسە سەن پەقەت مېنىڭ ئاغزىمغىلا قارايسەن. مەن بۇ سودىدا سېنىڭ باش دىرېكتورۇڭ بولىمەن، — دېدى خالمۇرات مەغرۇرلۇق بىلەن.

## 3

مۇھەممەت بۇ قېتىمقى سودىسىدىن پۈتۈنلەي مەمنۇن بولدى. ئۇ پۈتۈن چىقىملارنى چىقىرىۋېتىپ، يۈز مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پايدا ئالغانىدى. خالمۇراتمۇ ئۆزى «باش دىرېكتورلۇق» قىلغان بۇ سودىدىن مۆلچەردىكىدىن كۆپرەك «تاپان ھەققى»گە ئېرىشىپ رازى بولدى، شۇنداقلا خېلىلا پۇللۇق بولۇپ قالدى. ئۇ مۇھەممەتنىڭ توسقىنىغىمۇ ئۇنىماي، خېلىلا كۆپ پۇل چىقىم قىلىپ، ھەرقايسى مەكتەپلەردىكى ساۋاقداشلارنى، دوستلارنى چاقىرىپ بىر كېچە ئولتۇرۇش قىلىپ بەردى.
مۇھەممەت بۇ سورۇندا بىر قىسىم يېڭى دوستلار بىلەن تو-

نۇشتى. سورۇندىكىلەرنىڭ كۆپ قىسمى تولۇق ئوتتۇرىدا بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرى بولۇپ، ھەممىسى بىلەن دېگۈدەك تونۇشلۇقى بار ئىدى، شۇنداقتىمۇ خالمۇرات سورۇن باشلاشتىن ئاۋۋال ئۇنى بارلىق سورۇن ئەھلىگە بىر قېتىم تونۇشتۇرۇپ چىقتى. ئۇ خالمۇراتنىڭ ساۋاقدىشى، ئۈرۈمچىلىك قىز مېھرىئاي بىلەنمۇ تونۇشتى (خالمۇرات بۇ قىزنى ئۇنىڭغا ئالاھىدە تونۇشتۇردى). قىزنىڭ پۈتكۈل ئولتۇرۇش جەريانىدا خۇددى ساھىبخانىلاردەك مېھمان كۈتۈپ، خالمۇراتقا ياردەملەشكەنلىكىگە، ئۇلارنىڭ پات - پات پىچىرلىشىپ، بىر - بىرىنىڭ كۆزلىرىگە مەنىلىك قاراشلىرىغا ئالاھىدە دىققەت قىلدى، كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە خىرە - شىرە گۇمانىي ئوي - خىياللار پەيدا بولدى.

— ئابدۇسېلىم كۆرۈنمەيدۇغۇ؟ چاقىرمىغانمىدىڭ يا؟ — سورىدى ئۇ خالمۇراتنى بىر يانغا تارتىپ.

— خەۋەر قىلغان...

— ئەجەب كەلمەپتۇغۇ؟ خەۋەر تاپالماي قالغانمىدۇ يا؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس. ئۇنىڭ مەكتىپىدىن چاقىرغان باشقا بالىلار كەپتۇ. ئابدۇسېلىممۇ خەۋەر تېپىپتىكەن، بىراق ئۇ چەت ئەل تىلى كەچ كۇرسىغا قاتنىشىۋېتىپتىكەن «كۇرستىن يېنىپ بارىمەن» دەپتۇدەك. يەنە ئىككى سائەتتىن كېيىن كېلىپ قالار.

خالمۇراتنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلاپ مۇھەممەت يەنە سوئال سوراپ يۈرمىدى. مۇھەممەتكە بۇ سورۇن، شۇنداقلا پۈتۈنلەي ئوقۇغۇچىلاردىن تەشكىللەنگەن بۇ سورۇن ئەھلىنىڭ ھېچنېمىدىن غەم قىلماي گۈلدۈر - پالاق قىلىپ ھەر خىل ياشلار ئۇسسۇلىنى ئويناشلىرى، چېكىدىن ئاشقان ئېچىشۋازلىقلىرى، چېكەرمەنلىكلىرى پەقەتلا ياقمىدى. ئۇلارنىڭ گىتارنى بولۇشىغا چېلىپ جىر جىرلاشلىرى پۈتكۈل رېستوراننى چاڭ كەلتۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇلار بولۇشىغا ئاق ھاراق ئىچەتتى، ئاۋازىنىڭ بارىچە ناخشا توۋلايتتى، ئەسەبىيلىك بىلەن ھەرخىل تولغىما ئۇسسۇللارنى ئوينايتتى. ئايرىمخانىغا لىق تولغان

ئاچچىق تاماكا ئىسى كۆزلەرنى ئېچىشتۇرۇپ، نەپەسلەرنى بوغاتتى. «ئۇلار پۈتۈن بىر كېچە مۇشۇنداق ئۇخلىماي چىقسا چارچىمامدىكىنە. ئەتە ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى قانداق تىڭشاپ، زېھنىگە ئالالايدىغاندۇ؟ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇنداق چېكىدىن ئاشقان پائالىيەتلىرىنى چەكلىمەمدىغاندۇ؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللار ئۇنى قىينايتتى. ئۇنىڭ دىققىتىنى گۈلىستان بىلەن شاكىرنىڭ ئىشلىرى بەكرەك جەلپ قىلدى. ئوتتۇرا مەكتەپتە بىر - بىرىدىن بېلىق بىلەن سۇدەك ئايرىلالمايدىغان بۇ ئاشىق - مەشۇقلار مانا ئەمدى گويا بىر - بىرىنى ئۆمرىگە كېلىپ كۆرۈپ باقمىغان ناتونۇش ئادەملەردەك ياكى رەقىبلەردەك ئولتۇراتتى، بىر - بىرىگە قارار كۆزى يوق ئىدى. ئۇلار ئوت بىلەن سۇدەك دۈشمەنلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

گۈلىستان مۇھەممەتنى ئىككى قېتىم تەشەببۇسكارلىق بىلەن تانسىغا تارتىپ، تانسا ئوينىغاچ نازاكەتنىڭ ھال - ئەھۋالىنى سورىغاندىن سىرت، باشقا ۋاقىتلاردا ئۇڭ يېنىدىكى ئۆزىگە چاپلىشىپلا دېگۈدەك ئولتۇرغان، چىراي - شەكلى قىزلارنىڭكىدەك نازۇك، ھەتتا يۈزىدە ئەرلىك ئالامىتىنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان بىرەر تال تۈك چاغلىق بەلگە يوق، زىلۋاغىنا كەلگەن يىگىت بىلەن پىچىرلىشىپ، ھەر مەيدان تانسىدىن قالماي ئويناپ تۇراتتى. يىگىت قامىتىنىڭ نازۇكلۇقىغا باقماي ھاراقنى ئوبدانلا ئىچىپ قوياتتى. گۈلىستان كۆزىنى ئۇنىڭدىن پەقەتلا ئۈزمەيتتى، ئۇنىڭ نەزىرىدە شاكىر پەقەتلا مەۋجۇت ئەمەستەك ئىدى.

شاكىرمۇ بۇرۇنقى ئىچىشۋازلىقىدىن پەقەتلا قالمىغان، بەلكى ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇۋەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇمۇ گۈلىستانغا كۆز - كۆز قىلىش يۈزىسىدىن بولسا كېرەك، ئۇدۇل كەلگەن قىزلارنى تانسىغا تارتاتتى، ئالدىغا كەلگەن رومكىلارنى ياق دېمەي بوشىتاتتى. بىر ۋاقىتتا ئۇ مۇھەممەتنى قولىدىن تارتىپ سۆرەپ دېگۈدەك سىرتقا ئاچىقتى - دە، غۇۋا چىراغ

يورۇقى چۈشۈپ تۇرغان كارىدوردا مۇھەممەتنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. مۇھەممەت ھېلى كۆرۈشكەندە تولىمۇ شوخ، تولىمۇ غەمسىز كۆرۈنگەندەك قىلغان بۇ دوستىنىڭ تۇيۇقسىز قىلغان بۇ قىلىقىدىن دەسلەپ گاڭگىرىدى، كېيىن كۆڭلىدە بىر نەرسىنى سەزگەندەك بولدى، لېكىن بىرھازا نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن شاكىرنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بولىدىغان، كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدىغان سۆزلەردىن بىرنەچچە ئېغىز قىلغان بولدى. شاكىر ئۇنىڭغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئاشۇ ھالەتتە بىردەم يىغلىۋالغاندىن كېيىن، كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، سورۇنغا يېنىپ كىردى ـ دە، يەنە ئەسەبىيلىك بىلەن ھاراق ئىچىشكە باشلىدى.

— شاكىرنى توسۇۋالغىن، ئەمدى بولدى قىلسۇن، ھېلىمۇ كۆپ ئىچىپ كەتتى، — دېدى مۇھەممەت خالمۇراتنى يېنىغا تارتىپ.

— يېڭى ئادىتى، توسقانغا ئۇنىمايدۇ، — دېدى خالمۇرات پەرۋاسىزلىق بىلەن.

مۇھەممەت پۈتۈن بىر كېچە ئەسەبىيلىككە تولغان سورۇن ئىچىدە تۇماندەك لەيلەپ يۈرگەن كۆكۈچ تاماكا ئىسىدا بۇرۇقتۇرما بولۇپ، كىرپىك قاقماي تۈننى تاڭغا ئۇلىدى، نېرۋىلارنى ھاردۇرۇپ، سەزگۈلەرنى ۋەسۋەسىگە سالغۇچى غىتى ـ غىتاڭ مۇزىكىلار، ئۇزۇن ـ قىسقا، قوپال ـ قاتتىق، ئىنچىكە ـ زىل... ئاۋازلار، ھاراقنىڭ بەتبۇيى، سورۇندىكىلەرنىڭ ھەرخىل بەدەن ھەرىكەتلىرىنى چىقىرىپ ئوينىغان دىسكو ئۇسسۇللىرى ئۇنىڭ نېرۋىلىرىنى ھاردۇرۇپ، مېڭە ـ قۇلاقلىرىنى غوڭۇلدىتىۋەتكەنىدى. سۈبھى بىلەن سورۇن خېلىلا بېسىقىغا چۈشتى، سورۇندىكىلەر ئالدىراش مەكتەپلىرىگە مېڭىشقا باشلىدى. مېھمانلار تارقاپ بولغاندىن كېيىن، مېھرىئاي بىلەن خالمۇراتلا قالدى. مۇھەممەت بۇ قىز بىلەن خالمۇرات

ئوتتۇرىسىدا تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگۈسىز بىر خىل يېقىنچىلىق مۇناسىۋەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلدى. مۇھەممەت خالمۇراتقا ئەتىگەنلىك ناشتا قىلغۇسى يوقلۇقىنى ئېيتىپ، مېھمانخانىغا قايتىپ كەتمەكچى بولدى.

— بولدىلا، مېھمانخانىغا بارىمەن دەپ يۈرمەي مېنىڭ ياتىقىمدا ئۇخلا، مەنمۇ دەرسكە چىقمايمەن، بىر - ئىككى سائەت ئۇخلاپ، كۆزىمىزنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن سىرتقا چىقىلى. سېنى ئۈرۈمچىنىڭ مۇھىم جايلىرىنى سەيلە قىلدۇرىمەن. باياتىن گۈلىستاننىڭ باشقىچە، شاكىرنىڭ باشقىچە چاقىرىپ قويغىنىنى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن. ئۇلارنىڭ مەكتىپىگىمۇ بېرىپ قويمىساڭ رەنجىپ قالىدۇ.

— بۈگۈن دەرسكە قاتناشمامسەن؟ — سورىدى مۇھەممەت ھەيرانلىق بىلەن.

— بىر - ئىككى كۈنلۈك دەرسنىڭ كارايىتى چاغلىق، كېيىن تولۇقلىۋالىمەن. بولدى، ئەمدى بىردەم ئارام ئېلىۋالايلى.

بىرسىنىڭ بۇرنىدىن تارتىپ يەڭگىل سىلكىشى مۇھەممەتنىڭ شېرىن ئۇيقۇسىنى بۇزۇۋەتتى. مۇھەممەت كۆزىنى تەستە ئاچتى - دە، ئالدىدا ھىجىيىپ قاراپ تۇرغان ئابدۇسېلىمنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— سەنمۇ ئۈرۈمچىدە بار ئىكەنسەن - دە، ئاداش، شۇنچە كۈنلۈك يولنى مېڭىپ كەلسەم، ئالدىمغا كۆرۈشۈپ قوياي دەپ كېلىپ قويمىدىڭغۇ؟ — دېدى مۇھەممەت رەنجىگەندەك قىلىپ.

— كەلگىنىڭدىن تۈنۈگۈن خەۋەر تاپقان تۇرسام...

— مەنمۇ شۇنى دەيمەن. تۈنۈگۈن خەۋەر تاپقان ئادەم ئەجەب ئەمدى كەپسىنا؟

— چەت ئەل تىلى كەچ كۇرسىغا قاتنىشىۋاتقان. تۈنۈگۈن يېڭى دەرس باشلىماقچىدى، شۇڭا كېلەلمەي قالدىم، — دېدى ئابدۇسېلىم چۈشەندۈرۈپ.

— خالمۇرات بىر - ئىككى سائەت كېچىكىپمۇ بولسا

كېلىدۇ دېگەندى، يولۇڭغا خېلىلا قارىدىم.
— كۆرستىن يېنىپ كېلەيمۇ دەپ ئويلىغان. سېنى دېسەم تەڭ كېچىدە بولسىمۇ كېلىپ كۆرۈشكۈم بار ئىدى، لېكىن بۇ باللارنى مەن ئوبدان بىلىمەن. نەدىن پەيدا قىلىشىۋالدىكىنتاڭ، ئولتۇرۇش قىلدۇق دەپ بىر جۇغلىشىۋالسا تاڭ ئاتقۇچە ئوينىمىسا توختىمايدۇ. بۇ يەرگە كەلسەم يا ئۇيقۇ بولمىغان، يا سەن بىلەن تۈزۈك ئىككى ئېغىز مۇڭداشقىلى بولمىغان، تېخى ئۆزلىرى ئىچكىنى يەتمىگەندەك، ئادەمگە هاراق، تاماكا زورلاشلىرى بۇ ئاغىنىلەرنىڭ. مۇشۇ تەرەپتىن قېچىپ كەلگۈم كەلمىدى. بۇگۈن چۈشلۈك دەم ئېلىش بولغۇچە جېنىم تىكىسلاپ سىنىپتا ئاران ئولتۇردۇم. دەرستىن چۈشۈپلا ئۇدۇل مۇشۇ يەرگە يۈگۈردۇم. ھەرقاچان كېچىچە ئولتۇرغان بولسا، خالمۇراتنىڭ ياتىقىدىلا ئۇخلاپ قالدى دەپ ئويلىغانىدىم.
— هازىر سائەت ئون ئىككى بولۇپ بولدىما؟ — دېدى مۇھەممەت.
— ھە،ئە، — دېدى ئابدۇسېلىم سائىتىگە شۇنداقلا قارىۋېتىپ، — ئون ئىككىدىن ئوتتۇز بەش مىنۇت ئۆتۈپتۇ.
— ۋاھ، تازا ئۇخلاپتىمەن...
— خالمۇراتنى ئويغىتاي، سىرتقا چىقىپ تاماق يېگەچ مۇڭدىشايلى.
ئۇلار مەكتەپ سىرتىدىكى بىر ئاشخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇشتى.
— نېمە تاماق يەيسىلەر؟ — دەپ سورىدى ئابدۇسېلىم.
— ئاچچىق - چۈچۈك قىلىپ سۇيۇقئاش ئىچەيلىمۇ، — دېدى خالمۇرات پىيالىدىكى چاينى گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋېتىپ.
— ئاخشام ئازراق ئىچسەڭ بولمامدۇ، چىشلىۋالغان ئوخشايدۇ. هاراقكەشنىڭغۇ ئەتىگىنى يەيدىغان تامىقى سۇيۇقئاش، — دېدى ئابدۇسېلىم چاقچاق قىلىپ.
— سۇيۇقئاش ئىچەيلى. مېنىڭمۇ سۇيۇقئاش ئىچكۈم

كېلىۋاتىدۇ، — دېدى مۇھەممەت.

ئابدۇسېلىم ئۈچ قاچا سۇيۇقئاش بۇيرۇپ قويۇپ، خالمۇراتنىڭ پىيالىسىگە چاي تولۇقلاشقا باشلىدى.

— چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش ئەھۋالىڭ قانداقراق، قايسى تىلنى ئۆگىنىۋاتىسەن؟ — سورىدى مۇھەممەت ئابدۇسېلىمغا قاراپ.

— ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتىمەن. ھازىر بىرىنچى قىسىم كىتابنى تۈگىتىپ بولدۇق...

— چەت ئەل تىلى ئۆگىنىپ كەلگۈسىدە چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقماقچى بۇ ئاغىنە، — دېدى خالمۇرات مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا گەپكە لوقما سېلىپ.

— خۇدايىم بۇيرۇسا دېگىنىڭدەك بولغاي، — دېدى ئابدۇسېلىم كۈلۈپ تۇرۇپ، — چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇۋاتقانلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەملەرغۇ؟

— تىل ئۆگەنگەننىڭ زىيىنى يوق، ئەڭ ياخشىسى ۋاقىت بىھۇدە ئۆتۈپ كەتمىگىنى ياخشى، چەت ئەل تىلى كەچ كۇرسىغا قاتنىشىپ ياخشى قىپسەن ئاداش. مەن سەندىن بەك خۇش بولدۇم، — دېدى مۇھەممەت رازىمەنلىك بىلەن.

ئۇلار جىمجىت ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشتى، تاماقنىڭ پۇلىنى ئابدۇسېلىم خالمۇرات بىلەن مۇھەممەتنىڭ «بىز بېرىمىز» دېگىنىگە ئۇنىماي ئۆزى تۆلىدى.

— چۈشتىن كېيىن ئىككى سائەتلىك دەرس بار. دەرستىن يېنىپ كۆرۈشەيلى. سېنى نەدىنىرەك ئىزدىسەم بولىدۇ، — دېدى ئابدۇسېلىم ئاشخانىدىن چىققاندىن كېيىن مۇھەممەتكە قاراپ.

— ئىككى سائەتتىن كېيىن مەكتىپىڭگە ئۆزۈم ئىزدەپ چىقاي، — دېدى مۇھەممەت، — سەن خاتىرجەم دەرسىڭنى ئوقۇۋەر.

— شۇنداق قىلايلى. مەكتىپىڭدىن سېنى ئېلىۋېلىپ، ئۇدۇل شاكىرنىڭ مەكتىپىگە بارايلى. بۈگۈن كەچ ئۇ ئولتۇرۇش قىلىپ

بېرىدىغانغا ۋەدە بەرگەن، — دېدى خالمۇرات.

شۇنداق قىلىپ، ئۇدا ئۈچ كۈن ئاخشاملىرى ئولتۇرۇش، كۈندۈزلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىنى ئايلىنىش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا مۇھەممەتكە خالمۇرات تولۇق ھەمراھ بولدى، ئابدۇسېلىم كەچ تەرەپلەردە دەرستىن چۈشۈپ كېلىپ مۇڭدىشىپ كەتتى، ئۇنى ئاساسەن مۇھەممەت «چەت ئەل تىلى كۇرسىغا كېچىكىپ قالما» دەپ قېشىدىن ھەيدەپ تۇردى. شاكىر بىلەن گۈلىستان خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك بىرسى كەلسە، بىرسى كېتىپ مۇھەممەتتىن ھال - ئەھۋال سوراپ تۇردى. مۇھەممەت ئۈرۈمچىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە ئايلاندى، كۆردى، كۆزەتتى. بۇ شەھەرنىڭ تەرەققىياتى، مەدەنىيىتى، ئادەملىرى ئۇنىڭدا ئۇنتۇلماس تەسىراتلارنى قالدۇردى.

— ئەمدى ئويۇن - تاماشىلارنى يىغىشتۇرۇپ قويايلى، — دېدى مۇھەممەت قىزىلتاغ ئۈستىدە سۈرەتكە چۈشۈۋېتىپ، — ھېلىمۇ شۇنچىلىك تاماشا قىلغىنىم يېتەر. مەن تېخى يەنە مېۋە - چېۋىگە ئىش قوشۇش زاۋۇتىغا كېتەرلىك ئۈسكۈنە، زاپچاسلارنىڭ يولىنى قىلمىسام بولمايدۇ.

— ساڭا سالىدىغان بىر مەسلىھەتىم بار ئىدى، بىلمىدىم، قوشۇلامسەنكىن، — دېدى خالمۇرات مۇھەممەتنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ.

— قېنى، ئاۋۋال ئېيتىپ باقمامسەن، — دېدى مۇھەممەت بىر ئاز قىزىققان ھالدا.

خالمۇرات بىر تال تاماكا ئېلىپ لېۋىگە قىستۇردى - دە، ئوت تۇتاشتۇرۇپ راسا بىر شورىۋالغاندىن كېيىن كۆڭلىدىكى سۆزىنى ئېيتتى:

— مېنىڭچە، سەن «زاۋۇت، كارخانا قۇرىمەن» دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرگۈچە، سودىگەرچىلىك قىلساڭ قانداق؟

— نېمە ئۈچۈن؟ — مۇھەممەت تاغ ئۈستىدىن شەھەر مەنزىرىسىگە نەزەر تاشلىغاچ بەخىرامان ھالدا سورىدى.

— زاۋۇت قۇرىمەن دېسەڭ بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىككە يولۇقىسەن، ئۆزۈڭگە زورمۇزور باش ئاغرىقى تېپىۋالىسەن، — خالمۇرات مۇھەممەتنىڭ ئانچە قىزىقمايۋاتقانلىقىنى سەزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەستايىدىل ھالدا مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە پايدىسىنى، ئۈنۈمىنى مۆلچەرلەشمۇ تەس. ئىش ئەپلەشسىغۇ مەيلى، ناۋادا قىلغان ئىشىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولماي زىيان تارتساڭ، ۋەيران بولساڭ، بۇنىڭ جاۋابكارلىقىدىن، ئاقىۋىتىدىن قۇتۇلمىقىڭ تەس. ھېچكىم ياخشى كۆڭلۈڭنى چۈشەنمەيدۇ. ياخشى ئويلان، زاۋۇت قۇرۇشمۇ ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس. زاۋۇتنى شەخسىي پۇلۇڭغا سالمىغاندىكىن، ئالغان پايدىدىن ساڭا تېگىدىغان ئۈلۈشمۇ تايىنلىق. مانا، سودىگەرچىلىكنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋاتىسەن. سودىگەرچىلىكنىڭ جاپاسىدىن پايدىسى كۆپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەر كۆرىسەن، ھەربىر قېتىم ماڭغان يولۇڭدا تۈمەنلەپ نەق پايدا ئالىسەن. مۇشۇنداق قىلساڭ بىر نەچچە يىلغا بارمايلا قالتىس بېيىپ كېتىسەن. راھەت كۆرىسەن.

مۇھەممەت خالمۇراتنى يەنە «نېمە دەيدىكىن» دەپ ئويلىدىمۇ ـ قانداق كوچىلاپ سوراۋەردى:

— باشقا ساۋاقداشلار نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— ئۇلار بىلەن نېمە كارىڭ. ھازىر ھەممىنىڭ غوجىسى پۇل. پۇلۇڭ بولسا ھەممە ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ. يۈز ـ ئابرۇي، نام ـ ئاتاق، مەرتىۋىگە ئېرىشىسەن، جاھاننىڭ لەززىتىنى سۈرىسەن.

— بولدى، سۆزلىمە، ئەمدى سۆزلىسەڭ تېخىمۇ بەك تېتىقسىزلىشىپ قالغۇدەكسەن، — مۇھەممەت مەسخىرىلىك كۈلدى. ئويلىمىغان يەردىن خالمۇراتنىڭ كۆرسەتكەن مەسلىھەتى ئۇنىڭ قاتتىق غىدىقىنى كەلتۈرگەنىدى. مۇھەممەت خالمۇراتنى چوڭ بىلگەن، ئىشەنگەن، ئۇنىڭ ۋىجدانىغا، ئىنسانىي پەزىلىتىگە قىلچىلىك شەك كەلتۈرمىگەنىدى. خالمۇراتنىڭ

بۇنچىلىك شەخسىيەتچى، بۇنچىلىك قارا كۆڭۈل، دۇنيا پەرەس بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئەمدى ھېس قىلىۋاتاتتى.

— سېنىڭ مۇشۇنداق دەيدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم. شۇنداقتىمۇ ياخشى مەسلىھەتىمنى دېمەسلىككە كۆڭلۈم قويمىدى. قالغىنى ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارى. بەكمۇ ئەخمەق ئىكەنسەن مۇھەممەت ئاداش.

مۇھەممەتنىڭ ئويىچە، ھازىر خالمۇرات خىجىل بولۇشى، قىزىرىشى، ئويلانماي دەپ سالغان گېپى ئۈچۈن پۇشايمان يېيىشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇ ئۇنداق قىلىش تۇگۇل، تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ مۇھەممەتنى ئەخمەقلىقتا ئەيىبلەۋاتاتتى. مۇھەممەت غەزەپلەندى، دوستىغا نەپرەتلىك كۆزلىرى بىلەن تىكىلدى:

— سېنىڭ نەزىرىڭدە پۇلدىن باشقا نەرسە يوقمۇ زادى؟ پۇل راستىلا شۇنداق مۇھىممۇ، پۇل ئادەمىيلىكتىن، ئىنسانىي پەزىلەتتىن، دوستلۇقتىن، دوستانە مېھىر- مۇھەببەتتىن ئۈستۈن تۇرامدۇ؟ ئەخلاق، ۋىجدان دەيدىغان نەرسىلەر پۇلنىڭ ئالدىدا بىر تىيىنغا ئەرزىمەمدۇ؟ ياق دوستۇم، مەن ئۇنداق قارىمايمەن. بۇنداق دەپ قاراش جىنايەت. لېكىن، پۇل بولمىسىمۇ بولمايدۇ. ئەمما، پۇل ئىنسانىي پەزىلەتتىن ئۈستۈن ئەمەس. يۇرتتىكى ئاشۇ بىر توپ ساۋاقداشلار زاۋۇت قۇرۇشنى مەسلىھەتلەشكەندە يالغۇز پۇل تېپىپ، پايدا ئېلىش، يەپ - ئىچىپ، ئويناپ - تاماشا قىلىشنى مەقسەت قىلمىغان. بىزنىڭ يەنە نۇرغۇن ئارزۇلىرىمىز، قىلىشنى كۆڭلىمىزگە پۈككەن نى - نى پىلانلىرىمىز بار. مەن بۇ نىيىتىمدىن ھەرگىز يانمايمەن. ساۋاقداشلار زور ئۈمىد بىلەن يولۇمغا قارىماقتا. ناۋادا سودىگەرچىلىك قىلسامۇ ئاشۇلار بىلەن بىللە قىلىمەن. ئاشۇ دوستلىرىمنىڭ ئىشەنچىنى، ئۈمىدىنى، ئارزۇلىرىنى يەردە قويمايمەن، مېنىڭ پايدامۇ ھەم زىيىنىمۇ ئاشۇلار بىلەن بىللە، ماڭا ئاشۇ دوستلىرىمنىڭ ئىشەنچىدىن ئارتۇق بايلىق،

شان ـ شەرەپ يوق. بىلىپ قوي خالمۇرات، شەخسىيەتچىلىك، دۇنياپەرەسلىك ئىنسان ۋۇجۇدىغا چۈشكەن ئەڭ ئەشەددىي مىتە قۇرت. ئۇ ئادەمنىڭ ۋىجدانىنى، پەزىلىتىنى يەۋېتىدۇ، كېرەكتىن چىقىرىدۇ، يوقىتىۋېتىدۇ. بولدى، سەن ئوقۇشۇڭنى ئوقۇۋەر، مەن زاۋۇتقا كېتەرلىك ئۈسكۈنىلەرنى ئۇقۇشقاچ، يۇرتقا توپ باھادا يۆتكەپ ئاپىرىپ پۇل تاپقۇدەك مال ئىزدىمىسەم بولمايدۇ.

— ئىختىيارىڭ. بۇ ھەقتە سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكۈم يوق. ھەرقايسىمىز ئۆزىمىزنىڭ كۆزقارىشىدا قالايلى، — دېدى خالمۇرات قايىل بولمىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، — سودىگەرچىلىك قىلىشنى خالىمىساڭ، ئەسلىي پىلانىڭ بويىچە ئىش قىلىۋەرگىن. زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنى ھەل قىلىش ئىشىنى تۈنۈگۈن سەن بىلەن تەپسىلىي مۇڭداشقاندىن كېيىن مېھرىئايغا ئېيتقانىدىم، ئۇ دادىسىغا دەپ ھەل قىلىپ بېرىدىغان بولدى. ئۇنىڭ دادىسى سودا نازارىتىدە باشلىق. ئۆزۈم ھەل قىلىمەن دېسەڭ، ئۇرۇمچىدە بىرەر ئايچە تۇرۇشۇڭغا توغرا كېلىدۇ.

— گېپىڭ راستمۇ؟ مېھرىئايىنىڭ دادىسى تېزلا ھەل قىلىپ بېرەلەرمۇ؟

— چاتاق يوق.

— ئۇ ئويىنىشىدىغان ئىش ئەمەس جۇمۇ. زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنى ۋاقتىدا ھەل قىلالمىساق، بىر يىللىق پىلانىمىز سۇغا چىلىشىدۇ.

— خاتىرجەم بول، — دېدى خالمۇرات مەغرۇرلۇق بىلەن، — مېھرىئاي ماڭا ۋەدە بەرگەن. ئۇنىڭ دادىسى ئالاقىلەشكەن ئىش تېز ھەل بولماي قالمايدۇ.

مۇھەممەت بايىقى رەنجىشلىرىنى ئېسىدىن چىقىرىپ، دوستىغا رازىمەنلىك بىلەن قارىدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كاللىسىغا خالمۇرات بىلەن مېھرىئايىنىڭ زادى قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بىلىپ بېقىش ئويى كېلىپ قالدى.

— ھە دېسىلا ئاغزىڭدىن مېھرىئاي چۈشمەيدىغان بولۇپ

قاپتۇ، ــ دېدى ئۇ خالمۇراتقا تىكىلىپ تۇرۇپ، ــ ئېيتقىنا، ئۇ قىز بىلەن زادى قانداق مۇناسىۋىتىڭ بار؟

بۇ سوئالدىن خالمۇرات سەل ئوڭايسىزلاندى، قىزاردى.

ــ ساۋاقداشلىق، ساۋاقداشلىق مۇناسىۋىتىمىز بار، ــ دېدى ئۇ قىسقىلا جاۋاب بېرىپ.

ــ ئۇنچىلىك ئاددىي ئەمەستۇ؟ ــ دېدى مۇھەممەت خالمۇراتنىڭ جاۋابىدىن قانائەتلەنمىگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ــ مۇناسىۋىتىڭلار ساۋاقداشلىق مۇناسىۋەت چېگراسىدىن خېلىلا ھالقىپ كەتكەندەك قىلىدۇ. مەندىن سىر يوشۇرمەن دېمە. ئېيتە، شۇنداقمۇ ـ ئەمەسمۇ؟

خالمۇرات مۇھەممەتنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىمىدى. ئۇ يېنىدىن بىر تال تاماكا ئېلىپ لېۋىگە قىستۇردى ـ دە، ئوت تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق ـ قاتتىق شورىدى.

ــ جاۋاب بېرىشنى خالىمىساڭ مەيلى. ئۆزۈڭنى قىيناپ يۈرمە، ــ دېدى مۇھەممەت خالمۇراتنى جاۋاب بېرىشتىن ئوڭايسىزلىنىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، ــ ھەرقانداق ئادەمنىڭ باشقىلاردىن مەخپىي تۇتىدىغان سىرى بولىدۇ ئەمەسمۇ، توغرا چۈشىنىمەن.

ــ ياقەي، سەندىن سىر يوشۇرۇپ يۈرەرمەنمۇ، ــ دېدى خالمۇرات ئاغزىدىن ھالقا ـ ھالقا ئىس چىقىرىۋالغاندىن كېيىن زوۋۇانغا كېلىپ، ــ راستىنى ئېيتسام، مېھرىئاي بىلەن مەن ساۋاقداش. دەسلەپتە ئۇ مېنىڭ كىر ـ قاتلىرىمنى يۇيۇپ بېرىپ تۇردى، كېيىن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. سەن بىلمەيسەن ئاداش، ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا ئادەمنىڭ يېقىن ئۆتىدىغان بىرەر قىز دوستى بولمىسا بولمايدىكەن. ئەگەر ئاشۇنداق بىرەر قىز دوستۇڭ بولۇپ قالسا كىيىم ـ كېچەكلىرىڭنىڭ، يوتقان ـ كۆرپىلىرىڭنىڭ كىر بولۇپ قېلىشىدىن قورقمايسەن، يەنە باشقا خېلى كۆپ ئىشلاردا يالغۇزلۇق، غېرىبلىق ھېس قىلمايسەن. مېھرىئايمۇ خۇددى

نازاكەتكە ئوخشاش ياخشى قىز. پەمىمچە، ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ.

— سەنچۇ؟ سەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرەمسەن؟ — مۇھەممەتنىڭ بۇ سوئالى خالمۇراتنى بىر ئاز تەمتىرىتىپ قويدى. ئۇ ئاغزىنىڭ ئۇچىدىكى گەپنى دېيىشكە پېتىنالمايۋاتقاندەك بىر خىل ھالەتتە تۇراتتى، — گەپ قىلمايسەنغۇ؟ — مۇھەممەت قوپاللىق بىلەن ئۇنى جاۋاب بېرىشكە قىستىدى.

— مەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىمەن.

خالمۇرات خۇددى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان كىچىك بالا دادىسىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەندەك، بەكمۇ بىچارىلىك بىلەن جاۋاب بەردى.

— ئۇنداقتا نازاكەتنىچۇ؟ — مۇھەممەتنىڭ تەلەپپۇزى مانا ئەمدى رەسمىي قوپاللاشقانىدى.

— ئۇنى... نازاكەتني...

خالمۇراتنىڭ بىچارە تۇرقىدىن ئىچكى دۇنياسىدا مۇرەسسە قىلغىلى بولماس جىددىي بىر توقۇنۇشنىڭ بولىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلماق تەس ئەمەس ئىدى.

— شۇنداق قىلىپ، نازاكەتكە ۋىجدانسىزلىق قىلاي دەپسەن - دە، — دېدى مۇھەممەت دوستىغا ئەيىبلەش نەزىرى بىلەن تىكىلىپ، — ئېيتە، نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىسەن، نازاكەتنىڭ نەرى كەم؟

«بۇ سوئالغا جاۋاب بەرسەم بولمايدۇ. چۈنكى، مەن ساڭا ھازىر ماڭا مېھرىئايدەك ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان قىزلار مۇناسىپ كېلىدۇ دەپ جاۋاب بەرسەم، سېنىڭمۇ دىلىڭ رەنجىيدۇ دوستۇم. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالماسلىق سىلەرنىڭ ئەيىبىڭلار ئەمەس، لېكىن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان قىزلارنى تاللاش، ياخشى كۆرۈش مېنىڭمۇ گۇناھىم ئەمەس، مېنى كەچۈرگىن دوستۇم...» دەپ ئويلايتتى خالمۇرات. مۇھەممەت بولسا خالمۇراتنىڭ بۇنداق قىلىشىنى كۈتمىگەنىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ خالمۇراتنى

كەچۈرۈۋېتەلمەيتتى. ئەمما، دوستىنىڭ ئىتائەتچان، بىچارە تۇرقىغا قاراپ يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى ئېچىشتى.

— ماڭ، خالىسىراق بىر يەرگە باشلا، قانغۇدەك بىر ئىچىشەيلى، — دېدى مۇھەممەت بۇيرۇق قىلىپ.

خالمۇرات شۇ تۇرقىدا دوستىغا گەپ ياندۇرۇشقا ئاجىز ئىدى. ئۇ دوستىنىڭ ئەيىبلەشلىرىنى قوبۇل قىلاتتى، نازاكەتكە ئىچ ئاغرىتاتتى، ھېسداشلىق قىلاتتى، ئەمما مېھرىئاي بىلەن يۈرگەنلىكى ئۈچۈن پۇشايمان يېمەيتتى. ھەممە ئادەمنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان – ئوقۇمىغانلىق، يۇقىرى مەلۇمات ئالغان – ئالمىغانلىق، كۆپلەپ مال – دۇنيا جۇغلىغان – جۇغلىمىغانلىق بىلەن ئۆلچەيدىغان خالمۇراتنىڭ نەزىرىدە مېھرىئاي تولىمۇ بىلىملىك، قابىلىيەتلىك، باي؛ نازاكەت تولىمۇ نادان، بىلىمسىز، گاداي ھېسابلىناتتى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ نەزىرىدە مېھرىئاي نازاكەتتىن ئۈستۈن تۇراتتى. بىراق، ئۇنىڭ بۇ سېلىشتۇرمىلارنى مۇھەممەتكە ئېيتىشقا تىلى بارمايتتى، يۈرىكى، يۈزى چىمىلدايتتى. خالمۇرات بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئولتۇرۇپ، دوستىنىڭ ئەيىبلەشلىرىنى ئاڭلاشقا مەجبۇر بولدى.



# ئون ئىككىنچى باب

# شۇرغانلىق شەھەر

## 1

خالمۇرات مۇھەممەتنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەتمەنلىك بىلەن بويسۇندى. ئەتىگەندىن بېرى ياغقان قاردىن پۈتكۈل شەھەر ئاپپاق لىباس بىلەن پۈركەنگەنىدى. خالمۇرات تاكسى توسۇپ، شوپۇرغا بارىدىغان جايىنىڭ نامىنى ئېيتىپ بەردى. ئىككىيلەن تاكسىدا ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇشاتتى. خالمۇرات ئۈزمەي تاماكا چېكەتتى. مۇھەممەت تاكسىنىڭ ئەينىكىدىن شەھەرنىڭ ئاپپاق مەنزىرىسىگە قاراپ چوڭقۇر خىيالغا پاتقانىدى. ماشىنىنىڭ جىددىي تورمۇزلىنىشى ئۇلارنىڭ خىيالىنى چالغۇتتى. خالمۇرات ئەينەكتىن سىرتقا قاراپ، بارماقچى بولغان جايىغا كېلىپ بولغانلىقىنى بىلدى - دە، مۇھەممەتنى نوقۇدى.

— ماشىنىدىن چۈشەيلى، — خالمۇرات لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قارغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ تۇرغان مۇھەممەتنىڭ بىلىكىدىن تارتتى.

— يۈرە، كەتتۇق.

مۇھەممەت خالمۇراتقا ئەگىشىپ يەتتە - سەككىز مېتىر ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈلۈپ ياسالغان پويىز يولىنىڭ ئۈستىگە چىقتى. يولىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى چوڭقۇر ئويمانلىقتا ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سەلتەنەتىگە ماس كەلمىگەن ھالدا پاكار - پاكار، رەتسىز سېلىنغان ئۆيلەر قارغا كۆمۈلۈپ قالغانىدى.

خالمۇرات ئاشۇ مەھەللىنى نىشانغا ئېلىپ پويىز يولىدىن تۆۋەنگە ئاۋايلاپ چۇشۇشكە باشلىدى. ئەگرى ـ توقاي خالتا كوچىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر قورۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بىرئاز توختىۋېلىپ دەرۋازىنى قاقتى.

ــ بۇ كىمنىڭ ئۆيى؟ ــ سورىدى مۇھەممەت بىرئاز ئەجەبلىنىپ.

ــ كىرگەندە بىلىسەن، ــ دېدى خالمۇرات چىرايىغا سىرلىق تۈس بېرىپ كۈلۈمسىرەپ، ــ قارىغاندا زېرىكىپ قالغانىدەك قىلىسەن. ئازراق كۆڭۈل ئېچىپ، ئىچ پۇشۇقى قىلايلى.

دەرۋازا ئىككىنچى قېتىم قېقىلىپ بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن دەرۋازىنىڭ بىر قانىتى قىيا ئېچىلدى، قىپقىزىل بويالغان چاچلىرى سالۋاراپ تۇرغان، خالتىلىشىپ كەتكەن چىرايىغا بولىدى دېگۇچە پەرداز قىلغان ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى ئايالنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئۇنىڭ گۇمانخورلۇق چىقىپ تۇرغان خۇنسىز كۆزلىرى مۇھەممەتنىڭ چىرايىدا بىرنەچچە دەقىقە توختىغاندىن كېيىن خالمۇراتقا ئاغدۇرۇلدى. شۇ هامان ئۇ چىرايىنى يىگلەپ قالغان سويمىدەك پۇرۇشتۇرۇپ ھىجايدى.

ــ ھى ـ ھى ـ ھى... كەلدىڭمۇ قوچقارچاق، ــ ئايال خالمۇراتنى ھەم ئەركىلەتكەچ، ھەم ئەركىلىگەچ ئىچكىرىگە باشلىدى، ــ ئەجەب ئىككى ھەپتىدىن بېرى دىدارىڭنى كۆرسەتمەيسەنغۇ؟ «يېڭى كۆلنىڭ سۈيى سوغۇق» دەپ، باشقىسىغا ئۆگىنىپ قالدىڭمۇ يا.

ــ نەدىكى گەپنى قىلمىغىنا، ــ دېدى خالمۇرات ئايالنى سەنلەپ ھىجىيىپ، ــ دەرسلىرىمىز ئېغىر، ۋاقىت چىقىرالمىدىم. قانداق، قىزلىرىڭنىڭ ئالدى بىكارمۇ؟

ــ بىكارلىرىمۇ بار، ئىشلەۋاتقانلىرىمۇ بار، نېمانچە ئالدىرايسەن، ئاۋۋال ئۆيگە كىر.

مۇھەممەت خالمۇرات بىلەن ئايالنىڭ تېتىقسىز

چاقچاقلىرىغا قۇلاق سالغاچ، بۇ ھويلىنىڭ ئىچىگە سەپسالدى. ھويلىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىشتىكى تەرىپىدە ئۈچ ئېغىز، ئوڭ - سول تەرىپىدە تۆت ئېغىزدىن ھويلىغا قارىتىپ سېلىنغان خاس ئۆيلەر بولۇپ، ھەممىسىگە قىشلىق مىلەڭزە تارتىپ قويۇلغانىدى. ئۆيلەرنىڭ ئىچىدىن كۈلكە - چاقچاق، دۇتار ئاۋازى كېلەتتى.

ئايال ئۇلارنى سول تەرەپ بۇلۇڭدىكى ئۆيگە باشلىدى. ئۆيدىكى مەشكە ئوت يېقىلمىغان بولۇپ، ئۆينىڭ ئىچى مۇزخانىدەك ھۇۋۇلداپ تۇراتتى. ئۆينىڭ ئىككى بۇلۇڭ تەرىپىگە ئىككى كارىۋات قويۇلغان بولۇپ، ئۈستىدىكى كىرلىك، يوتقانلار خېلىدىن بېرى يۇيۇلمىغاچقا كىرلىشىپ رەڭگىنى يوقاتقانىدى. كارىۋاتلارنى ئايرىپ قويۇش ئۈچۈن سىم تارتىپ ئېسىپ قويۇلغان پەردە يىغنۇۋېتىلگەنىدى. دېرىزىنىڭ تۈۋىگە تاقاپ قويۇلغان يۇمىلاق شىرەنىڭ ئاستىدا بىرنەچچە قۇرۇق ھاراق بوتۇلكىسى تۇراتتى. ئۆيئىچىدىن ھاراق، تاماكا ۋە ئاللىقانداق نەرسىلەرنىڭ قاڭسىق پۇرىقى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇراتتى. مۇھەممەت سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمەي دۈگدىيىپ كەتكەنىدى. ئۇ مۇشۇنداق يەرگە باشلاپ كەلگەن خالمۇراتقا نارازىلىق بىلەن ئالايدى.

— نېمە، بۇ ئۆينىڭ ئىچى سەندىنمۇ ئۆتە سوغۇق ئىكەنغۇ، — دېدى خالمۇرات ئايالغا ھەم چاقچاق، ھەم بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا سۆزلەپ، — ئوت قالاپ ئىسسىتىپ قويساڭ بولمامدۇ، ئادەمنى توڭدۇرغۇچە.

— نېمىگە ئالدىرايسەن، — دېدى ئايال چىرايىنى نازلىق پۇرۇشتۇرۇپ، — مانا ھازىرلا ئوت قالاپ بېرىدۇ. پەقەت بولالمىغان بولساڭ قۇچىقىمغا سولاپ ئىسسىتىپ قويامدىم يا؟

— ماڭ - ماڭا ۋە، مۇزنى قۇچاقلىغانغا ئادەم ئىسسىمايدۇ.

— ۋوي يۈزى قېلىن ۋاپاسىز، — دېدى ئايال خالمۇراتنىڭ قۇلىقىدىن يەڭگىل سوزۇپ، — ئۆز ۋاقتىدا سوغۇق دېمەي كانىدەك چاپلاشقانىدىڭغۇ.

— ماڭ - ماڭ، ئۇششاق گەپنى تولا قىلماي، تېزرەك مەشكە ئوت قالاتقۇز، — دېدى خالمۇرات چوڭچىلىق بىلەن.
— باشقا لازىملىق نەرسىلەرنىمۇ دېمەمسەن، تەييارلىقنى قىلغاچ تۇرسۇن.
— ئۆزۈڭ بىلىپ تۆت تەخسە ئىسسىق قورۇما، ئىككى تەخسە سوغۇق سەي ۋە شورپا قىلدۇرۇپ بەر. گۈزەلنۇر بىلەن گۇلچېھرەنى بۇرۇنراق كىرگۈزۈۋېتەرسەن.
— گۇلچېھرەنىڭ مېھمانلىرى بار، چىقالمايدۇ.
— باشقىسى بولسىمۇ مەيلى. ئىشقىلىپ، چىرايلىقراقى بولسۇن. ئۆزۈڭگە ئوخشاش مۇزلاپ ئۇششۇپ كەتكىنىنىڭ كېرىكى يوق جۇمۇ بىزگە.
— ئۆلە، بېشىڭنى يەيدىغان شۇمتەك !
ئايال قاقشىغانچە سىرتقا ماڭدى. هايال ئۆتمەي ئوتتۇز بەش - قىرىق ياشلار چامىسىدىكى تىلى ئاجىز بىر ئەر بىر گۈرجەكتە ئۇششاقلانغان ئوتۇن، كۆمۈر ئېلىپ كىردى.
ئەر خالمۇراتنى تونۇسا كېرەك، ئۇنىڭغا قاراپ بىرنېمىلەرنى كېكەچلىگىنىچە مەشكە ئوت ياقتى. مۇھەممەت خۇددى تىلى مۇزلاپ قالغان ئادەمدەك گەپ قىلماي قېتىپ ئولتۇراتتى. مەشتىكى ئوت گۇرۇلدەپ تۇتىشىشى بىلەن ئۆينىڭ ئىچىگە ياللىدە ئىللىق هارارەت تارىدى. خالمۇرات چاپىنىنى سېلىپ كارىۋاتقا تاشلاپ قويدى - دە، مۇھەممەتكە چاقچاق قىلدى:
— نېمانچە بۇتتەك ئولتۇرسەن ئاداش. بول، چاپىنىڭنى سال. قىزلار هازىرلا كېلىدۇ. بۇنداق تۇتۇلۇپ ئولتۇرساڭ ئۇلار قېچىپ چىقىپ كېتىدۇ جۇمۇ.
— قانداق يەر بۇ، يا مېھمانخانىغا، يا ئاشخانىغا ئوخشىمىغان، — دېدى مۇھەممەت چاپىنىنى سالغاچ غودۇڭشىپ.
— سەن بايا دېگەن خالىيراق جاي مانا مۇشۇ، — دېدى خالمۇرات ئۆزىگە تەمەننا قويغان هالدا كېرىلىپ، — رېستورانغا خەجلىگەن پۇلنىڭ يېرىمىنى خەجلىسەڭ پۇخادىن چىققۇچە

يايرىۋالىسەن.
— ۋاي ـ ۋۇي، كىمكىن دەپتىمەن، خالمۇرات ئىكەنغۇ بۇ، — ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن ئىككى قىزنىڭ سەل سېمىزرەكى بوسۇغىدىن ئاتلا ـ ئاتلىمايلا ئاغزىنى پىلىموتتەك قويۇۋەتتى، — ئىككى ھەپتىدىن بېرى ئەمدى ئاران ماغدۇرۇڭغا كەلگەن ئوخشىمامسەن. «ئۇششاق بالا ئەر ئەمەس، ئۇھۇ دېسە يوق» دەپ، ئادەمنى ئاۋارە قىلغىلى يەنە كەپسەن ـ دە.
— ھەي، ھەي ! ئاغزىڭغا بېقىپ گەپ قىل ھە، گۈزەل، — دېدى خالمۇرات ئاغزى قۇلىقىغا يەتكۈچە ھىجىيىپ، — قانداقلىقىمنى ئوبدان بىلىسەنغۇ.
بىردەمدىلا قورۇمىلار كەلتۈرۈلدى. مەشنىڭ ئوتىدا ئۈينىڭ ئىچى تومۇزدەك ئىسسىپ كەتكەندى. قىزلار ئىسسىپ كەتكىنىنى باھانە قىلىپ پوپايكىلىرىنىمۇ سېلىۋەتتى.
— قېنى دوستلار، بىرەر رومكىدىن ئىچكەچ ئولتۇرايلى، — دېدى گۈزەلنۇر ئىسمىلىك قىزغا چاپلىشىپ دېگۈدەك ئولتۇرغان خالمۇرات قولىغا هاراق بوتۇلكىسىنى ئېلىپ، — ھە مۇھەممەت ئاداش، بازاردىن ئالغان توخۇدەك تارتىنىپ تۇرماي، يېنىڭدىكى قىزغا گەپ قىلغاچ ئولتۇر.
— ئاغىنەڭنى تونۇشتۇرۇپ قويمامسەن، — دېدى گۈزەلنۇر مۇھەممەتكە يەۋەتكۈدەك قاراپ.
— بۇ ئاغىنەمنىڭ ئىسمى مۇھەممەت، — دېدى خالمۇرات بىلىق كۆزى قىلىپ قۇيغان رومكىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ، — يۇرتتىن ئۇرۇمچىگە تاماشا قىلغىلى كەپتۇ. بىرەر ـ يېرىم دەم ئىچ پۇشۇقى قىلايلى دەپ كېلىشتىمىز، — خالمۇرات مۇھەممەتنىڭ يېنىدىكى قىزغا قاراپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇ ئاغىنەم بىر ئاز تارتىنچاق، سەن تەشەببۇسكار بولارسەن ـ ھە.
— بولمىسا ئاغىنەڭگە مەن ھەمراھ بولايمۇ يا؟ قوپە باھار، ئىككىيلەن ئورۇن ئالماشتۇرايلى.
— قىسىپ ئولتۇرۇۋەر، — دېدى خالمۇرات ئورنىدىن

قوپۇشقا تەمشەلگەن گۈزەلنۇرنىڭ يېڭىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزۇپ. خالمۇراتنىڭ ئاچچىقى كەلگەنىدى، — مۇھەممەت بىلەن ئىككىمىز بىر تۆشۈككە سىيىدىغان ئاغىنىلەردىن ئەمەس، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ.

گۈزەلنۇر پىخىلداپ كۈلگىنىچە جىم بولدى.

— تۇتە، هاراق ئىچ، — دېدى خالمۇرات بېلىق كۆزى قىلىپ قۇيۇلغان رومكىنى گۈزەلنۇرغا تەڭلەپ.

— ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەن خۇڭنيۇ[1] بولمىسا ئاق هاراق ئىچەلمەيمەن، — دېدى گۈزەلنۇر رومكىنى قولىغا ئېلىۋېتىپ.

— بۇيرۇمامسەن ئەمىسە ! — دەپ ۋارقىرىدى خالمۇرات كەيپسىزلەنگەن هالدا.

گۈزەلنۇر بېشىنى مىلەڭزىدىن چىقىرىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— خان ئاچا ! بىزگە تۆت قۇتا خۇڭنيۇ كىرگۈزۈۋەتكىنە !

باهار ئىسسىملىك قىزمۇ خالمۇرات ئۇزارتقان بىر رومكا هاراقنى گۈپپۈلدىتىپ ئىچىۋەتتى. شۇ دەقىقىدە مۇھەممەت خالمۇراتقا ئەگىشىپ بۇ يەرگە كەلگىنىگە پۇشايمان قىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇ خالمۇراتنىڭ بۇ دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىگە هەيران قالدى. مۇھەممەت ئەسلىدە خالىيراق بىر جايدا خالمۇرات بىلەن بىرەر رومكىدىن ئىچىشكەچ مۇڭداشماقچىدى. ئەپسۇس، خالمۇراتنىڭ باشلاپ كەلگەن يېرىنى قارىمامدىغان ! ئۇ ئىچمەيمەن دېيىشكىمۇ، بۇ سورۇندىن پېشىنى قېقىپلا چىقىپ كېتىشكىمۇ هېچقانداق باهانە تاپالمىدى هەم مۇنۇ ئىككى قىزنىڭ ئالدىدا يىگىتلىك غۇرۇرىمۇ يول قويمىدى. «مەيلىلا، ئازراق ئىچەي، ئىشقىلىپ، بۇ يەردىن بۇرۇنراق كېتىۋالساق ياخشى بولاتتى...»

بىر بوتۇلكا هاراق ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن خالمۇرات تاپتىن چىقتى. ئۇ بىر قولىنى گۈزەلنۇرنىڭ بوينىدىن

[1] خۇڭنيۇ — بىر خىل سوغۇق ئىچىملىك.

ئۆتكۈزۈۋالغانىدى. ھاراق ئۇبدانلا تەسىر قىلغان مۇھەممەتمۇ بۇ سورۇنغا ئاستا ـ ئاستا ئۆزلىشىپ كېتىپ باراتتى. ئىككىنچى بوتۇلكا يېرىملاشقىلى تۇرغاندا گۈزەلنۇر چىقىپ كېتىپ بىر ئۈنئالغۇنى كۆتۈرۈپ كىردى. ئىككى جۈپ قىز ـ يىگىت ھاراق ئىچىشكەچ تانسىغا چۈشتى. ئۈچىنچى بوتۇلكا ھاراق تۈگىگەندە مۇھەممەت بۇ يەردىن خالمۇراتنى ئېلىپ قايتىپ كېتىش خىيالىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغانىدى. ئۇ مەستلىكتە كالانپايلاشقان پۇتلىرىنى سۆرىگىنىچە باھار ئىسىملىك قىزغا مەھكەم چاپلاشقىنىچە توختىماي تانسا ئويناۋاتاتتى، قىزنىڭ قۇلىقىغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى...

ئەتىسى تۇڭغاندەك بولۇپ ئۇيقۇدىن ئويغانغان مۇھەممەت كۆزلىرىنى تەستە ئاچتى ـ دە، يوپيورۇق ئۆينىڭ ئىچىگە سەپسېلىپ، چۆچۈپ ياستۇقتىن باش كۆتۈردى. يېقىنىدا ياتقان قىز يوتقانغا مەھكەم قىمدالغىنىچە لايدەك ئۇخلاۋاتاتتى. مۇھەممەت يوتقان يەتمەي ئېچىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن توڭۇپ ئويغىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىپيالىڭاچ تۇرقىغا قاراپ خىجىل بولدى، كېچىدىن مەستچىلىكتە قىلغان ئىشلىرى چۈش كۆرگەندەك خىرە ـ شىرە ئېسىگە كەلدى ـ دە، ۋۇجۇدىنى پۇشايمان قاپلىدى. «مەن نېمە ئىشلارنى قىلىپ قويدۇم ـ ھە، يىگىتلىكىمنى ئۆزۈم چىن قەلبىمدىن سۆيگەن، ھالال نىكاھىمغا ئالغان قىزغا بېرىشىم كېرەكتىغۇ...»

مۇھەممەت يەنە بىر كارىۋاتتا قارىدى. خالمۇرات گۈزەلنۇرنىڭ بويىنىغا مەھكەم گىرە سالغىنىچە يەڭگىل خورەك تارتىۋاتاتتى. مۇھەممەت باھارنىڭ قالايمىقان تاشلانغان كىيىملىرى ئارىسىدىن ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى تېپىپ كىيىندى ۋە خالمۇراتنى ئويغاتتى.

— خالمۇرات، خالمۇرات، قوپە ئاداش، تاڭ ئېتىپ كېتىپتۇ.

خالمۇرات نېمىلەرنىدۇر غودۇڭشىدى ـ يۇ، يەنە كۆزىنى يۇمۇۋالدى، مۇھەممەت بۇ قېتىم ئۇنىڭ بۇرنىدىن قاتتىق

چىمدىدى. خالمۇرات چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى، قىيىدىغان ھالدا غودۇڭشىدى:

— نېمانچە بۇرۇن تۇرۇۋالدىڭ، يەنە بىر ئاز ئۇخلىساڭ بولمامدۇ.

— قوپە ئورنۇڭدىن، بولمىسا مەن كېتىۋېرىمەن.

مۇھەممەتنىڭ بۇ سۆزى دەرھال ئۇنۇمىنى كۆرسەتتى، ئۇنىڭغىچە قىزلارمۇ ئۇيقۇدىن كۆزىنى ئاچتى.

— ئەتىگەندە كېتەمسىلەر؟ — دېدى گۈزەلنۇر خۇشياقمىغان ھالدا ياستۇقتىن ئېرىنچەكلىك بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ. شۇ ھامان ئۇنىڭ قاردەك ئاپپاق كۆكسى، قورسىقى ئېچىلىپ قالدى. لېكىن ئۇ يىگىتلەرنىڭ ئالدىدا بۇ جايلىرىنى يېپىشقا تەرەددۇتلانمىدى، مۇھەممەت دەرھال تەتۈر قارىۋالدى.

ئۇلار بىللە ھويلىغا چىقتى.

— خان ئاچا، ھاي خان ئاچا !

گۈزەلنۇرنىڭ توۋلىشى بىلەنلا تۇنۇگۈن ئىشىك ئېچىپ بەرگەن ئايال پەلتوسىنى يېپىنچا قىلغىنىچە دەرۋازا تۈۋىدىكى ئۆينىڭ مىلەڭزىسىنى قايرىپ چىقىپ كەلدى.

— مېھمانلار كېتىدىكەن، ھېساباتىنى قىلىۋېتىڭ، — دېدى گۈزەلنۇر ئايالغا قاراپ ۋە بىرنى ئەسنەپ قويۇپ خۇشياقمىغان ھالدا خالمۇرات بىلەن خوشلاشتى.

— خوش خالمۇرات، پات ـ پات كېلىپ تۇرارسەن.

— نەچچە پۇل بوپتۇ؟ — سورىدى خالمۇرات ھېلىقى ئايالدىن.

— قورۇما، ھاراق، تاماكا، سوغۇق ئىچىملىكنىڭ پۇلى ئۈچ يۈز يۈەن، ئۆينىڭ ئىجارىسى ئەللىك يۈەن، ئىككى قىزچاقنىڭ بىر كېچىلىكى يۈز يۈەندىن ئىككى يۈز يۈەن، جەمئىي بەش يۈز ئەللىك يۈەن.

خالمۇرات يانچۇقىنى ئاختۇرغان بولۇپ مۇھەممەتكە قارىدى، مۇھەممەد خالمۇراتتا بۇنچىلىك جىق پۇل يوقلۇقىنى بىلەتتى.

شۇڭا، دەرھال يانچۇقىدىن بەش يۈز ئەللىك يۈەن پۇلنى چىقىرىپ ئايالغا تەڭلىدى.

— بەش يۈز يۈەن بەرسەڭمۇ بولىدۇ، — دېدى خالمۇرات مۇھەممەتكە.

ئايال مۇھەممەتنىڭ قولىدىكى پۇلنى چاققانلىق بىلەن تارتىپ ئالدى - دە، خالمۇراتقا سەت بىرنى ئالىيىپ قويۇپ، دەرۋازىغا ئىچىدىن سىلىقۇەتكەن مۇشتۇمدەك چوڭلۇقتىكى ئىككى قۇلۇپنى شاراقلىتىپ ئاچتى.

دەرۋازىدىن چىققان مۇھەممەت ئۆزىنى خۇددى سولاقتىن چىققاندەك سەزدى - دە، سوغۇق ھاۋادىن كۆكىرىكىنى تولدۇرۇپ - تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى. قار توختىغان بولۇپ، يېرىم غېرىچ قېلىنلىقتىكى قار ئاياغ ئاستىدا يېقىملىق غىچىرلايتتى. قار سوغۇقى قۇلاق، ئېغىز، بۇرۇنلارغا نەشتەردەك سانجىلاتتى. ئۇلار تۆمۈريولنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتكۈچە ئۈن - تىنسىز مېڭىشتى. ئاپتوبۇس بېكىتىگە كەلگەندە مۇھەممەت خالمۇراتتىن سورىدى:

— يېقىن ئەتراپتا مۇنچا بولسا باشلاپ ئاپارغىن، غۇسۇل قىلىۋالايلى.

— قورساق بەك ئېچىپ كەتتى، ئاۋۋال تاماق يەۋالمايلىمۇ؟ — دېدى خالمۇرات.

— ياق، ئاۋۋال غۇسۇل قىلىۋالايلى، — دېدى مۇھەممەت قەتئىيلىك بىلەن، — پاكلانماي تۇرۇپ تۈز - تاماق يېسەك يامان بولىدۇ.

خالمۇرات ئىلاجسىز ئۇنى يېقىن ئەتراپتىكى بىر مۇنچىغا باشلاپ باردى. مۇھەممەت مۇنچىغا كىرىپ، ئىسسىق سۇدا ئۇزاققىچە يۇيۇندى، ۋۇجۇدىدىكى مەينەتچىلىكنى پاك - پاكىز چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك بەدىنىنى بىر توقاچ سوپۇنى تۈگىگۈچە سۈرتتى.

## 2

جەنۇبتا كىشىلەر قىش كۈنلىرى قار ياغسا ھەيران قالغاندەك، ئۈرۈمچىلىكلەر قىش كۈنلىرى ھاۋا ئېچىلىپ قالسا ھەيران قېلىشىدۇ. ئەزەلدىنلا قار ياغسا مۇھەممەتنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ قالاتتى، لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قاردا پىيادە مېڭىپ خىيال سۈرۈشكە ئامراق ئىدى. مۇھەممەت ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن بىرى كۈندە دېگۈدەك يېغىۋاتقان قاردىن قىلچىلىك زېرىكىش، بىزارلىق ھېس قىلمىدى. مانا ھازىر ئۇ لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قاردا ئۆزى يالغۇز خىيال سۈرۈپ كېتىپ بارماقتا.

تۈنۈگۈندىن بېرى ئۇ ئابدۇسېلىم بىلەن بازار ئارىلىدى، يۇرتقا قانداقراق مال يۆتكەپ بارسا پايدىسى چىقىدىغانلىقى ھەققىدە باش قاتۇردى، ئۇچۇر ئىگىلىدى. دوستلار نۇرغۇن — نۇرغۇن ئىچ سىرلىرىنى دېيىشتى. لېكىن، مۇھەممەت ئابدۇسېلىمغا ھېلىقى كۈنى كېچىدە خالمۇرات بىلەن قىلىشقان ئىشلىرى ھەققىدە زىنھار ئېغىز ئاچمىدى. ئۇ ئىشلارنى ئابدۇسېلىم ۋە ھەرقانداق دوستىنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ھەزەر ئەيلىدى، خالمۇراتنىڭ شۆپۈك ئېغىزلىق قىلىپ يېيىۋېتىشىدىن ئەنسىرىدى.

بۈگۈن ئۇ شەھەرنى ئۆزى يالغۇز يېرىم كۈن ئارىلىدى. ئالدىنقى كۈنى خالمۇرات باشلاپ ئاپارغان تېيىپجان ئېلىيوف، تۇردى سامساق، ئابدۇكېرىم خوجا، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىن ئەپەندىلەرنىڭ مەقبەرىسىگە قايتا بېرىپ تاۋاپ قىلدى، ئاپپاق قارغا چۈمكەلگەن بۇ قەبرىلەرنىڭ ئالدىدا ئۇزاقتىن — ئۇزاق خىيال سۈرۈپ تۇردى، مانا ھازىر ئۇ ھارغىن قەدەملىرىنى سۆرىگىنىچە ئابدۇسېلىمنىڭ مەكتىپىگە قاراپ كېتىپ باراتتى.

— مەن بىر ئۇچۇر ئىگىلەپ كەلدىم، — دېدى ئابدۇسېلىم ياتىقىدا خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرغان مۇھەممەتكە قاراپ، — سەن يۇرتقا بىر ماشىنا هاراق يۆتكىسەڭ قانداق؟

— هاراق؟ بۇ قانداق بولار؟ — دېدى مۇھەممەت بىر ئاز ئارىسالدى بولۇپ.

— ياز كۈنلىرىگە قارىغاندا قىش كۈنلىرى هاراق كۆپرەك، ئىستېمال قىلىنىدۇ، — دېدى ئابدۇسېلىم چۈشەندۇرۇپ، — بايا سىنىپتا خوتەنلىك بىر ساۋاقدىشىم ئاكىسىنىڭ خوتەنگە هاراق يۆتكەۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئويلاپ باقسام بۇمۇ بولىدىغان ئىشتەك قىلىدۇ.

— هاراق - تاماكا تىجارىتى قىلىدىغان مەخسۇس شىركەتلەر بار. هۆكۈمەت بۇ ماللارنى شەخسلەرنىڭ توپ يۆتكەپ تىجارەت قىلىشىنى چەكلەيدۇ. قانۇنسىز تىجارەت قىلسام، ئالىمادىس...

— تىجارەتنى قانۇنلۇق، يوللۇق قىلىمەن دېسە پايدا ئالماق تەس، — دېدى ئابدۇسېلىم مۇھەممەتنى قىزىقتۇرۇپ، — ئانچە - مۇنچە تەۋەككۇل قىلمىساڭ قانداق پۇل تاپالايسەن، «سامان ئارىلاشمىسا لاي بولمايدۇ، هارام ئارىلاشمىسا باي بولمايدۇ» دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ؟ مۇنداق قىل، سەن يۆتكىگەن هاراقلارنى شەهەر ئىچىدە تارقاتماي، يېزا - بازارلاردا تارقات. بەك قىممەت باهالىق هاراقلاردىن ئالماي، دېهقانلار ئېلىپ ئىچەلىگۈدەك ئەرزان هاراقلاردىن ئېلىپ يۆتكىسەڭ، هايت - هۇيت دەپ بولغۇچە مالنى قولۇڭدىن چىقىرىپ بولىسەن هەم بۇنداق مالنىڭ نېسى سودىسىمۇ ئاز بولىدۇ.

— مەيلى، شۇنداق قىلسامۇ قىلاي، — دېدى مۇھەممەت بىر قارارغا كېلىپ. چۈنكى، ئۇ ئۇرۇمچىدە نەچچە كۈندىن بېرى بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتالماي تىت - تىت بولۇپ زېرىككەنىدى هەم يۇرتقا كېتىشكە ئالدىراپ قالغانىدى.

ئابدۇسېلىم هېلىقى خوتەنلىك ساۋاقدىشىدىن ئاكىسى هاراق ئالغان زاۋۇتنى ۋە سېتىۋالغان هاراقنىڭ ماركىسى، باهاسىنى تەپسىلىي ئۇقۇشتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بىر ماشىنا هاراق، بىر ماشىنا شېكەر سېتىۋېلىش هەققىدە توختاملاشتى.

مۇھەممەت بۇ ماللارنى يۆتكەش ئۈچۈن ماشىنا ئىزدەپ، ئۈرۈمچىگە تۇنجى كۈنى كەلگەندە چۈشكەن، مۇساپىرلار

مېھمانخانىسىغا بېرىۋىدى، ھېلىقى شوپۇر ئۇستىلارنىڭ ئىككىسى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇزاق مەزگىل ئايرىلىپ كەتكەن تۇغقانلار قايتا كۆرۈشكەندەك قىزغىن ئەھۋال سوراشتى. ئۇلاردىن بىرسى يۇك تېپىپ يۇرتقا قايتقان بولۇپ، ئىككىسى تېخىچىلا يۈك تاپالماي تۇرۇپ قالغانىكەن. ئۇلار مۇھەممەتنىڭ ئىككى ماشىنا يۈك يۆتكەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قەۋەتلا خۇش بولۇپ كېتىشتى.

— بۇ سەل چاتىقى بار مال، — دېدى مۇھەممەت شوپۇر ئۇستىلارغا هاراق تىجارىتىنىڭ قانۇنسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، — يولدا ئېھتىيات قىلمىساق بولمايدۇ.

شوپۇر ئۇستىلارنىڭ بۇ ھەقتىكى تەجرىبىسى مول ئىدى. ئۇلار مال يۆتكەش ھەققىدىكى بىر يۈرۈش تەجرىبىلىرىنى ئېيتىپ بېرىپ مۇھەممەتنىڭ كۆڭلىنى خېلىلا توختاتتى.

— خاتىرجەم بولۇڭ ئۇكا، كۈندۈزى بىرەر قونالغۇدا ئارام ئېلىپ، كېچىسى يول مېڭىپ بولىسىمۇ ماللىرىڭىزنى ساق - سالامەت يۇرتقا يەتكۈزىمىز، — دېيىشتى ئۇلار.

مەسلىھەت پىشقاندىن كېيىن ئۇلار ئىسكىلاتقا بېرىپ ماشىنىغا مال بېسىشتى ۋە ئۇرۇمچى شەھرىدىن كېچىدە ئايرىلىشقا پۈتۈشتى.

دېكابىرنىڭ قاتتىق سوغۇقى سۆڭەك - سۆڭەكتىن ئۆتەتتى. ئاپپاق قار بۇ سەلتەنەتلىك شەھەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بىر قىسىم پاسكىنىچىلىقلارنى، رەزىللىكلەرنى يوشۇرماقچى بولغاندەك توختىماي چۈشۈۋاتاتتى. مانا مۇشۇنداق قاتتىق سوغۇق، شىۋىرغان بولغان بىر كەچقۇرۇنلۇقى مۇھەممەت ئۇرۇمچىدىكى دوستلىرى بىلەن خوشلاشتى. مۇھەممەت ئابدۇسېلىم بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلىشىۋېتىپ ئۇنىڭ يانچۇقىغا تۈيدۈرماي ئىككى يۈز يۈەن سېلىپ قويدى. خالمۇرات، شاكىرلار بىلەن كالپۇك يېرىپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمىدى، گۈلىستاننىڭ چاقچاقلىرىغىمۇ كۈلمىدى. ئۇرۇمچىنىڭ سوغۇقى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى توڭلىتىۋەتكەندەك ئىدى.

# ئون ئۈچىنچى باب

# قىز تەرسا، يىگىت جاھىل

## 1

قايسىبىر ئەدىبنىڭ «كىشىلىك تۇرمۇش رېژىسسورسىز ئوينالغان كومېدىيەگە ئوخشايدۇ. بۇنىڭدا ئادەملەر قايسى رولغا چىقىشنى ئۆزلىرى تاللايدۇ» دېگەن سۆزلىرى ھەقىقەتەنمۇ تۇرمۇشنى، جەمئىيەتنى توغرا كۆزىتىپ، ئىلمىي ئاساستا چىقارغان توغرا يەكۈنى بولسا كېرەك. شۇنداق، ئادەملەر ئەنە ئاشۇ كومېدىيەگە ئوخشاش ھايات مۇساپىسىدە ھەر خىل خەتەرلىك ئەگرى - توقايلىقلارغا، بوران - چاپقۇنلارغا، دەرھال ھەل قىلغىلى بولمايدىغان، مۇرەككەپ، چىگىش مەسىلىلەرگە، تۈرلۈك - تۈرلۈك سىرلىق ھادىسىلەرگە، خۇشاللىقلارغا، غەم - قايغۇلارغا دۇچ كېلىدىكەن. بۇ مۇرەككەپ تۇرمۇش ھادىسىلىرىگە بەزى ئادەملەر توغرا مۇئامىلە قىلىپ، جۇغلىغان مول تۇرمۇش تەجرىبىلىرىگە تايىنىپ دۇچ كەلگەن توسالغۇلاردىن ماھىرلىق بىلەن بۆسۈپ ئۆتىدىكەن، تاغدەك - تاغدەك مۇشكۇلاتلار، ئازابلار ئۇلارنى باش ئەگدۈرەلمەيدىكەن، ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمەيدىكەن. بەزى كىشىلەر ھايات يولىدا سەل - پەللا يولۇققان ئوڭۇشسىزلىقلاردىن ھودۇقۇپ، كۈنبويى ھەسرەت - نادامەت چېكىپ، تەقدىرىدىن قاقشايدىكەن، ئەمما ئۇنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئامالىنى قىلمايدىكەن.

دۇنيادا ئۆمرىنى پۈتۈنلەي خاپىلىق بىلەن ياكى پۈتۈنلەي

خۇشاللىق بىلەن ئۆتكۈزگەن بىرمۇ ئىنسان بولمىسا كېرەك. چۈنكى، خاپىلىق بىلەن خۇشاللىق، كۈلكە بىلەن يىغا ئىنسانغا تەڭ نېسىپ بولىدۇ. جەمئىيەتتە مۇتلەق نەرسە مەۋجۇت بولمىغىنىغا ئوخشاش، كۈلكە بىلەن خۇشاللىق ساڭا مەڭگۈ ھەمراھ بولالمايدۇ. شۇڭلاشقا، ئۆمرىنى تىكەنلەر ئارىسىدىن گۈل پۇراپ مەنىلىك ئۆتكۈزىمەن دەيدىغان ھەربىر ئىنسان چوقۇم قانداق كۈلۈشنى ئۆگىنىۋېلىشى ئىنتايىن زۆرۈر. چۈنكى، كۈلۈشنى بىلەلىگەن ئادەم ھەرقانچە قايغۇ - ئازابلار ئارىسىدىمۇ ئۆزىگە خۇشاللىق تېپىپ ياشىيالايدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب يەنىلا شۇ ئادەمنىڭ نېمە ئۈچۈن ياشاشنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىدا.

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغان نازاكەت بىر مەزگىل مەيۈسلىنىپ، كەلگۈسى ئىستىقبالىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، گاڭگىراپ قالغان بولسىمۇ، ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرلىكتە بازاردىن ئىبارەت بۇ جەڭگاھقا نەزىرىنى ئاغدۇرغىنىدا، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىگىلىك تىكلەپ، زاۋۇت قۇرۇش، ئۆزىگە ئوخشاش بىر قىسىم ساۋاقداشلىرىنىڭ ئىشسىزلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتەك غايە ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسىگە يېشىل چىراغ يېقىپ، كۆڭلىگە سايە تاشلاپ تۇرغان قارا بۇلۇتلارنى تارقىتىپ، قايتىدىن غەيرەتكە كەلتۈرگەنىدى.

نازاكەت مۇھەممەتنى ئۈرۈمچىگە ماڭدۇرۇۋېتىپ بولۇپ ھەسسىلەپ غەيرەت، ئىشەنچكە تولدى. ۋۇجۇدىدا باش كۆتۈرۈۋاتقان ئارمان قەلبىدىكى خۇشاللىقلىرىنى قاناتلاندۇراتتى. ئۇنىڭ يېقىملىق، شوخ كۈلكىسى دادىسىنىڭ نىمجان ۋۇجۇدىغا كۈچ، مەدەت بېغىشلىدى. كۆيۈمچان دادا قىزىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەردىن ھەم خۇشاللىناتتى، ھەم غەمگە چۆكەتتى، قىزىنىڭ بۇ خۇشاللىقلىرىنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىشىنى تىلەيتتى. ئەپسۇسكى، نازاكەتنىڭ كۈلكىسى ئانچە ئۇزاق داۋاملاشمىدى. ئانىسى ئۇنىڭ بۇ قايناق كەيپىياتىغا سوغۇق سۇ

قويۇشقا باشلىدى:

— چاقچاق قىلمىسىڭىزچۇ ئانا، — دېدى نازاكەت ئاپىسىنىڭ نەۋرە ئاكىسى ئىسمايىلجان بىلەن تويىنى قىلىش ھەققىدىكى پىلانىنى ئاڭلىغىنىدا ھەم ئىشەنمىگەن، ھەم ئەندىككەن ھالەتتە، — سىزمۇزە كېسىلىڭىز ئەمدى سەل - پەل ياخشىلىنىپ بولغۇچە ئادەمگە نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ، چاقچاق قىلغىلى تۇردىڭىزغۇ؟

— چاقچاق قىلمىدىم، — دېدى ئانا ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، — بۇ ئىش تونۇرۇلۇق ھەلىمخان ئانالىڭ بىلەن مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ بولدۇق. توي ئىشىڭ ئىسمايىلجاننىڭ ھېلىقى ھازازۇل ئايالى بىلەن ئاجرىشىشىغا قاراشلىق بولۇپ قالدى، — ئانا قىزىنىڭ گەپ قىلماي جىم تۇرغىنىنى كۆرۈپ بىرئاز خاتىرجەم بولغان ھالدا گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇنىڭدىن كېيىن خالىغانچە بېشىڭ قايغان يەرلەردە يۈرمەي ئۆيدە جىم ئولتۇر، «ساۋاقدىشىم، دوستۇم» دەپ نەدىكى ئوغۇللار بىلەن بېرىش - كېلىش قىلما. كەينىڭدىن ئۇششاق گەپ چىقىپ قالمىسۇن، — ئانا نازاكەتنىڭ ئۈن چىقارماي ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ سورىدى، — ھە، گەپ قىلماي ئولتۇرىسەنغۇ؟

— بۇ ئىشتىن دادامنىڭ خەۋىرى بارمۇ؟ — سورىدى نازاكەت ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن.

— ئەلۋەتتە خەۋىرى بار.

— دادام قوشۇلدىمۇ؟

— قىزىنى ياتلىق قىلىشقا ئالدىرىمايدىغانمۇ دادا بولامدۇ قىزىم، — دېدى ئانا خاتىرجەم ھالدا، — ھېلىمۇ بىچارە دادالڭ بۇ ئائىلىنى قامدايمەن، مېنى داۋالىتىمەن دەپ ئاز جاپا تارتمىدى. سەن بولساڭمۇ ئائىلىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەت.

— مېنىڭ قورسىقىمنى بېقىش ئېغىر كەلگەن ئوخشىمامدۇ دادامغا، — دېدى نازاكەت كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا، — مەن سىلەرگە شۇنچىلىك يۈك بولۇپ قالغاندىمەنمۇ؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، گېپىمنى خاتا چۈشىنىۋاپسەن

قىزىم، — دېدى ئانا كۆيۈمچانلىق بىلەن، — مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ئۇ ئەمەس. خەۋىرىڭدە بار، مېنىڭ كېسىلىمنى داۋالىتىش ئۈچۈن ھەلىمىخان ئاناڭدىن بەش مىڭ كوي قەرز ئالغان. باشقىلاردىن ئالغان قەرزىمىزمۇ يەنە شۇنچىلىك بار. ھەلىمىخان ئاناڭ تويلۇقۇڭغا ئون بەش مىڭ كوي بېرىدىغان بولدى ھەم ھېلىقى بەش مىڭ كوي قەرزنىمۇ ئالمايدىغان بولدى. تويلۇق پۇلۇڭدىن يېرىمىنى تويۇڭغا ئىشلىتىپ، يېرىمىنى باشقا قەرزىمىزگە بېرىۋەتسەك، بىزمۇ قەرزدارچىلىقتىن قۇتۇلىدىكەنمىز...

— مېنى پۇلغا ساتايلى دېگەن ئوخشىمامسىلەر.

نازاكەتنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

— ياق، ئۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ قىزىم، — دېدى ئانا قىزىنىڭ كۆز يېشىغا پەرۋا قىلمىغان ھالدا، — تويلۇق ئېلىش، تويلۇق بېرىش دېگەن ئەزەلدىن بار ئىش. يات ئادەمگە تويۇڭنى قىلىپ قويساق، ھەلىمىخان ئاناڭ بېرىمەن دېگەن تويلۇقنىڭ يېرىمىچىلىكىمۇ تويلۇق بەرمەيدۇ. ھەلىمىخان ئاناڭنىڭ مەقسىتى ھەم سېنى بالا قىلىۋېلىش، ھەم تويلۇق بېرىش باھانىسىدە بىزگە ياردەم بېرىپ قەرزىمىزنى تۈگىتىۋېتىش. سەن بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى چۈشەنگىن، قىزىم. سېنى ئوقۇتالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن بىزنىڭمۇ كۆڭلىمىز يېرىم. ئەمما، بويىنىمىزغا ئالتە پاتمان قەرزنى يۈكلىۋالساق ئىنى - سىڭىللىرىڭنى قانداق ئوقۇتالايمىز. داداڭ بىلەن مېنى دېمىسەڭمۇ، ئاشۇ ئۇكىلىرىڭنى دەپمۇ بولسا بۇ ئىشقا ماقۇل دېمىسەڭ بولمايدۇ.

ھەسەلخان ئاچا شۇلارنى دېدى - دە، بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى، ئانىسىنىڭ كۆز يېشىنى كۆرۈپ نازاكەتنىڭمۇ باغرى ئېزىلدى. يەنە ئىچ - ئىچىدىن يىغا قايناشقا باشلىدى، ئانىسىنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبلىرى ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپلا قويغانىدى. نازاكەت دادىسىنىڭ قىيىنچىلىقىنى، ئائىلىسى دۇچ كەلگەن ئىقتىسادىي كىرىزىسنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇنىڭمۇ ئۆزى

ھەرقانچە جاپا تارتسىمۇ ئۇكىلىرىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇش ئارزۇسى بار ئىدى. ھازىر ئانىسى ئۇنى ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا قىستاۋاتاتتى. بۇ قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ باشقا ئامالى تېپىلماسمۇ زادى؟ نازاكەت شۇلارنى خىيال قىلىۋېتىپ، بىردىنلا مۇھەممەت بىلەن قىلىۋاتقان تىجارىتىنى ئېسىگە ئالدى ــ دە، ئۈزۈلۈپ كەتكەن ئۈمىد يىپىنى قايتىدىن ئۇلىۋالدى. توغرا، ئاتا ــ ئانىسى ئۇنى پەقەت ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا ياتلىق بولۇشقا زورلاۋاتىدۇغۇ؟ ياق، نازاكەتنىڭ ھازىرچە ياتلىق بولغۇسى يوق. ئۇنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى كۈتۈپ تۇرغان نۇرغۇن پىلانلىرى، قەلبىدە يېلىنجاپ تۇرغان ئاجايىپ ئارمانلىرى بار. ئۇمۇ پۇل تاپالايدۇ، ئاتا ــ ئانىسىنى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرالايدۇ. ئازراق ئىقتىسادىي نەپ، كۆز ئالدىدىكى ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى دەپ، نازاكەت ھەرگىزمۇ ئۆزىنى قۇربانلىق قىلمايدۇ. «جېنىم ئانا، كۆڭلۈمنى چۈشىنەرسىزمۇ، ماڭا ئىشىنەرسىزمۇ، مەن نۇرغۇن پۇل تاپالايمەن. ئۇرۇمچىگە ئاپىرىپ كېسىلىڭىزنى تەلتۆكۈس داۋالىتىمەن تېخى.»

— ئىسمايىلجان ئاكامنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى بارمۇ؟ — سورىدى نازاكەت ئېمىنىدۇر خىيالدىن ئۆتكۈزۈپ.

— ئىسمايىلجاننىڭ قوشۇلماسلىقىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن قىزىم، — دېدى ئانا چىرايىغا سۇس كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

ئانىسىنىڭ بۇ سوئالىدىن نازاكەت ۋىللىدە قىزاردى.

«ئانام ھەرگىزمۇ كۆڭلۈمنى چۈشەنمەيدىكەن. ئۇنىڭ بىلەن تىكلىشىپ تۇرىۋېرىپ كېسەل ئازابىنى ئېغىرلىتىپ قويماي. ئەڭ ياخشىسى ئىسمايىلجان ئاكام بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشەي. ئىسمايىلجان ئاكام ئاق كۆڭۈل، مەرد، كۆڭلى ــ كۆكسى كەڭ يىگىت. ئۇ كۆڭلۈمنى چۈشىنىدۇ، مېنى قوللايدۇ...»

— مېنى ھازىرلا جاۋاب بېرىشكە قىستىماڭ ئانا، — دېدى نازاكەت ئىمكان بار ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ياساشقا تىرىشىپ، —

مەن بىر مەزگىل ئويلىنىۋالاي.

— ماقۇل جېنىم بالام، — دېدى ئانا نازاكەتنىڭ مەڭزىنى ئىچ كۆيەرلىك بىلەن سىلاپ، — ماڭا مۇشۇنداق ئەقىللىك قىز بەرگەنلىكىڭ ئۈچۈن شۈكۈر خۇدايىم، يۈز مىڭ قەترە شۈكۈر. خۇدايىم بەختىڭنى بېرەر بالام، — نازاكەتنى «ماقۇل بولدى» دەپ چۈشەنگەن ئانا خۇشاللىقتىن كۆزىگە ياش ئالدى.

نېمە ئۈچۈندۇر نازاكەتنىڭ ئانىسىنىڭ قېشىدا تۇرىۋەرگۈسى كەلمىدى، ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ كېسەلخانىدىن يېنىپ چىقتى.

«توۋا خۇدايىم، ‹كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال› دەپ، بۇ ئىشنىڭ چىققىنىنى كۆرمەمدىغان. بۇ گەپنى خالمۇرات ئاڭلىسا نېمە دەپ قالار؟ ياق، ھەرقانچە ئىش بولسىمۇ خالمۇراتنى چوقۇم ساقلايمەن. مۇھەممەتنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئىشلىرى قانداق بولۇپ كەتكەندۇ. ئاپارغان ماللارنى تىنچ - ئامان قولىدىن چىقىرالىغانمىدۇ؟ قايتىشىدا يۇرتقا مال ئېلىپ كېلىمەن دەۋاتقان. مال ئۇقۇشالىغانمىدۇ؟ قانداقراق نەرسىلەرنى ئەكېلەر؟ ئەكەلگەن ماللىرى يۇرتتا ئاسانراق پۇل بولارمۇ؟ مۇھەممەت تېزرەك قايتىپ كەلسە بولاتتىغۇ.»

## 2

نازاكەت دوختۇرخانىدىن چىقىپ ئۇدۇل ئۆيىگە بارماي، مەقسەتسىز ھالدا كوچا ئايلاندى. ئۇنىڭغا كوچىدىكى ئۇياق - بۇياققا ئالدىراش كېتىپ بارغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى غەمسىزدەك، پەقەت تەقدىر ئۆزى بىلەنلا قېرىشىۋاتقاندەك بىلىنىپ، كۆڭلى يېرىم بولدى. كۆز ئالدىغا نەۋرە ئاكىسىنىڭ چىرايى كېلىۋېلىپ خىياللىرىنى تېخىمۇ بەك چىگىچلەشتۈرۈۋەتتى. ئەنە، ئۇنىڭ مەڭزىدىكى يىگىتلىك جاسارىتىنى نامايان قىلىپ تۇرغان تاتۇقى ھەم سۈرلۈك، ھەم مېھرىلىك كۆرۈنىدىغان شوخ قوي كۆزلىرى،

ئۇنىڭغا ئۆزىگە ئاشىقانە نەزەردە تىكىلىپ تۇرغاندەك بىلىنىپ، يۈرىكى ئىختىيارسىز سوقۇپ كەتتى، قىزلىق تۇيغۇلىرى يەڭگىل داۋالغۇدى. ئۇ كۆڭلىدە نۇقسانسىز دەپ باھا بېرىدىغان نەۋرە ئاكىسىنى بالىلىق ھېس - تۇيغۇلىرى بىلەن ياخشى كۆرەتتى. بۇ قېتىم شامالباغقا ئۈرۈمچىگە يۆتكىگىلى مال ئىزدەپ چىققاندا ئۇنىڭ يىگىتلەرگە خاس كېلىشكەن قامىتىگە، بولۇپمۇ چىرايىغا ئالاھىدە سېھرىي كۈچ ئاتا قىلىپ تۇرغان تاتۇقىغا رەسىدە بولغان قىزلارغا خاس نەزىرى بىلەن دىققەت قىلدى. نەۋرە ئاكىسىنىڭ چىقىشقاق، خۇش چاقچاق، ئاق كۆڭۈل يىگىت ئىكەنلىكىنى قايتىدىن ھېس قىلدى، ئۆزىگە قىلغان مەردلەرچە ياردىمىدىن سۆيۈندى. مۇشۇنداق بىر يىگىتنىڭ قەدرىگە يەتمەي ئاجراشماقچى بولغان يەڭگىسىنى ئەقىلسىزلىكتە ئەيىبلىگەن ۋە چىن كۆڭلىدىن نەۋرە ئاكىسىغا بەخت تىلىگەنىدى. مانا ئەمدى ئويلىمىغان يەردىن بۇ مەسلىھەت چىقىۋىدى، كۆڭلىدە نەۋرە ئاكىسىغا قايتىدىن باھا بېرىپ باقتى. لېكىن، ئۇ ھەرقانچە باش قاتۇرۇپمۇ نەۋرە ئاكىسىدىن قىلچىلىك نۇقسان تاپالمىدى، نۇقسان تاپالمىغانسېرى كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى. ئىسمايىلجان بىلەن خالمۇراتنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈۋىدى، تارازىنىڭ بىر پەللىسىنى خالمۇرات پۈتۈنلەي بېسىۋالدى.

«توغرا، ئىسمايىلجان ئاكام بىلەن ئوچۇق - يورۇق سۆزلىشەي. پەقەت بولمىسا ئۇنىڭغا خالمۇرات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى دەپ بېرەرمەن. ناۋادا ئىسمايىلجان ئاكام مەندىن ئۈمىدلىنىپ قالسا چاتاقنىڭ چوڭى چىققىنى شۇ. بۇ ئىشنى كەينىگە سۈرمەي.»

نازاكەت يېقىن ئەتراپتىكى ئاممىۋى تېلېفون بوتكىسىدىن نەۋرە ئاكىسىغا چاقىرغۇ قىلدى.

نەۋرە ئاكىسى ھايال ئۆتمەيلا چاقىرغۇ قايتۇردى.

— ۋەي، ئىسمايىلجان ئاكاما؟ مەن نازاكەت.

نازاكەتنىڭ تۇرۇپكىنى تۇتقان قوللىرى سېزىلەرلىك

دەرىجىدە تىترەپ كەتتى.

— ۋەي، نازاكەتمۇ سەن، قانداق ئىش بار؟

— سىز... سەن... ھازىر قەيەردە؟ — نىمە ئۈچۈندۇر نازاكەتنىڭ تىلى كالۋالاشتى.

— مەن ھازىر خوتەندە، بىرەر مۇھىم ئىش چىقىپ قالمىغاندۇ. بولمىسا ھازىرلا يولغا چىقساممۇ بولىدۇ.

نازاكەتنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سېلىشقا باشلىدى:

— ياق - ياق، مۇھىم ئىشمۇ يوق... ساڭا دەيدىغان گەپ چىقىپ قالدى.

— تېلېفوندا دەۋېتە بولمىسا، ئادەمنى ئويغا سالماي.

— تېلېفوندا دېسەم بولمايدۇ، كۆرۈشكەندە دەي.

— ھەسەلخان ئانامنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

— خېلى ياخشىلىنىپ قالدى. دوختۇر يەنە ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن ياتاقتىن چىقسا بولىدۇ، دەپتۇ.

— ماقۇل ئەمىسە، يۈرتقا بارغاندا كۆرۈشەيلى. بىرنەرسە لازىم بولسا ئالغاچ بارايمۇ؟

— رەھمەت، ئاۋارە بولما، خوش ئەمىسە.

نازاكەت تۇرۇپكىنى دەرھال قويۇۋەتتى. يۈرىكىنىڭ سېلىشى تېخىچىلا بېسىقمىغانىدى. «تۇۋا، يۈرىكىم ئەجەب بىر قىسما سېلىپ كەتتى يا؟» دېدى نازاكەت ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلاپ.

## 3

مۇھەممەت قايتىپ كەلدى. نازاكەت ئۇنىڭ ئىككى ماشىنا يۈك ئەكەلگىنىنى كۆرۈپ ھەم خۇش بولىدى، ھەم بىر ئاز ئەندىشە قىلدى.

— بۇ ماللارنى قولىمىزدىن تېزرەك چىقىرىۋەتكىلى بولارمۇ؟

— خاتىرجەم بولغىن، — دېدى مۇھەممەت نازاكەتنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ.

— بىسلىپ قالماس - ھە؟
— بىسلىپ قالمايدۇ.
نازاكەت مۇھەممەتتىن يەنە سوئال سوراشقا ئاغزىنى ئۈمەللەپ بولۇپ توختاپ قالدى. ئۇچۇقىنى ئېيتقاندا، سورىماقچى بولغان سوئالىنى ئاغزىدىن چىقىرىشتىن خىجىل بولدى. ئەس - يادى بۇ ماللارنى تېزرەك قولدىن چىقىرىشتا قالغان مۇھەممەت قىزنىڭ ئىلتىجالىق، تەقەززالىق كۆزلىرىگە دىققەت قىلمىدى. نازاكەتنىڭ ئاخىر سەۋر قاچىسى يېرىلدى.
— قانداق، ئۇرۇمچىدىكى ساۋاقداشلار تىنچلىقمىكەن؟
— ھە، تىنچ - ئامان تۇرۇشۇپتۇ.
مۇھەممەت شۇنداق دەپ قىسقىلا جاۋاب بەردى - يۇ، شۇ ھامان ئۆزىنىڭ ئالدىراشلىقتا بىر ئىشنى خاتا قىلغانلىقىنى سەزدى.
— خالمۇرات، ئابدۇسېلىم، شاكىر، گۈلىستانلار سالام ئېيتتى، — دېدى ئۇ قىزنىڭ سوئالىغا تەپسىلىيرەك جاۋاب بېرىپ، — ئۇلار مەن يۇرتقا قايتقۇچە كوندە دېگۈدەك ھەمراھ بولدى. خالمۇرات ئېلىپ بارغان مالنى پۇل قىلىشىمغا ياردەملەشتى. بۇ ماللارنى بولسا ئابدۇسېلىم يەتكۈزگەن ئۇچۇر بويىچە يۆتكەپ كەلدىم. سەپەر سەرگۈزەشتىلىرىمنى ۋە ئۇرۇمچىدىكى ساۋاقداشلارنىڭ ئەھۋالىنى، ماۋۇ ماللارنى بىر يەرگە جايلاشتۇرۇۋېلىپ ئاندىن ساڭا تەپسىلىي سۆزلەپ بېرەي، بولامدۇ؟
— شۇنداق قىلايلى، — دېدى نازاكەت كۈلۈمسىرەپ.
— ھە راست، — دېدى مۇھەممەت بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك، — سېنىڭ شامالباغدىكى ھېلىقى نەۋرە ئاكاڭ بارمىدۇ؟
— ئۇنىڭدا نېمە ئىشىڭ بار ئىدى، — دېدى نازاكەت قىزىقىپ.
— مۇنداق گەپ، — دېدى مۇھەممەت چۈشەندۈرۈپ، — بۇ ماللارنى شەھەردە قويۇپ تارقاتساق چاتىقى چىقىپ قالارمىكىن

دەپ ئەنسىرەيمەن. بىزنىڭ ئۆي يېزىدا بولغان بىلەن شەھەرگە يېقىن. شۇڭلاشقا، شامالباغقا ئاچىقىپ ئاشۇ نەۋرە ئاكاڭنىڭ ئۆيىدە قويۇپ تۇرساقمىكىن دەيمەن.

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى نازاكەت مۇھەممەتنىڭ مەسلىھەتىگە قوشۇلۇپ، — ئىسمايىلجان ئاكام خوتەنگە كەتكەن. كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولدى. ئۇنىڭغا چاقىرغۇ قىلىپ باقاي. ئۇ مالنى بىر تەرەپ قىلىشىمىزغىمۇ ياردەم بېرىدۇ.

— شۇنداق قىلغان بولسىغۇ مېنىڭ بېشىمدىكى غەممۇ خېلىلا يەڭگىللىگەن بولاتتى.

— خاتىرجەم بول، — دېدى نازاكەت ئىشەنچ بىلەن، — ئۇ سەككىز - ئون يىلدىن بېرى سودا بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ھەرقايسى يېزا - بازارلاردا تىجارەتچى ئاغىنىلىرى، تونۇش - بىلىشلىرى بار. بۇ مالالرنى ئىسمايىلجان ئاكام بىر تەرەپ قىلىپ بەرسۇن.

ئىسمايىلجان نازاكەتنىڭ قىلغان چاقىرغۇسىنى تېزلا قايتۇردى.

— ۋەي، ئىسمايىلجان ئاكاممۇ، نەدىسەن ھازىر. شامالباغدا دەمسەن؟ خوتەندىن قاچان كەلگەنىدىڭ؟

— ئىككى سائەتچە بولدى. شامالباغقا ئاچىقىدىغان ئازراق مال بار ئىدى. شۇڭا، شەھەردە توختىمىغانىدىم. ھازىر قولۇمنى ئىشتىن بوشىتىپ قېشىڭغا كىرەي دەپ تۇرغان.

— ئۇنداق بولسا، كىرمەيلا تۇر...

— ۋەي، نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن. مەندىن رەنجىپ قالمىغانسەن؟

— ئالدىرىماي تۇرمامسەن. گېپىمنى ئاڭلا. سېنى يەنە ئاۋارە قىلىدىغان ئىش چىقىپ قالدى. بۇنى تېلېفوندا دەپ يۈرمەي. سەن ئۆيدە ساقلاپ تۇر، مەن ھازىرلا شامالباغقا چىقىمەن. خوش ئەمىسە.

نازاكەت دەرھاللا تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇۋەتتى.

— مەقسەتنى ئېنىق دېمىدىڭغۇ؟ — دېدى مۇھەممەت ئانچە قانائەت ھاسىل قىلماي.
— چىققاندا دېسەكمۇ بولىدۇ.
— ناۋادا ئۇ قوشۇلماي قالسا، ئالايتەن شامالباغقا چىقىپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمەيلى يەنە.
— خاتىرجەم بول، — دېدى نازاكەت ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا، — ئىسمايىلجان ئاكام مېنىڭ تەلىپىمنى ھەرگىز يېرىمايدۇ.
— ماڭامدۇق ئەمىسە، — دېدى مۇھەممەت ئارتۇقچە تالاشماي.
— ھازىرلىمۇ؟
— ھەئە، ھازىرلا، شوپۇر ئۇستاملار «يۈكۈڭلارنى چۈشۈرۈۋېلىپ ماشىنامنى بىكارلاپ بېرىڭلار» دەپ غەلۋە قىلغىلى تۇردى. يۈكنى ئۇ ماشىنىدىن بۇ ماشىنىغا يۆتكىسەك ياخشى بولمايدۇ. شۇڭا، ھازىرلا شامالباغقا چىقايلىمىكىن دەيمەن.
— مەيلى، ئۇنداق بولسا ماڭايلى.

4

مۇھەممەت بىلەن نازاكەت كەچ پېشىن بىلەن شامالباغقا چىقتى. ئىسمايىلجان ئۇلارنى ئۆيدە ساقلاپ تۇرغانىدى، ماشىنىنىڭ سىگنال ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى ۋە كابىنكىدىن چۈشۈۋاتقان نازاكەتنى ھەم ماشىنىنىڭ ئۈستىدىكى لىق يۈكنى كۆرۈپ، نازاكەتنىڭ نېمە مەقسەتتە چىققانلىقىنى ئازراق پەملىدى. ئۇلار قىزغىنلىق بىلەن قىسقىلا ھال ـ ئەھۋال سوراشتى.
نازاكەت مەقسىتىنى قىسقىلا قىلىپ ئىسمايىلجانغا چۈشەندۈردى.
— ماشىنىدا ھاراق بىلەن شېكەرلا بارمۇ ياكى باشقا ماللارمۇ

بارمۇ؟

— ھاراق بىلەن شېكەرلا، — دېدى مۇھەممەت گەپ قىستۇرۇپ، — بىر ماشىنىدىكىسى ھاراق، بىر ماشىنىدىكىسى شېكەر.

— خېلى كاللا ئىشلىتىپ مال يۆتكەپسىلەر، — دېدى ئىسمايىلجان قايىللىق بىلەن، — خاتىرجەم بولۇڭلار، بۇ ماللىرىڭلار بېسىلىپ قالمايدۇ. ئەتراپتىكى ئىككى - ئۈچ يېزا - بازارغا ئاران يېتەر.

ئىسمايىلجاننىڭ بۇ گېپىدىن مۇھەممەت بىلەن نازاكەت كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەندەك بولۇپ يەڭگىل تىنىپ ئېلىشتى. ئىسمايىلجان بىرقانچە قوشنىلىرىنىڭ باللىرىنى ياردەمگە چاقىردى. ھەش - پەش دېگۈچە ئىككى ماشىنا مال ھويلىنىڭ ئىچىدىكى بىر ئېغىز بوش ئۆيگە يۆتكەپ بېسىلدى.

ئىسمايىلجان شوپۇرلارنىڭ ئالدىرىغىنىغا قويماي قولىغا سۇ بېرىپ داستىخانغا تەكلىپ قىلدى. ھەلىمىخان ئاچا قازانغا شورپا سېلىپ تۇرغانىدى. ئۇلار بىرەر پارچىدىن نان ۋە يۇمشاق پىشقان گۆشكە ئېغىز تەگدى.

ھەلىمىخان ئاچا نازاكەتنىڭ ئىككى ماشىنا يۈك بىلەن تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغانلىقىدىن بىرئاز ئەجەبلەندى - يۇ، بولغۇسى كېلىنىنىڭ ئوغلى بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانلىقىدىن كۆڭلى خېلىلا ئارامىغا چۈشۈپ سۆيۈندى. نازاكەتكە قارا گۆشتىن تاللاپ ئۆز قولى بىلەن تۇتتى، كۆپرەك يېيىشكە زورلىدى.

تاماقتىن كېيىن مۇھەممەت شوپۇرلار بىلەن قايتىشقا تەرەددۇتلاندى.

— مەن ھازىرچە قايتاي، — دېدى ئۇ نازاكەتكە، — ئۆيگە چىقىپ ئاتا - ئانام بىلەن كۆرۈشۈۋېلىپ، بۇ يەرگە ئەتە چىقاي.

— مەيلى، — دېدى نازاكەت، — شۇنچە ۋاقىت يوقاپ كەتكىنىڭدىن ئاتا - ئاناڭ ئەنسىرەپمۇ قالغاندۇ. سېنى كۆرۈپ

ئۇلارنىڭمۇ كۆڭلى ئارامىغا چۈشسۇن. مەن شەھەرگە قايتمىساممۇ بولار. ئەتە چىققان ۋاقتىڭدا كۆرۈشەيلى.

ئىسمايىلجان نازاكەتنىڭ مۇھەممەت بىلەن بەكمۇ يېقىنچىلىق بىلەن مۇڭدىشىپ كېتىشلىرىدىن كۈنداشلىقى كېلىپ، كۆڭلى بىئارام بولغان بولسىمۇ، لېكىن نازاكەتنىڭ قالماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ خېلىلا خاتىرجەم بولدى. كۆڭۈل غەشلىكى تېزلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ھەلىمخان ئاچىنىڭ بولسا خۇشلۇقى ئىچىگە سىغمايلا قالدى.

— ئېيتە قىزىم، نېمە يېگۈڭ بار؟ — دېدى ھېلىمخان ئاچا شوپۇرلارنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن نازاكەتنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، — ئوخشىتىپ بىر تاماق ئېتىپ بېرەي ساڭا.

— بولدى، ئاۋارە بولماڭ ئانا، — دېدى نازاكەت بىردىنلا جىددىيلىشىپ، — گۆشنى جىق يەۋېتىپتىمەن.

— تارتىنمىغىن قىزىم، بۇمۇ ئۆز ئۆيۈڭ.

— راستلا تارتىنمىدىم، — دېدى نازاكەت. ئەمەلىيەتتە ئۇ بارغانسېرى قورۇنۇپ قېلىۋاتاتتى.

— ئەمىسە، ئىسمايىلجان بىلەن بازارغا چىقىپ تاماق يەپ كىرىڭلار.

— راستلا تاماق يېمەيمەن، — دېدى نازاكەت. ئۇ ھەلىمخان ئانىنىڭ ئالاھىدە مۇئامىلىسىدىن خىجىل بولۇپ شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى، مۇھەممەت بىلەن شەھەرگە كىرىپ كەتمىگىنىگە پۇشايمان قىلدى.

— بولدى ئانا، زورلاۋەرمىسىڭىزچۇ، نازاكەت يا يات ئادەم بولمىسا، — دېدى ئىسمايىلجان ئارىغا چۈشۈپ.

— ماقۇل ئەمىسە، — دېدى ئانا ئوغلىنىڭ گېپى بىلەن تېزلا بوشاپ، — ئىككىڭلار مۇڭدىشىپ ئولتۇرغاچ تۇرۇڭلار، مەن بازارغا بېرىپ داداڭلارغا دۇكاننى يىغىشىپ بېرەي، — ئانا دەرۋازىدىن چىقىۋېتىپ يەنە ئالاھىدە تاپىلىدى، —

ئىسمايىلجان، نازاكەت قىزنى زېرىكتۈرۈپ قويما جۇمۇ بالام.

نازاكەت تاغىسىنىڭ قاسساپلىق دۇكىنىنى ھامىسىنىڭ ياردىمىسىزلا يىغالايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ھامىسىنىڭ ئىسمايىلجان بىلەن ئۆزىنى يالغۇز قالدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆيگە قايتىۋاتقان تاغىسىنىڭ يولىنى توسقىلى چىقىپ كەتكەنلىكىنى پەملىدى ـ دە، بىر ئاز ھودۇقتى. ئىسمايىلجاننىڭ ئۆزىگە ئاشىقانە تىكىلگەن كۆزلىرىگە شۇنداقلا قاراپ، تېخىمۇ بەك ئۆزىنى يوقاتتى ـ دە، دەرھال يەرگە قارىۋالدى.

«ئىسمايىلجان ئاكامغا گەپنى تۈزلا دېسەم قانداق بولار. مەن بۈگۈن مۇشۇ ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن قالدىمغۇ؟ بىر ھېسابتا ئىككىمىزنىڭ يالغۇز قالغىنىمىزمۇ ئوبدان بولدى. مۇشۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتاي...»

نازاكەت كۆڭلىنى توختىتىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي يەنە جىمىپ قالدى.

— ئۆتكەندە تېلېفوندا ساڭا دەيدىغان گېپىم بار دەۋاتاتتىڭغۇ؟ — دېدى ئىسمايىلجان ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

بۇ سوئال بىلەن نازاكەتنىڭ يۈرىكى يەنە دۇپۇلدەشكە باشلىدى. تىلى كالۋالىشىپ، تاماقلىرى قۇرۇدى.

— دېھقانلار گۈلە ـ قاقىنىڭ پۇلىنى سۈيلەپ خاپا قىلمىغاندۇ؟ — دېدى ئۇ گەپنى باشقا ياققا بۇراپ.

— يەنە ئون ـ ئون بەش كۈنلەردىن كېيىن سۈيلەشكە باشلارمىكىن.

— ھاراق بىلەن شېكەرنى ساتساق ئاندىن ئۇلارنىڭ پۇلىنى بېرەلەيمىز، — دېدى نازاكەت ئۆزىگە ئۆزى سۆزلىگەندەك.

— سەنمۇ سودىغا كىرىشە ـ كىرىشەيلا قويمىچىلىق قىلغىلى تۇردۇڭ، — دېدى ئىسمايىلجان كۈلۈپ تۇرۇپ.

— قانداق دەيسەن؟ مەن بىركىمنى ئالدىمىدىمغۇ.

— خەقنىڭ قولىدىن مالنى نېسىگە ئالدىڭ. ئۈرۈمچىگە

يۆتكەپ نەق پۇلغا ساتتىڭ. ئۇ پۇلغا يەنە مال ئەكەلدىڭ. مانا ئەمدى قولۇمدىكى مالنى ساتسام ئاندىن پۇل بېرەلەيمەن دېگىنىڭ قويمىچىلىق بولماي نېمە. ساڭا قول قويسام بولغۇدەك. خەقنىڭ پۇلىدا ئىككى قېتىم سودا قىلىۋالىدىغان بولدۇڭ - دە.

— ئەجەب ئىچىڭنى ئاغرىتىپ كەتتىڭغۇ، — دېدى نازاكەت روھىي جەھەتتىن خېلىلا يەڭگىللەپ، — خاتىرجەم بول، پايدىسىنى ساڭمۇ بىر ئۈلۈش بېرىمەن.

— پايدىنىڭ لازىمى يوق، ماڭا رەھمەت ئېيتساڭلا بولدى.

— قانداق رەھمەت ئېيتىمەن؟

— شەھەرگە ئەكىرىپ رېستوراندا مېھمان قىلىسەن. باشقا بىر كىمنى ئارىلاشتۇرساڭ بولمايدۇ، خاس مەنىلا مېھمان بولىمەن، — يىگىت نازاكەتكە تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدى، — قانداق، بۇ تەلىپىم ئېشىپ كەتمىگەندۇ؟

— بولدى، مېھمان قىلسام قىلدىم، — دېدى نازاكەت شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ.

نازاكەت يىگىتنىڭ كۆزلىرىگە شۇنداقلا قارىدى - دە، بۇ كۆزلەرنىڭ تېگىگە يوشۇرۇنغان ئىللىتجالىق بىر مەنىدىن يەنە تەمتىرىدى، قىزلىق تۇيغۇلىرى كۆل سۈيىدەك يەڭگىل چايقالدى. ئۇ ئەسلىي مەقسەتكە كۆچۈشكە يەنە ئالدىرىدى. ئاخىر غەيرەتلىنىپ تۇرۇپ گەپ تەشتى:

— قانداق، چولپان ئاچامنى ئەكېلىۋالىدىغان بولدۇڭمۇ؟

— رەسمىي ئاجرىشىشقا پۈتۈشتۇق، — دېدى ئىسمايىلجان تاماكىسىغا سەرەڭگە يېقىۋېتىپ. ئۇ قىزنىڭ بۇ سوئالىدىن بىرئاز ئوڭايسىزلانغانىدى. ئىسمايىلجان تاماكا چەككەن بولۇپ روھىي ھالىتىنى بىرئاز ئوڭشىۋالدى - دە، جاۋابىنى تولۇقلىدى، — مۇشۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا يېزىلىق خەلق ئىشلار ئىشخانىسىغا بېرىپ ئاجرىشىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرسەكلا بولىدۇ.

نازاكەت يەنە جىمىپ قالدى. ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ ئۆزىنى دەپ

شۇنچە تېز بېجىرىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى - دە، پاراڭنى تېخىمۇ مەقسەتكە يېقىنلاشتۇرۇشقا غەيرەت قىلدى.

— ئۆيدىكىلەرنىڭ مەسلىھەتىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟

نازاكەتنىڭ يۈرىكى يەنە قايتىدىن سېلىشقا باشلىدى.

— قايسى مەسلىھەتتىن؟

ئىسمايىلجان خۇپسەنلىك قىلىپ قەستەنگە بىلمەسكە سېلىۋاتاتتى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ كۆكرەك قەپىسىگە پاتمايۋاتاتتى.

نازاكەت يەنە بىر قېتىم غەيرەتكە كەلدى.

— ئىككىمىزنىڭ تويىنى قىلىش مەسلىھەتىدىنچۇ؟

يىگىت گەرچە بىر نىكاھلىق بولغان، بېشىدىن خېلىلا ئىسسىق - سوغۇق ئۆتكەن بولسىمۇ، مانا ئەمدى قىزنىڭ ئالدىدا ھودۇقتى، تەمتىرىدى، چىرايىغا سۈس قىزىللىق يامىرىدى. ئۇ يەنە بىر تال تاماكىغا چاقماق ياقتى - دە، ئىشتىھا بىلەن شورىدى، كۆكۈچ تاماكا ئىسى ئاغزى - بۇرنىدىن تۈرۈلۈپ - تۈرۈلۈپ چىقتى.

— بۇ ئىشتىن خەۋىرىم بار، — دېدى يىگىت بىردىنلا غەيرەتكە كېلىپ، — بىلمىدىم، سەن قانداق قارايسەنكىن؟

نازاكەت ئەمدى ئۆزىنى خېلىلا تۇختىتىۋالغانىدى، ۋۇجۇدىدىكى بايىقى ھاياجان، تەمتىرەشلەر سالماقلىققا ئورۇن بوشاتقانىدى. ئۇ يىگىتنىڭ كۆزلىرىگە دادىل قارىدى، چىرايىغا سۈس، يېقىملىق كۈلكە يۈگۈرتتى.

— بۇ سېنىڭ قارارىڭمۇ ياكى ھاممام بىلەن تاغامنىڭ مەسلىھەتىمۇ؟

— مېنىڭ قارارىم دېسەممۇ بولىدۇ، — دېدى يىگىت بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — بىلەمسەن نازاكەت، مەن سېنى ئىلگىرى پەقەت سىڭلىم ئورنىدىلا ياخشى كۆرەتتىم، — يىگىت غەيرەتلىنىپ تۇرۇپ ئىچ باغرىنى تۆكۈشكە باشلىدى، — نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، سەن ئۆتكەن قېتىم چىققاندىن

بىرى كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. ئىشەنگىن، راستلا شۇنداق بولۇپ قالدى. سەن بىلىسەن، مەن چولپان بىلەن توي قىلغاندىن بىرى پەقەتلا چىرايلىقچە ئۆتەلمىدىم. گەرچە ئەر ـ خوتۇن بولۇپ ئۆتكەن بولساقمۇ، ئارىمىزدا مېھىر ـ مۇھەببەت، ياخشى كۆرۈش پەيدا بولمىدى. بۇ ئىشتىن كۆپ ئازابلاندىم. ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ كېتىشنى خېلى بۇرۇنلا كۆڭلۈمگە پۈككەن ھەم ئۇنىڭ بىلەن بۇ توغرۇلۇق كېلىشىم ھاسىل قىلغان بولساقمۇ، ئۆزۈمنى بۇنچە تېزلا مۇھەببەت تورىغا چۈشۈپ قالارمەن دەپ ئويلىمىغانىدىم. مەن ئۆزۈمنى توختىتالمىغۇدەك دەرىجىدە بىردەملىك ھېسسىياتقا بېرىلىدىغان تەنتەك يىگىتلەردىن ئەمەس دەپ ھېسابلايمەن. لېكىن، ئاشىقلىق شۇنداق ئوخشايدۇ. مېنى بىر قېتىم نىكاھلانغان دەپ مۇھەببىتىمنى قوبۇل قىلماسلىق مەيلى. لېكىن، ساڭا بولغان سۆيگۈمنى، يۈرىكىمدە ئويغانغان ئاشىقلىق ئوتىنى توغرا چۈشەنگىن.

نازاكەتنىڭ بىردىنلا ئىسمايىلجانغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئۆزىنى خېلىلا توختاتقان بىر يىگىتنىڭ تەمتىرەشلىرىدىن، ھودۇقۇشلىرىدىن ھوزۇرلاندى. شۇنداق، ھوش ـ كاللىسى جايىدا ھەرقانداق بىر قىز يىگىتلەرنىڭ سۆيگۈ ئىزھار قىلىشىدىن رەنجىمەيدۇ. نازاكەت نەۋرە ئاكىسىنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتىگە ئىشەندى. ئەمما، كۆڭلىدىكى تۈگۈچ يەنىلا يېشىلمىدى.

— ئەمىسە، مېنى شۇنچىۋالا ياخشى كۆرگەن ئادەم، نېمىشقا مېنى كۆزگە ئىلمىغاندەك پۇلغا سېتىۋالماقچى بولىسەن؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — ئىسمايىلجان تەئەججۈپلەندى، كۆزلىرى گۇمانسىراش ئىلكىدە قىزغا تىكىلدى.

— مېنى يىگىرمە مىڭ كويغا سېتىۋالماقچى بولغىنىڭ يالغانمۇ؟ — دېدى نازاكەت كۆزىگە مۆللىدە ياش ئېلىپ.

— گېپىڭنى پەقەتلا چۈشەنمىدىمغۇ، — دېدى ئىسمايىلجان بىر ئاز تېرىكىپ، — ئوچۇقراق گەپ قىلە.

نازاكەت ھاممىسىنىڭ ئانىسى بىلەن قىلىشقان سودىسىنى تەپسىلىي ئېيتىپ بەردى، سۆزلەۋېتىپ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئىسمايىلجان قىزنىڭ ئاغزىغا قاراپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشتىن راستلا خەۋىرى يوق ئىدى. ئىسمايىلجان نومۇس كۈچىدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى.

— ئىشەنگىن نازاكەت، كېيىنكى ئىشتىن راستلا خەۋىرىم يوق ئىكەن. بىزنى كەچۈرگىن. ئانام ياخشى كۆڭلىنى توغرا ئىپادىلىيەلمەپتۇ. مەنمۇ سېنى ھازىرغىچە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىدى دەپلا ئويلاپتىمەن.

نازاكەت يىگىتنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەندى ھەم ئۇنى ئەپۇ قىلدى. ئارىنى يەنە ئېغىر سۈكۈت قاپلىدى.

— راست گېپىڭنى قىل، مېنى ياخشى كۆرمەمسەن؟ — دېدى يىگىت ئارىدىكى سۈكۈتنى بۇزۇپ.

قىز يىگىتنىڭ كۆزلىرىگە دادىل قارىدى.

— ساڭا راست گەپ كېرەكمۇ، يالغان گەپمۇ؟

— راست گەپ.

يىگىت ئۆزىنى خەتەرلىك يارنىڭ لېۋىگە كېلىپ قالغاندەك سەزدى.

— مېنىڭ ياخشى كۆرگەن يىگىتىم بار.

يىگىت يارنىڭ لېۋىدىن ئۇچۇپ چۈشتى، ئېسىلىۋېلىش ئۈچۈن بىرەر تال شاخ - شۇمبا ئىزدىدى.

— كىم؟ بايىقى مۇھەممەت ئىسىملىك يىگىتمۇ؟

— ياق، ئۇ ئەمەس.

— ئەمىسە كىم؟ ھەرھالدا بىلىپ قالاي.

— تولۇق ئوتتۇرىدا بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم. ھازىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ.

يىگىت ئېسىلىۋالغۇدەك بىر تال شاخنى ئىلغا قىلغاندەك بولدى، قەلبىدە ئۆچۈشكە باشلىغان ئۈمىد شامى ئاجىز پىلىلدىدى.

— ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگۈچە بەش يىل ساقلىماقچىمۇسەن؟
— شۇنداق، ساقلايمەن.
— ناۋادا ئۇ سېنى ساقلىمىسىچۇ؟
— بۇ مۇمكىن ئەمەس.
— ئالدىراپ ھۆكۈم چىقارما.
— ئىشەنمەيۋاتامسەن؟
— كەلگۈسىگە بىر نېمە دېمەك تەس.
— ئىشقىلىپ مەن ئۇنى ساقلايمەن.
— مەيلى، ئۇنداق بولسا ساقلىشايلى!
يىگىتنىڭ جاھىللىق بىلەن ئېيتقان سۆزلىرى نازاكەتنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى.
— نېمە دېگىنىڭ بۇ؟
— گېپىم چۈشىنىشلىك، — دېدى يىگىت خاتىرجەم ھالدا، — بەربىر مەنمۇ ھازىر توي قىلمايمەن، سەن ئۇنى بەش يىل ساقلىساڭ، مەنمۇ سېنى بەش يىل ساقلايمەن، سەن توي قىلماي تۇرۇپ، مەن ھەرگىز توي قىلمايمەن.
نازاكەتنىڭ ۋۇجۇدىنى چۈشىنىكسىز بىر خىل بەخت تۇيغۇلىرى چىرمىۋالدى، يىگىت ئۇنىڭغا قايتىدىن سۆيۈملۈك، ئاق كۆڭۈل بولۇپ كۆرۈندى.
— ئۇنداقتا ئۆيدىكىلەرگە نېمە دەيمىز؟ — دېدى نازاكەت ئەڭ باش قاتۇرىدىغان مەسىلىنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ.
— بۇ مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى ئىككىمىزدە.
— قانداق دەيسەن؟
— ھەسەلخان ئانام ئېغىر كېسەل. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭمۇ ئانامنىڭ دىلىنى ئاغرىتقۇم يوق. بىز ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىپ قويۇپ، توينى ھەر خىل ئاماللار بىلەن كېيىنگە سۈرەيلى.
— بولىدىغان چارە ئىكەن، — دېدى نازاكەت خاتىرجەم

بولۇپ، — لېكىن شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغىن، مەن ساڭا بەش يىلدىن كېيىن سەن بىلەن توي قىلىمەن دەپ ۋەدە بېرەلمەيمەن.

— بولىدۇ، — دېدى يىگىت شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ، — مەنمۇ ساڭا بەش يىلدىن كېيىن سەندىن كېچىمەن دەپ ۋەدە بېرەلمەيمەن.

ئىككىسى ئىختىيارسىز قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.



# ئون تۆتىنچى باب

## ئەقىدە

### 1

نازاكەت ئىسمايىلجان بىلەن مەسلىھەتنى پىشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، روھىي جەھەتتىن ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلۇپ خېلىلا يەڭگىللەپ قالدى. پات يېقىندا قۇرۇشنى پىلانلىغان مېۋە ـ چېۋىگە ئىش قوشۇش زاۋۇتىغا باغلىنىپ كەتكەن ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ۋۇجۇدىغا خورىماس غەيرەت ـ جاسارەت بېغىشلىسا، مۇھەممەت، ئىسمايىلجان ۋە باشقا دوستلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن غايىلىرى، كېلەچىكى ئۇنى ھايات سەپىرىدىكى ھارماس يولۇچىغا ئوخشىتىپ قويغانىدى. تاڭ ئاتماس كېچىلەردە سۈرگەن شېرىن خىياللار ۋە ئاشۇ خىياللار تەسىرىدە كۆرگەن تاتلىق ـ تاتلىق چۈشلىرىدە كەلگۈسىدە تىكلىمەكچى بولغان ئىگىلىكىنى، روناق تاپقان زاۋۇتنى ھەمدە خالمۇراتنى كۆرەتتى. ھەئە، ئۇ چۈشىدە خالمۇرات بىلەن مۇڭدىشاتتى، پىلانلىرى، ئارزۇلىرى ھەققىدە مەسلىھەتلىشەتتى.

نازاكەتكە ئوچۇق ـ ئاشكارا قەلبىنى ئىزھار قىلىپ، ئۇنى قەتئىي كۈتىدىغانلىقىنى جاكارلىغان ئىسمايىلجان مۇھەممەتنىڭ ئۈرۈمچىدىن يۆتكىگەن ماللىرىنى تېزلا بىر تەرەپ قىلدى. دېھقانلارنىڭ پۇللىرىنى قولىغا بېرىۋەتكەندىن كېيىن، مۇھەممەت بىلەن نازاكەتنىڭ قولىغا ئاشقان پۇلغا ئۆزىنىڭ سودىغا سالغان ئايلانما مەبلىغىنى قېتىپ، ئۇلار بىلەن شېرىكلىشىپ سودا

قىلىشقا كىرىشتى. مۇھەممەت بىلەن نازاكەت ئەمەلىي سودا قىلىش تەجرىبىسىگە ئىگە، تەدبىرلىك، ئوچۇق پىكىرلىك بۇ يىگىتنىڭ ئۆزلىرىگە قوشۇلۇپ تىجارەت قىلىشقا كىرىشكەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇش بولدى.

ئىسمايىلجانغىمۇ مۇھەممەت بىلەن نازاكەتنىڭ مېۋە - چېۋىگە ئىش قوشۇش زاۋۇتى قۇرۇش پىلانى يېقىپ قالغانىدى.

— ھازىرقىدەك ئۇ يۇرتتىن بۇ يۇرتقا توپ مال يۆتكەپ، پارتىزان شەكىللىك قىلغان تىجارەتنىڭ پايدىسىمۇ، خەتىرىمۇ بار، — دېدى ئۇ نازاكەت بىلەن مۇھەممەتنىڭ زاۋۇت قۇرۇش ھەققىدىكى پىلان - تەسەۋۋۇرلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى سۆزلەپ، — بۇ ئۇسۇل بىلەن ئۇزاق مۇددەت، مۇقىم سودا قىلغىلى بولمايدۇ. سىلەر بۇ پىلانىنى ھەقىقەتەنمۇ يىراقنى كۆزلەپ تۈزۈپسىلەر. يۇرتىمىزدا راستلا باغ تولا، مېۋە - چېۋىلەرنىڭمۇ سورتى، تۈرى كۆپ. سىلەر بايا كونسېرۋا زاۋۇتى قۇرۇش پىلانىڭلارنى دېدىڭلار. مېنىڭچە، زاۋۇت قۇرساق كونسېرۋا زاۋۇتى ئەمەس، مېۋە - چېۋىلەرنى خام ئەشيا قىلغان سوغۇق ئىچىملىك، يەنى ھەر خىل مېۋە - چېۋە شەربەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى قۇرساق، بۇنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

— نېمىشقا كونسېرۋا زاۋۇتى قۇرمايمىز؟ — دېدى نازاكەت، — كونسېرۋادا مېۋىلەرنى ئۆز ھالىتىدە، ئۇزاق مەزگىل ساقلىغىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى ئىسمايىلجان ئۆز كۆزقارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، — سەنمۇ دىققەت قىلغانسەن، كىشىلەر ھازىر ئىلگىرىكىدەك كونسېرۋانى ئانچە ئىستېمال قىلماس بولۇۋالدى. ھازىر كونسېرۋانىڭ بازىرى دېگەندەك يوق. ئەمما، ھەر خىل مېۋە - چېۋە شەربەتلىرىنىڭ بازىرى ياخشى. كىشىلەر ھازىر مەيلى قايسى پەسىلدە بولسۇن سوغۇق ئىچىملىكلەرنى ئىچىشنى ياخشى كۆرىدۇ. مەن سودا، تىجارەت بىلەن ئىككى قېتىم ئىچكى

ئۆلكىلەرگە كىرىپ چىقتىم. نەگە قارىسام ھەر خىل شەربەتلەر. يۇرتىمىزدىمۇ ئىچكى ئۆلكىلەردە ئىشلەپچىقىرىلغان كوكوس شەربىتى، ئاپېلسىن شەربىتى، ئۈزۈم شەربىتى، ئالما شەربىتى دېگەندەك ھەر خىل ئىچىملىكلەرنىڭ بازىرى ئىتتىك. بىزمۇ يۇرتىمىزدىكى مېۋە - چېۋىلەردىن پايدىلىنىپ ئاشۇنداق ساپ مېۋە شەربەتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىپ بازارغا سالىدىغان بولساق، گەپ يوق پايدا تاپالايمىز. خەلقىمىز يېمەك - ئىچمەك ئىستېمالىغا كەلگەندە، ئۆز يۇرتىدا ئىشلەنگەن مەھسۇلاتنى ياخشى كۆرىدۇ ھەم خاتىرجەم ئىستېمال قىلىدۇ.

ئىسمايىلجاننىڭ تەكلىپى ۋە ئورۇنلۇق مۇلاھىزىسى ئۇلارنى قايىل قىلدى.

— ئىسمايىلجاننىڭ تەكلىپى توغرا، بىز چوقۇم بازارنى، كەلگۈسى ئىستېمال يۈنىلىشىنى پۇختا ئىگىلەپ مەبلەغ سالساق بولمايدۇ.

— لېكىن قولىمىزدىكى مەبلەغ بەكمۇ ئاز، — دېدى نازاكەت مەيۇسلەنگەن ھالدا، — ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭكىگە ئوخشاش يۇقىرى سەۋىيەلىك، ئەلا سۈپەتلىك سوغۇق ئىچىملىك زاۋۇتى قۇرۇش ئۈچۈن يۇقىرى تېخنىكا، ئىلغار ئۈسكۈنە بولمىسا بولمايدۇ، بۇنىڭغا بىزنىڭ ھازىرچە ماغدۇرىمىز يەتمەيدۇ.

— ئەمدى بىردەمدىلا ئۈمىدسىزلىنىپ كەتتىڭغۇ، — دېدى ئىسمايىلجان كۈلۈپ تۇرۇپ، — سەن دەسلەپتە قاراملىق بىلەن بىر تىيىنسىز سودا قىلىپ ئىش باشلىغانىغۇ، مانا ھازىر ئاز بولسىمۇ قولۇڭدا مەبلەغ بار. بەش بارماقنى ئېغىزغا تەڭ سالغىلى بولمايدۇ. ئىش دېگەننى بىر - بىرلەپ، يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنۇپ قىلىمىز.

ئىسمايىلجاننىڭ گېپىنىڭ تېگىدە بىر گەپ بارلىقىنى سەزگەن نازاكەت ئۇنى سۆزلەشكە ئالدىراتتى.

— نېمە دېمەكچىسەن؟ قورسىقىڭدىكى قۇۋلۇق - شۇملۇقلىرىڭنى ئوچۇقلا ئېيتقىنا، قويمىچىلىق قىلايلى

دېمەيدىغانسەن.

— بۇنداق دەپ مېنى ھاقارەتلىسەڭ گەپ قىلمىدىم ئەمىسە، — دېدى ئىسمايىلجان يالغاندىن رەنجىگەن بولۇپ.

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم، رەنجىمىگىن، — دېدى نازاكەت كۈلۈپ، — دېمەكچى بولغىنىم، سودا - تىجارەتكە ئارىلاشقىلى ساڭا سەككىز - ئون يىل بولۇپ قالدى. قورسىقىڭدا پىلان - تەدبىرلىرىڭ خېلىلا كۆپ...

— ھەببەللى، گەپنى مۇنداق سىلىقلاشتۇرۇپ قىلمامسەن، — دېدى ئىسمايىلجان چىرايىغا قايتىدىن كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — ئەمەلىيەتتە سودىغا ئالدامچىلىق، قويمىچىلىق بىلەن كىرىشكەن ئادەم سەن. قاپىقىڭنى تۈرمەي گېپىمنى ئاڭلا. ھېلىقى ئىككى ماشىنا مالنى دېھقانلاردىن نېسىگە سېتىۋالغان ۋاقتىڭدا ئۆزۈڭنى ئۈرۈمچىدىكى قايسىبىر يېمەك - ئىچمەك شىركىتىنىڭ ۋاكالەتچىسى دەپ تونۇشتۇرغىنىڭ ئېسىڭدىدۇ...

— ۋاھ، مۇنداقمۇ ئىش بار دەڭلا تېخى، — دېدى مۇھەممەت ھەيران قالغان ھالدا، — قويمىچىنىڭ چوڭى قېشىمىزدىمۇ - نېمە؟ ھەرھالدا ئېھتىيات قىلساق بولغۇدەك.

— ۋايجان، ماۋۇ يالغانچىلىقىنىڭ ماڭا ئارتىلىپ قالغىنىنى كۆرمەمدىغان ئەمدى، — دېدى نازاكەت يالغاندىن قاپىقىنى تۈرۈپ، — شۇ چاغدا ئاشۇنداق قىلايلى دەپ مەسلىھەتنى ئۆزۈڭ كۆرسەتتىڭغۇ؟

مۇھەممەت بىلەن ئىسمايىلجان قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. بۇ كۈلكىگە نازاكەتمۇ قوشۇلدى.

— ئەجەب بىر قاراملىق قىپتىكەنمىز - ھە، شۇ چاغدا، — دېدى نازاكەت كۈلۈپ تۇرۇپ، — تۇۋا، ھازىر شۇ ئىشلارنى ئويلىسام ھەيران قالىمەن.

— ئادەم بىر ئىشقا بەل باغلىغاندا ھېچنېمە كۆزىگە كۆرۈنمەيدۇ، — دېدى ئىسمايىلجان كۈلكىسىنى توختىتىپ، — سېنىڭ شۇ چاغدىكى ئەلپازىڭدا ئۇنىڭدىن چوڭراق

ئالدامچىلىقنى قىلىشتىنمۇ يانمايتتىڭ. مانا، تەۋەككۈلچىلىكنىڭ پايدىسىنىمۇ ئوبدانلا كۆردۈڭ. ئەمەلىيەتتە، بىزمۇ دېھقانلارنى ئالدىمىدۇق. شۇ ۋاقىتتا ئۇلارغا مالنىڭ پۇلىنى بىر ئايدىن كېيىن بېرىمىز دېگەنىدۇق، بېكىتكەن قاراردىن ئانچە كەينىگە سۆرىمەيلا نەقلەشتۈرۈپ بەردۇق. ئەمدى نەق گەپكە كەلسەم، — دېدى ئىسمايىلجان بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇۋېلىپ، — ھازىر قولىمىزدا بىرئاز نەق پۇل بار. مۇشۇ پۇلدىن پايدىلىنىپ ئەتراپتىكى يېزا - بازارلاردىن ئۆتكەن قېتىمقىغا ئوخشاش قۇرۇق يەل - يېمىش ئىزدەيلى. نېسى ئالالىغىنىمىزنى نېسى ئالايلى، نېسى ئالالمىغىنىمىزنى پۇلغا سېتىۋالايلى. ئەتىيازلىققىچە ئۈرۈمچىگە قۇرۇق يەل - يېمىش، يۇرتقا ھاراق، تاماكا ۋە باشقا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى يۆتكەپ سودا قىلايلى. شۇنداق قىلساق قولىمىزدىكى بار مەبلەغنى ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ بەش يۈز مىڭ كويغا يەتكۈزەلەيمىز. ئەتىيازدىن باشلاپ يۇرتىمىز تەۋەسىدىكى باغلارنى تەكشۈرۈپ، كۆلىمى چوڭراق، مېۋىلىرىنىڭ سورتى خىل، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرىراق باغلارنىڭ ھەممىسىنى بەش يىلدىن ئون يىلغىچە مۇددەت بىلەن توختاملىشىپ ھۆددىگە ئالايلى. بۇ باغلاردىكى مېۋىلەرنى ھۆل ھەم قۇرۇتۇپ ساتساق، باغلارنىڭ ئارىسىدىكى بوش يەرلەرگە بىرنەرسە تېرىساق، كېلەر يىلى 1 - ئايغىچە بىرەر مىليوننىڭ ئىگىسى بولۇپ قالىمىز. مۇشۇنچىلىك مەبلەغ جۇغلىيالىساق، سوغۇق ئىچىملىك زاۋۇتى قۇرۇش ئارزۇيىمىز رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭغىچە ھۆكۈمەت تارماقلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ زاۋۇت قۇرىدىغان يەرنى ھەل قىلساق ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى زاۋۇتلار بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۈسكۈنىلەرنى راسلاپ، ئىش باشلىغاچ تۇرساق، ياندۇرقى يىلى ياز پەسلىدە تۇنجى تۈركۈمدىكى مەھسۇلاتلىرىمىزنى گەپ يوق بازارغا سالالايمىز.

— بۇ بولىدىغان پىلان ئىكەن، — دېدى مۇھەممەت قايىللىق بىلەن، — ئىسمايىلجان ئاكامنىڭ بۇ پىلانى مېنىڭ ئىشەنچىمنى

بارغانسېرى كۆچەيتتى. ئۇنداق بولسا كونكرېت ئىش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشۋالساق قانداق دەيسىلەر.

— شۇنداق، ئەمەلىي ئىشقا تۇتۇش قىلايلى، قېنى، ئىسمايىلجان ئاكا، ئىشنى يەنىلا ئۆزۈڭ ئورۇنلاشتۇر.

— ئەڭ ياخشىسى بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئاكا دېمىسەڭلار، — دېدى ئىسمايىلجان نازاكەتكە مەنىلىك قاراپ قويۇپ، ئۇ گېپىنىڭ ئايىغىنى چاقچاقىقا يۆتكىۋەتتى، — مېنى «ئاكا، ئاكا» دەۋەرسەڭلار ئۆزۈمنى قېرىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قالىدىكەنمەن.

— بولىدۇ، ئىسمايىلجانلا دەيلى ئەمىسە، — دېدى مۇھەممەت خۇشخۇيلۇق بىلەن.

نازاكەت ئىسمايىلجاننىڭ گېپىنىڭ تېگىگە چۈشىنىپ يەتكەندى. «راست - دە، خەق ساڭا سۆيگۈ تەلىپى قويۇپ، ئوتتۇردا كۆيۈپ پىشىۋاتسا، سەن ئۇنى يەنىلا ئاكا دېسەڭ قانداق بولىدۇ. ئۇ ھازىر ‹ئاكا›لىق سالاھىيىتىدىن ۋاز كەچكەنىكەن، سەنمۇ بىر مەزگىل ‹سىڭىللىق›لىق سالاھىيىتىڭدىن ۋاز كېچىشىڭ كېرەك - دە!» نازاكەت شۇلارنى خىيال قىلىپ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى.

— بولىدۇ ئىسمايىلجان ئەپەندى. قېنى ئەمىسە گەپلىرىنى داۋاملاشتۇرسىلا، — دېدى نازاكەت شوخلۇق قىلىپ.

— بىز ئەتىيازغىچە قۇرۇق يەل - يېمىش سېتىۋېلىش ئىشلىرىمىزنى يەنە ئاۋۋالقىدەك داۋاملاشتۇرايلى، — دېدى ئىسمايىلجان پىلاننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، — نازاكەت ئورۇمچىدىكى مەلۇم يېمەك - ئىچمەك شىركىتىنىڭ يۈرتىمىزغا مال سېتىۋېلىش ئۈچۈن كەلگەن ۋاكالەتچىسى بولۇۋەرسۇن، مۇھەممەت بىلەن ئىككىمىز ئۇنىڭغا مال تونۇشتۇرغۇچى بولايلى.

— بولىدى. ئەمدى مەن بۇنداق ئالدامچىلىق بىلەن مال سېتىۋېلىشقا قاتناشمايمەن، — دېدى نازاكەت قارشى چىقىپ، —

ئىلگىرى قولىمىزدا نەق پۇل يوق ئىدى. شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ھازىر قولىمىزدا نەق پۇل بار. يالغان گەپ قىلىپ يۈرگۈچە، ئوچۇق - ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقساق بولمامدۇ؟

مۇھەممەت ئىپادە بىلدۈرمەي ئىسمايىلجاننىڭ ئاغزىغا قارىدى.

— ئوچۇق - ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقسامۇ بولىۋېرىدۇ، — دېدى ئىسمايىلجان مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈپ، — لېكىن ئۈرۈمچىدىكى بىرەر شىركەتنىڭ نامىنى سۈيىئىستېمال قىلساق مال مەنبەسىنى كۆپرەك ئۇقۇشالايمىز. ھازىر خەق بىرەر سودىنى قىلىپ پايدا ئالغىنىنى ئاڭلىسا، ھەممە ئادەمنىڭ شۇ سودىنى قىلىپ باققۇسى كېلىدۇ. بىز ئوچۇق - ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقساق، بىزنى دوراپ بۇ سودىنى قىلىدىغانلار كۆپلەپ چىقىدۇ - دە، مال مەنبەسىدىن قۇرۇق قالىمىز. ئۈرۈمچىدىكى بىرەر شىركەتنىڭ نامىنى سۈيىئىستېمال قىلساق، خەقنىڭ بۇ سودىنى قىلغۇسى كەلسىمۇ، ئۈرۈمچىدىكى سېتىش يوللىرىنى تاپالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ توختاپ قالىدۇ ياكى قولىدىكى مالنى يەنىلا بىزگە سېتىپ بېرىدۇ، بىزمۇ قولىمىزدىكى ناننى خەققە تارتقۇزۇپ قويمايمىز.

— ئەمىسە، بۇنىڭدىن كېيىن «ئالدامچى، قويمىچى» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ماڭا چاقچاق قىلىپ چىشىمغا تەگمەيسىلەر جۇمۇ، — دېدى نازاكەت قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ.

مەسلىھەت پىشقاندىن كېيىن، ئۇلار يۇرت تەۋەسىدىكى ئەڭ يىراق يېزا - بازارلارغىچە، ھەتتا قوشنا ناھىيەلەرگىچە بېرىپ مال ئۇقۇشتى، سېتىۋالدى. بۇ ماللارنى گاھى مۇھەممەت، گاھى ئىسمايىلجان ئۈرۈمچىگە ئۇدۇللۇق يۆتكەپ قولدىن چىقىرىپ، قايتىشىدا ئۈرۈمچىدىن ھاراق، شېكەر، ئاپېلسىن، بانان؛ داۋانچىڭ، توقسۇنلاردىن دادۇر، يەر ياڭىقى (خاسىڭ) قاتارلىق ماللارنى يۇرتقا ئەكېلىپ سېتىپ، ئىشلىرىنى ئوبدانلا يۈرۈشتۈرۈۋالدى.

## 2

نازاكەت مۇھەممەتنىڭ يوشۇرۇن، ئىسمايىلجاننىڭ ئاشكارا تىكىلگەن ئاشىقانە كۆزلىرىنى ھەر قېتىم بايقىغاندا قەلبىدە تۈگىمەس زىددىيەتلىك خىياللار پەيدا بولاتتى. ئۇلار نازاكەتنىڭ نەزىرىدە ئىقتىدارلىق، غەيرەتلىك، ئاق كۆڭۈل، نۇقسانسىز يىگىتلەر ئىدى. لېكىن، ئۇ خالمۇراتنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇيالمايتتى. خالمۇرات ئېسىگە كېلىشى بىلەنلا تېپتىنىچ قەلبى بوراندا قالغان كۆل سۈيىدەك داۋالغۇيتتى، ۋۇجۇدىنى سېغىنىش، ھىجران، ئازاب، باتناشتىن ئىبارەت بىر خىل زىددىيەتلىك تۇيغۇ چىرمىۋېلىپ، كۆڭۈل ئارامىنى بۇزاتتى، خالمۇرات ھەققىدىكى غەم ـ ئەندىشىلىرى يۈرىكىنى قۇرتتەك غاجايتتى. «خالمۇرات قانداق تۇرغاندۇ؟ غېرىبسىنغانمىدۇ؟ بۇرۇنقى شوخلۇق، بەڭباشلىقلىرىنى تاشلىغانمىدۇ؟ ئۆگىنىشتە، تۇرمۇشتا قىينالغانمىدۇ؟ ئىسمايىلجان ئۈرۈمچىگە مال يۆتكىگەندە بىللە باراي دېسەم خالمۇراتنى ئىزدەپ، كۆرۈشمىكىم ئەپسىز بولىدۇ. مۇھەممەت مال يۆتكىگەندە بىللە باراي دېسەم، ئۇ ھەر خىل باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ يولۇمنى توسۇپ قويىدى. راست، مۇھەممەت ھازىر نېمە ئۈچۈن خالمۇراتنىڭ گېپىنى ئاز قىلىدىغاندۇ؟ گاھى بىر ۋاقىتلاردا خالمۇراتنىڭ گېپىنى چىقارساملا چىرايى شۇ زامانلا تۇتۇلۇپ قالىدۇ، بىر ئاماللارنى قىلىپ گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋېتىدۇ. ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ زادى. خالمۇرات بىلەن رەنجىشىپ قالغانمىدۇ يا، ياكى مۇھەممەتنىڭ كۇنداشلىقى تۇتۇپ قېلىۋاتامدىكىن؟ تۇۋا، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم ـ ھە؟ مۇھەممەت ئۇنچىۋالا ئىچى تار، شەخسىيەتچى ئادەملەردىن ئەمەس. ئۇ خالمۇرات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزگە بۇرۇنلا توغرا قارىغان. راست، ئۇ ئۈرۈمچىگە بارسا خالمۇرات بىلەن ئىزدەشمەمدىغاندۇ؟ خالمۇرات دېگەن تاش

يۈرەكنىڭمۇ يا مۇھەممەتتىن ئەۋەتكەن، يا پوچتىدىن سالغان بىر پارچە خېتى يوق. خەپ خالمۇرات، تەتىل قىلىپمۇ كېلەرسەن... ئېپىنى تېپىپ مۇھەممەتتىن بىر سوراپ باقاي، بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى مۇھەممەت چوقۇم بىلىدۇ. ئەجەب بىر ئىش - دە بۇ، ئىككىلىك خەت يېزىشقا ۋاقىت چىقمىغۇدەك خالمۇراتنىڭ دەرسلىرى شۇنچىۋالا ئېغىرمىدۇ؟ ياق - ياق، ۋاقتى ھەرقانچە قىس بولسىمۇ، ياخشى كۆرگەن كىشىسىگە ئىككى ئېغىز ئەھۋال سوراپ خەت يېزىشقا ۋاقتى چىقماي قالارمۇ؟ ياكى...»

تۈرلۈك زىددىيەتلىك پەرەزلەر، جاۋابسىز سوئاللار نازاكەتنى ئارام بەرمەي قىينايتتى، يۈرىكىنى قۇرتتەك غاجايتتى. ئۇنى بۇنداق ئازابلىق، تۇمانلىق ئوي - خىياللار خېلىلا ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغانىدى. نازاكەت خالمۇراتنى ھەرقانچە ئويلىماسلىققا تىرىشقان بولسىمۇ، ئەمما ئەمدىلا ئوقۇپ تاماملىغان «ئىزدىنىش» رومانىدىكى ئەلانىڭ سۆيگۈ لىرىكىلىرى، رازىيەنىڭ مۇھەببەت ئازابلىرى ئۇنىڭ كۆڭۈل ئارامىنى تىنچسىزلاندۇرۇۋېتەتتى، يۈرىكىگە خالمۇراتنى ۋە خالمۇراتقا مۇناسىۋەتلىك گۈزەل ئەسلىمىلەرنى سۆرەپ ئەكىرەتتى، ۋۇجۇدىنى ئۆرتەۋاتقان سۆيگۈ گۈلخانلىرى ئۇنى كۆڭۈلسىز خىياللار دېڭىزىغا رەھىمسىزلەرچە ئىتتىرەتتى، سۆرەيتتى. خالمۇرات ئاشۇ ئازاب دېڭىزىدا بەخىرامان قولۋاق ھەيدەپ يۈرەتتى - يۇ، لېكىن نازاكەتنى تارتىپ چىقىرىۋالاي دېمەيتتى...

دوختۇرخانىدىن چىقىپ ئۆيدە كۈتۈنۈۋاتقان ھەسەلخان ئاچا ئىسمايىلجان بىلەن نازاكەتنىڭ تولىمۇ يېقىنلىشىپ كەتكەنلىكىدىن، ئۇلارنىڭ قانداقتۇر بىر ئىش ھەققىدە كۇسۇرلىشىپ، پات - پات بىر يەرلەرگە بېرىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خۇش بولۇپ كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ قالغانىدى. «توي قىلماي تۇرۇپلا سىرتتا خالىغانچە چۆرگۈلەپ يۈرسە قانداق بولىدۇ، ئېيپى - مەلە، قولۇم - قوشنىلار نېمىدەپ قالىدۇ. ھەر ئىككىسى بىزنىڭ رايىمىزغا بېقىڭلار، توي قىلىدىغان ۋاقىتنى ئۆزىمىز بېكىتىمىز دەپ تو-

رۇۋالمىغان بولسا، ھېلىغىچە بېشىنى قوشۇپ بولغان بولاتتۇق. ئاچاممۇ ئوغلىنىڭ رايىغا بەك بېرىپ كەتتى. ئوغۇل تەرەپ جىم تۇرۇۋالسا مەندە نېمە چارە. كېيىنچە سىرتتا بولۇنغان ئۆششاق گەپلەرنى كۆتۈرۈپ كىرىپ قۇلىقىمنى ئاغرىتمىسا بولاتتىغۇ. يا بۇ باللارنىڭ ماڭغان - تۇرغىنىنى بىلگىلى بولمىغان...» ئانىنىڭ كۆڭلى يەنىلا ئەندىشىلىك ئىدى.

«ئىسمايىلجان ئاكام بىلەن سودا قىلىۋاتىمىز، بىزدىن ئەنسىرىمىسەڭلارمۇ بولىدۇ» دەپ قىسقىلا جاۋاب بېرەتتى نازاكەت ئانىسىنىڭ بۇ توغرۇلۇق سورىغان سوئالىغا.

ياقۇپ ئاكا نازاكەت بىلەن ئىسمايىلجاننىڭ تويىنى قىلىش مەسلىھەتىگە باشتا ئانچە قوشۇلۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن كېيىنچە نازاكەت بىلەن ئىسمايىلجاننىڭ باشقىچە يېقىنچىلىق قىلىشىپ ئۆتۈۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى. «مەيلىلا، نازاكەت قىزىم ئۆزى خالىغان بولسا مەن ئارىلىشىۋېلىپ يۈرمەي، ئىسمايىلجاننىڭ بىر ئۆيلەنگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا باشقا نۇقسانى، يامان خۇي - پەيلى يوق، ياخشى يىگىت. ناۋادا بۇ توي ئىشى سۇغا چىلاشسا ئۇرۇق - تۇغقاندارچىلىقىمۇ دەز كېتىدۇ. ئۇلارمۇ ھازىرغىچە بىزدىن ياردىمىنى ئايىماي كەلدى. خۇدايىم ئاشۇ قىزىمنىڭ بەختىنى بېرەر، قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى ئوڭغا تارتار.»

— نازاكەت قىز بىلەن ئىسمايىلجاننىڭ قىلىۋاتقان سودا ئىشلىرىدىن خەۋەرلىرى بارمۇ؟ — سورىدى بىر كۈنى ھەسەلخان ئاچا ياقۇپ ئاكىدىن.

— خەۋىرىم بار، — دېدى ياقۇپ ئاكا.

نازاكەت كېسەلمەن ئانىسىنى بىھۇدە ئەندىشىگە سېلىپ يۈرمەي دەپ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن دادىسىنى تولۇق خەۋەردار قىلغانىدى ۋە ئىسمايىلجان، مۇھەممەتلەرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىدارىسىدىن ۋە خىزمەتداشلىرىدىن ئالغان قەرزلەرنى قايتۇرۇۋېلىشى ئۈچۈن، سودا قىلىپ تاپقان پايدىسىدىن يەتتە

مىڭ يۈەن پۇلىنى دادىسىغا بەرگەنىدى. ياقۇپ ئاكا دەسلەپ بۇ پۇلغا گۇمانىي نەزەر بىلەن قارىدى. نازاكەتنىڭ سودا قىلىپ بۇنچىۋالا پۇل تېپىشىغا ئىشەنمىدى، ئەمما نازاكەتنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ تەپسىلاتىنى تولۇق ئاڭلىغاندىن كېيىن قىزىنىڭ ئەقلىدىن ۋە غەيرىتىدىن سۆيۈندى. قىزىنىڭ ئىسمايىلجان بىلەن توي قىلىش ئىشىغا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن رازىلىق بەرگەن ـ بەرمىگەنلىكىنى سوراپ بىلىۋالغۇسى كەلدى ـ يۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گەپنى يۇتۇۋەتكەنىدى.

— سىلىچە، ئاشۇنداق چوڭ ئىشلار ئاشۇ ئاغزىدىن ئوغۇز سۈتى كەتمىگەن باللارنىڭ قولىدىن كېلەرمۇ؟ — دېدى ھەسەلخان ئاچا ئىشەنچسىزلىك بىلەن.

— باللارغا ئىشەنسىلە، ھازىر جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ كەتتى. بازار دېگەن چوڭ ـ كىچىك، قېرى ـ ياش دەپ ئايرىمايدۇ. بىز بىر ئۆمۈر تىجارەتكە يېقىن يولىماي ئۆتۈپتىمىز. ئۇ باللار خالىغىنىچە بىر ئىش تەۋرىتىپ كۆرۈپ باقسۇن.

ھەسەلخان ئاچا لام ـ جىم دېمىدى.

ياقۇپ ئاكا قىزىنىڭ غەيرەت ـ جاسارىتىدىن، يىگىتلەردەك قورقۇمسىز، باتۇرلۇقىدىن، بازار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت مۇشۇنداق قىزغىن رىقابەت دەۋرىگە ماسلاشقان روھىدىن رازى ئىدى، ئاغزىدىن چىقارمىسىمۇ، كۆڭلىدە سۆيۈنەتتى.

## 3

نازاكەت باشقۇرۇۋاتقان ئاپېلسىن، بانان، دادۇر، يەر ياڭىقى ۋە ھاراق، شېكەر... قاتارلىق ماللارنى توپ ۋە پارچە تارقىتىش دۇ- كىنى ئوبدانلا يۈرۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، مۇ- ھەممەت بىلەن ئىسمايىلجان نۆۋەت ئالمىشىپ ئۈرۈمچىگە مال يۆتكەيدىغان ۋە مال كەلتۈرىدىغان، شەھەردە توپ ۋە پارچە تارقى- تىش دۇكىنى ئېچىپ مال تارقىتىشقا نازاكەت مەسئۇل بولىدىغان

بولۇپ كېلىشكەنىدى. ئۇلارنىڭ ھازىر پۇتكۇل يۇرت تەۋەسىدىكى يېزا - بازارلاردا ۋە بىر قىسىم قوشنا ناھىيەلەردە خېلى كۆپ چۆپچەتلىرى بار ئىدى. ئۇلار ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بارالمىغان ساۋاقداشلىرىدىن بىرقانچىسىنى ئۆزلىرىگە ياردەملەشتۇرۇۋالغانىدى. نازاكەت توپ ۋە پارچە تارقىتىش دۇكىنىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە تولىمۇ ئالدىراش ئۆتەتتى.

يېزا - بازارلارغا مال ئىزدەپ كەتكىلى ئۈچ - تۆت كۈن بولغان مۇھەممەت چۈشلۈك تاماقتا يېقىن دۇكانغا نازاكەتنى ئىزدەپ كەلدى.

— ھە، ئىشلىرىڭ قانداقراق؟ — سورىدى نازاكەت مۇھەممەتنى كۆرۈپ، — سالپىيىپلا قاپسەنغۇ؟

— شۇنچە ئىزدەپ بىرەر ماشىنا كەلگۈدەكمۇ مال تاپالمىدىم، — دېدى مۇھەممەت سالقىن ھالدا، — ئۇچراتقان ماللارنىڭمۇ سۈپىتى بەك ناچار.

— ياخشىلىرىنى تاللاپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن شۇنداق بولىدۇ - دە، — دېدى نازاكەت كۈلۈپ، — دېھقانلارنىڭ قولىدىمۇ مال تۈگەپتۇ. ئۇنداق بولسا، كۆڭلۈڭنى نېمىگە يېرىم قىلىسەن مۇھەممەت. كۈندە ھېيت بولىۋەرمەيدۇ - دە، ھاۋا كۈندىن - كۈنگە ئىسسىپ كەتكىلى تۇردى. ئىسكىلاتتىكى ماللارنى تېزرەك قولىمىزدىن چىقىرىۋەتمىسەك سېسىپ كېتىدۇ، — نازاكەت قولىغا بىر ساپاق باناننى ئېلىپ مۇھەممەتكە كۆرسەتتى، — قارا، قارىداپ كەتكىلى تۇردى.

— ئىسمايىلجان ئەجەب كېچىكىپ كەتتىغۇ، — دېدى مۇھەممەت سېۋەتتىكى بانانلارغا سىنچىلاپ قارىغاچ.

— مەنمۇ شۇنى دەيمەن، بىرەر پېشكەللىك بولۇپ قالمىغاندۇ - ھە.

— ئۇنداقمۇ بولماس، ئىسمايىلجان خېلىلا تەدبىرلىك. ھە راست، — مۇھەممەت بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك نازاكەتكە قارىدى، — ئىسمايىلجان بىلەن ئالاقىلىشىپ خەۋەر

بىر ئۆبتەيلى، يەنە ئاپپىلسىن بىلەن بانان يۆتكەپ يۈرمىسۇن.

— خەۋەر بېرىۋەتكەن، — دېدى نازاكەت، — باشقا مال يۆتكەپ كېلىدىغان بولغان.

— ئۇنداق بولسا، شۇڭا كېچىكىپتۇ ئەمىسە، — دېدى مۇھەممەت بىر ئاز خاتىرجەم بولۇپ، — ھازىر ئاپپىلسىن بىلەن باناندىن قانچىلىك بار.

— ئاپپىلسىندىن سەككىز يۈز يەشىك، باناندىن ئۈچ يۈز ئەللىك يەشىك چىقار.

— مال خېلىلا كۆپ ئىكەن، — دېدى مۇھەممەت ئويلانغان ھالدا، — مۇنداق قىلايلى، سەن ئەتىدىن باشلاپ بۇ مېۋىلەرنىڭ توپ ۋە پارچە سېتىلىش باھاسىنى بىر كويدىن ئەللىك پۇڭغىچە چۈشۈرۈپ سات، مەنمۇ ھەر كۈنى يېزا - بازارلارغا يۆتكەپ ساتاي.

— ئەتىلا ناھايىتى چۈشۈرۈۋەتسەك بىزدىن توپ مال سېتىۋالغان چۆپقەتلىرىمىز نارازى بولۇپ قالارمىكىن، — دېدى نازاكەت.

— ئۇلار ناۋادا نارازى بولۇپ كېلىپ قالسا، ئۇلارنىڭ مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە سېتىۋالغان ماللىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ ئىككى - ئۈچ يەشىكتىن مالنى بىكارغا بېرىۋەت. بۇ مالنىڭ ئامباردا بېسىلىپ قېلىپ سېسىپ كەتكىنىدىن ياخشىراق.

— شۇنداق قىلماقتىن باشقىمۇ ئامال يوق، — دېدى نازاكەت كۈلۈپ تۇرۇپ.

— قانداق، چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلايمۇ دېمەيسەنغۇ؟ — دېدى مۇھەممەت چاقچاق قىلىپ.

— مېنىڭ قورسىقىم ئاچمىدى، — دېدى نازاكەت شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ، — تاماقنى ئۆزۈڭ يالغۇز بېرىپ يەپ كەل.

— بارغانسېرى پىخسىق بولۇپ كەتكىلى تۇردۇڭغۇ، — دېدى مۇھەممەت، — بوپتۇ، يۈرە، مەن مېھمان قىلسامۇ قىلاي، ئېيتە، نېمە تاماق يېگۈڭ بار.

— تۇزۇت قىلمىدىم ئەمىسە، — دېدى نازاكەت پېشىگىدە كۆلۈپ، — داپەنجى[1] يەيلى.

— قىزلار ئەجەب ئامراق كېلىشىدىلەر - ھە، بۇ ئاچچىق تاماققا.

— گېپىگىدىن قارىغاندا، باشقا قىزلارنىمۇ خېلى مېھمان قىلىپ تۇرىدىكەنسەن - ھە؟!

مۇھەممەت گەپ قىلماي كۈلۈپ قويدى.

ئۇلار مەخسۇس توخۇ گۆشى قورۇدىقى ئېتىدىغان ئاشخانىنىڭ ئايرىمخانىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇشتى.

— ئىسمايىلجان كەلسە، باشقا ئىشلارنى قويۇپ، باغ ھۆددىگە ئالىدىغان ئىشلارغا چاپىنساق بولمايدۇ، — دېدى مۇھەممەت چاي ئوتلاۋېتىپ.

— شۇنداق قىلايلى. خالمۇرات، گۈلىستانلار تەتىل قىلىپ كەلگەندە، ئۆزىمىز ھۆددىگە ئالغان ئاشۇ باغلاردا راسا بىر ئوينىتىپ مېھمان قىلىۋالارمىز.

نازاكەت خالمۇراتنىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەن مۇھەممەتنىڭ چىرايىدىكى كۈلكە يوقىلىپ، بىر قىسما بولۇپ قالغانلىقىنى پەقەتلا سەزمىدى. مۇھەممەت قىزنىڭ گېپىگە ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىدى. ئۇ چوڭقۇر خىيالغا كەتكەنىدى. ئەلۋەتتە، خالمۇراتنىڭ گېپى چىقسىلا كەيپى ئۇچىدىغان بۇ خىل ئالامەت مۇھەممەتنىڭ چىرايىدا بۇگۈنلا كۆرۈلۈۋاتقىنى يوق. ئۇ ئۆتكەن يىلى كەچ كۈزدە تۇنجى قېتىم ئۇرۇمچىگە بېرىپ، خالمۇرات بىلەن نازاكەت ۋە مېھرىئاي توغرۇلۇق سۆزلەشكەندىن كېيىنلا، ۋۇجۇدىنى بىر خىل كىشى بىلىپ بولماس ئاچچىق قاپلىۋالغانىدى. مۇھەممەت ھازىر خالمۇراتنىڭ پارىڭىنى قىلىش ئەمەس، خالمۇرات ئېسىگە كېلىپ قالسىمۇ جۇدۇنى تۇتۇپ قالاتتى. ئۇ يۇرتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن نازاكەت ۋە

---

[1] داپەنجى — چوڭ تەخسىلىك توخۇ قورۇدىقى.

باشقىلارنىڭ خالمۇرات توغرۇلۇق سورىغان بارلىق سوئاللىرىغا بىر ئېغىزلا جاۋاب بېرىپ كۇپايىلەنگەنىدى. مۇھەممەت كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇرۇمچىگە قىلغان سەپەرلىرىدە خالمۇراتنى ئاساسەن ئىزدىمىدى، ئۇچرىشىپ قالسىمۇ تۈزۈك مۇڭداشمىدى. ۋاپاسىز، پۇلپەرەس، شەخسىيەتچى، قۇرۇق سۆلەت، شەھۋانىي خالمۇراتنى ئۇ نەزىرىدىن ساقىت قىلىۋەتكەنىدى. مۇھەممەت شۇنىڭدىن كېيىن نازاكەتنىڭ روھىي ھالىتىنىمۇ يوشۇرۇن كۆزىتىپ يۈردى، قىزنىڭ تۇرۇپ ــ تۇرۇپ ئۇلۇغ ــ كىچىك تىنىشلىرىنى، ئۇزاقتىن ــ ئۇزاققا خىيال سۈرۈپ كېتىشلىرىنى كۆرگەندە، ھېس قىلغاندا ئازابلاندى، ھەسرەتلەندى. مۇھەممەتنىڭ ۋۇجۇدىدا خالمۇراتقا بولغان نەپرىتى، ئاداۋىتى كۈنسايىن كۈكلەپ تۇردى. ئۇ خالمۇراتنى ھەرگىزمۇ كەچۈرۈۋېتەلمەيتتى. مۇھەممەتنىڭ مەنتىقىسى بويىچە ئېيتقاندا، سۆيگۈگە ساداقەتسىزلىك قىلىش كەچۈرگۈسىز ئېغىر گۇناھ ھېسابلىناتتى.

— ئۇنىڭ ئىچىڭگە چۈشۈپ كەتتىغۇ، گەپ قىلمامسەن؟ — دېدى نازاكەت ئۇندىمەي تۇرغان مۇھەممەتنى نوقۇپ.

— بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى، — دېدى مۇھەممەت كۆڭلىدىكىنى سەزدۈرمەسلىككە تىرىشىپ. ئۇلار بىرھازا جىمىپ قېلىشتى.

— يېقىندىن بېرى خالمۇرات بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرۇۋاتامسەن؟

گەرچە نازاكەت بۇ سوئالنى پەرۋاسىز ھالەتتە چاندۇرمىغاندەك سورىغان بولسىمۇ، لېكىن مۇھەممەت قىزنىڭ مەقسىتىنى دەرھاللا بىلىۋالدى. ئۇ نازاكەتكە يالت قىلىپ قارىدى ــ دە، قىزنىڭ ئويچان كۆزلىرىدىكى ھەسرەت ــ مۇڭنى ئېنىق كۆردى، نېمە ئۈچۈندۇر قىزغا تۈزلا جاۋاب بەرمەي، سوئالغا سوئال ئارقىلىق جاۋاب قايتۇردى.

— سەنچۇ؟

— مەنمۇ... مەن... — نازاكەت تۇيۇقسىز سورالغان بۇ

سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن ئوڭايسىزلاندى. ئۇ بىرنەچچە دەقىقە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شەلپەردەك قىزارغىنىچە ئاستا جاۋاب بەردى، — ماڭىمۇ خالمۇرات بىلەن ئالاقە قىلىشمىغىلى بىرەر ئايچە بولدى.

— بىرەر ئايچە ئەمەس، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك بولغاندۇ ھەرقاچان، — دېدى مۇھەممەت نازاكەتنىڭ يەنىلا خالمۇراتنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلىپ.

— بۇنى سەن قانداق بىلدىڭ؟ — دېدى قىز ئەمدى يوشۇرۇشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى سېزىپ، مۇھەممەتنىڭ پەرىزىنى تەستىقلىغان قىياپەتتە.

مۇھەممەت نازاكەتنىڭ مۇڭلۇق كۆزلىرىگە قاراپ بىردىنلا ئىچى ئاغرىپ قالدى ـ دە، ئۇنى ئوڭايسىز ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن گەپنى چاقچاققا بۇرىدى.

— ئوھۇ، ماۋۇ ئىشنى، قارىسىغىلا سۆزلەپ قويسام گېپىم راست چىقىپ قالدىغۇ. خالمۇرات بىلەن خېلى ۋاقىتلاردىن بۇيان ئالاقە قىلىشمىغىنىڭنى مەن نەدىن بىلەي. راستىنى ئېيتسام، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىگىلى ماڭىمۇ خېلى زامانلار بولۇپ قالدى، ئۈرۈمچىگە بارسام ئالدىراشلا ياندىم، بىر قېتىم ئىزدەپ بېرىپ تاپالمىدىم.

مۇھەممەت بۇ سۆزلەرنى زورغا كۈلۈپ تۇرۇپ، قانداق چوڭ غەيرەت بىلەن ئېيتىۋاتقانلىقىنى بىر ئۆزىلا بىلەتتى. ئۇ خالمۇراتنىڭ ئالا كۆڭۈللۈكى، ساداقەتسىزلىكى، ۋاپاسىزلىقىنى مۇنۇ ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوق، تېخىچىلا خالمۇرات ئۈچۈن كۆيۈپ، كۈنۈتۈن ئۇنى خىيال قىلىپ يۈرۈۋاتقان ساددا، ئاق كۆڭۈل قىزغا ئاززاق پۇرىتىپ قويۇشنى، بېشارەت بېرىپ قويۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

— ھەرقاچان خالمۇراتمۇ ھىجران ئۇزاق بولسا مۇھەببەت كۈچىيىدۇ، دەپ يۈرگەندۇ بەلكىم، — دېدى مۇھەممەت گەپ كوچىلاپ.

— قويە بۇنداق تەتۈر گەپنى، — دېدى نازاكەت ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ، — سەندىن نېمىسىنى يوشۇراي مۇھەممەت، ئۇنىڭغا سەككىز - ئون پارچىدەك خەت سالغاندىمەن، بىرسىگىمۇ جاۋاب كەلمىدى، خەت يازسا تەگمەي قالمايتتى.

— خالمۇرات نېمە سەۋەبتىن شۇنداق قىلىدىغاندۇ؟

مۇھەممەتنىڭ بۇ سوئالىغا نازاكەت ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىدى، شۇ تۇرقىدا ئۇ پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن مۇشۇ سوئالغا جاۋاب ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى. مۇھەممەت نازاكەتنىڭ يۈرىكىگە قول سېلىپ باقماقچى بولدى.

— دەرسى بەك ئېغىر، ئىشلىرى ئالدىراش بولسا، خەت يېزىشقا ۋاقىت چىقىرالمايۋاتامدۇ يا؟

بۇ سەۋەب بولالمايتتى، بۇ تەرىپىنى نازاكەتمۇ ئويلىغان، لېكىن ئۇنداق بولۇشىغا قەتئىي ئىشەنمىگەنىدى. شۇڭلاشقا، ھازىر چىرايىدا بۇ پەرەزنى تەستىقلايدىغان قىلچىلىك ئالامەت ئەكس ئەتمىدى.

— ياكى، — دېدى مۇھەممەت دېمەكچى بولغان پەرىزىنىڭ ۋەزنىنى ئۆلچەۋاتقاندەك بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ، — سېنى تاشلاپ باشقا قىزلار بىلەن يۈرۈۋالغانمىدۇ يا؟

مۇھەممەتنىڭ قەستەن ئېيتقان بۇ سۆزلىرى نازاكەتكە چاقماق تېزلىكىدە تەسىر قىلدى، چىرايىغا يالىلدە قىزىللىق يۈگۈردى، لەۋلىرى سېزىلەرلىك دەرىجىدە تىترىدى، ئۇ مۇھەممەتنىڭ كۆزلىرىگە يالت قىلىپ بىرنى قارىدى - دە، زورمۇزور مۇڭلۇق كۈلدى.

— ئەجەبمۇ بىر گەپ قىلدىڭغۇ مۇھەممەت، خۇددى خالمۇراتنى چۈشەنمەيدىغان ئادەمدەك، چاقچاق قىلىپ مېنى تېرىكتۈرىمەن دەۋاتىسەنغۇ ئاخىر. خالمۇرات ئۇنداق ئالا كۆڭۈللەردىن ئەمەس.

قىزنىڭ بۇ جاۋابى مۇھەممەتنى ئوسال ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى، ئۆزىنى قەستەن يوق يەردىن گەپ تېپىپ، ئۇلارنىڭ

ئۇتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق سالماقچى بولغاندەك ھېس قىلىپ ئۇڭايسىزلاندى. قىزنىڭ كۆزلىرى ئۇنى يالغان سۆزلەۋاتىسەن دەپ ئەيىبلەۋاتاتتى. شۇ دەقىقىدە ئۇ شۇنچە ياخشى قىزنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن خالمۇراتنى كۆڭلىدە قايتىدىن ئەيىبلىدى، ھەتتا تىللىدى، ئاشۇ ئالا كۆڭۈل، مەمەدان يىگىتكە تاغدەك ئىشىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن نازاكەتنىمۇ ئەيىبلىدى.

— ناۋادا بىرەر قىز ساۋاقدىشىغا كۆڭلى چۈشۈپ قالغان بولسا، سىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدىمىكىن دەيمىنا؟

— بولدىلا مۇھەممەت، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان گەپلەرنى قىلىشمايلى، — دېدى نازاكەت بىزار بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ، — مەن خالمۇراتنى ياخشى چۈشىنىمەن. سەن بۈگۈن ئەجەب جۆيلۈگەندەكلا گەپ قىلىسەنغۇ؟

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم، رەنجىپ قالمىغانسەن؟

— رەنجىپ نېمە كەپتۇ، — دېدى نازاكەت چىرايلىق لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — مەن خاپىلىقتىن ئون يىل بۇرۇن تۇغۇلغان.

— شۇ ئەمەسمۇ، بۇمۇ بىر ھېسابتا خاپا بولۇپ كەتكۇدەك گەپلەرمۇ ئەمەس. بىراق، — دېدى مۇھەممەت نازاكەتنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، — بىر ئادەمگە زىيادە ئىشىنىپ كېتىشمۇ ياخشى ئەمەس. چۈنكى، ئادەم ئەڭ يېقىن ئۆتىدىغان كىشىسىگە زىيادە ئىشىنىپ كەتسە، قارشى تەرەپنىڭ ئەيىبىنى، ناچار خۇي - پەيلىنى كۆرەلمەي قالىدۇ. ئېيتە نازاكەت، ناۋادا خالمۇرات مېنىڭ پەرەز قىلغىنىمدەك باشقا بىر قىز بىلەن يۈرۈۋالغان بولسا سەن قانداق قىلىسەن؟

— سېنىڭچە، قانداق قىلسام بولار؟

— مەن نەدىن بىلەي.

— ئۇنداقتا ئاڭلاپ تۇر، مەن ساڭا ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ ئىككى مىسرا شېئىرىنى ئېيتىپ بېرەي. بۇ مېنىڭ ساڭا بەرگەن جاۋابىم بولۇپ قالسۇن، — نازاكەت شۇنداق دېدى -

دە، گېلىنى قىرىۋېتىپ شېئىرنى ئېيتتى:

«سەن سۆيمىسەڭ ھېچ گەپ ئەمەس،
ئەل سۆيمىسە ھالىم خاراب...»

— بۇ شېئىرنى مەنمۇ بىلىمەن.

— ئۇنداق بولسا ئاڭلاپ قوي، — دېدى نازاكەت كۈلۈپ تۇرۇپ، — ناۋادا خالمۇرات راستلا بىرەر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسا، مەن ئۇلارغا بەخت تىلەيمەن. پەقەت خالمۇرات ھاياتىنى ئازاب، پۇشايمان ئىچىدە ئەمەس، بەخت - خۇشاللىق ئىلكىدە ئۆتكۈزەلىسىلا بولدى. قانداق، گېپىم توغرىمۇ؟

— ھىم، ھەرقانداق گەپنى ئاغزىدا دېمەك ئاسان، لېكىن ھەقىقەتەن بېشىغا كەلگەندە بۇنداق گەپ - سۆزلەر ئادەمنىڭ ئېسىگە كەلمەي قالىدۇ. چۈنكى، مۇھەببەت دېگەن شەخسىيەتچىلىكنى تەلەپ قىلىدىغان نەرسە - دە!

مۇھەممەتنىڭ بۇ سۆزلىرى نازاكەتنى ئەمدى راستلا ئويغا سالغانىدى.

— توۋا، بۈگۈن بىر تالاي غەلىتە گەپلەرنى قىلىپ كەتتىڭغۇ مۇھەممەت، — دېدى ئۇ ئەجەبلەنگەن ھالدا، — سورىغان سوئاللىرىڭمۇ بىر - بىرىدىن غەلىتە.

مۇھەممەت ئەمدى قىزغا ئارتۇق گەپ قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمىغانلىقىنى، خالمۇراتنىڭ ئىشلىرىنى دېيىشنىڭ ھازىر پەيتى ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. شۇڭلاشقا ئۇ:

— بولدى، بۇ سوئاللارنى ئارتۇقچە مۇلاھىزە قىلىپ بېشىڭنى ئاغرىتىۋالما يەنە. سېنى نېمە دەيدىكىن دەپ شۇنداقلا سوراپ قويدۇم، — دەپلا گەپنى يىغىشتۇردى.

ئۇلار تاماققا ئىشتىھاسىزلا چوكا سېلىشتى.

# ئون بەشىنچى باب

# دوستلار ۋە رەقىبلەر

## 1

ئەتىياز كىرىشى بىلەنلا نازاكەت، مۇھەممەت، ئىسمايىلجانلارنىڭ باغ ھۆددىگە ئېلىش ئىشلىرى باشلىنىپ كەتكەنىدى. ئۆرۈك نوتىلىرى قوماچ بولغاندىن تارتىپ، چېچەكلەپ قويى مايىقىدەك غورا بولغۇچە ئارىلىقتا ئۇلار بىر كۈنمۇ ھاردۇق ئالماي پۈتكۈل يۇرت تەۋەسىدىكى كۆلىمى چوڭ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى باغلارنى ئۇقۇشۇپ، كوللېكتىپ ۋە شەخسىي ئىگىدارچىلىقىدىكى بەش مىڭ مودىن كۆپرەك كۆلەمدىكى باغنى بەش يىلدىن ئون يىلغىچە ھۆددىگە ئېلىش توختامى ئىمزالاپ بولدى، باغنىڭ ئارىلىقىدىكى بوش يەرلەرگە ئەمگەك كۈچى ياللاپ زىرائەت تېرىدى. مانا ھازىر باغدىكى ئۆرۈكلەرنىڭ ئالدى سارغىيىپ يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ماراشقا باشلىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سېپىگە قوشۇلغان ساۋاقداش، دوستلىرى بىلەن ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، مۇھەممەت بىلەن ئىسمايىلجان يىراق ـ چەت جايلاردىن ھۆددىگە ئالغان باغلارغا، نازاكەت شەھەر ئەتراپىدىكى باغلارغا پىشقان ئۆرۈكلەرنى ئىسلاپ قورۇتىدىغان ئوچاق سالغىلى چىقىپ كەتكەنىدى.

بۈگۈن چۈشكە يېقىن نازاكەتلەر ئىشلەۋاتقان باغقا ئاۋۋال مۇھەممەت، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئىسمايىلجان يېتىپ كەلدى. ئىسمايىلجان باغقا كىرىپلا گۈلە قورۇتۇش ئۈچۈن سېلىپ قويغان

بورنىنىڭ ئۈستىدە مۇھەممەت بىلەن نازاكەتنىڭ قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ بىردىنلا قاپىقى تۈرۈلۈپ قالدى. قەلبىنىڭ بىر يەرلىرىدە پەيدا بولغان كۈنداشلىق ئوتلىرى ئۇچقۇنلىدى. ئىسمايىلجان نازاكەتنىڭ ئۈرۈمچىدىكى قايسىبىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان، كەلگۈسىدە توي قىلىشقا پۈتۈشكەن يىگىتىدىن خېلىلا خاتىرجەم ئىدى. چۈنكى، ئىسمايىلجان ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئۇ يىگىتنىڭ نازاكەتكە بولغان سۆيگۈسىگە ۋاپا قىلىپ كېتىشىگە، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى نىكاھ ئىشلىرىنىڭ روياپقا چىقىشىغا ئىشەنمەيتتى. نازاكەتكە بەش يىل ساقلاش كەتمەيدۇ، ئىككى - ئۈچ يىل ئىچىدىلا نازاكەت چوقۇم مېنىڭ بولىدۇ دەپ چوڭ ئۈمىد كۈتەتتى. بىراق، يېقىندىن بېرى نازاكەت بىلەن مۇھەممەتنىڭ ئالاھىدە يېقىنچىلىقى، مۇھەممەتنىڭ ھە دېگەندە نازاكەتكە خۇشامەت قىلىپ چۆرىسىدىن نېرى كېتەلمەسلىكى، ئۇلارنىڭ تۈگىمەس پاراڭلىرى ئۇنى بىر ئاز ئەندىشىگە سېلىپ قويدى.

مۇھەممەت بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقان نازاكەت ئىسمايىلجاننى كۆرۈپلا قىلىشىۋاتقان پاراڭنى توختاتتى ـ دە، چاقچاق قىلدى:

— بۈگۈن ئىككىڭلارغا نېمە بولدى، ئۆزۈڭلىنىڭ ئىشىڭلارنى قىلماي، خۇددى مۇسابىقىگە چۈشكەندەك بىرسىڭلارنىڭ كەينىدىن بىرسىڭلار پەيدا بولۇپ قالدىڭلارغۇ؟

ئىسمايىلجاننىڭ ۋۇجۇدى ئاچچىق بىر تۇيغۇدىن يەڭگىل تىترىدى، نازاكەتنىڭ مەقسەتسىزلا «خۇددى مۇسابىقىگە چۈشكەندەكلا...» دېگەن سۆزلىرى يۈرىكىگە نەشتەردەك سانجىلدى. «نازاكەت مۇھەممەتنىڭ مەقسىتىنى ئاشكارىلاپ قويدى. مۇھەممەت چوقۇم ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋاپتۇ. بولمىسا، نېمىشقا ئىككىڭلار مۇسابىقىگە چۈشتۈڭلار دەيدۇ؟ مۇھەممەتنى ئاق كۆڭۈل، ۋىجدانلىق، ياخشى يىگىت دەپ ئىشەنگەنىدىم، چىن

قەلبىمدىن دوست بولغانىدىم. مېنىڭ قاچاندىكى ئاشقا كۆز سالغىنىنى قارىمامدىغان بۇ ئىنسابسىزنىڭ. دوستلۇق ئەقىدەمگە جاۋاب قايتۇرغىنى شۇ بولدىمۇ ئەمدى ئۇنىڭ...»

— چىرايىڭ بىر قىسىملا بولۇپ كېتىپتۇغۇ، — دېدى نازاكەت ئىسمايىلجانغا قاراپ، — مىجەزىڭ يوقمۇ يا؟

— ياقەي، — دېدى ئىسمايىلجان چىرايىغا زورغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ئۇنچىسىز ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىپ، — ئۇيلاپ باقسام، ئۆرۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىسلاپ گۈلە قۇرۇتۇۋەتسەك ياخشى بولمىغۇدەك، بىر قىسىم ئۆرۈكلەرنى قارا گۈلە قىلىپ قۇرۇتۇپ، گۈلە خورمىسى ياسايلىمىكىن دېگەن ئوي كاللامغا كېلىپ قالدى. شۇڭا، ساڭا مۇشۇ گەپنى دەپ قويالاي دەپ كېلىشىم.

ئىسمايىلجاننىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ نازاكەت قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— توۋا، ئىككىڭلار مەسلىھەت قىلىشىۋالمىغان بولغىيدىڭلار، — دېدى ئۇ مۇھەممەت بىلەن ئىسمايىلجانغا قاراپ، — مۇھەممەتمۇ ھازىر شۇ گەپنى قىلىپ تۇراتتى.

— ئويلاپ باقسام، سۇپەتلىك، ياخشى قۇرۇتالىساق قارا گۈلنىڭ باھاسى ئىسلىغان گۈلىنىڭكىدىن يۇقىرى ھەم بازىرى ئىتتىك بولىدىكەن. شۇڭا، نازاكەتنىڭ قېشىغا كېلىپ شۇ مەسلىھەتنى قىلىشىپ تۇرغان، — دېدى مۇھەممەت ئويلىغانلىرىنىڭ ئىسمايىلجاننىڭ ئويلىغانلىرى بىلەن بىر يەردىن چىققانلىقىدىن خۇش بولۇپ.

ئىسمايىلجان بىھۇدە گۇمانخورلۇق قىلغانلىقىدىن خىجىل بولدى ـ يۇ، لېكىن كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە مۇھەممەتكە بولغان ئاداۋىتى يەنىلا پەسەيمىدى.

— قانداق، سەن تەرەپتىكى باغلارنىڭ ئىشى قانداقراق كېتىۋاتىدۇ؟

ئىسمايىلجان مۇھەممەتتىن بۇ سوئالنى سوراش ئارقىلىق،

ناۋادا مۇھەممەت ئىشلىرىنى چالا - بۇلا تاشلاپ قويۇپ نازاكەتنىڭ قېشىغا كەلگەن بولسا، ئۇنى بىرئاز ئەيىبلەش ئارقىلىق ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

— خاتىرجەم بول، — دېدى مۇھەممەت، — باغلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆرۈك ئىسلايدىغان ئوچاقلارنى سېلىپ بولدۇم. بورا، يالتىراقلارنىمۇ تەييارلاپ بولدۇم.

— يالتىراقنى نېمىگە ئىشلىتىسەن؟ — دېدى ئىسمايىلجان قاپىقىنى سەل تۈرۈپ، — يالتىراقنىڭ ئۈستىدە گۈلە قۇرۇتساق ئاستى تەرەپتىن ھاۋا ئۆتۈشمەي ئۆرۈك سېسىپ كېتىدۇ جۇمۇ.

— يالتىراقتا گۈلە قۇرۇتمايمەن، — دېدى مۇھەممەت چۈشەندۈرۈپ، — ناۋادا يامغۇر - يېشىن بولۇپ قالسا، قۇرۇتقان گۈلىنىڭ ئۈستىگە يېپىپ، يامغۇردىن مۇداپىيە كۆرۈش ئۈچۈن ئالدىم.

مۇھەممەتنىڭ ئەتراپلىق پىلانىغا ئىسمايىلجان قايىل بولدى، كۆڭلىدىكى يوشۇرۇن ئاداۋەت غايىب بولدى، مۇھەممەتكە دوستلۇق كۆزلىرى بىلەن مېھرىلىك قارىدى.

— ئىشلىرىمىزنىڭ پىلانىمىز بويىچە خېلى يۈرۈشتۈرۈۋاتىمىز، بىراق ئىككىڭلار بىر ئىشنى ئېسىڭلاردىن چىقىرىپ قويۇۋاتامسىلەر - قانداق؟ — دېدى نازاكەت ئىككى يىگىتنىڭ چىرايىغا سىناش نەزىرى بىلەن قاراپ.

— قايسى ئىشنى دەيسەن؟ — دېدى ئۇلار تەڭلا.

— زاۋۇت قۇرۇش ئىشىنى دەيمەن، — دېدى نازاكەت.

— تېخى بالدۇرغۇ ئۇ ئىشلارغا، — دېدى ئىسمايىلجان.

— بالدۇرلىقىغۇ بالدۇر، — دېدى نازاكەت ئىسمايىلجاننىڭ بىپەرۋالىقىدىن نازارى بولغان ھالدا، — مېنىڭچە، زاۋۇت قۇرۇش دېگەن باغ ھۆددىگە ئالغاندەك ئۇنچە ئاسان بولمىسا كېرەك. ھازىردىن باشلاپ مۇۋاپىق ئورۇندىن زاۋۇت قۇرىدىغان يەر ئىزدەپ يولىنى ماڭغاچ تۈرمىساق بولماس. سەنمۇ بىلىسەن، ھازىر يەر بەك قىس بولۇپ كەتتى. ئاددىيسى، ئۆي سېلىش ئۈچۈن ئۈچ -

تۆت پۇڭ يەر ھەل قىلىشقىمۇ خېلى يول مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. زاۋۇت قۇرۇشقا كېتىدىغان ئۇن - ئون بەش مو يەر ئۈچۈن قانچىلىك يول ماڭىمىز، كىملەرگە دوكلات سۇنۇپ، كىملەرگە يالۋۇرىمىز، بۇمۇ بىر ئىش. بۇ ئىشلارغا ھازىردىن باشلاپ باش قاتۇرمىساق، بىرەر كىم يول مېڭىپ بەرمەس ھەرقاچان.

— راست، بۇمۇ باش قاتۇرۇشقا تېگىشلىك مەسىلە ئىكەن، — دېدى مۇھەممەت ئويلانغان ھالدا، — بۇ ئىش توغرۇلۇق مەسلىھەتىمىزنى پىشۇرۇۋالايلىمىكىن.

— شەھەر ئىچىدىن يەر ھەل قىلماق بەك تەس ھەم قىممەت، — دېدى ئىسمايىلجان، — ئۇنداقتا شەھەر ئەتراپىدىكى بىرقانچە يېزىلار بىلەن ئالاقىلىشىپ باقمايلىمۇ؟

— مەيلى، — دېدى نازاكەت، — تۈنۈگۈن مۇشۇ يېزىنىڭ باشلىقى خىزمەت تەكشۈرگەچ كەپتىكەن، كۆرۈشۈپ قالدۇق. بىر قىسىم پىلانلىرىمىزنى دېگەنىدىم. خېلى قىزىقىپ قالدى. «مەن ھەل قىلىپ بېرىدىغان ئىشلار بولسا قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەملىشىمەن» دەيدۇ...

— ياخشى گەپكەنغۇ بۇ، — دېدى مۇھەممەت خۇش بولۇپ، — بۇ يېزىنىڭ يەرلىرى كۆپ. سەن دوكلاتتىن بىرنى يېزىپ، ئاشۇ يېزا باشلىقى بىلەن سۆزلىشىپ باقماسەن ئەمىسە.

— بۇ ئىشنى نازاكەتكە تاپشۇرۇپ قويماي، ئۆزىمىز قىلايلى، — دېدى ئىسمايىلجان مۇھەممەتنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلماي، — ئەر كىشى بىلەن قىلىدىغان ئىشنى ئەر كىشى قىلىش كېرەك. نازاكەت بىر قىز بالا تۇرسا.

— نېمە، سەن قىز بالىنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ دەپ مېنى كەمسىتىۋاتامسەن، — دېدى نازاكەت نارازى بولغان ھالدا.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، — دېدى ئىسمايىلجان ئۆزىنى ئاقلاپ، — لېكىن بۇ ئىش سەن ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا ئاددىيمۇ ئەمەس. ئەڭ ياخشىسى...

— بولدى، ئاۋۋال مەن سۆزلىشىپ باقاي، ناۋادا

قاملاشتۇرالمىسام، سىلەردەك كاتتا ئىككى ئەركەك بولغاندىكىن ئۆزۈڭلار ھەل قىلارسىلەر.

ئىسمايىلجاننىڭ ياخشى كۆڭلى بىلەن ئېيتقان سۆزلىرى نازاكەتنىڭ غۇرۇرىغا تەگكەنىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئالدىراپ جاھىللىق قىلىۋاتاتتى. خەقكە يالۋۇرۇشنىڭ، خەقنىڭ كۆزىگە قاراپ ئىش ھەل قىلىشنىڭ تەمىنى ئازدۇر - كۆپتۇر تېتىغان ئىسمايىلجان نازاكەتنىڭ ئەلپازىغا قاراپ نائىلاج يول قويدى، شۇنداقتىمۇ بىر قىز بالىنى بىر ئەر كىشىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ قويۇشقا ئۇنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرى چىدىمايۋاتاتتى.

— ھەرھالدا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش قىلارسەن، — دېدى ئۇ نازاكەتكە، — يېزا باشلىقى ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۇرمەي تۇرۇۋالسا، بەك يالۋۇرۇپ كەتمىگىن.

نازاكەت ئۈندىمىدى. مۇھەممەت نېمىنىدۇر خىيال قىلىپ ئولتۇراتتى. ئىسمايىلجاننىڭ كەيپى سوغۇق ئىدى.

— قويۇڭلا مۇھەممەت ئاداش، بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى قىلغاچ تۇرايلى، — دېدى ئىسمايىلجان مۇھەممەتنى نازاكەتنىڭ قېشىدىن ئەكەتمەكچى بولۇپ.

— يېزا باشلىقىغا كۆرسىتىدىغان دوكلاتنى يېزىشىپ بېرەيمۇ؟ — دېدى مۇھەممەت نازاكەتكە ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ.

— بولدى، ياردىمىڭىزنىڭ كېرىكى يوق، — دېدى نازاكەت كەيپسىزلەنگەن ھالدا.

ئۇلار سوغۇق كەيپىياتتا ئايرىلىشتى.

## 2

نازاكەت ئىككى كۈن باش قاتۇرۇپ سوغۇق ئىچىملىكلەر زاۋۇتى قۇرۇش ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرى ۋە بۇ زاۋۇتنىڭ يېزىنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىكىگە، دېھقانلارغا كەلتۈرىدىغان پايدىسى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ

زاۋۇت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇۋاپىق جايدىن ئون بەش مو يەر ھەل قىلىپ بېرىشى ھەققىدە بىر پارچە دوكلات تەييارلىدى، دوكلاتنى ماشىنكىدا ئۇردۇرۇپ بەش نۇسخا كۆپەيتتى.

ئۇ بۈگۈن باغنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى بىللە ئىشلەۋاتقان دوستلىرىغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، دوكلاتتىن بىر نۇسخىنى ئېلىپ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە قاراپ ماڭدى. «يېزا باشلىقى ئىشخانىسى» دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغان ئىشخانا ئىشىكى قىيا ئوچۇق ئىدى. ئىشىك تۈۋىدە نازاكەتنى بىر ئاز سۇر باستى ـ يۇ، لېكىن دەرھال غەيرىتىنى يىغىپ تۇرۇپ ئىشىكنى يەڭگىل چەكتى.

— كىرىڭ! — ئىچكىرىدىن بوغۇق ئاۋاز ئاڭلاندى.

نازاكەت ئىشىكنى ئېچىپ ئىشخانىغا كىردى. يېزا باشلىقى ئىشىك تەرەپكە كەينىنى قىلىپ سافادا يانپاشلىغىنىچە تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ تېلېۋىزورغا بارلىق دىققىتى بىلەن بېرىلىپ كەتكەنمۇ ياكى كىرگۈچىگە ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىدىمۇ، ئىشىك تەرەپكە قاراپمۇ قويمىدى. نازاكەت ئوڭايسىز ھالەتتە بىر ئاز ساقلاپ تۇردى. يېزا باشلىقىنىڭ ئىش ئۈستىلىدە بىر قۇچاق ماتېرىياللار قالايمىقان چېچىلىپ تۇراتتى. تامنىڭ بىر تەرىپىگە يېزا باشلىقىنىڭ مەسئۇلىيىتى، يېزىنىڭ يىللىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانى، يەنە بىر تامغا مۇقىملىق، مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش، پىلانلىق تۇغۇت ۋە پارتىيە نىزامنامىسىگە ئائىت ئۆزۈندىلەر خۇش خەتچىلەپ يېزىپ چاپلانغانىدى.

نازاكەت ئۆزىنىڭ كىرگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ يەڭگىل يۆتىلىپ قويدى. يېزا باشلىقى ئېرەنسىزلىك بىلەن كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى ـ دە، ئىشىك تۈۋىدە ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان چىرايلىق قىزنى كۆرۈپ، چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇردى، سۆرۈن چىرايىغا ھىجىيىش ئالماشتى.

— كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئۇ نازاكەتكە سافادىن ئورۇن كۆرسىتىپ، — تېلېۋىزور كۆرۈش بىلەن بولۇپ كېتىپ...

يېزا باشلىقى تېلېۋىزورنى ئۆچۈرىۋەتتى ـ دە، ئىش ئۈستىلىنىڭ قېشىدىكى لۆم ـ لۆم ئايلانما ئورۇندۇققا خۇددى خاقانلاردەك مەغرۇر ئولتۇردى.

نازاكەت سومكىسىدىن دوكلاتنى ئېلىپ يېزا باشلىقىغا سۇندى.

— بۇ بىزنىڭ سوغۇق ئىچىملىكلەر زاۋۇتى قۇرۇش ئۈچۈن ئىلتىماس قىلىپ يازغان دوكلاتىمىز، كۆرۈپ باقسىلا.

يېزا باشلىقى نازاكەتنى دەرھال ئېسىگە ئالدى. «ھە، ھېلىقى باغدا كۆرۈشكەن تۇمۇچۇق ئاخىر ئالدىمغا كەپتۇ ـ دە...»

— ياخشى، ياخشى، — دېدى يېزا باشلىقى ھىجايغىنىچە بېشىنى گىلدىڭلىتىپ، — يېزىمىزدىن چىققان ئايال كارخانىچى... قوللايمىز، قوللايمىز...

نازاكەتكە يېزا باشلىقىنىڭ شەھۋانىي كۈلكىسى پەقەتلا ياقمىدى، ئۇنىڭ ياشلىقىغا باقماي سەمرىپ توپتەك بولۇپ كەتكەن كۆرۈمسىز بەستىگە مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قارىدى. يېزا باشلىقى دوكلاتنىڭ باش ـ ئاخىرىغا خۇشياقمىغان نەزەردە كۆز يۈگۈرتۈپ قويۇپ، يەنە نازاكەتكە تىكىلدى، بۇ قاراشلاردىن نازاكەتنىڭ ۋۇجۇدى بىر ئاز تىكەنلەشتى.

— دوكلاتنى كۆرۈپ باققان بولسىلا، — ئۆتۈندى نازاكەت سەۋرچانلىق بىلەن.

— قانداق، باغنىڭ ئۆرۈكلىرى پىشىپ كەتكەندۇ؟ — دېدى يېزا باشلىقى نازاكەتنىڭ سۆزلىرىگە ئېتىبارسىز قاراپ.

— ئۆرۈكلەرنىڭ ئالدى سارغىيىشقا باشلىدى، — دېدى نازاكەت زورغا كۈلۈمسىرەپ، — ئەتە بىر سېۋەت ئۆرۈك ئەۋەتىپ بېرەي.

— ئەۋەتكىلىرى بولسا بۈگۈن ئەۋەتسىلە، — دېدى يېزا باشلىقى، — كەچتە مېھمىنىمىز بار ئىدى.

— ماقۇل.

— ئۆزلىرىمۇ كەلسىلە، مەن ئۇنىڭغىچە ماۋۇ دوكلاتنى بىر

قۇر كۆرۈپ مەزمۇنىدىن يېزىلىق پارتكوم شۇجىسىنى خەۋەردار قىلىپ قوياي، كەچتە مېھماندارچىلىقتا كەلگەچ جاۋابىنى ئاڭلاپ كەتسىلە.

نازاكەت دەرھال بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— ناھىيەدىكى سا شەنجاڭنىڭ ئاقسۇدىكى ساۋاقداشلىرى كەپتىكەن، كەچتە بىزنىڭ كۇتۇۋېلىشىمىزنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى، — دېدى يېزا باشلىقى نازاكەتنىڭ گەپ قىلماي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ چۈشەندۈرۈپ، — كەچتە سا شەنجاڭمۇ كېلىدۇ. سا شەنجاڭ ناھىيەنىڭ سانائەت، قاتناش ئېغىزىغا مەسئۇل. ناۋادا سا شەنجاڭنىڭ ئاغزىدىن بىر گەپ ئاڭلىۋالساق، يەر ھەل قىلىش مەسىلىسىمۇ ئاسانغا چۈشىدۇ. مېھماندارچىلىقتا كېلىدىغان باشقا ئاياللارمۇ بار.

نازاكەتنىڭ كۆز ئالدىغا ئىسمايىلجاننىڭ كەمسىتىش، ئىشەنمەسلىك ئىپادىلىرى چىقىپ تۇرغان چىرايى كەلدى. «قىز بالىنىڭ قولىدىنمۇ ئىش كېلەمدىكەن - كەلمەمدىكەن، ئۇنىڭغا بىر كۆرسىتىپ قوياي.»

— بولىدۇ، كەچتە كېلەي، — دېدى نازاكەت ئارتۇقچە ئويلىنىپ تۇرمايلا ۋەدە بېرىپ.

— ئالدىلىرىغا ماشىنا ئەۋەتەيمۇ؟ — دېدى يېزا باشلىقى گۇلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا ھىجىيىپ.

— ئاۋارە بولمىسىلىمۇ بولىدۇ، — نازاكەت ئىشىكنىڭ تۇۋىگە كېلىپ يەنە تاپىلىدى، — دوكلاتنىڭ ئىشىنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا ئەمىسە.

— خاتىرجەم بولسىلا، — دېدى يېزا باشلىقى كەسكىنلا جاۋاب بېرىپ.

نازاكەت باغقا كېلىپ، ئىشلەۋاتقانلارغا خىللاپ بىر سېۋەت ئۆرۈك تەييارلاپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئاپىرىپ بېرىشنى تاپىلىدى - دە، ئۆزى ئۆيگە يېنىپ چىقتى. چېچىنى يۇيۇپ قايتىدىن تارىدى، كىيىم - كېچەكلىرىنى ئالماشتۇردى.

ئۇنىڭغىچە سائەت يەتتە بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە قاراپ ماڭدى، يېزىلىق ھۆكۈمەت بىلەن بولغان ئارىلىق ئۈچ كىلومېتىر كېلەتتى.

نازاكەت يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا كىرىشى بىلەنلا يېزا ئورگىنىنىڭ خىزمەتچىسى ئۇنىڭدىن نېمە ئىشقا كەلگەنلىكىنى سورىمايلا مېھمانلارنىڭ يان تەرەپتىكى كىچىك زالدا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ باشلاپ باردى. زالنىڭ ئالدىدا تۆت كىچىك ماشىنا ۋە يەتتە ـ سەككىز ئەتراپىدا موتوسىكلىت تۇراتتى. نازاكەت ئىشىك تۈۋىدە قورۇنۇپ تۇرۇپ قالدى.

— نېمىگە قاراپ تۇرىلا، كىرىۋەرسىلە، — ئىشىك ئالدىغا يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولغان يېزا باشلىقى ئۇنى زالغا كىرىشكە دەۋەت قىلدى.

نازاكەت خىجىللىق، قورۇنۇش، تارتىنىش ئىلكىدە زالغا كىردى ـ دە، ئۇدۇل تەرەپتە ئولتۇرغان ئاياللارنىڭ قېشىغا ماڭدى. چاققانغىنا يىغىن زالىغا چۆرگۈلىتىپ قويۇلغان سافالاردا يىگىرمىدەك ئەر ـ ئايال ئولتۇرۇشاتتى. سافانىڭ ئالدىدىكى ئايلاندۇرۇپ قويۇلغان چاي شىرەسىنىڭ ئۈستىگە تونۇر كاۋىپى، زىخ كاۋىپى، توخۇ گۆشى، ياغدا پىشۇرۇلغان، سۇدا دۇملەپ پىشۇرۇلغان بېلىق، باچكا، ھەر خىل قورۇمىلار، ئۆرۈك، قۇرۇق يەل ـ يېمىشلەر، ھەر خىل ئىچىملىكلەر دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى. نازاكەت ئولتۇرغان مېھمانلارغا يەر تېگىدىن بىرمۇبىر سەپسالدى، مۇئاۋىن ھاكىمدىن باشقا ئەرلەرنى ئانچە تونۇيالمىدى، ئۆزى دىمەتلىك ۋە ئۆزىدىن سەل چوڭراق قىز ـ چوكانلارنى بىر يەرلەردە ئۇچراتقاندەك ھېس قىلدى. ھەممەيلەن بىقىنىدىكىلەر بىلەن كۇسۇرلاشقاچ بەھۇزۇر يەپ ـ ئىچىۋاتاتتى. مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ پوكىنىغا كىرىپ دېگۈدەك ئولتۇرغان يېزا باشلىقى خۇددى ئەتىۋارلىق ئوغلىغا تاماق يېگۈزۈۋاتقان كۆيۈمچان دادىغا ئوخشاش ھاكىمغا داستىخاندىكى كاۋاپ، گۆشلەرنىڭ قارا يېرىدىن تاللاپ ئېلىپ يېيىشكە

زورلاۋاتاتتى. ئوتتۇرا ياشلىق بىرەيلەن قولىدىكى تەخسىگە قويۇۋالغان قوش رومكىغا بىلىق كۆزى قىلىپ هاراق قۇيۇپ ساقىيلىق قىلىۋاتاتتى.

ــ گۆشكىلا زورلامسىلە قۇ شاڭجاڭ، ــ دېدى مۇئاۋىن هاكىم يېزا باشلىقىنىڭ گۆش زورلاشلىرىدىن بىزار بولغان هالدا، ــ مانداق تانسا ـ پانسا ئوينىمامدۇق ئەمدى؟

يېزا باشلىقى بىزەڭلىك بىلەن بىرنى هىجايدى ـ دە، ئىشىك تۈۋىدىكى سافادا ئولتۇرغان يىگىتكە بۇيرۇق قىلدى:

ــ سەمەتجان، ئاۋۇ نېمەڭلىنى تانسا پەدىسىگە بىر سايرىتىۋەتمەمسىلە ئەمدى.

يىگىت چاي شىرەسىنىڭ ئۈستىدىكى ئېلېكترونلۇق چالغۇنى توكقا چېتىپ بىر ئاز تەڭشىۋالدى ـ دە، چېلىشقا باشلىدى. مۇزىكا ئاۋازى بىلەن تەڭلا ئەرلەر گۈررىدە ئورنىدىن تۇرۇشتى. يېزا باشلىقىمۇ هاراقنىڭ تەسىرىدە كالانپايلاشقان پۇتىنى سۆرىگىنىچە كېلىپ نازاكەتنى تانسىغا تارتتى. ئاۋاز ساندۇقىدىن چىققان يۇقىرى ئاۋاز كىچىككىنە زالنىڭ ئۆگزىسىنى ئېچىۋەتكۈدەك ياڭرايتتى. نەچچە جۈپ ئەر ـ ئايال قىستىلىشىپ، بىر ـ بىرىگە پۇتلىشىپ چۆرگىلەيتتى. هەر قېتىملىق تانسىدا يېزا باشلىقى نازاكەتنىلا تارتىپ تۇرۇۋالدى. هاراق ـ تاماكىنىڭ قاڭسىق پۇرىقى نازاكەتنىڭ كۆڭلىنى ئېلەشتۇرۇۋەتتى. يېزا باشلىقىنىڭ تېتىقسىز سوئاللىرى ئۇنىڭ ئىچىنى پۇشۇراتتى، لېكىن نازاكەتنىڭ يەر هەل قىلىش دوكلاتى هەققىدە زىنهار ئېغىز ئاچمايتتى. نازاكەت ئاخىر تاقەتسىزلىنىپ سورىدى:

ــ قانداق، دوكلاتنى كۆرۈپ باقىلىمۇ؟

ــ كۆردۈم، ياخشى يېزىلىپتۇ. ناهايىتى يۇقىرى سەۋىيەدە يېزىلىپتۇ.

يېزا باشلىقىنىڭ بۇ جاۋابى نازاكەتنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى. «نېمە دەيدۇ ماۋۇ گۆش تاغىرى، كاللا دېسە پاچاق دەپ...

ئەھۋالدىن قارىغاندا دوكلاتنى كۆرۈپ باقمىغان ئوخشايدۇ. مۇشۇ قول تانسا تۇگىشى هامان كېتەيمۇ يا؟...»

— دوكلاتنىڭ گېپىنى شۇجىغا دېگۈچى بولمىدىم، — دېدى يېزا باشلىقى نازاكەتنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ قالغاندەك، — تەخىر قىلىپ تۇرسىلا، هاكىمغا هازىر دەيمەن. هاكىم باش لىڭشىتىۋەتسىلا، شۇجىغا مەسلىهەت سالمىسامىمۇ بولىدۇ.

نازاكەتنىڭ كۆڭلىدە ئۈمىد شامى ئاجىز پىلىلدىدى. «مەيلى، بۇ يەرگە هامان كەپتىمەن، جاۋابىنى ئېلىپ كېتەي، بۇ ئىشتىن هاكىمنىڭ خەۋەر تاپقىنى تېخىمۇ ياخشى. كېيىنكى ئىشلىرىمىزغا كۆپ پايدىسى بار» دەپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇردى سااددا قىز.

ناخشىچى يىگىت هېرىپ قالدىمۇ، سورۇن بىر ئاز بېسىقتى. يېزا باشلىقى قولىغا بىر رومكىنى ئېلىپ، بىر چەتتە ئولتۇرغان ياش يىگىتنى تۇۋلىدى:

— خەنجەرى، هەي شائىر ئاداش، مەكېلىڭلا.

يېزا باشلىقىنىڭ تۇۋلىشى بىلەن هېلىقى يىگىت چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئۇنىڭ ئالدىغا دىكىلداپ كەلدى.

— سىلى شائىر بولغاندىكىن، ئاغزىنى بوغۇپ قويغان كالىدەك ئولتۇرماي بىر پارچە شېئىر ئوقۇۋېتىڭلا، — يېزا باشلىقى قولىدىكى هاراق رومكىسىنى يىگىتكە تەڭلىدى، — ئادەمنى كۆلدۈرەلىگۈدەك شېئىر ئوقۇڭلا جۇمۇ، تۇتۇڭلا ماۋۇ هاراقنى ئېچىۋېتىڭلا.

يىگىت رومكىنى قولىغا ئېلىپلا گۇپۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى، ئاندىن بىرنەچچە دەقىقە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى:

كوچىدا قالغۇچە دەردكە، ئىزاغا،
يۇر دوستۇم بارايلى شوپاڭ ـ قاۋاققا.
دەز دۇتار، بەتتەم چاي بولسىمۇ مەيلى،
غوجا بىز ئۇندىكى پەرى ـ رەناغا.

سورۇندا گۇررىدە كۆلكە كۆتۈرۈلدى، مېھمانلار تۇشمۇتۇشتىن «يەنە بىرنى»، «يەنە بىرنى» دەپ چۇرقىراشتى. ئالقىشقا كۆمۈلۈپ كەتكەن يىگىت گېلىنى قىرئۇبتىپ، يەنە شېئىر ئوقۇشنى باشلىدى:

خان بولمىقى يوق بىراق خام ـ خىيالنىڭ ھېچقاچان،
شۇ خىيالغا پىقىرمۇ بولمىسا ياخشىدى.
تىلەكلىرىم جىق، ئەمما ئىزىدىن چىقتى بەزىلەر،
بۇ خامانى زۇۋانىم سورىمىسا ياخشىدى.
ئۆچكە سويغان قاسساپلار ئۆچكە ئاۋاز بوپ قاپتۇ،
بورداق قوينىڭ گۆشى دەپ توۋلىمىسا ياخشىدى.
كېۋەز يېرى قايغۇرار تاڭارمۇ دەپ بۇ يىلمۇ
سولياۋ يوپۇق دېگەننى زورلىمىسا ياخشىدى.
يىغقان پۇلنى كىملەردۇر خەجلەپ قويۇپ، يەپ قويۇپ،
يانچۇقىنى دېھقاننىڭ كولىمىسا ياخشىدى.
ئېتىزلاردىن غەم يەيمەن، ئۆستەڭلەردە سۇ تۇرۇپ
سۇسىزلىقتىن زىرائەت قۇرۇمىسا ياخشىدى.①

بۇ شېئىرنى ئاڭلاپ سورۇن ئەھلى يەنە كۈلۈشتى، لېكىن، يېزا باشلىقى بىر ئاز ئۆڭدى، يىگىتكە ئالىيىپ قارىدى.
ــ ياخشى شېئىركەنغۇ بۇ، ــ دېدى بىر ئاز كۆتۈرۈلۈپ قالغان مۇئاۋىن ھاكىم قولىدىكى ھاراق رومكىسىنى يىگىتكە تەڭلەپ تۇرۇپ، ــ خېلىلا ئىقتىدارىڭلا بار ئىكەن جۇمۇ سىلىنىڭ ئاداش. ماۋۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئىچىۋېتىپ، يەنە بىر پارچە شېئىر ئوقۇۋېتىڭلا.
ماختاشتىن بېشى ئاسمانغا تاقاشقان يىگىت ھاكىم ئۇزارتقان رومكىنى پەخىرلىك تۇيغۇ بىلەن قوش قوللاپ ئالدى ـ دە،

---

① بۇ شېئىر شائىر مۇھەممەدجان راشىدىننىڭ شېئىرى.

«رەھمەت ھاكىم» دېگىنىچە ئۇدۇل كانىيىغىلا ئاتتى.

— ھە، نازلىنىپ تۇرماي شېئىرىڭلىنى ئوقۇڭلا، — دېدى يېزا باشلىقى تەئەددى بىلەن ئاچچىق يۇتۇپ تۇرۇپ.

ئىككى پارچە شېئىر ئوقۇپلا مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالغانلىقىدىن سۆيۈنگەن يىگىت يېزا باشلىقىنىڭ تۇرۇلگەن چىراي ئىپادىسىگە پەرۋامۇ قىلماستىن، خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن بىرنى ھىجىيىپ قويۇپ، يەنە بىر شېئىرنى باشلىدى:

ھاشار سالمىدۇق دەيدۇ،
قوزۇق قاقمىز توڭدا.
سېلىق چاچمىدۇق دەيدۇ،
ئىشتان قالمىدى قوڭدا...

ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن پىخ ـ پىخ كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى. يېزا باشلىقىنىڭ غەزەپتىن تۇتۇلۇپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ ھېچكىم ئاۋازلىق كۈلۈشكە پېتىنالمايۋاتاتتى.

— ھۇ تۇزكور بەدرەك، يوقال كۆزۈمدىن!

يېزا باشلىقى چاچراپ ئورنىدىن قوپقىنىچە يىگىتنىڭ كاسىسىغا قاس قىلىپ بىرنى تەپتى. ئالقىش تەمە قىلىپ تۇرغان يىگىت خۇددى شىرىن چۈشتىن ئويغانغاندەك قاتتىق چۆچۈدى ـ دە، ئالدى ـ كەينىگە قارىماي زالدىن چىقىپ كەتتى. سورۇن قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيۇۋەتكەندەك جىمىپ كەتتى.

— نېمە قىلغىنىڭلا بۇ قوشاڭ. ناھايىتى بىر پارچە قوشاق ئىكەنغۇ ئۇ، بۇنچىۋالا قوپاللىق قىلىش ھاجەتسىز ئىدى، — دېدى ھاكىم يېزا باشلىقىنىڭ قىزغىن كەيپىياتقا تەسىر يەتكۈزگەنلىكىدىن كەيپىسىزلىنىپ.

ھاكىمنىڭ رەنجىپ قېلىشىنى يېزا باشلىقى زىنھار خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى، يېزا باشلىقى ئوسال بىر ھالەتكە چۈشۈپ

قالدى. «ھاكىمنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ، مېنى قوللىماي، ئاشۇ شاتىراق ئېغىز قوشاقچىنىڭ دېيىشىنى چىلىۋاتىدۇ يا. «سوغۇقتا ھاشارغا ھەيدىدى، قالايمىقان سىلىق چاچتى» دەپ ماڭا قارىتىپ قوشاق قېتىۋاتسا، قاراپ تۇرسام بولامتىكى ئەمىسە...» نېمە قىلارىنى، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالغان يېزا باشلىقى، بارلىق ئەلىمىنى ناخشىچى يىگىتتىن ئالماقچى بولغاندەك ۋارقىرىدى:

— ھە، ئاشۇتتەك قاراپ ئولتۇرماي چالامسىلە!

ناخشىچى يىگىت ئىككى - ئۈچ پەدە ناخشا توۋلىغان بولدى، لېكىن، تانسا ئانچە كۆڭۈللۈك قىزىمىدى. مەست بولۇشقان ئەرلەر ئۆزئارا كۆڭۈل چۆشەندۇرۇشكە كىرىشكەندى، ئاياللارمۇ كېتىشكە ئالدىراپ كۇسۇرلىشاتتى.

— ئەستا، سورۇننى يىغىشتۇرسا بولاتتى ئەمدى.

— شۇنى دېسىلە، بەك كەچ قالدۇق. باللارنىڭ دادىسىغا نېمە دەرمىز؟

— بۇ چاغقىچە يىغىن ئاچتى دېسەك ئىشىنەرمۇ؟

— ئۆتكەن قېتىممۇ كەچ قايتىپ تاياققا قالغانىدىم دەڭلا.

— شاڭجاڭغا تانسا بىلەن ھاراق بولسىلا بولدى.

— ئەته ئىشلەيدىغان گەپ تېخى.

نازاكەتمۇ بۇ ئاياللاردىن بەكرەك ئالدىراۋاتاتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى يېزا باشلىقى بىلەن ھاكىمدا ئىدى. ئۇلار نازاكەتنىڭ دوكلاتى توغرۇلۇق سۆزلەشمىگەندەك قىلاتتى. نازاكەت ئۈمىدسىزلەندى. «مەيلىلا، ئەته يېزا باشلىقى بىلەن يەنە بىر سۆزلىشىپ باقمايمەنمۇ» دەپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇردى.

ھاكىمنىڭ مېھمانلىرى ئالدىراتتىمۇ ياكى ھاكىمغا سورۇننىڭ كەيپىياتى يارىمىدىمۇ قانداق، ئاخىر ئورنىدىن تۇردى. ھاكىمنىڭ كەينىدىن باشقا مېھمانلارمۇ گۇررىدە ئورنىدىن تۇردى. سورۇن ئاخىرلاشقانىدى.

— نازاكەت قىز، بىردەم توختاپ تۇرسىلا، سىلىگە دەيدىغان گەپ بار، — دېدى يېزا باشلىقى زالدىن چىقىپ كېتىپ بارغان

نازاكەتنىڭ كەينىدىن كېلىپ.

«نېمە گېپى باردۇ، ھاكىم بىلەن كۆرۈشتۈرەمدۇ يا. ھاكىم بىلەن سۆزلەشكەن بولسا يەرنىڭ جاۋابىنى بېرەمدىغاندۇ، بوپتۇلا، بىردەم ساقلىسام ساقلاي.»

مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ھاكىم بىلەن ئالاھىدە خوشلىشىپ كېتىپ قېلىشتى. يېزا باشلىقى تۆت يەشىككە قاچىلانغان بىر نەرسىنى ھاكىمنىڭ ئۈنىمىغىنىغا قويماي ماشىنىنىڭ ئارقىسىغا بېسىپ بەرگەندىن كېيىن، ھاكىم بىلەن نېملەرنىدۇر كۇسۇرلىشىپ خوشلاشتى ـ دە، بىر چەتتە قاراپ تۇرغان نازاكەتنىڭ قېشىغا كەلدى.

— يۈرۈڭ، ئىشخانىغا چىقايلى.

— ئىشخانىغا؟ — نازاكەت بۇ تاسادىپىي تەكلىپتىن چۆچۈگەن ھالدا ئەتراپقا قارىدى. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئىككى خىزمەتچىسى زالنى تازىلاۋاتاتتى. مېھمانلارنىڭ ھەممىسى تارقاپ بولۇشقان، يېزا قورۇسى قاراڭغۇلۇقتا سۈرلۈك كۆرۈنەتتى.

— دوكلاتىڭىزنى تەستىقلاپ بەرسەم ئېلىپ كەتمەمسىز، — دېدى يېزا باشلىقى نازاكەتنى ئالدىرىتىپ، — يۈرۈڭ، قاراپ تۇرماي.

دوكلاتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ نازاكەتنىڭ يۈرىكىدىكى قورقۇنچ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، يېزا باشلىقىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى.

يېزا باشلىقىنىڭ ئىشخانىسى جايلاشقان بۇ خىزمەت بىناسى گۆرىستانلىقتەك تىمتاسلىقتا چۆمگەنىدى. نازاكەتنىڭ ۋۇجۇدىغا بىردىنلا يەنە ئەنسىزلىك ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. خېلىلا مەست بولۇپ قالغان يېزا باشلىقى ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنى ئاچالماي بىردەم ئاۋارە بولدى. ئۇ ئىشخانىسىغا كىرىپ چىراغنى ياقتى ـ دە، ئىشىك تۈۋىدە ھودۇقۇپ تۇرغان نازاكەتكە قاراپ ھىجايدى.

— كىرمەي قاراپ تۇرىسىزغۇ، كىرىۋېرىڭ.

نازاكەت ئىككىلىنىپرەك بوسۇغىدىن ئاتلىدى.

نازاكەت ئىشخانىغا كىرىشى بىلەنلا يېزا باشلىقى ئىشىكنى

چاققانلىق بىلەن ياپتى ـ دە، چىراغنىڭ شوينىسىنى تارتىۋەتتى. ئىشخانىنىڭ ئىچىنى گۆردەك قاراڭغۇلۇق قاپلىدى، نازاكەتنىڭ ۋۇجۇدىمۇ مۇدھىش بىر خەۋپتىن تىترىدى، قىز قورقۇنچتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغانىدى. قىزنى چاققانلىق بىلەن قۇچاقلىۋالغان يېزا باشلىقى خۇددى چۈجىنى باسماقدىغان قۇزغۇندەك قىزنىڭ لەۋلىرىگە سۆيۈشكە باشلىدى. نازاكەت يېزا باشلىقىنىڭ كۈچلۈك بىلەكلىرى ئارىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تېپىرلايتتى.

— ھۇ ھايۋان، مېنى قويۇۋەت، ھېلى توۋلايمەن بىكار.

— ئۇنداق دېمەڭ جېنىم، ماقۇل دەڭ، ماقۇل بولسىڭىزلا دوكلاتىڭىزنى ھازىرلا تەستىقلايمەن.

شەھۋانىي ھەۋىسى قوزغىلىپ كەتكەن يېزا باشلىقى ساپان سۆرىگەن بۇقىدەك پۇشۇلدايتتى. قىزنى ئىشخانىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى كارىۋاتقا ئەكىرىپ بېسىشقا ئالدىرايتتى.

تۇيۇقسىز ئىشىك ناغرا چالغاندەك قاتتىق گۈمبۈرلەپ كەتتى. يېزا باشلىقى توك سوقۇۋەتكەندەك توختىدى. نازاكەت ئۇنىڭ بىلەكلىرى ئارىسىدىن قۇتۇلۇپ چىقتى ـ دە، بېرىپلا چىراغنىڭ شوينىسىنى تارتتى، ئاندىن ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىك تۈۋىدە غەزەپتىن كۆزلىرى چەكچەيگەن مۇھەممەت قاراپ تۇراتتى. نازاكەت مۇھەممەتنى كۆرۈپ پاڭگىدە يىغلىۋەتتى ـ دە، ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى. يېزا باشلىقىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ۋەھىمە تېخىچىلا بېسىلمىغان بولۇپ، سۇرىتى تامغا تارتىلىپ قالغانىدى. مۇھەممەت چاقماق تېزلىكىدە يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە بىر مۇشت بىلەن يېزا باشلىقىنى تىك موللاق چۈشۈرۈۋەتتى ـ دە، ئارقىسىغا قويۇندەك ياندى.

ئەسلىدە نازاكەتنى ئىزدەپ باغقا كەلگەن مۇھەممەت باغدىكىلەردىن نازاكەتنىڭ يېزا باشلىقىنىڭ مېھماندارچىلىقىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا كەلگەنىدى، بۇ سورۇنغا كىرمەي خېلى ئۇزاق

ساقلىدى. مېھمانلار تارقاشقا باشلىغاندا گۈللۈكنىڭ دالىدىسىغا مۆكۈۋالدى. نازاكەت بىلەن يېزا باشلىقىنىڭ بىرنېمىلەرنى دېيىشكەندىن كېيىن خىزمەت بىناسى تەرەپكە ماڭغىنىنى كۆرۈپ، كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى ـ دە، كۆزىنى يېزا باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىدىن ئۈزمىدى، ئىشخانىنىڭ چىرىغى يېنىپ ـ ئۆچۈشى ھامانلا، يۈرىكى يوشۇرۇن بىر خەۋپتىن تېپىرلاپ كەتتى، ئىشخانا تەرەپكە ئۆزىنى ئوقتەك ئاتتى...

مۇھەممەت نازاكەتكە يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسى ئالدىدىكى چوڭ يولدا يەتتى. قىز تېخىچىلا ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇلار ۋېلىسىپىتلىرىگە مىنمەي ئۈن ـ تىنسىز مېڭىشتى. مۇھەممەت قىزغا قانداق تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەي كېتىپ باراتتى. خورلۇققا ئۇچرىغان قىز بولسا يىغلايتتى، ئۆكسۈيتتى.

قېشىدىلا قاتتىق تورمۇزلىنىپ توختىغان موتوسىكلىت ئاۋازى ئۇلارنى چۆچۈتۈۋەتتى.

## 3

موتوسىكلىتتىن چۈشكەن ئىسمايىلجان نازاكەتنىڭ مەڭزلىرىدىكى ياش تامچىلىرىنى كۆرۈپ، مۇھەممەتكە دۈشمەنلىك كۆزى بىلەن چەكچەيدى، ۋۇجۇدىدىكى رەشك ئوتلىرى گۇلخان بولۇپ ياندى. نازاكەت ئىسمايىلجاننى كۆرۈپ، قايتىدىن يىغلىۋەتتى، ئىسمايىلجاننىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى.

— نېمە بولدى نازاكەت، نېمىگە يىغلايسەن. بىر كىم خاپا قىلدىمۇ؟

— ھېچ... ھېچنېمە، — قىز دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، — مەن ئۆيگە كەتكەچ تۇراي، ئەتە كۆرۈشەيلى.

نازاكەت دەرھال ۋېلىسىپىتىگە مىندى ـ دە، كوچا چىراغلىرى كۇندۇزدەك يورۇتۇۋەتكەن شەھەر يولىدا ئۇچقاندەك

كېتىپ قالدى.

— ئۇنى نېمە قىلدىڭ؟ — ئىسمايىلجان مۇھەممەتنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى، ئۇ غەزەپتىن پۇشۇلدايتتى، مەڭزىدىكى تاتۇقى چىرايىنى ئاجايىپ سۈرلۈك قىلىۋەتكەنىدى.

— نېمە دېگىنىڭ بۇ، — دېدى مۇھەممەت ئىسمايىلجاننىڭ غەزەپلىك چىرايىغا قاراپ گاڭگىرىغان ھالدا، — مەن نازاكەتنى ھېچنېمە قىلمىدىم.

مۇھەممەتنىڭ ھودۇقۇشلىرى ئىسمايىلجاننىڭ گۇمانىنى تېخىمۇ بەك كۈچەيتىۋەتتى. ئۇ مۇھەممەتنىڭ ياقىسىدىن كاپپىدە ئالدى - دە، قاتتىق سىلكىشلىدى، چىشلىرى غەزەپتىن كىرىشتى:

— گەپ قىلە خۇمسى، نازاكەتنى زادى نېمە قىلدىڭ دەيمەن؟

يولدىكى ئۆتكۈنچىلەرنىڭ بىرنەچچىسى ئۇلارنىڭ چۆرىسىگە ئولاشتى. ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋالغان مۇھەممەت ئىسمايىلجاننىڭ كۆزىگە نەشتەردەك تىكىلدى.

— ياقامنى قويۇۋەت، ئالدىراڭغۇلۇق قىلما، ئۇقۇشماسلىق بولمىسۇن.

ئىسمايىلجان ئەتراپقا ئولاشقان كىشىلەرگە شۇنداقلا قارىۋېتىپ، مۇھەممەتنىڭ ياقىسىنى سىلكىپ قويۇۋەتتى.

— ھە قېنى، چۈشەندۈرە ئەمىسە، — دېدى ئۇ پەيلىدىن يانماي.

— يۈرە، بىر يەردە ئولتۇرايلى، — دېدى مۇھەممەت ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن.

ئىسمايىلجان ئۈن - تىنسىز موتوسىكلىتنى يېتىلىدى.

شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى كەچلىك بازار قىزىپ كەتكەنىدى. ئۇلار خالىيراق بىر چەتتىكى يۇمىلاق شىرەنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى.

— مېھمانلارغا نېمە لازىمكىن؟ — دېدى كۈتكۈچى ئايال ئۇلارغا چاي قۇيۇپ بېرىپ.

— ئون زىخ كاۋاپ، بەش دانە باچكا گۆشى، بىر بوتۇلكا

هاراق، ــ دېدى ئىسمايىلجان قاپىقىنى تۈرۈپ.

بىر دەمدىلا بۇيرۇتمىلار تەييار بولدى. ئىسمايىلجان هاراق بوتۇلكىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ رومكىغا بىلىق كۆزى قىلىپ قۇيدى ـ دە، ئۆزى گەپ قىلمايلا گۈپپىدە ئىچىۋەتتى. ئارقىدىن رومكىنى لىقلاپ مۇھەممەتنىڭ ئالدىغا تاققىدە قويدى.

ــ هە، ئەمدى چۈشەندۇرە، ــ دېدى مۇھەممەتكە ئالىيىپ.

مۇھەممەت گەپ قىلمايلا رومكىنى قولىغا ئېلىپ ئىچىۋەتتى، ئىسمايىلجاننىڭ ئالدىدىكى تاماكىدىن بىر تال ئېلىپ تۇتاشتۇردى، ئاندىن بولۇنغان ئىشلارنى ئالدىرىماي سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى.

مۇھەممەتنىڭ چۈشەندۇرۇشىنى ئاڭلاپ ئىسمايىلجان لاسسىدە بوشاپ قالدى، چىرايىدىكى غەزەپنىڭ ئورنىغا خىجىللىق، ئەپۇ سوراش ئالماشتى.

ــ مېنى كەچۇرگىن، ــ دېدى ئىسمايىلجان مۇھەممەتكە بىر رومكا هاراقنى تەڭلەپ، ــ ساڭا ئۆۋال قىلىپ قويۇپتىمەن.

ــ هېچقىسى يوق، ــ دېدى مۇھەممەت ئەپۇچانلىق بىلەن، ــ نازاكەتنى قوغداش، ئاسراش ئوخشاشلا مېنىڭمۇ بۇرچۇم.

ــ هېلىقى غىتمەك شاڭجاڭ نازاكەتكە چېقىلمىغاندۇ ـ هە؟ ــ دېدى ئىسمائىلجان كۆڭلىدىكى ئاخىرقى گۇماننى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا تىرىشىپ.

ــ دېدىمغۇ، ئۇلار ئىشخانىغا كىرىپ، ئىككى ـ ئۈچ مىنۇت ئىچىدە مەنمۇ كىرىپ بولغان تۇرسام.

ئىسمايىلجان جىمىپ كەتتى. ئۇلار بىر دەمدىلا بىر بوتۇلكا هاراقنى ئىچىپ بولغاندى. ئىسمايىلجان يەنە بىر بوتۇلكا هاراق بۇيرۇدى.

ــ بولدى قىلايلى ئەمدى، ــ دېدى مۇھەممەت ئۇنى توسۇپ.

ــ ماقۇل دە، يەنە بىرنى ئىچەيلى، ــ دېدى ئىسمايىلجان جاھىللىق بىلەن.

هاراق هەر ئىككىسىگە ئاستا ـ ئاستا تەسىر قىلىشقا باشلىدى. ئىسمايىلجاننىڭ قەلبىدىكى رەشك ئوتلىرى يەنە

قايتىدىن قوزغالدى. مۇھەممەت بىلەن نازاكەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنچىلىق كاللىسىغا كىرىۋېلىپ، يەنە خۇيى تۇتۇپ قالدى.

— ئاغىنە، — دېدى مۇھەممەتنىڭ كۆزلىرىگە سىناش نەزىرى بىلەن قاراپ، — بىز ئەل - ئاغىنە بولۇپ ئۆتكىلى خېلى ۋاقىت بوپتۇ. مېنى ھەقىقىي دوستۇم دەپ قارامسەن؟

بۇ سوئالنى ئارتۇقچە دەپ چۈشەنگەن مۇھەممەت دوستانىلىك بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

— سەنمۇ مېنى ھەقىقىي دوستۇم دەپ چۈشەنسەڭلا.

— ئۇنداقتا دوستلارنىڭ ئارىلىقىدا سىر بولمايدۇغۇ؟ — سورىدى ئىسمايىلجان يەنە.

— ئەلۋەتتە شۇنداق، — دېدى مۇھەممەت بۇ سوئاللاردىن بىرئاز تاسادىپىيلىق ھېس قىلىپ، — نېمە دېمەكچىسەن؟

— سەن بىلەن بىر ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالاي دەۋاتىمەن، — ئىسمايىلجان كۆڭلىدىكىنى ئوچۇقلا ئېيتىش قارارىغا كەلگەندى، — سەن نازاكەت بىلەن دوستلۇق چېگراسىدىن ھالقىپ ئارىلاشما.

مۇھەممەتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يىگىتلىك قانلىرى بىردىنلا قايندى. «نېمە دەۋاتىدۇ ماۋۇ ئاداش. ئۇ ناھايىتى نازاكەتنىڭ نەۋرە ئاكىسىغۇ، بۇ ئىشلار بىلەن نېمە كارى.»

— نېمىشقا شۇنداق دەيسەن؟

— چۈنكى، مەن نازاكەتنى ياخشى كۆرىمەن.

ئىسمايىلجاننىڭ بۇ جاۋابى مۇھەممەتنىڭ قەلبىگىمۇ رەشك ئوتى تۇتاشتۇردى. لېكىن، ئۇ يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشتى.

— نازاكەتمۇ سېنى ياخشى كۆرەمدۇ؟

— بۇنىڭ بىلەن سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن.

— نازاكەتنىڭ ياخشى كۆرگەن ئادىمى بار.

— بۇنى دېمىسەڭمۇ بىلىمەن! — دېدى ئىسمايىلجان بىردىنلا ۋارقىراپ، — بۇ ئىشلارنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن.

ئەمما، سەن ئۇنىڭ كەينىگە تولا كىرىۋالما.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، — دېدى مۇھەممەتمۇ بىردىنلا غەزەپلىنىپ، مۇھەممەتنىڭ يۈرىكىدىكى دەرد ئېغىز ئالغانىدى. يوشۇرۇن كۆيۈك ئازابىدا قىيىنىلىپ يۈرۈۋاتقان بۇ يىگىت بىردىنلا پارتلىدى، — سېنىڭ بۇنداق دېيىشكە ھەققىڭ يوق. مەنمۇ نازاكەتنى ياخشى كۆرىمەن، چىن يۈرىكىمدىن سۆيىمەن. بىراق، نازاكەت خالمۇراتنى تاللىدى. مەن ھازىرغىچە بۇ كۆيۈك ئازابىغا چىداپ كەلدىم. لېكىن، ئۈمىدىمنى ئۈزمىدىم. ئەمدى سەن قوپۇپ بۇنداق دېسەڭ قانداق بولىدۇ. سەن ئۇنى ياخشى كۆرسەڭ كۆرۈۋەر. لېكىن، دوستلۇقنى پەش قىلىپ ماڭا بۇنداق گەپنى قىلما.

ئىسمايىلجان شۈكلەپ قالدى. مۇھەممەتنىڭ كۆزلىرىدە تاشاي - تاشايلا دەپ تۇرغان ياش ئۇنى تەمتىرەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ يولسىزلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىردىنلا ھېس قىلدى.

— ھەركىمنىڭ سۆيۈش، سۆيۈلۈشنى تاللاش ھوقۇقى بار. مەن ساڭا ھەرقانداق ئىشتا يول قويۇشۇم مۇمكىن، — دېدى مۇھەممەت ئاستا سۆزلەپ، — لېكىن بۇ ئىشتا ھەرگىز يول قويمايمەن. ناۋادا نازاكەت خالمۇرات بىلەن ئايرىلىپ كېتىپ، سېنى تاللاپ قالسا بۇ باشقا گەپ؛ مەن شۇ چاغقىچە ئۇنى قوغلىشىمەن، مەقسىتىمگە يېتىش ئۈچۈن تىرىشىمەن. نازاكەتنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىمەن.

— ئەمىسە گېپىمىز گەپ، — دېدى ئىسمايىلجان بىر ئاز يول قويۇپ، — نازاكەت ئۆزى تاللىسۇن.

— ماۋۇ گېپىڭ ئەل - ئاغىنىنىڭ گېپىگە ئوخشىدى، — دېدى مۇھەممەت كۈلۈمسىرەپ، — لېكىن بۇ ئىشلار قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزغا تەسىر كۆرسەتمىسۇن. بىز كەلگۈسى پىلانىمىز ئۈچۈن بىرلىكتە تىرىشايلى.

— بولىدۇ، ئەكەل قولۇڭنى، — دېدى ئىسمايىلجان قولىنى تەڭلەپ.

ئىككى يىگىتنىڭ كۈچلۈك بارماقلىرى مەھكەم كىرىشتى.

# ئون ئالتىنچى باب

# قايتا ئۇچرىشىش

## 1

ئىنسان ھاياتىدا نېمىلەرنى ئارزۇ قىلمايدۇ دەيسىز. رېئاللىق قەھرىتان سوغۇققا ئوخشاش تولىمۇ رەھىمسىز. ئۇ سىز بىلەن قېرىشىدۇ، بەزىدە سىزنىڭ بارلىق ئارزۇ ـ ئارمانلىرىڭىزنى ئەكسىچە نەتىجىلەشكە ئۈرۈنىدۇ. سىز توختىماي ئارزۇ ـ ئارمان قىلىسىز. رېئاللىق بولسا مۇشكۇلاتلارنى پەيدا قىلىپ ئەكسىچە جاۋاب قايتۇرىدۇ، يەنە ئارزۇ قىلىسىز، يەنە رېئاللىققا دۇچ كېلىسىز... پەقەت قىلغان ئاشۇ ئارزۇلىرىڭىز، ئارمانلىرىڭىز خام خىيال ئۈستىگە قۇرۇلماي، يۈكسەك غايە، ئەقىل ـ پاراسەت ئۈستىگە قۇرۇلغانلا بولسا رېئاللىقتىن ئۇنچە ۋايىم يەپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. چۈنكى، تۇرمۇش «يەتمىش پىرسەنت ئوڭۇشسىزلىق بىلەن ئوتتۇز پىرسەنت ئوڭۇشلۇقلۇقتىن تەركىب تاپقان.» گەپ سىزنىڭ ئاشۇ يەتمىش پىرسەنت ئوڭۇشسىزلىقنى ئوڭۇشلۇقلۇققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن قانچىلىك ئەقىل ـ پاراسەت، قانچىلىك غەيرەت ـ جاسارىتىڭىزنى ئىشقا سالالىشىڭىزدا. ئوڭۇشسىزلىق ۋۇجۇدىدا چىدام بىلەن ئەقىل ـ پاراسەتنى تولۇق يېتىلدۈرگەن ئىنساندىن قورقىدۇ، ئاشۇنداق ئىنسانلارغا باش ئېگىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر قەلبىگە نۇرغۇنلىغان ئارزۇ ـ ئارمان، غايىلەرنى پۈككەن ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن سەل ـ پەل

توسقۇنلۇققا دۇچ كېلىپلا غەيرىتىنى يوقىتىدۇ، ئىرادىسىنى سۇندۇرىدۇ - دە، كىچىككىنە ئۆتكۈنچى قىيىنچىلىققا چىداشلىق بېرەلمەي، ھەممە ئارزۇ - ئارمانلىرىدىن ۋاز كېچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رېئاللىقنىڭ ئويۇنچۇقىغىلا ئايلىنىپ قالىدۇ، ئۆمۈرلۈك ئازابقا، دەرد - ھەسرەتكە دۇچار بولىدۇ. بۇنداق كىشىلەر چېچەك تۆكۈلگەندىن كېيىنلا ئۆرۈك يېيىشنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشىلەر بولۇپ، سەۋر - تاقەت بىلەن پەرۋىش قىلىپ «غورىدىن ھالۋا پىشۇرۇش»نى پەقەتلا بىلمەيدۇ، بىلسىمۇ ئۇنداق قىلىشنى خالىمايدۇ. ئەمما، شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى، تۆپە - تۆپىلەپ كەلگەن ھەرقانداق مۇشكۈلاتلار، ئوڭۇشسىزلىقلار ئۇنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمەيدۇ، بوشاشتۇرالمايدۇ، قەددىنى پۈكەلمەيدۇ، رېئاللىققا باش ئەگمەيدۇ. سىز ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى تۆمۈردىن پۈتكەنمىكىن دەپ قالىسىز، ئەمما ھەقىقىي ئەقىل كۆزىڭىز بىلەن كۆزىتىپ قارىسىڭىز، تەھلىل قىلسىڭىز، ئۇلارنى شۇنچە گىگانت، قەيسەر، سۇنماس قىلىپ تۇرغان نەرسىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى خورىماس ئۈمىد - ئىشەنچ، چىدام - غەيرەت، ئەقىل - پاراسەت ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايسىز.

نازاكەتنىڭ خالمۇراتقا باغلانغان ئۈمىدى گويا سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك ئاستا - ئاستا غايىب بولدى. ئۈمىدسىز كۈتۈشلەرگە چىدىمىغان قىز خالمۇراتتىن راستلا رەنجىدى، تىللىدى، ئىچ - ئىچىدىن ئۆچلۈكى قوزغالدى. خالمۇرات ئۆزىدىن راستلا يىراقلاپ كېتىپ بارغاندەك بىلىنىپ يۈرىكى ئۆرتەندى. نىمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا نۇرغۇن خەت يېزىپمۇ جاۋاب ئالالمىغانلىقى ئۈستىدە ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئويلاندى، كاللىسىنى ھەر خىل گۇمانىي پەرەزلەر قاپلىۋالدى. مۇھەممەتنىڭ چاقچاقتا يۆلەپ ئېيتقان سۆزلىرىنى تەھلىل قىلىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن خالمۇراتنىڭ ئوقۇشقا بېرىپ، ئالىي مەكتەپ بوسۇغىسىدىن ئاتلىۋېلىپلا ئۆزىدىن چانىدىغانلىقىنى ھەرگىز تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمىدى. «بۇنداق بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. خالمۇرات ھەرگىز

ئۇنداق قىلمايدۇ. سەۋرچان بول نازاكەت، گۇمانخورلۇق قىلما. بەلكىم خالمۇراتنىڭ ساڭا خەت يازماسلىقىدا باشقا بىر سەۋەب باردۇ ياكى ئۇ ئاشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئىرادەڭنى سىناۋاتقاندۇ. ئىشقىلىپ، ئۇ تەتىلدە كەلسىلا ھەممە سەۋەب ئايدىڭلىشىدۇ. سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن...» دېگەنگە ئوخشاش ئوي - خىياللار بىلەن ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ نەزىرىدىكى خالمۇرات ۋاپادار، ۋىجدانلىق، ساداقەتمەن... ئىشقىلىپ، نۇقسانسىز بىر يىگىت ئىدى. نازاكەتنىڭ قەلبى كۆل سۈيىدەك تىنچسىز داۋالغۇيتتى، ئارامسىزلىناتتى. ئۇ تۈن كېچىدە يالغۇز سىرتقا چىقىپ سانسىزلىغان يۇلتۇزلار بىلەن سىردىشاتتى، قەلبىدىكى دەرد - ھەسرەتلىرىنى يۇلتۇزلارغا تۆكەتتى، گاھى كېچىلىرى ئاشۇ ھالەتتە ئولتۇرۇپ تۈننى تاڭغا ئۇلايتتى، ئەمما يۇلتۇزلارمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىگە ھېچقانداق تەسەللى بېرەلمەيتتى، دەرد - ھەسرەتلىرىنى يەڭگىللىتەلمەيتتى. بەلكى ئاشۇ يىراق ئاسمان گۈمبىزىدىكى كۆزگە غۇۋا چېلىقىدىغان، تولىمۇ نۇرسىز، جانسىز پىلدىرلاپ تۇرىدىغان يۇلتۇزلار ئۇنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ يېرىم قىلاتتى.

«راستلا ‹ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتمايدىغان› ئىشمۇ بولۇپ قالارمۇ؟ خالمۇرات دېگەن ھازىر بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى. ئۇنىڭ بىلىم - سەۋىيە، قاراشلىرىدا خېلى كۆپ ئۆزگىرىش بولغان بولۇشى مۇمكىن. مەن بولسام يەنىلا شۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيەسىدە، بەلكىم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ماڭا بىر ئۆمۈر نېسىپ بولماسلىقى مۇمكىن. ھازىر جەمئىيەتمۇ، ھۆكۈمەتمۇ، ئادەملەرمۇ بېشىدا تاجى بارلارغا ئامراق بولۇپ كەتتى. ئاشۇنداقلار ئەتىۋارلىنىۋاتىدۇ. بەلكىم خالمۇراتمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان قىزدىن بىرىنى تېپىشنى خىيال قىلىۋاتقاندۇ، بەلكىم تېپىپمۇ بولغاندۇ، بەلكىم مۇشۇ دەقىقىدە ئاشۇ قىز بىلەن... ياق - ياق، مەن نېمىلەرنى خىيال قىلىپ كەتتىم - ھە! ھېلىتىن ئۇنىڭغا مۇشۇنداق

ئىشەنمەي يۈرسەم، كېيىن قانداق بولىدۇ، بىراق...» نازاكەتنىڭ خىياللىرى تولىمۇ چىگىچلىشىپ كەتكەندى. ئۇ ئۆي ـ خىياللىرىنى مۇھەممەتكە ئېيتىشنى، مۇھەممەت بىلەن ئوچۇق ـ يورۇق پىكىرلىشىشنى خالايتتى، ئەمما خالمۇراتنىڭ ئىسمى چىقسىلا مۇھەممەتنىڭ جۇدۇنى تۇتۇپ قالىدىغانلىقىنى، خالمۇرات ھەققىدە سۆزلىشىشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ لاسسىدە بولۇپ قالاتتى. ئاشۇ كۈنى كېچىدە مۇھەممەت بىلەن ئىسمايىلجاننىڭ كۈنداشلىقتىن دۈشمەنلەشكەن كۆزلىرى، يىگىتلەرنىڭ گاھى يوشۇرۇن، گاھى ئاشكارا ھالدا ئىلتىجالىق تەلمۈرۈشلىرى قەلبىنى تىنچسىزلاندۇرۇپ تېخىمۇ بەك ساراسىمىگە سېلىپ قويغانىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ نازاكەتنىڭ قەلبىدە خالمۇرات بىلەن مۇھەممەت، ئىسمايىلجانلار پات ـ پات ئورۇن تالىشاتتى، لېكىن ھەر قېتىمدا خالمۇرات غالىب كېلەتتى، مۇھەممەت بىلەن ئىسمايىلجاننى سىقىپ چىقىراتتى. نازاكەت مەيلى مۇھەممەت، مەيلى ئىسمايىلجان بىلەن يالغۇز ئۇچرىشىشتىن، شەخسىي ئىشلىرى ھەققىدە سۆزلىشىشتىن ئېھتىيات قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭلاشقا، يەنىلا ئۆزى بىلەن ئۆزى ئۇچرىشىشقا مەجبۇر بولاتتى. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەنلا ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىدى، كەلگۈسىدىكى پىلانلىرى ئۇنى قۇرۇق خىيالنى ئازراق قىلىپ، كۆز ئالدىدىكى ئەمەلىي ئىشلارنى كۆپرەك قىلىشقا ھەيدەيتتى، پەقەت يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان، تولۇن ئاي ئالتۇن نۇرلىرىنى زېمىنغا تەكشى چاچقان سۈتتەك ئاق كېچىلەردە شەخسىي تۇرمۇشى ھەققىدە ئويلايتتى، خىيال سۈرەتتى، غەم يەيتتى، ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بېرەتتى، ئۈمىدلىنەتتى ۋە ئاشۇ تەسەللى ـ ئۈمىدلەردىن روھلىنىپ يەنە چىدام، غەيرەت بىلەن ئىشلەيتتى. مۇھەممەت بىلەن ئىسمايىلجاننىڭ خۇددى مۇسابىقىگە چۈشكەندەكلا قىلىۋاتقان يېقىنچىلىقلىرىدىن ھەم خۇشاللىناتتى، ھەم خەۋپسىرەيتتى.

مۇھەممەت بىلەن ئىسمايىلجان ئاشۇ كۈنى رەسمىي كېلىشىم

ھاسىل قىلىنىشىۋالغاندىن كېيىن، قىزنىڭ قەلبىگە ئوچۇق ـ ئاشكارا ھۇجۇم قىلىشقا ئۆتكەنىدى، لېكىن بۇنىڭدىن نازاكەت بىخەۋەر ئىدى.

7 ـ ئاي كىرىشى بىلەنلا ئوقۇغۇچىلار تەتىل قىلىپ پەسىل قۇشلىرىدەك ئارقىمۇئارقا كېلىشكە باشلىدى. نازاكەت 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا گۈلىستان قاتارلىق ساۋاقداشلىرى بىلەن كۆرۈشتى. گۈلىستان دولىسىغىچە چۈشۈپ تۇرىدىغان بۇدۇر چېچى (ئۇ ئۇرۇمچىگە بارغاندىن كېيىن تېقىمىغىچە چۈشۈپ تۇرىدىغان ئۆرۈمە چېچىنى كېسىپ تاشلاپ، بۇدۇر قىلدۇرۇپ ئەنە ئاشۇنداق پاسوندا ياسىتىۋالغانىدى)، مەيدە، كۆكرەكلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، قولتۇقى زىيادە كەڭ، كېپىنەك شەكىللىك ھال رەڭ كوپتىسى، يوتا ـ كاسىلىرى لىق كەلگەن تار پۇچقاقلىق پادىچى شىمى ۋە مېغىز رەڭ ئېگىز پاشنىلىق توپلىيى بىلەن نازاكەتكە بىر خىل تولىمۇ چاقنان، ئاددىيلىق بىلەن ئاجايىپلىق بىرلىشىپ كەتكەن گۈزەللىك تەسىراتى قالدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن چېچىنى كېسىۋەتكەنلىكى، ئۇرۇمچى تەلەپپۇزىدا سۆزلەشلىرى، تېخىچىلا تاشلىمىغان چوڭچىلىق، ھاكاۋۇرلۇق، ئەركە ـ نايناقلىقى پەقەتلا ياقمىدى.

گۈلىستان شاكىر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈزگەن ۋە ھېلىقى مەردان ئىسىملىك يىگىتنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكەنىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ شاكىر بىلەن سۇ بىلەن ئوتتا ئوخشاش مەڭگۈ كېلىشتۈرگىلى بولماس رەقىبلەرگە ئايلانغانىدى. ئۇلار ساۋاقداشلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى باغقا ئىلگىرى ـ كېيىن كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى بىر ـ بىرىنى مەنسىتمەسلىك ئالامەتلىرىدىن، كۆزلىرىدىكى ئۆچ ـ ئاداۋەتلىك قاراشلىرىدىن نازاكەت ھەممىنى چۈشەندى. رېئاللىقنىڭ بۇ بىر جۈپ ئايرىلماس ئاشىق ـ مەشۇقلارغا قىلغان چاقچىقىدىن ئەپسۇسلاندى. لېكىن، ھەر ئىككىسى بىلەن دوستانە كۆرۈشتى،

ھال ـ ئەھۋال سورىدى.

— شۇنداق قىلىپ، شۇنچە ئاسانلا نەچچە مىڭ مو باغنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدۇق دەڭلار، — دېدى گۈلىستان مۇھەممەت بىلەن نازاكەتكە ماختاش، ئۇچۇرۇش سۆزلىرىنى ئايىماي ئىشلىتىپ، ئاغزى بېسىقماي سۆزلەپ، — ئىشىڭلار ئاجايىپ قالتىسقۇ سىلەرنىڭ. بىز ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ كېلىپمۇ بۇنداق ئىگىلىكنى بىرنەچچە يىل تىرىشساق ئاران تىكلىيەلەيمىز. ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل پۇل تېپىش نېمىدېگەن راھەت ـ ھە! تېخىچىلا ۋېلىسىپىت بىلەن يۈرگىنىڭلار پەقەتلا قاملاشماپتۇ. ھېچبولمىغاندا موتوسىكلىتتىن بىرەرنى سېتىۋېلىپ مىنىڭلار ئەمدى. تاپقان پۇلنىڭ راھىتىنىمۇ كۆرۈش كېرەك ـ دە. ھەربىرىڭلارنىڭ بىرەر يۈز مىڭدىن پۇلۇڭلار باردۇ ھەرقاچان. پىخسىقلىقنى ئاز قىلىڭلار...

— قانچىلىك ۋاقىت تەتىل قويۇپ بەردى؟

گۈلىستاننىڭ ئايىغى چىقماس ۋاتىلداشلىرى ياقمىغان بولسا كېرەك. مۇھەممەت ئۇنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالماي، يېنىدىكى ئابدۇسېلىمدىن سورىدى. لېكىن، ئابدۇسېلىم گەپ قىلىپ بولغۇچە گۈلىستان يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— قانچىلىك تەتىل قويۇپ بەرمەكچىدى، ئاران قىرىق كۈن. كېلىپ ـ بېرىشىمىزغا كېتىدىغان بىر ھەپتە ۋاقىتنى چىقىرىۋەتسەك ئاران بىر ئاي ۋاقىت، — گۈلىستان مۇھەممەتنىڭ سوئالى بىلەن ئۈزۈلۈپ قالغان گېپىنى شۇ يەردىلا تاشلاپ قويۇپ يېڭى تېمىدا ۋاتىلداشقا باشلىدى، — ۋاقتىمىز تولىمۇ قىس. ئوتتۇز نەچچە كۈن ۋاقىتتا قانچىلىك ئويۇن ـ تاماشا قىلغىلى بولىدۇ دەيسىلەر. سىلەرغۇ خالىساڭلار ئىشلەيسىلەر، خالىساڭلار ئوينايسىلەر، ئۇنىڭغا ھېچكىم غىدىك ـ پىدىك قىلالمايدۇ. ئەمما، بىز بەلگىلىگەن ۋاقىتتا بارمىساق، مىڭ تاغار گەپ ئاڭلايمىز...

— يۈرۈڭلار، باغنى ئايلىنىپ چىقايلى. باشقا ساۋاقداشلار

بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ قويۇڭلار.

مۇھەممەت بۇ قېتىممۇ گۈلىستاننىڭ سۆزىنى يەنە بۆلۈۋەتتى. باشقىلار خۇددى مۇھەممەتنىڭ شۇ گېپىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئورنىدىن قوزغىلىشتى، بىراق گۈلىستاننىڭ ئاغزى كېتىۋېتىپمۇ بېسىقمىدى.

— پاھ، سىلەرمۇ بوش كەلمەيسىلەر جۇمۇ. بىز تېخى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇدۇق دەپ يۈرۈپتىمىز، — دېدى ئۇ نازاكەتنى قولتۇقلىۋالغاندىن كېيىن، — سىلەرگە قول قويسام بولغۇدەك. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇدۇق دېگىنىمىز بىلەن بىزنىڭ قولىمىزدىن بۇنچىلىك ئىش يا كېلىدۇ، يا كەلمەيدۇ. خالمۇراتمۇ ئەمدى راسا پۇشايمان قىلىدىغان بولدى ـ دە، سېنىڭ بۇنچىلىك كارامىتىڭ بارلىقىنى خىيال قىلمىغان بولغىيدى ھەرقاچان. يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى بىزدىن بىر كۈن بۇرۇن قويۇۋەتكەن. خالمۇراتنىڭ تېخىچىلا كەلمىگەنلىكىگە قارىغاندا، ئاشۇ...

گۈلىستان يېڭىنىڭ قاتتىق سىلكىنىشىدىن دەرھال سۆزىنى توختىتىپ، بىقىنىغا قارىدى. ئۇنىڭغا مۇھەممەت «گېپىڭنى توختات» دېگەندەك سۇرلۇك قاراپ تۇراتتى، سۆھبەت تېمىسىنىڭ ئۆزلۈكىدىنلا خالمۇرات ئۈستىگە كۆچكەنلىكىدىن ھاياجانلىنىپ، گۈلىستاننىڭ گېپىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ تۇرغان نازاكەت گەپنىڭ چىڭ يېرىگە كەلگەندە گۈلىستاننىڭ توختىۋېلىشىدىن ھەيران بولدى. گۈلىستاننىڭ ئاغزىغا تەقەززالىق بىلەن تەلمۈردى. دەل شۇ چاغدا باغدا موتوسىكلىتنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئىسمايىلجان شەھەردىن چىقىپ بولغان ئوخشايدۇ، سەن بېرىپ داستىخانغا يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى تىزىشقا ياردەملەشكىن، — دېدى مۇھەممەت نازاكەتكە.

— سىلەر باغنى ئايلانغاچ تۇرۇڭلار، مەن داستىخاننىڭ تەييارلىقىنى قىلغاچ تۇراي. تېزرەك كېلەرسىلەر ـ ھە، — دېدى

نازاكەت دوستلىرى بىلەن ئايرىلىشقا قىيمىغان هالدا.

— ئەجەبمۇ گاچىنى سىلكىگەندەك سىلكىدىڭا، — دېدى گۈلىستان مۇھەممەتكە ئاچچىقلاپ.

— ئەپۇ قىل، — دېدى مۇھەممەت چۈشەندۈرۈپ، — سەن تېخى بىلمەيسەن، نازاكەت تاكى هازىرغىچە خالمۇراتنىڭ مېھرىئاي بىلەن يۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. مەنمۇ بۇ سىرنى هازىرغىچە ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. سەن بۇ گەپنى شۇنچە بالىلارنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭغا دېسەڭ قانداق بولىدۇ.

— نېمە؟ نازاكەتنىڭ راستىلا خەۋىرى يوقمۇ؟ بىچارە، تېخىچىلا ئەخمەق بولۇۋېتىپتۇ-دە، — دېدى گۈلىستان ئېچىنىش بىلەن، — سەن نېمىشقا بۇ گەپلەرنى ۋاقتىدا ئۇنىڭغا دېمىدىڭ. ئەسلىدە ئۆز ۋاقتىدا دېيىشىڭ كېرەك ئىدى. مەنغۇ خالمۇراتنىڭ ئۇ ئىشلىرىنى يېقىندا ئۇقتۇم. سەن بىلىپ تۇرۇپ... بۇمۇ سېنىڭ ئوخشاشلا نازاكەتنى ئالدىغانلىقىڭ بولمامدۇ... بىچارە نازاكەت دوستۇم...

— بولدى، داۋراڭ كۆتۈرمە، — دېدى مۇھەممەت قوپاللىق بىلەن، — ئەگەر سەن مېنىڭ ئورنۇمدا بولغان بولساڭ، يەنىلا ماڭا ئوخشاش قىلغان بولاتتىڭ. سەن ئۇنىڭ خالمۇراتقا قانچىلىك ئىشىنىدىغانلىقىنى، خالمۇراتنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلمەيسەن. مەن ئۇنىڭغا دېمىدىم ئەمەس، ئازراق بىلىندۈرۈپ، بېشارەت بېرىپ باقتىم. ئۇ مېنى چاقچاق قىلىۋاتىدۇ دەپ هەرگىز ئىشەنمىدى، ئازراق بولسىمۇ گۇمانلانمىدى. ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرسا ئۇنى قانداقمۇ ئازابلىغۇڭ كېلىدۇ. مەن خېلى ئۇزاق باش قاتۇرغاندىن كېيىن بۇ ئىشنى يەنىلا خالمۇرات كەلگەندە ئۆزى بىر تەرەپ قىلسۇن دەپ گەپ قىلمىدىم. سەنمۇ يەنە بىر-ئىككى كۈن تەخىر قىلىپ تۇر. خالمۇرات كەلگەندە هەممە ئىش ئۆزلۈكىدىن ئايدىڭ بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سەن ئۇنىڭغا قانچىلىك تەسەللى بەرسەڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارى.

— توغرا، بىز بىلمىگەن بولۇپ تۇرايلى، — دېدى ئابدۇسېلىممۇ گەپكە ئارىلىشىپ، — بۇ ئىشلارنى خالمۇراتنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغىنى ياخشى.

نازاكەت كەلگەندە گۈلىستان بىرئاز مەيۈسلىنىپ يۈردى - يۇ، لېكىن باغنىڭ بىر بۇلۇڭىدا راسلانغان سورۇنغا قايتىپ كېلىپلا چاپسانلا ئاۋۋالقى قىزغىنلىقىغا قايتتى. نازاكەت خالمۇرات توغرۇلۇق ئۇنىڭ ئاغزىنى ھەرقانچە تاتىلاپ باققان بولسىمۇ، لېكىن بىر ئېغىزمۇ جاۋاب ئالالمىدى. ئەتىسى گۈلىستان نازاكەت بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى. «نازاكەتنىڭ ئاشۇ تۇرقىنى كۆرسەم پەقەتلا چىدىيالمايدىكەنمەن. شۇڭلاشقا كۆرۈشمەي تۇراي دېدىم. ئاۋۋال خالمۇرات دېگەن ۋىجدانسىز كەلسۇن، ئاندىن نازاكەت بىلەن كۆرۈشۈپ تەسەللى بېرىمەن» دېدى ئۇ مۇھەممەت بىلەن كۆرۈشۈپ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۇرتقا تەتىل قىلىپ قايتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ نۆۋەت بويىچە ئۇيۇشتۇرغان قاتار چايلىرىغا بېرىلىپ، ھەممىنى ئېسىدىن چىقاردى.

## 2

خالمۇرات خېلىلا كېچىكىپ كەلدى. ئۇنىڭ خەۋىرىنى نازاكەتكە يەنىلا گۈلىستان يەتكۈزدى. نازاكەت ئالدىراش بېجىرىدىغان بىر ئىش بىلەن كېتىپ باراتتى، گۈلىستاننىڭ تۇۋلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ۋېلىسىپىتتىن چۈشتى. ئۇ گۈلىستاننى ئاشۇ كۈنى باغدا كۆرگەندىن بېرى پەقەتلا ئۇچراتمىغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى گۈلىستاننىڭ ئۈستىبېشىغا سەپسېلىشقا ئۈلگۈردى. گۈلىستان ھازىر شىم - كوپتىسىنىڭ ئورنىغا رەڭگى قاردەك ئاپپاق، بەللىرىنى قىسىپ تۇرىدىغان ئۇشۇقغىنچە ئۇزۇن بەل پۇرمە كۆڭلەك ئالماشتۇرۇۋالغانىدى، كۆڭلەكنىڭ كۆنجەكى خېلىلا چوڭ ئويۇۋېتىلگەن بولۇپ،

كۆكرىكى خېلىلا ئېچىلىپ تۇراتتى. چېچىنى ئۆتكەن قېتىمقىدەك يەلكىسىگىچە قويۇۋەتمەي، بېشىنىڭ چوقىسىغىلا تۈرمەكلىۋالغان بولۇپ، قاشتاشتەك سۈزۈك، ئاپپاق بوينى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بوينىغا ئېسىۋالغان ياقۇت كۆزلۈك زۇننارى كۈن نۇرىدا ۋالىلداپ، ئۇنىڭ ئاشۇ بويۇن، كۆكرەك قىسىملىرىنى تېخىمۇ بەك ئاشكارىلاپ تۇراتتى.

— يائاللا، باي بولغانلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق ئوخشامدۇ. ئايىغىڭغا پۇتلىشىپ تۇرغان دوستلىرىڭغا قاراپمۇ قويماي كېتىپ بارغىنىڭنى قارا سېنىڭ، — گۈلىستان ئەنە شۇنداق سۆزلىگەچ نازاكەتنىڭ ئالدىنى توستى، — ئەھۋالدىن قارىغاندا، مەنمۇ خىزمەتكە چىقىپلا كىچىكرەك بولسىمۇ بىرەر ئەمەلنى قولۇمغا كەلتۈرمىسەم، سەندەك دوستلىرىمنىڭ ھالىغا بويلاشقىلى بولمىغۇدەك.

— ياق، ئۇنداق دېمە گۈلىستان، — دېدى نازاكەت ۋىللىدە قىزىرىپ، — ئالدىراش مېڭىپ كۆرمەي قالغان ئوخشايمەن. ئادەمنى ئۇنداق ياپتا گەپلەر بىلەن چېقىۋالما. پۇل دېگەن پۇل، دوست دېگەن دوست. پۇلنى دەپ قانداقسىغا دوستتىن كەچكىلى بولسۇن، مەن ئۈچۈن دوستلۇق ھەممىدىن مۇھىم.

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم. بۇنچە كۆچەپ چۈشەندۈرۈپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ. لېكىن، جاھاندىكى بايلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش. ئاغزى قايماق، كۆڭلى مايماق. گەپنى ئۆزلىرىگە پەرىشتىلەرچە سىياق بېرىپ قىلىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە قىلغان گەپلىرىنىڭ ئەكسىچە. پۇل دېگەن كىمنى ئۆزگەرتمەيدۇ دەيسەن.

— بولدى قىل گۈلىستان، يەنە مۇشۇنداق سۆزلەۋېرىدىغان بولساڭ، مەن ئۆز يولۇمغا مېڭىۋېرەي، — دېدى نازاكەت خاپا بولۇپ.

— ماقۇل، بۇيرۇقلىرىڭغا ئىتائەت قىلاي تاۋى نازۈك خېنىم، — دېدى گۈلىستان شوخلۇق بىلەن نازاكەتكە تەزىم قىلىپ، — خىزمەتلىرى ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ، ئىككى ئېغىز

گېپىمگە قۇلاق سېلىپ قويسىلا، بولمىسا ئارماندا قالىلا...

— بولدىلا، بۇنداق چاقچاقلىرىڭنى ھازىرچە يىغىشتۇرۇپ قوي ئاداش، — دېدى نازاكەت ئۇنىڭ سۆزىنى چورتلا كېسىپ، — سەن تەتىل قىلىپ كەلگەندىن بېرى تۇزۇك ئىككى ئېغىز مۇڭدىشالمىدۇق. يا سەن ئىزدەپ كەلمىدىڭ، يا مەن سېنى ئىزدەپ تېپىپ بولالمىدىم. كەچتە ئۆيگە كەل، قانچىلىك چاقچاقلىرىڭ بولسا زېرىكمەي ئاڭلايمەن. ھازىر يولۇمنى توسما. بېرىپلا بېجىرىۋەتمىسەم بولمايدىغان مۇھىم بىر ئىش بار ئىدى، ھازىر شۇنى قىلىۋالاي.

— ھەي، توختا، سەل - پەل ئالدىرىماي تۇرمامسەن، — دېدى گۈلىستان نازاكەتنىڭ ۋېلىسىپىتىگە ئېسىلىپ، — بوپتۇ، ھازىر سېنىڭ بۇيرۇقۇڭغا بويسۇنۇپ تۇراي. مېنىڭمۇ سەن بىلەن راسا بىر مۇڭداشقۇم بار. ساڭا دەيدىغان نۇرغۇنلىغان گەپلىرىم بار. بىراق، بۈگۈن كەچ قېشىڭغا بارالمايمەن. ئۆگۈنلۈككە كەچ يولۇمغا قارا. بىر كېچە پۈخادىن چىققۇدەك مۇڭدىشايلى. ھازىر مېنىڭ ئىشىم ئالدىراش، شۇ تۇرقىدا بىر ساۋاقدىشىمنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولتۇرۇشقا بارمىسام بولمايدۇ. ئەمما، بىر مىنۇت تەخىر قىلىپ تۇر، ساڭا يەتكۈزىدىغان مۇھىم بىر خەۋەر بار. بەلكىم بۇ سەن ئۈچۈن يېڭى خەۋەر ھېسابلانماسلىقىمۇ مۇمكىن. خەۋەر تېپىپمۇ بولغانسەن ھەرقاچان.

— نېمە خەۋەر؟ — قىزىقىپ سورىدى نازاكەت.

— راستلا خەۋەر تاپمىدىڭمۇ؟

— ۋاي خۇدايىمەي، ئېغى بىلەن بېغى يوق سوئاللارنى سورىغىلى تۇردۇڭغۇ ئادەمدىن، قايسى ئىشنى دېمەكچىسەن؟

گۈلىستان نازاكەتنىڭ چىرايىغا راسا بىر قارىۋېلىپ ئېيتتى:

— خالمۇراتنىڭ كەلگەنلىكىدىن...

— خالمۇرات! — نازاكەت خۇشاللىقتىن ھاياجانلىنىپ كەتتى. خاتا ئاڭلاپ قالمىغاندىمەن دەپ گۈلىستانغا تەلمۈرۈپ قارىدى ۋە گۈلىستاننىڭ قولىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ سورىدى، —

خالمۇرات دەمسىنا؟ ئۇ كەپتۇما؟ بۇگۇن كەلگەن ئوخشىمامدۇ، سەن كۆردۇڭمۇ؟

گۇلىستان دوستىنىڭ خۇددى كىچىك باللاردەك ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئاچچىق كۇلدى، قولىنى نازاكەتنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ سوغۇقلا جاۋاب بەردى:

— شۇنداق، خالمۇرات كەپتۇ، تۇنۇگۇن چۇشتە كەپتىكەن. مەن ئۇنى كۆرمىدىم، كۆرگەن باللاردىن ئاڭلىدىم.

نازاكەت بىرھازا تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدا قاتتىق ھاياجانلىنىۋاتقانلىقى ناھايىتىمۇ ئېنىق ئىدى. گۇلىستان ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى بۇ دولقۇنلۇق ھېسسىياتنى ئوچۇقلا ھېس قىلدى.

— يۇرە بىللە بارايلى، — دېدى نازاكەت گۇلىستاننىڭ قولىدىن كاپپىدە تۇتۇۋېلىپ، — ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەيلى.

— نەگە، كىم بىلەن كۆرۈشكىلى بارىمىز؟ — دېدى گۇلىستان قۇۋلۇق بىلەن.

— خالمۇراتنىڭ ئۆيىگىچۇ؟ يۇرە بىللە بارايلى، يالغۇز بېرىشتىن تارتىنىدىكەنمەن، — دېدى نازاكەت گۇلىستانغا يېلىنىپ.

— ھېلىقى جىددىي ئىشىڭنى بېجىرگىلى بارمامسەن؟

— ئاۋۋال خالمۇرات بىلەن كۆرۈشۈۋېلىپ، ئاندىن...

— ياق، مېنىڭ ئىشىم بار. شۇ تۇرقىدا ئولتۇرۇش تازىمۇ قىزىپ كەتتى. بارساڭ ئۆزۈڭ يالغۇز بار.

— سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي جېنىم دوستۇم، ھەرقانچە زۆرۈر ئىشىڭ بولسىمۇ خالمۇراتنىڭ ئۆيىگە بىللە بېرىشىپ بەرگىن. سەندىن خۇش بولۇپ كېتەي.

نازاكەتنىڭ كۆزىگە غىلىلىدە ياش كېلىپ قالغانىدى. گۇلىستان ئۇنىڭ بۇ بىچارە تۇرقىنى كۆرۈپ، يۈرىكى شۇررىدە ئېرىدى، ئىچى ئاغرىدى، لېكىن خالمۇرات ئېسىگە كېلىش

بىلەنلا غۇژژىدە ئاچچىقى تۇتتى.

— بوپتۇ، بىللە بارسام باراي، — دېدى ئۇ قوپاللىق بىلەن، — ئىككىڭلارنى كۆرۈشتۈرۈپ قويۇپلا يېنىپ چىقىمەن. لېكىن، ئېسىڭدە تۇت دوستۇم، ئۇ ھازىر بۇرۇنقى خالمۇرات ئەمەس، ئۇنىڭ لەۋلىرى ساڭا ھېچقانداق لەززەت بېغىشلىيالمايدۇ.

— تېتىقسىزلاشما!

خالمۇراتنىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەنلا ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويغان نازاكەت گۈلىستاننىڭ كېيىنكى سۆزلىرىگە ئانچە دىققەت قىلمىدى، دىققەت قىلسىمۇ بۇنى دوستىنىڭ كۆنۈپ قالغان چاقچاقلىرى قاتارىغا قوشۇۋەتتى.

## 3

خالمۇرات نازاكەت بىلەن گۈلىستاننى ھودۇقۇش، تەمتىرەش، خىجىللىق، خالىماسلىقتىن ئىبارەت بىر خىل كەيپىياتتا قارشى ئالدى. ئۇ نازاكەتنىڭ ھال - ئەھۋال سوراشلىرىغا ئاغزى كالۋالىشىپ، تىلىنى چايناپ قىسقىلا جاۋاب قايتۇردى - دە، ئۈستىبېشى قارا تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا قىزلارنىڭ ئالدىغا چاي ئەكەلدى. «ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك، دېگەن گەپ راست ئىكەن. ئاشۇ ھالىغا چوڭچىلىق قىلىپ كېتىشلىرىنى، تۇۋا، ماۋۇ نازاكەتمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ چاندۇرماي ئولتۇرماي، قىلىپ كەتكەن قىلىقىنى، مەن بولمىغان بولسام بويىنىغا ئېسىلارمىكىن» دەپ ئويلىدى خالمۇرات بىلەن نازاكەتنىڭ روھىي ھالىتىگە سەپسېلىپ ئولتۇرغان گۈلىستان. ئۇ خالمۇراتنىڭ ساختىلىق يوشۇرۇنغان چىرايىغا قارىغانسېرى نەپرەتلەندى، جۇدۇنى تۇتتى، شۇنداقلا ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ھالدا ھە دېسىلا خالمۇراتتىن ئەھۋال سوراپ، كۆزىنى خالمۇراتتىن ئۈزمەي ئولتۇرغان نازاكەتنىڭ تولىمۇ ساددىلىقى، تۈز كۆڭۈللۈكىدىن رەنجىدى، ئىچى سىقىلدى.

— ئىككىڭلار پاراڭلىشىۋېرىڭلار، مېنىڭ ئازراق ئىشىم بار ئىدى، مەن ماڭغاچ تۇراي. نازاكەت سېنى ئۆزۈم ئىزدەپ بارىمەن، — دېدى گۈلىستان ئورنىدىن تۇرۇپ.

— بىردەم ئولتۇرە، مەنمۇ ھازىر ماڭىمەن ئەمەسمۇ، — دېدى نازاكەت.

— بىردەم ئولتۇرساڭ بولامدۇ، كېلىپلا كېتەمسەن، — دېدى خالمۇرات.

— خوش، يەنە كېلەرمەن، — دەپ ئۆزرە ئېيتتى گۈلىستان ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ.

— ئۇزاتمىدىم ئەمەسمە، — دېدى خالمۇرات ئورنىدىن مىدىرلىمايلا.

گۈلىستان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن نازاكەت خالمۇراتقا قايتىدىن نەزەر تاشلىدى. خالمۇراتنىڭ ئېڭەكلىرىنى خېلىلا قويۇق ساقال - بۇرۇت باسقانىدى. بۇدۇر قىلدۇرغان قوڭغۇر رەڭ چېچى سەمرىپ يۇمىلاقلىشىپ قالغان ئاقپىشماق چىرايىغا باشقىچە ھۆسن قوشقانىدى. ئۇچىسىغا قىزىل كالتە يەڭ كۆڭلەك، پادىچى شىمى، پۇتىغا باسنوشكا كىيىۋالغانىدى.

شۇ تۇرقىدا ئۇلار گويا تۇنجى تونۇشقان كىشىلەردەك، بىر - بىرىگە ئوغرىلىقچە قارىشىپ، ئۇن - تىنسىز ئولتۇرۇشاتتى، ئۆيئىچىدە ئىككىيلەننىڭ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىقىدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى.

— ئەجەب كېچىكىپ كەلدىڭغۇ؟ — دېدى نازاكەت ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— ئازراق ئىشىم چىقىپ قېلىپ كېچىكىپ قالدىم، — دېدى خالمۇرات خالار - خالىماس ھالدا.

— كېلىدىغان ۋاقتىڭدىن خەۋەرسىز بولۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن كۈتۈۋالغىلى ئالدىڭغا چىقماي قاپتىمەن. بايىلا تېخى گۈلىستاندىن ئاڭلاپ كېلىشىم.

— سەن دېگەن ھازىر بىر كاتتا ئادەم تۇرساڭ، سېنى ئاۋارە

قىلغىلى بولامدىغان، — دېدى خالمۇرات تاماكىسىغا ئوت يېقىۋېتىپ مەسخىرە كۈلكىسى بىلەن.

— بولدىلا، سەنمۇ زاڭلىق قىلغىلى تۇردۇڭمۇ ئەمدى، — دېدى نازاكەت ۋىلىلدە قىزىرىپ، — ئىگىلىك تىكلىسەم يامان بولمىغاندۇ. بەلكىم سەن مېنى ئالدىمغا چىقىپ كۈتۈۋېلىشقا ئەرزىمەيدۇ دەپ قارىغانسەن.

نازاكەتنىڭ بۇ سۆزلىرى خالمۇراتنىڭ يۈرىكىگە بېرىپ تەگكەندى. ئۇ «نازاكەت ھەممە ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى - دە، دەرھال قىزنىڭ چىرايىغا سەپسالدى. نازاكەتنىڭ چىرايىدا خىجىللىق، تارتىنىش ۋە نېمىگىدۇر ئىنتىلىشتىن باشقا ھېچقانداق غەيرىي ئالامەت سېزىلمەيتتى. خالمۇرات نازاكەتنىڭ چىرايىدىن پەرىزىنى دەلىللىگۈچى بىرەر ئالامەت تاپالمىغاندىن كېيىن، چىرايىغا قۇۋلۇق بىلەن كۈلكە يۈگۈرتتى.

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم.

خالمۇرات شۇنداق دېدى - دە، يەنە بەخىرامان تاماكا چېكىشكە باشلىدى. نازاكەت ئوڭايسىزلاندى.

— تۇنۇگۈن كەلگەن ئادەم ئەجەب يوقلاپ قويايمۇ دېمەپسەن؟

خالمۇراتتىن جاۋاب چىقمىغاندىن كېيىن، نازاكەت سائىتىگە قارىۋېلىپ ئورنىدىن تۇردى:

— مەن ماڭاي، شەھەر ئەتراپىدىكى بىر قانچە يېزا بىلەن قىشلىق يەل - يېمىش سېتىۋېلىش توختامى تۈزمەكچىدۇق، ئۇلار ساقلاپ قالمىسۇن. مۇھەممەت ۋە باشقا ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى باغدا، بېرىپ كۆرۈشۈپ كەل.

— ھازىر بارالماسمەنمىكىن، — دېدى خالمۇرات خۇشياقمىغان ھالدا، — مەن بىلەن كۆرۈشكىلى ئۇرۇق - تۇغقانلار كەلمەكچىكەن، ئۇلارنى ساقلاپ تۇرمىسام بولماس. ئانامغۇ بايىلا سودىلىق قىلىۋالاي دەپ چىقىپ كەتكەن.

— مەيلى، ئۇنداق بولسا ئەتە بېرىپ كېلەرسەن.

— ئەتە تېخىمۇ چولام تەگمەيدۇ، — دېدى خالمۇرات سەۋەب كۆرسىتىپ، — ئەتە ھەممە ساۋاقداشلارنى چاقىرىپ ئۇلتۇرۇش قىلىپ بەرمەكچىدىم. ۋاقتىڭ يەتسە مۇھەممەت بىلەن بىللە كېلەرسەن.

— ئەتە مېنىڭمۇ چولام تەگمەيدۇ، — دېدى نازاكەت زەردە بىلەن، — ئەتە بىرنەچچە يېزىغا چىقىپ باغ تەكشۈرىدىغان ئىشىم بار. خىزمەت تەرتىپىمنى خالىغانچە ئۆزگەرتەلمەيمەن. سېنىڭ مۇبارەك قەدىمىڭ ئۆگۈنلۈككە يېتەرمۇ؟

— باغقا بېرىپ يۈرمەي، ئۆگۈنلۈككە كەچتە ئايرىم پاراڭلاشساق قانداق دەيسەن، — دېدى خالمۇرات نازاكەتكە قارىماي تۇرۇپ.

— مەيلى، نەدە كۆرۈشىمىز؟

— ھېلىقى كونا جايدا.

— ھېلىقى ئۆستەڭ بويىدىمۇ؟ — دېدى نازاكەت ۋىللىدە قىزارغان ھالدا.

— ھەئە، — دېدى خالمۇرات بېشىنى لىڭشىتىپ.

— ماقۇل ئەمىسە، — نازاكەت ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭغاچ سۆزلەشكە باشلىدى، — نەدىن چاپلاشتى سىلەرگە بۇ ئولتۇرۇش كېسىلى. تەتىل قىلىپ كەلگەنلىرىڭلارنىڭ ھەممىسى خۇددى ئالۋان كەلگەندەك، ئارتۇقچە پۇل بۇزۇپ، بەس - بەستە ئولتۇرۇش قىلىدىغان بولۇۋاپسىلەر. بىچارە ئاتا - ئاناڭلارغا ئازراقمۇ بولسا ئىچىڭلار ئاغرىمايدىكەن. تەتىل توشقاندا يەنە بىرمۇنچە پۇل ئېلىپ ماڭمىساڭلار بولماس ھەرقاچان.

خالمۇرات نازاكەتنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىدى.

— ماقۇل، ئاشۇنداق بولسۇن ئەمىسە، — دېدى خالمۇرات سىپايىلىك بىلەن.

— بولىدۇ، لېكىن سەنمۇ ۋاقىت چىقىرىپ بىزنىڭ قىلغان ئىشلىرىمىزنى كۆرۈپ كەل، — دېدى نازاكەت تاپىلاپ، — خوش

ئەمىسە.

— خوش.

نازاكەت ۋېلىسىپىتىگە مىنىپ مېڭىشى بىلەنلا، خالمۇرات يەڭگىل بىرنى تىنىدى - دە، بۇرۇلۇپلا ئۆيىگە كىرىپ، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ۋېلىسىپىتىنى يېتىلەپ سىرتقا ماڭدى.

نازاكەتنىڭ روھى بىردىنلا چۈشۈپ كەتتى. خالمۇراتنىڭ سالقىن مۇئامىلىسىدىن يۈرىكىدە نېپىزلا بىر قەۋەت مۇز تۇتتى، كەچتە ئۆيىگە بۇرۇنلا قايتىپ كېلىپ، كارىۋاتقا يانپاشلىدى - دە، مۇڭلۇق كۆزلىرىنى نىشانسىز بىر نۇقتىغا تىكىپ چوڭقۇر خىيالغا پاتتى. ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى، ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلەتتى. نازاكەت ھەرقانچە قىلىپمۇ تىنچلىنالمىدى، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى، كۆزلىرىنى يىراق ئاسمان گۈمبىزىدىكى تۈمەنلىگەن يۇلتۇزلارغا مەقسەتسىز تىكتى. يۇلتۇزلار ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىۋاتقاندەك تىنىمسىز جىمىرلاپ تۇراتتى. ئولتۇراي دەپ قالغان ھىلال ئاي بولسا ئۇنى «نېمىشقا تېزرەك چىقمايسەن» دەپ يامانلاۋاتقاندەك ئاستا - ئاستا غايىب بولۇشقا باشلىغانىدى. شەھەر بولسا قورسىقى تويغان غەمسىز بوۋاقتەك غەپلەت ئۇيقۇسىنى بەخىرامان ئۇخلاۋاتاتتى. قاياقلاردىندۇر شەھەرنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇۋېتىشتىن ئېھتىيات قىلغاندەك تولىمۇ ئاجىز، مۇڭلۇق ناخشا ساداسى كېلەتتى. كېچىنىڭ غۇر - غۇر شامىلى نازاكەتنىڭ چاچلىرىنى يەلپۈتۈپ، لەۋلىرىگە سۆيۈپ ئۆتەتتى. نازاكەت ئاستا - ئاستا غايىب بولۇشقا باشلىغان ھىلال ئايغا قاراپ بىرپەس تۇرغاندىن كېيىن ھوجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

# ئون يەتتىنچى باب

# خەير، بەختلىك بولۇڭ

## 1

نازاكەت خالمۇراتنىڭ بۇنداق سالقىن مۇئامىلىسىگە ئۇچرىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە بىر يىل ئاۋۋالقى — تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى خالمۇراتنىڭ شوخ، قىزغىن سىيماسى تېخىچىلا ساقلىنىپ قالغانىدى. ئۇ قەلبىدىكى ئاشۇ خالمۇراتنى ياخشى كۆرەتتى، ئوتتەك قىزغىن مۇھەببىتى بىلەن سۆيەتتى. ئەپسۇسكى، ھازىرقى خالمۇرات ئۇنىڭ قەلبىدىكى خالمۇراتقا تۈپتىن ئوخشىمايۋاتاتتى. نازاكەت خالمۇرات بىلەن كۆرۈشۈپلا ياتسىرىغانىدى، بىر قاراشتىلا ئالدىدا تۇرغان بۇ يىگىت ئۆزى بىر يىلدىن بېرى كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن خالمۇرات ئەمەستەكلا بىلىنگەنىدى. يىگىتنىڭ ھە دېگەندىلا سوغۇق مۇئامىلىسى ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى لاۋۇلداۋاتقان ئوتقا بىر چېلەك سوغۇق سۇ سېپىۋەتتى. ئۇ خالمۇراتنىڭ بۇرۇنقىدەكلا شوخلۇق قىلىشىنى، قىزغىن مۇئامىلە قىلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلغانىدى. تۇنجى كۆرۈشۈشتىلا خالمۇرات ئۇنى قۇچاقلىۋالغان، سۆيۈۋالغان بولسا ئۇ يول قويغان بولاتتى. بىراق، خالمۇرات ئۇنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقمىدى، ھەتتا قايتىپ كېتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغاندا «بىردەم ئولتۇرغىن، بىر يىلدىن بېرى ئاران كۆرۈشۈشكە پۇرسەت كەپتۇ، ئىككى ئېغىز مۇڭدىشايلى» دېگەندەك

رەسمىيەت، تەكەللۇپ سۆزلەرنىمۇ قىلىپ قويمىدى. نازاكەتنىڭ تەكلىپىنى بولسا تۇتۇرۇقسىز سەۋەبلەر بىلەن رەت قىلدى. نازاكەت ئىككى كۈندىن بېرى ئەنە شۇلارنى ئويلىغىنىدا خالمۇرات بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا خېلىلا چوڭ بىر پاسىلىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلدى، تۇرۇپ - تۇرۇپلا كاللىسىدا خالمۇرات تەتىل قىلىپ يۇرتقا قايتىپ كەلمىگەندەك تۇيغۇ پەيدا بولاتتى، شۇ ھامان قەلبىدە ئاجايىپ بىر شېرىن ئارزۇ باش كۆتۈرەتتى، ئەمما بۇ تاتلىق ھېس - تۇيغۇ ئۇزاق داۋاملاشمايتتى. خالمۇراتنىڭ يۇرتقا قايتىپ كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت ئاچچىق ھەقىقەت بۇ تاتلىق خىياللارنىڭ ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىۋېتەتتى. «خالمۇرات بۇ ئەمەس، بىر يىل ئاۋۋالقى خالمۇرات تېخىچىلا ئورۇمچىدە، يۇرتقا قايتىپ كەلگىنى ئورۇمچى ئۆزگەرتىۋەتكەن، مەن قىلچىلىك ياخشى كۆرمەيدىغان خالمۇرات، يەنىلا بىر يىل ئاۋۋالقى خالمۇراتنى ياخشى كۆرىمەن. بۇ خالمۇرات ئىشىنى قىلسۇن، ئەي ئورۇمچى! خالمۇراتنى قايتۇرۇپ بەر. خالمۇرات سەن نەدە! ...» نازاكەتنىڭ كاللىسى، ئوي - خىيالى، ھېس - تۇيغۇلىرى قالايمىقانلىشىپ كەتكەنىدى. بۈگۈن كەچتىكى خالمۇرات بىلەن كۆرۈشۈش ئىشىغا دەسلەپ قىزىققان، خېلى جىددىي مۇئامىلە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىقىدەك بىر تالاي ئوي - خىياللار قىزىقىشىنى كۆپۈكتەك يوققا چىقاردى. بۇ كۆرۈشۈشنى تولىمۇ كۆڭۈلسىز ھېس قىلدى - دە، ئالايتەن ئاشۇ ئۇچرىشىش ئۈچۈن ئالماشتۇرغان كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ ئاددىيلا ئىش كىيىمىنى يەنە كىيىۋالدى، سۇسلا قىلىۋالغان گىرىملىرىنىمۇ يۇيۇۋەتتى. «ھازىرلا بېرىپ كۆرىدىغىنىم مەن بىر يىلدىن بېرى كۈتكەن، ئارزۇ قىلغان خالمۇرات ئەمەس. ئۇ ھازىر پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپتۇ. بەلكىم ئۇنىڭ نەزىرىدە مەنمۇ ئۆزگەرگەندىمەن. ‹كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق›، دېگەن شۇ بولسا كېرەك. باراي، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ باقاي، ئىمكان بار يۇرەكلىكرەك بولۇپ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى

بىلىپ باقاي، ناۋادا ئاشۇنداق بولۇپ قالسا ئۇمۇ مەيلى، ‹تاشنى تاياقتا تاڭغىلى بولماس›» نازاكەت شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ بىردىنلا كۆڭلى ئازادىلىشىپ قالغاندەك، يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدى، سائىتىگە قارىۋىدى، ۋاقىت خېلىلا بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ. ئۇ دەرھال سىرتقا ماڭدى.

— تاماق پىشۇۋاتسا نەگە بارىسەن؟ — دېدى ئانىسى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، دوختۇرخانىدىن چىققاندىن بېرى ئۆيدە خاتىرجەم دەم ئېلىپ كۈتۈنۈۋاتقان ھەسەلخان ئاچا نازاكەتلەر باغ ھويلىسىدىن ئېلىپ سىرتقا چىقىپ كەتكەن ھامان، ئۆي ئىشلىرىنى يەنە ئۈستىگە ئالغانىدى.

— ھازىرلا قايتىپ كېلىمەن ئانا، ناۋادا تاماقتا ئۈلگۈرۈپ كېلەلمىسەم ئېلىپ قويغىن، كېلىپ يەيمەن.

— تاماق پىشىپ بولغۇچە چوقۇم قايتىپ كەل جۇمۇ.

ھەسەلخان ئاچىنىڭ گېپى تۈگەپ بولغۇچە، نازاكەت تالاغا چىقىپ بولغانىدى. «قىز بالىلىقىغا تارتىشىپ ئولتۇرماي، سودا قىلىمەن، باغ ھويلىسىدىن ئالىمەن دەپ ئۆزىگە بىرمۇنچە ئىش تاپتى. خۇدايىم ئوغۇل بالا قىلىپ قويمىغىنى بىلەن، ئوغۇل بالىدىن ئارتۇق غەيرەت، ھىممەت بېرىپتىكەن بىچارە قىزىمغا، خۇدايىم ‹قارىغۇنىڭ كۆزىدىن ئايرىسىمۇ ھاسىسىدىن ئايرىماپتۇ› دەپ، مېنىڭ ئاجىز، كېسەلمەنلىكىمگە دادىسىنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ ئۆينىڭ خېلى جىق يۈكىنى يەڭگىللەتتى. بىراق، قىز بالا دېگەننىڭ قىز بالىدەك بولغىنى ياخشى ئىدى. ئەتىگەندىن كەچكىچە سىرتتا پالاقشىپ يۈرگەن. يا تاماقنى تاماقتەك ئىسسىقىدا يېيەلمىگەن. ياداپ، تەڭ ئېتىمۇ قالمىدى. خۇدايىم ئەجرىنى بېرەر شۇ قىزىمنىڭ، تېزرەك تويىنى قىلىۋەتسەك ياخشى بولاتتى. ئاچامۇ ئىسمايىلجان بىلەن نازاكەت قىزنىڭ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن توي قىلىدىغان مۇددىئاسى بار ئىكەن، بالىلارنىڭ رايىغا باقايلى دەپ، جىم تۇرۇۋالدى. يا بۇ بالىلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئۇققىلى بولمىغان.

ئاچام بىلەن ئىسمايىلجان بىر نىيەتكە كېلىپ بىلىنى مەھكەم باغلىسىلا، نازاكەت قىزنى ئۆزۈم گەپكە كىرگۈزەتتىم. توينى قىلىۋالغاندىن كېيىن سودا قىلامدۇ، نېمە ئىش قىلسا بولىۋېرەتتىغۇ. ئارىدا ئۇششاق گەپ ئۆتۈلۈپ قېلىپ، بۇ ئىش بۇزۇلمىسا ياخشى بولاتتىغۇ...» دەپ ئويلىدى ئانا قىزىنىڭ كەينىدىن قارىغىنىچە خىيالغا پېتىپ.

## 2

نازاكەت ئۆستەڭ بويىغا يېتىپ كەلگەندە خالمۇرات بىر تۈپ باراقسان ئۆسكەن مەجنۇنتال تۈۋىدە تاماكا چېكىپ تۇراتتى. نازاكەتنىڭ يۈرىكى يەنە ئەنسىز دۈپۈلدەپ كەتتى. ۋۇجۇدىنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغان چىگىچ خىياللار، رەنجىش، قېيىداش تۇيغۇلىرى قەدىمىنى ئاستىلاتتى. يىگىت چىگىچ بىر مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقاندەك چوڭقۇر خىيالغا پاتقانىدى. ئۇ نازاكەتنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ ئورنىدىن قىمىرلاپمۇ قويمىدى.

— ساقلىتىپ قويغان ئوخشىمامدىمەن؟

— ياق، مەنمۇ ھازىر كەلگەن. تېخى بىر تال تاماكا چەككۈچىمۇ بولمىدىم، — خالمۇرات شۇنداق دېدى - دە، تاماكىسىنى قاتتىق - قاتتىق شورىدى.

ھەر ئىككىسى جىمىپ قېلىشتى. ئارىنى سوغۇق، تىمتاس بىر كەيپىيات ئىگىلىدى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا كۆزلىرىنى ئۆستەڭ سۈيىگە تىككەنىدى، لايىقلاپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ سۈيىدە ھېچنېمىنىڭ ئەكسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. شۇنداقلا قارىغان كىشى ئۇلارنىڭ چىرايىدىن ئىچكى دۇنياسىدا كەسكىن زىددىيەت بولۇۋاتقانلىقىنى ئاسانلا سېزىۋالالايتتى. بەلكىم ھەر ئىككىسى بۇنىڭدىن بىر يىل ئاۋۋالقى مۇشۇ ئۆستەڭ، مەجنۇنتاللارنى گۇۋاھ قىلىپ تۇرۇپ، قايناق ھەۋەسلەر بىلەن ئۆزلىرىنى ئۇنتۇشقان ھالدا قىلىشقان شېرىن

سۆھبەتلىرىنى، تۈنجى گۆدەك تۇيغۇلىرىنى، سەبىي قەلبلىرىدە ئىز قالدۇرغان ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى ئەسكە ئېلىشىۋاتقاندۇ...

خالمۇراتنىڭ بىپەرۋا، جىمغۇر تۇرقى نازاكەتنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىد شامىنىمۇ پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈۋەتتى، قىزلىق غۇرۇرى ئازار يېدى. يۈرىكىدە ھېلىمۇ ھەم ساقلىنىپ قالغان ساددا مۇھەببەت تۇيغۇلىرىنى ۋۇجۇدىغا بېسىپ كىرگەن ئازاب، ۋاز كېچىش تۇيغۇلىرى سىقىپ چىقىرىۋەتتى، تومۇرلىرىدىكى قانلىرى شىپپىدە مۇزلىدى.

خالمۇرات تاماكىدىن يەنە بىر تال چىشلىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبىمۇ تۈگىمەس زىددىيەتلەر كەلكۈنىدە داۋالغۇيتتى. ئۇ دەسلەپ ئۆستەڭ بويىغا كېلىش ئالدىدا، نازاكەت بىلەن كۆرۈشۈپلا كۆڭلىدىكىنى ئوچۇق ئېيتىپ، ئەپۇ سوراپ قويۇپلا ئالدى - كەينىگە قارىماي كېتىپ قېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. بىراق، نازاكەتنى كۆرۈش بىلەنلا، نېمە ئۈچۈندۇر كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان سۆزىنى تىلىنىڭ ئۇچىدىن چىقىرالمىدى. تونۇش مەجنۇنتال، تونۇش ئۆستەڭ بويى، تونۇش شىلدىرلاپ ئاققان سۇلار قەلبىنىڭ مەلۇم بىر بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا كۆمۈلۈپ قالغان ئەسلىمىلىرىنى ئېسىگە سالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ نازاكەتتىن ھەرقانچە ئەيىب - نۇقسان تېپىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، كاللىسىدا يەتتە - سەككىز ئاي ئىلگىرى مېھرىئاي بىلەن مۇھەببەتلىشىش بىلەنلا شەكىللەنگەن، نازاكەتنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغانلىقىدىن ئىبارەت «ئالاھىدە چوڭ ئەيىبى»دىن باشقا ھېچقانداق نۇقسان، ئەيىبىنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلدى، قەلبىنىڭ بىر يەرلىرى قىيالماسلىق، پۇشايمان ئۇچقۇنلىرىدا پۇچىلاندى، لېكىن خالمۇراتنىڭ بۇ خىل روھىي ھالىتى ئۇزاق داۋاملاشمىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان ئادەملەرنىڭ جەمئىيەتتە چوقۇم ئورنى، ئىستىقبالى يوق ئىدى، كەلگۈسى قاراڭغۇ ئىدى. شۇڭلاشقا، ھازىر ئۇنىڭ ۋىجدانى قانچىلىك ئازابلانمىسۇن،

ۋۇجۇدى پۇشايمان ئوتلىرىدا قانچىلىك ئۆرتەنمىسۇن، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان، ئاق - سەۋىيەسى تۆۋەن، كەلگۈسى ئىستىقبالىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدىغان بۇ قىز ئۇنىڭغا ئەمدى ھەرگىز مۇۋاپىق كەلمەيتتى، ھايات يولىدا كۆڭلىدىكىدەك سەپەرداش — كەلگۈسىدە بالىلىرىغا لاياقەتلىك ئانا بولالمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ھېلىقى ئازابلىق تۇيغۇلىرىدىن تېزلا قۇتۇلۇپ كەتتى. ئۆيلىگەنلىرىنى توغرا، ھەقلىق ھېسابلىدى. قىزغا قايتىدىن مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن كۆز تاشلىدى.

خالمۇراتنىڭ ئالا كۆڭۈللۈك قىلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن، ھەتتا چۈشىنىڭ قانتىچىلىكمۇ بولسا گۇمانغا يول قويمىغان نازاكەتنىڭ خالمۇراتنىڭ ھازىرقى روھىي دۇنياسىنى چۈشىنىپ كېتەلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ خالمۇراتنىڭ بىرقانچە قېتىم گەپ قىلماقچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىگەن بولسىمۇ، لېكىن زۇۋان سۈرەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ يۈرىكى سىقىلدى. ئىچى پۇشتى، ئاخىر بۇ بۇرۇقتۇرما كەيپىياتنى ئۆزى بۇزۇۋەتمەكچى بولدى.

— ئۈرۈمچىنىڭ ھاۋاسى ساڭا يېقىپتۇ، خېلىلا سەمرىپ قاپسەن. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئانچە جاپالىق بولمىسا كېرەك.

— سەن بەكلا ياداپ كېتىپسەن، — دېدى خالمۇراتمۇ رەسمىيەت يۈزىسىدىن جاۋاب بېرىپ، — سودا قىلىمەن، ئىگىلىك تىكلەيمەن دەپ جاپانىڭ ھەممىسىنى سەنلا تارتىۋاتقان ئوخشايسەن.

— قۇرۇق قولغا تايىنىپلا ئىگىلىك تىكلىمەك ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس ئىكەن. قىلغان ئىشلىرىمىزنى بىر باشقا ئاچچىقىش ئۈچۈن كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە تىرىشتۇق. تارتقان جاپانىڭ راھىتىنى كۆرىدىغان ۋاقىتلارمۇ كېلەر.

نازاكەت ئەسلىدە بىر يىلدىن بېرى قىلغان ئىشلىرىنى خالمۇراتقا بىرمۇبىر سۆزلەپ بەرمەكچى بولغانىدى، لېكىن

سۆزلىرىگە خالمۇراتنىڭ ئانچە قىزىقمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ يالتىيىپ قالدى.

— راھەت كۆرىدىغان ۋاقىتتىقچە قېرىپ، مۈكچىيىپ كېتەرسەن، — خالمۇراتنىڭ تەلەپپۇزىدا تەنىمۇ، مەسخىرىمۇ بار ئىدى، — قارىسام، بىر يىلدىن بېرى پۇل تاپىمەن دەپ شۇنچە پالاقشىپسەن، يەنىلا شۇ ئەسكى ۋېلسىپىتتىن قۇتۇلالماپسەن. ھېچبولمىغاندا موتوسىكلىتتىن بىرەرنى ئېلىپ مىنگەن بولساڭمۇ جېنىڭ خېلى راھەت تېپىپ قالاتتى. كەلگۈسىدە ئايروپىلاندا ئولتۇرۇشنى خىيال قىلىۋاتامسەن يا؟

خالمۇراتنىڭ مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا ئېيتقان بۇ سۆزلىرى نازاكەتنىڭ يۈرىكىگە نەشتەردەك سانجىلدى. بەلكىم بىر يىل ئاۋۋالقى خالمۇرات بولغان بولسا ئۇنى ھازىر بۇنداق مەسخىرە قىلماي داڭلىغان، قايىل بولغان، رىغبەتلەندۈرگەن، قىلغان ئىشلىرىدىن سۆيۈنگەن بولاتتى. بىراق، ھازىر ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇرۇمچىدىن كەلگەن خالمۇرات تۇراتتى. نازاكەت خالمۇراتنىڭ كۆزلىرىگە يۈرىكىنى كۆرۈۋالماقچى بولغاندەك مەردانىلىك بىلەن تىكىلدى.

— بىز پەقەت ئۆزىمىزنىڭ راھىتىنىلا ئويلىغىنىمىز يوق، — دېدى نازاكەت خالمۇراتنىڭ مەسخىرىلىك سۆزلىرىگە رەددىيە بېرىپ، — بىزنىڭ ئېرىشمەكچى بولغان راھىتىمىز سەن ئويلىغاندەك ئۇنداق پۇل ئۈستىگە قۇرۇلغان ئويۇن - تاماشا ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتىمىز، قابىلىيىتىمىز ئارقىلىق جەمئىيەتتە ئادەملىكىمىزنى، مەۋجۇتلۇقىمىزنى ئىسپاتلاش، — نازاكەت خالمۇراتنىڭ مەسخىرىلىك كۈلكىسىنى كۆرۈپ بىردىنلا جەھلى قاتتى، — مەسخىرە قىلىپ كۈلمە خالمۇرات. دۇنيادىكى كاتتا ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى يەنىلا سەن - بىزگە ئوخشاش ئىنسانلار ياراتقان. گەرچە بىز ئۇنچىلىك كاتتا ئىشلارنى قىلالمىساقمۇ، ئەل - يۇرتقا پايدىلىق ئاز - تولا ئىش قىلالىساق شۇ كۇپايە. كېلەر

يىلغىچە بىر ئىچىملىك زاۋۇتى قۇرۇپ مەھسۇلات تۈرلىرىنى كۆپەيتىپ، جەمئىيەتتىكى ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارغا ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىمىز. پۇل تېپىپ يۇرتىمىزنىڭ مائارىپ – پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ياردەم بېرىمىز. بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكى راھەت، بەخت مانا مۇشۇ. بەلكىم سەندەك ئالىي مەلۇمات ئېلىۋاتقان بىلىم ئىگىلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرى بۇنىڭدىنمۇ كەڭرى ھەم چوڭقۇر بولۇشى مۇمكىن.

— پاھ، نېمانچە گۈزەل، نېمانچە يۈكسەك ئارزۇ – غايىلەر بۇ، — دېدى خالمۇرات يەنىلا پېتىدىن چۈشمەي، — بىراق بۇلارنىڭ ھەممىسى خام خىيال بولۇپ قالمىغاي ئىلاھىم. ھە دېسىلا كەلگۈسى ھەققىدە دونكىخوتلارچە داۋراڭ سېلىش تولىمۇ گۆدەكلىك بولۇپ قالامسۇ؟

— دونكىخوتقا ئوخشاتساڭ ئوخشىتىۋەر، بىز ئۆزىمىزگە ئىشىنىمىز. پاكىتقا ھېچكىم كۆز يۇمالمايدۇ.

خالمۇرات نازاكەت بىلەن ئارتۇقچە مۇنازىرىلىشىشتىن يالتايدى. «بولدىلا، ئاغزىمنى ئۈپرىتىپ نېمە قىلاي. ھەر قىسمەتكە يولۇقسا ئۆزىنىڭ شورى. ‹ھەركىم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى›، دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ. بۇ يەردە تالىشىپ قىزىرىشىپ يۈرگۈچە، ھېلىقى خەتنى قولىغا تۇتقۇزاي – دە، پېشىمنى قېقىپ كېتىۋالاي» دەپ ئويلىدى ئۇ.

— كەلگۈسىگە ھېچكىم ھۆكۈم قىلالىغان ئەمەس. مەنمۇ پىلان، تەسەۋۋۇرلىرىڭنى پۈتۈنلەي ئەمەلگە ئاشىسكەن دېمەن. ئەمما، ئارزۇ – ئارمان، ئوي – خىيال بىلەن رېئاللىق باشقا – باشقا گەپ...

— رېئاللىق بىلەن خىيالنىڭ چەك – چېگراسىنى ئاجرىتىۋالغۇچىلىكىم بار. سېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىڭنى پەقەتلا چۈشىنەلمىدىم.

— بولدى، سەن بىلەن بۇ توغرۇلۇق مۇنازىرىلەشكۈم يوق، — دېدى خالمۇرات قولىنى سىلكىپ، — ھەرقايسىمىزنىڭ

كۆزقارىشىمىز ئۆزىمىزگە ھېساب، كىمنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى تېخى بۇنىڭدىن كېيىن كۆرىمىز. سەن بىلەن ئارتۇق گەپ تالىشىپ ئولتۇرغۇدەك ۋاقتىم يوق. ھاياتتا ھەممە نەرسە ئادەمنىڭ ئويلىغىنىدەك، ئارزۇ قىلغىنىدەك بولمىقى تەس. مەن بۇنى بۇرۇنلا ھېس قىلغان. ئەپۇ قىل، مەن ئاشۇ يوكسەك غايىلىرىڭنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ھېچقانداق ياردەم بېرەلمىگۈدەكمەن.

— مەنمۇ سەندىن ياردەم تەلەپ قىلمايمەن، — دېدى نازاكەت زەردە بىلەن.

— شۇنداق، سەنغۇ مەندىن ھېچقانداق ياردەم تەلەپ قىلمايسەن. بىلىشىڭ كېرەك، بىزنىڭ ھايات مۇساپىمىز تېخى خېلى ئۇزۇن. بىز ئاشۇ ھايات يولىمىزنى بىر ـ بىرىمىزدىن مەڭگۈ ياردەم، مەدەت تىلىمەي بېسىپ كېتەلەرمىزمۇ؟ سەن مەندىن ياردەم تەلەپ قىلمىغان بىلەن، مەن تەلەپ قىلىشىم مۇمكىن. ئەمما، سەن ماڭا ياردەم بېرەلەرسەنمۇ؟ ھەرگىز ياردەم بېرەلمەيسەن. ياردەم بېرىش سېنىڭ قولۇڭدىن كەلمەيدۇ.

خالمۇرات يۇقىرىقى سۆزلىرى ئارقىلىق مەقسىتىنى نازاكەتكە بىرئاز ئۇقتۇرغاندەك بولدى ـ دە، شۇ ھامانلا بىر خىل خىجىللىق، خۇدۇكسىرەش تۇيغۇسىدا قىزىرىپ كەتتى. قىزلارغا سۆيگۈ تەلىپى قويۇش بەكمۇ قىيىن، لېكىن ئايرىلىپ كېتىش تەلىپىنى قويۇش تېخىمۇ قىيىن. خالمۇرات بۇ قىيىن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن خېلىلا غەيرەت قىلدى. خالمۇراتنىڭ مەقسىتىنى ئازراق ھېس قىلغان نازاكەت ئانچە تەمتىرەپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىدى. ئۇ يىگىتنىڭ ئېنىق جاۋابىنى ئاڭلاش ئۈچۈن كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدى:

— بولدى خالمۇرات، تولا تىلىڭنى چاينىماي مەقسىتىڭنى ئوچۇقلا ئېيت، بۇگۈن مەن بىلەن كۆڭلۇڭدىكىنى ئېيتىۋېلىش ئۈچۈن كۆرۈشمەكچى بولغانىغۇ؟ شۇنداق ئەمەسمۇ يا؟

نازاكەتنىڭ ئۆتكۈر كۆز نۇرىغا خالمۇرات ئارتۇقچە بەرداشلىق

بىرەلمىدى. ئۇ يانچۇقىدىن ئالدىن تەييارلاپ قويغان بىر پارچە خەتنى چىقاردى ـ دە، نازاكەتكە تەڭلەپ تۇرۇپ تولىمۇ قىينالغان هالدا:

— بىز بۇگۈندىن باشلاپ بۇ ئۆستەڭ بويىنى ئۇنتۇپ كېتەيلى، — دېيەلىدى.

نازاكەت يىگىتنىڭ قولىدىكى خەتكە قاراپ بىرپەس تېڭىرقاپ تۇرغاندىن كېيىن ئاستا قول ئۇزارتتى.

— مەقسىتىڭنى تولۇق چۈشەندىم، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، — بۇ خەتنىڭ نېمە مەقسەتتە يېزىلغانلىقىنىمۇ بىلىپ بولدۇم. بولدىلا، ئوقۇمايلا قوياي، — نازاكەت قولىدىكى خەتنى ئاستا لايقىلاپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭگە پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتتى ۋە خالمۇراتقا قارىماي تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ھېلىمۇ ياخشى بۇ يۇرتنى ئۇنتۇپ كېتەيلى دېمىدىڭ. بولدى كېتىۋەر، ۋەزىپەڭنى ئادا قىلدىڭ. قېنى، يولۇڭ ئوچۇق.

— ئەپۇ قىل نازاكەت، مەن...

— بولدى، ئوشۇق سۆزلىمە، — دېدى نازاكەت خالمۇراتنى سۆزلەشتىن توسۇپ، — ئارىمىزدا ئەپۇ سوراپ كەتكۇدەك ئىش يوققۇ. بەلكىم هازىر مېنى ئازابلىنىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالغانسەن. خاتىرجەم بول، ئەسلىي ئازابلىنىشىم، ھەسرەتلىنىشىم، ھەتتا كۆز يېشى قىلىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن، سەن ئۇنداق قىلىشقا ئەرزىمەيسەن. چۈنكى، سەن بۇرۇنقى خالمۇرات ئەمەس، هازىر سەن مېنىڭ قەلبىم ئۈچۈن ياتلا بىر ئادەم، خالاس. سەن بەختلىك بولساڭلا مەن خۇشال بولىمەن.

— يۇرە، بىللە قايتىپ كېتەيلى.

— بولدى، سەن كېتىۋەر، مەن بىردەم تۇرۇپ قايتىپ كېتىمەن.

— ماقۇل دە، بىللە كېتەيلى. سېنى بۇ كېچىدە قانداقمۇ يالغۇز تاشلاپ كېتەلەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئۆستەڭ بويى

تۇرسا، — دېدى خالمۇرات نېمىدىندۇر خاتىرجەم بولالمىغاندەك.
نازاكەت ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ خالمۇراتقا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. سۈتتەك ئاي نۇرى ئۇنىڭ چىرايىدىكى كۈلكىنى تولۇق كۆرسىتىپ تۇراتتى.
— مەندىن ئەنسىرەۋاتىسەنغۇ دەيمەن، — دېدى ئۇ بىر خىل غالىبلارچە تەلەپپۇزدا، — خاتىرجەم بول، مەن ئۇنداق مۇھەببەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراش بىلەن ھەممە نېمىدىن ۋاز كېچىپ، ھاياتىدىن تويىدىغان ئىرادىسى ئاجىز قىزلاردىن ئەمەس. راست، مۇھەببەتمۇ مېنىڭ ئاشۇ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمنىڭ بىر قىسمى ئىدى. لېكىن، ئەڭ مۇھىمى ئۇ ئەمەس. مەن باشقا ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمنى ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىپمۇ بىر ئۆمۈر ياشىيالايمەن. لېكىن، شۇنى بىلىپ قال، سەن تەسەۋۋۇرۇمدا يەنىلا بۇرۇنقى خالمۇراتسەن. سېنى ھەرگىزمۇ قۇرۇق سۆلەت، قولىدىن ئىش كەلمەس، ھارام تاماق ئادەملەر قاتارىدا كۆرۈشنى خالىمايمەن. سەن ئالىي مەكتەپتە ھەرگىزمۇ دىپلوم ئۈچۈن، يۇقىرى ئىمتىياز ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مىللەت، خەلق ئۈچۈن ئوقۇ.
خالمۇرات نازاكەتنىڭ خاتىرجەملىككە تولغان ياداڭغۇ چېھرىگە بىرھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، قىينالغان ھالدا دېدى:
— ماقۇل ئەمىسە، خەت يېزىشىپ تۇرايلى. سالامەتلىكىڭگە كۆپرەك دىققەت قىل. مەن دوستلۇقىمىزنىڭ مۇشۇنىڭ بىلەنلا ئاخىرلىشىپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن.
— مەنمۇ ھەم شۇنداق.
— خەير نازاكەت.
— خوش خالمۇرات.
ئۇلار گويا ئارىسىدا ھېچقانداق ئىش ئۆتمىگەندەك دوستانە خوشلاشتى.

# 3

نازاكەت ئۆستەڭ بويىدىكى مەجنۇنتال تۈۋىدە جىمجىت خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى. ئۇ خالمۇرات بىلەن ئايرىلىپ كەتكىنىگە ئانچە ئەپسۇسلىنىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر بۇ يەردىن كەتكۈسى كەلمەيۋاتاتتى.

— نازاكەت، يۈرە كېتەيلى.

يېنىدىلا ئاڭلانغان بۇ تونۇش ئاۋازدىن نازاكەت چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ قېشىدا ئىسمايىلجان كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى. نازاكەت ئىسمايىلجاننى كۆرۈپ ھەم خىجىل بولدى، ھەم ھودۇقتى. «مېنىڭ بۇ يەردىلىكىمنى قانداق بىلگەندۇ؟ بايا خالمۇرات بىلەن مۇڭدىشىپ تۇرغىنىمنى كۆرۈپ قالغانمىدۇ؟»

نازاكەت ئىچكى تۇيغۇلىرىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ كۈلۈمسىرىدى، ئۆزىنى بىر ئاز يەڭگىللەپ قالغاندەك سەزدى.

— نەدىن كېلىشىڭ؟

— ئاۋۇ تەرەپتىن، — دېدى ئىسمايىلجان كەيپى چاغ ھالدا چوڭ يول تەرەپنى كۆرسىتىپ.

— ھەممە ئادەم چوڭ يول تەرەپتىن كېلىدۇ، — دېدى نازاكەت يىگىتنىڭ چاقچىقىدىن سۆيۈنۈپ، — مېنىڭ بۇ يەردىلىكىمنى قانداق بىلدىڭ؟

— يۈرىكىم دەپ بەردى.

نازاكەت ۋىللىدە قىزاردى، يىگىتنىڭ سۆيگۈ ئىزھارى ئۇنى تەمتىرەتتى. يىگىت ئۇنىڭغا ئاشىقانە نەزەردە تىكىلىپ تۇراتتى. ئىسمايىلجان نازاكەتنىڭ ئۆستەڭ بويى تەرەپكە ئالدىراش كېتىپ بارغىنىنى تاسادىپىي كۆرۈپ قالغانىدى. دەسلەپ قىزنىڭ كەينىدىن يېتىپ نەگە ماڭغانلىقىنى سوراپ باقماقچى بولدى ـ يۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر بۇ نىيىتىدىن تېزلا يالتىيىپ، قىزنىڭ

كەينىگە چۈشكەندى. ئۇ نازاكەت بىلەن خالمۇراتنىڭ ئۇچراشقىنىنى كۆرۈپ تولىمۇ ئازابلاندى، بۇرۇلۇپلا كەينىگە يېنىپ كەتمەكچىمۇ بولدى، لېكىن نازاكەت بىلەن يىگىتنىڭ سالقىن كۆرۈشۈشى ئۇنى بىردىنلا قىزىقتۇرۇپ قويدى. ئۇ سەۋرچانلىق بىلەن ئۇلارنى كۆزەتتى. خالمۇرات نازاكەتنىڭ قېشىدىن بالدۇرلا كېتىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئۈمىد قايتىدىن ئۇچقۇنلىدى. ئۇ نازاكەت بىلەن خالمۇراتنىڭ ئايرىلىپ كەتكەنلىكىنى بىردىنلا ھېس قىلىپ، ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك، يوشۇرۇن كۆيۈك ئازابى، ئىشەنچسىز كۈتۈش ھىجرانىدا پۇچىلانغان يۈرىكى خۇشاللىقتىن كۆكرەك قەپىسىگە سىغمايلا قالدى.

نازاكەت كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغاچقىمۇ، ئىسمايىلجاننىڭ ئالدىدا ئۆزىنى بەكمۇ ئەركىن تۇتاتتى. مەرد، ئاق كۆڭۈل، ھەقىقىي يېتىلگەن ئەركەكلەرگە خاس خاراكتېرگە ئىگە بۇ يىگىتكە كەلگۈسىدە خالمۇرات بىلەن توي قىلىپ قالسام چوقۇم توغرا چۈشىنىدۇ، خالمۇرات بىلەن ئاكا - ئىنىلەردەك يېقىن ئۆتىدۇ دەپ ئىشەنچ قىلاتتى. شۇڭىمۇ ئۇنىڭ گاھى ئاشكارا، گاھى يوشۇرۇن ئىپادىلىگەن كۆڭۈل ئىزھارىغا لايىقىدا چاقچاقلار بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ يىگىتنى ئانچە ئۈمىدلەندۈرۈپ قويماسلىققا تىرىشاتتى. تەمتىرەپ، قىزىرىپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايتتى. مانا ھازىر ئەھۋال تۈپتىن ئۆزگەردى. نازاكەت ھازىر ئاشۇ چاغدا ئىسمايىلجانغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئېسىگە ئېلىپ، ۋۇجۇدىنى بىردىنلا تارتىنىش، تەمتىرەش تۇيغۇلىرى قاپلىۋالدى.

ئىسمايىلجان كۆڭلىدىكى تۈگۈچنى يېشىشكە ئالدىراپ قالغانىدى. شۇڭلاشقا، گەپنى ئەگىتىپ قىلىشقا ئادەتلەنمىگەن بۇ يىگىت ئويلىغانلىرىنى تۈزلا ئېيتتى:

— پەمىچە، باياتىن ھېلىقى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بىلەن ئايرىلىپ كەتتىڭمۇ دەيمەن.

نازاكەتنىڭ دىل يارىسى تاتىلانغاندەك بولدى.

— خۇش بولغانسەن، — دېدى ئۇ يىگىتكە تەنە قىلىپ.

ئىسمايىلجان قىزنىڭ قەلبىدىكى ئازابلىق تۇيغۇلارنى دەرھال چۈشەندى، لېكىن بىلمەسكە سېلىپ قىزدىن ياندۇرۇپ سورىدى:

— سەن خۇش بولمىدىڭما؟

توۋا، شۇنداقمۇ سوئال سورىغان بارمۇ؟ نازاكەت ئىسمايىلجاننىڭ بۇ سوئالىدىن يا كۈلۈشنى، يا ئاچچىقلىنىشنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى. ياخشى كۆرگەن يىگىتىدىن ئايرىلىپ كەتكەن قىز قانداقمۇ خۇش بولسۇن، ئايرىلىش ئاسان بولغان بىلەن ئۇنتۇش تولىمۇ ئازابلىق. بۇنىڭغا ئەلۋەتتە ۋاقىت كېرەك. شۇنچە ئەقىللىق يىگىتنىڭ قىزنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشەنمەيۋاتقىنىنى قارىمامدىغان.

ئەمما ئىسمايىلجان ئالدىراپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ نازاكەتنىڭ خالمۇرات بىلەن ئايرىلىپ كەتكىنىدىن كۆڭلى خېلى ئارامىغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، مۇھەممەتتىن ئىبارەت يەنە بىر خەتەرلىك سۆيگۈ رەقىبى ئۇنى تىنچلاندۇرمايۋاتاتتى. ھە، مۇھەممەتكە پۇرسەت بەرمەسلىك كېرەك. قىزنىڭ قەلبىگە ھۇجۇم قىلىشتا ئالدىراش كېرەك. قىزمۇ يىگىتنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشەنسە ئىدى كاشكى.

— ھەرھالدا ماڭا بەرگەن ۋەدەڭنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىساڭ بولاتتى، — دېدى ئىسمايىلجان نازاكەتنىڭ كۆزلىرىگە ئىلتىجالىق بىلەن تىكىلىپ.

نازاكەت ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى.

— ھازىرچە بۇ ئىش توغرۇلۇق مۇڭداشمىساق قانداق دەيسەن؟

يىگىت ئۈن چىقارمىدى.

— يۈرە كېتەيلى، — دېدى نازاكەت ئىسمايىلجاننىڭ بىلىكىدىن تارتىپ.

ئۇلار ئۆستەڭ بويىدىن ئاستا ئايرىلىشتى.

نازاكەت ئارىدىكى ئېغىر سۈكۈتنى بۇزۇشقا تىرىشىپ چاقچاق

قىلدى.

— پايلاقچىلىققا خېلى ئېپىڭ باركەن سىڭلىڭ.

— مەن ساڭا باشتىلا دېگەن. سېنى بىر ئۆمۈر پايلايمەن، نازاكەت.

قىزنىڭ يۈرىكى يەڭگىل تىترىدى. يىگىت دەل جايىغا تەگكۈزۈپ بەرگەن جاۋابتىن مەمنۇن بولۇپ كۈلدى ـ دە، ۋۇجۇدىدىكى ئازابلىق تۇيغۇلار بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

ئۇلار چوڭ يولغا چىقىپ ئەللىك قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا ئۆزلىرى تەرەپكە ئالدىراش كېلىۋاتقان مۇھەممەتكە دوقۇرۇشۇپ قالدى. نازاكەت بىلەن ئىسمايىلجاننىڭ بىللە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مۇھەممەتنىڭ چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى. ئۇلارغا قاراپ كۈلمەكچى بولدى ـ يۇ، يۈز مۇسكۇللىرى تارتىشىپ پەقەتلا كۈلەلمىدى. كوچا چىرىغىنىڭ يورۇقىدا مۇھەممەتنىڭ چىراي ئىپادىسىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرغان ئىسمايىلجان غالىبلارچە كۈلدى. «ماۋۇ چىدىماسنىڭ چاندۇرۇپ كېتىشلىرىنى. خوپ بولدى. مەن بىلەن قىز تالىشىمەن دەپ يۈرمەي ئىشىڭنى قىل ئاغىنە. ئۆتكەنكى نوچىلىقىڭ نەگە كەتتى سېنىڭ. نازاكەتنىڭ سەۋەبىدىن دۈشمەنلىشىپ يۈرمەيمىز، دوستلۇقىمىزغا نۇقسان يەتكۈزمەيمىز. قايسىمىزنى تاللاش نازاكەتنىڭ ئىختىيارىدا بولسۇن دەۋاتاتتىڭغۇ؟ چىدىماق دېگەن شۇنداق تەس ئاغىنە. بىلىپ قوي، نازاكەتنى ھەرگىزمۇ ساڭا تارتقۇزۇپ قويمايمەن.»

— ئالدىراپ نەگە ماڭغانىدىڭ؟ — سورىدى ئىسمايىلجان قەستەن مۇھەممەتنىڭ چىشىغا تېگىپ.

— ھە... مەن... بىر دوستۇمنىڭ ئۆيىگە...

تەييارلىقسىز تۇرغان مۇھەممەت تەمتىرەپ قالدى، يۈرىكىنى ئازابلاۋاتقان رەشك ئۇچقۇنلىرى ئۇنىڭ كاللىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. مۇھەممەت يېرىم سائەت ئاۋۋال خالمۇرات بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانىدى. خالمۇرات ئۇنىڭغا

نازاكەت بىلەن رەسمىي ئارىنى ئوچۇق قىلىۋەتكەنلىكىنى، نازاكەتنىڭ تېخىچىلا ئۆستەڭ بويىدا قالغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى ۋە بىرھازا ۋاتىلداپ ۋاقىتنى ئالدى. ئۇ خالمۇرات بىلەن مىڭ تەستە خوشلىشىپ، ئۆستەڭ بويىغا قاراپ يۈگۈرگەنىدى، قىرىشقاندەك ئىسمائىلجاننىڭ ئۇنىڭدىن چاققان چىققانلىقىنى قارىمامدىغان. «ئۇلار نېمىلەرنى دېيىشكەندۇ؟ ئىسمايىلجان نازاكەتكە سۆيگۈ ئىزھار قىلغانمىدۇ؟ نازاكەت ماقۇل بولغانمىدۇ؟ نازاكەتنىڭ ئۇياندىن خالمۇراتتىن ئايرىلىپلا، بۇياندىن يەنە بىر يىگىتنىڭ سۆيگۈسىنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق، مەن نازاكەتنى ئوبدان بىلىمەن. ئۇ ئىچى كۆچلۈك، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان قىز، نازاكەتنىڭ يەنە بىرسىنىڭ سۆيگۈ تەلىپىنى قوبۇل قىلىشىغا خېلى بىر جەريان كېرەك. ئۇنچە كۆرەڭلەپ كەتمە بۇرادەر. كۈنلەر ئۇزاق، مەن بەختتىن كۈلگەن ۋاقتىمدا سەنمۇ چىداپ تۇرۇپ كۈلەلىسەڭ بولىدۇ.»

مۇھەممەتنىڭ يۈرىكى بىرئاز جايىغا چۈشتى، ئىسمايىلجانغا قاراپ خاتىرجەملىك بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

— دوستۇڭنىڭ ئۆيىگە بارساڭ بېرىۋەر، — دېدى ئىسمايىلجان مۇھەممەتنى قوغلاپ، — سەن نازاكەتنى ئاپىرىپ قويغاي.

«ھېيلىگەرلىكىنى، ئىشىڭنى قىل، سەن قوغلىغانغا كېتىدىغان مۇھەممەت يوق. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى نازاكەتنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، چىداپ تۇردۇم، مانا ئەمدى پۇرسەت كەلدى. ئەمدى قاراپ تۇرمايمەن.»

— بولدىلا، بەك كەچ بولۇپ كېتىپتۇ، ئەتە بارارمەن، — دېدى مۇھەممەت ئىسمايىلجاننىڭ كۆزلىرىگە كۈلۈپ قاراپ.

ئىسمايىلجاننىڭ بىردىنلا ئاچچىقى كەلدى - يۇ، لېكىن چاندۇرمىدى. يېنىدىن بىر قاپ تاماكىنى ئېلىپ بىر تالنى سۇغۇرۇپ لېۋىگە قىستۇردى - دە، تاماكا قېپىنى مۇھەممەتكە تەڭلىدى.

— بىر تال چېكىپ قويامسەن؟

— چەكسەم چەكتىم، — دېدى مۇھەممەت تۇزۇت قىلمايلا، — تاماكا دېگەن ئاچچىقنى ئالىدۇ ئەمەسمۇ.

ئىسمايىلجان چاقماقنى چىقىرىپ ئاۋۋال مۇھەممەتنىڭ تاماكىسىغا، ئاندىن ئۆزىنىڭكىگە ئوت ياقتى. قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىدە نېمە بارلىقىنى يىگىتلەر بىلىپ بولۇشقانىدى. ئۇلار بىر - بىرىگە بىرنەچچە دەقىقە تىكىلىپ قاراشقاندىن كېيىن تەڭلا قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. يىگىتلەرنىڭ شۇ دەقىقىدىكى ئوي - خىياللىرىدىن بىخەۋەر نازاكەتمۇ ئىختىيارسىز بۇ كۈلكىگە قوشۇلدى.



# ئون سەككىزىنچى باب

# قىسىلغان يۈرەك

## 1

ھايات پەقەت تۇرمۇشنى چۈشەنگەنلەر، ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلالىغانلار ئۈچۈن چەكسىز مەنىلىك. ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنالىغانلار ۋە ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايىنىپ ئۆز مۇددىئاسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالىغانلار ئۈچۈن باي ۋە مەزمۇنلۇق، غايە ۋە ئارزۇ مەنزىلىگە يېتىشكە كۆزى يەتكەنلەر ئۈچۈن تولىمۇ گۈزەل ۋە قەدىرلىك.

تۇرمۇش ئويۇنچۇق ئەمەس. ئۇ ساختىلىقنى، ئالدامچىلىقنى يامان كۆرىدۇ. شۇڭا، ئۆزىگە چاقچاق قىلغۇچىلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىدۇ، ساختىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلايدۇ. بۇ — ھەممەيلەننىڭ، بولۇپمۇ تۇرمۇش يولىغا تۇنجى قېتىم مۇستەقىل قەدەم باسقان ياشلارنىڭ ياخشى چۈشىنىۋېلىشىغا تېگىشلىك مۇھىم بىر مەسىلە.

خالمۇراتنىڭ يازلىق تەتىلدە ئۇزاق تۇرمايلا مەكتەپكە قايتىپ كەلگەنلىكى ئەقىللىك ئوقۇرمەنلىرىمىزگە چۈشىنىشلىك بولسا كېرەك. ئۇ ئاشۇ كۈنى تاڭ سەھەردە يولغا چىقىپ توپتوغرا ئىككى كېچە، بىر كۈندۈزدە ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ روھىي ھالىتى تولىمۇ كۆتۈرەڭگۈ ئىدى، خۇشاللىقتىن يۈرىكى كۆكرەك قەپىسىگە سىغمايلا كەتتى. خالمۇرات نازاكەتتىن

ئايرىلىپ كېتىپ، ۋۇجۇدىنى قاتتىق بېسىپ كېلىۋاتقان غايەت زور بىر مەنىۋى يۈكتىن قۇتۇلغانىدى. چۈنكى، ئۇ دەسلەپ نازاكەتتىن بۇنچە ئاسان ئايرىلىپ كېتەلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. شۇڭلاشقا، بۇ ئىشنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە خېلىلا باش قاتۇرغان، سەۋەب، چارە ـ ئامال ئىزدىگەنىدى. بىراق، ئىش ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدەك ئۇنچە قىيىنلىشىپ كەتمەي، ئاسانلا ھەل بولدى، يەنە كېلىپ شۇنچە چىرايلىق، شۇنچە دوستانە ھەل بولدى. ئۇ كۆڭلىگە پۈككەنلىرىنى نازاكەتنىڭ خۇددى ئەۋلىيالاردەك ئاسانلا بىلىۋالغانلىقىغا، يەنە كېلىپ ھېچقانداق يېلىنىش، يالۋۇرۇش سۆزلىرىنى قىلماستىن، قويغان تەلىپىگە دەرھاللا ماقۇل دېگىنىگە ھەيران قالدى. ئاشۇ كۈنى نازاكەت خالمۇراتنى ئەيىبلەپ تىللىغان، ھاقارەتلىگەن بولسىمۇ، ئۇ ھېچنېمىنى دېمىگەن بولاتتى. خالمۇرات يول بويى مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق مۇلاھىزە يۈرگۈزدى، ئايرىلىپ كېتىش تەلىپىگە نازاكەتنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئاسانلا قوشۇلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ھەر خىل ئىشلارغا باغلاپ تەھلىل قىلدى، لېكىن ئۆزى قانائەتلەنگۈدەك جاۋابقا ئېرىشەلمىدى. نازاكەتنىڭ ئاشۇ كۈندىكى مەغرۇر، خاتىرجەم قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە، يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى يەڭگىل ئېچىشتى، ئىچى ئاچچىق ھېسلارغا تولدى. «بەلكىم، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ‹كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق› دەپ، ئۇمۇ يەتتە ـ سەككىز ئايدىن بېرى يازغان خەتلىرىگە جاۋاب ئالالمىغاندىن كېيىن ئۆزىگە تۇشلۇق بىرسىنى تېپىۋالغاندۇ. بولمىسا مەن ئېغىز ئاچا ـ ئاچمايلا ئايرىلىپ كېتىش گېپىنى قىلىپ يۈرەرمىدى. ئۆزىغۇ تولىمۇ ساددا، كەڭ قورساق، ئاق كۆڭۈل قىز ئىدى. شۇغىنىسى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ قالغان بولسا، بۇنداق ئەھۋاللارمۇ بولماس ئىدى. بىچارە... ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى گۇناھنى مەندە قويۇشتى.

مۇھەممەتنىڭ يۈزۈمدىن يۈزۈمگە «ۋىجدانسىز» دەپ كېتىشلىرىنى دەيمىنا. ھىم، ۋىجدان، ۋىجدان دېگەن نېمە ئۇ؟ ھازىر ئېقىۋاتقىنى ھوقۇق، پۇل، ئابرۇي، مەرتىۋە، مەركىزىي شەھەرلەردە قېلىپ كۆڭۈللۈك ياشاش. بۇ نەرسىلەرگە ئۇنىڭ ئېيتقان ئاشۇ ئاتالمىش ۋىجدانى ئېرىشتۈرەلەمدۇ؟ ياق، ھەرگىز ئېرىشتۈرەلمەيدۇ. بۇ نەرسىلەرگە پەقەت بىرەر كۈچلۈك ئارقا تىرەك، مال ـ دۇنيا، ئاندىن قالسا ئالىي مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىلىم ۋە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانلىقتىن ئىبارەت يۇقىرى سالاھىيەتلا ئېرىشتۈرەلەيدۇ. ئۇلار كىچىككىنە نەتىجىسىنى كۆرۈپ بەكلا كۆرەڭلەپ كېتىپتۇ، كۆرىمىز تېخى. ئاز كۈندە ئىشلىرى ئاقماي ۋەيران بولسا زاۋۇت قۇرغانغىمۇ تويىدۇ. كىچىككىنە ناھىيە بازىرىدا سودا، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ قانچىلىك ئىگىلىك تىكلىيەلەر ئۇلار.» ئۇ ئەنە شۇلارنى خىيال قىلىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بىر ئەمەلدارنىڭ قىزىنى قولغا كەلتۈرۈۋالغانلىقىدىن تولىمۇ مەمنۇن بولدى. چۈنكى، ئۇ خالمۇراتنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانلىق سالاھىيىتىدىن باشقا، مېھرىنىسايىنىڭ دادىسىدەك چوڭ بىر يۆلەنچۈكىمۇ كەلگۈسىدە ئۇنىڭ ئۈرۈمچىدەك مەركىزىي شەھەردە قېلىپ خىزمەت قىلىشىدا، يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە ئېرىشەلىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان مۇھىم ئامىل ئىدى. شۇڭلاشقا، مېھرىنىساي خالمۇراتنىڭ نەزىرىدە خاسىيەتلىك بىر ئەڭگۈشتەر ئىدى. ئۇ يول بويى مېھرىنىساينى بىردەممۇ خىيالىدىن نېرى قىلالمىدى.

خالمۇرات توقسۇندا توختاپ تاماق يېگەن ۋاقىتتا مېھرىنىسايغا ئالاھىدە تېلېفون بېرىۋەتكەنىدى. شۇڭلاشقا، ئەتىسى ئۈرۈمچى بېكىتىدە ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ بولغۇچە مېھرىنىساي ئالدىغا خۇش چىراي چىقىپ كۈتۈۋالدى.

— ئەجەب تەتىل ۋاقتى توشماستىنلا كېلىۋاپسەنغۇ؟ — سورىدى مېھرىنىساي ئەجەبلەنگەن ھالدا.

— سىنى سىغىنىپ، — دېدى خالمۇرات چاقچاق ئارىلاش قىسقىلا جاۋاب بېرىپ.

«سىنى سىغىنىپ؟ — دەپ چاقچاق تېزلىكىدە خىيال سۈردى مېھرىئاي خالمۇراتنىڭ بەرگەن جاۋابىدىن قانائەت ھاسىل قىلماي، — يۇرتقا بىر يىلدىن بېرى ئاران بارغاندا، ئەتىل ۋاقتىنى توشتۇرمايلا قايتىپ كەلسە، ئاتا - ئانىسى نېمىدەپ قالغاندۇ ياكى ئۇرۇمچىگە كەلمىسە بولمايدىغان بىرەر ئىش بولغانمىدۇ يا؟» مېھرىئاي مەكتەپتە ئاتا - ئانىسىنى، يۇرتىنى سېغىنىپ، ئەتىل ۋاقتىنىڭ تېزرەك كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ، ھەپتە، كۈن، ھەتتا سائەت، مىنۇت ھېسابلاپ ئاۋارە بولۇپ كەتكەن ساۋاقداشلىرىنى كۆپ كۆرگەنىدى. شۇڭلاشقا، خالمۇراتنىڭ ئەتىلنى توشتۇرمايلا بۇنچىۋالا تېز قايتىپ كېلىشىدىن بىرئاز ئەجەبلەندى.

— ھىم، مېنى سىغىنىپتىمىش تېخى، — دېدى ئۇ چاقچاق قىلىپ، — ئاتا - ئاناڭ ھەيدىۋەتكەندۇ تايىنلىق.

— دېگەن گەپلىرىڭنى قارا، — دېدى خالمۇرات رەنجىگەن قىياپەتتە، — ئەتىلدىن بۇرۇنلا قايتىپ كەلگەنلىكىمنى باشقىلار ئاڭلىسا شۇنداق خىيالدا بولۇپ قالار دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن، سېنىڭ ئاغزىڭدىن بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقماپتىكەنمەن، تېخى بوينۇمغا ئېسىلىپ تۇرۇپ قارشى ئالىدۇ دەپ ئويلىسام...

— شۇنداق ئويلىغانمىدىڭ تېخى. داپشاقنىڭ گېپىنى. ئەكېلە، سومكىدىن بىرنى مەن كۆتۈرۈۋالاي، — دېدى مېھرىئاي كۈلكىدىن ئۆزىنى توختىتىۋالالماي.

— بولدى، ئاۋارە بولما، — دېدى خالمۇرات سومكىنى مېھرىئايدىن قاچۇرۇپ، چىرايىنى پۈرۈشتۈرگەن ھالدا، — قارشى ئېلىنمىغان مېھماننىڭ كەتكىنى ياخشى. جەنۇب تەرەپكە ماڭىدىغان ماشىنىدىن بىرنى تېپىپ ھازىرلا يۇرتقا قايتاي.

— پاھ، ماۋۇ تاۋۇ نازۇكىنىڭ گېپىنى، — دېدى مېھرىئاي

تېخىمۇ تېلىقىپ كۈلۈپ، — كىم سېنى قارشى ئالمايمەن دەپتۇ.

— ئۆزۈڭچۇ! — دېدى خالمۇرات يالغاندىن باتناپ.

— مەن؟ — مېهرىئاي ئەجەبلەنگەندەك بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە تېلىقىپ كۈلدى - دە، خالمۇراتنىڭ بۇرنىدىن نوقۇپ تۇرۇپ دېدى، — قاچان شۇنداق دېدىم ئۇششۇق.

— گەپنى ئۇچۇق قىلمىغىنىڭ بىلەن گېپىڭنىڭ ئۇرانىدىن شۇ مەنە چىقىپ تۇرمامدۇ؟

— بولدىلا، يۇرتقا بېرىپ تازىمۇ بىر كۆكەرمە بولۇپ كەپسەن، شۇنداقلا سوراپ قويغان گەپكە ئېسىلىۋالغىنىڭنى قارا سېنى، قارشى ئالغىلى چىقمىغان بولسام ئالايتەن دادامنىڭ پىكاپىنى ئەكېلەرمىدىم.

— نېمە؟ مېنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن مەخسۇس پىكاپ ئاچىقتىڭما؟ — خالمۇراتنىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن چاقناپ كەتتى.

— شۇنداق، دادامغا سېنى كېلىدىكەن دەپ ماشىنىنى سورىدىم. قېنى، تېز بول، شوپۇر ساقلاپ قالمىسۇن.

ئۇلار لىق نەرسە قاچىلانغان يوغان سومكىلارنى كۆتۈرۈشكىنىچە، نېرىراقتا تۇرغان هاۋا رەڭ پىكاپنى نىشانغا ئېلىپ مېڭىشتى.

— بىزنىڭ مەكتەپكە هەيدەڭ، — دېدى مېهرىئاي جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن شوپۇرغا بۇيرۇق قىلىپ.

— مەكتەپكە نېمىشقا بارىمىز؟ — دېدى خالمۇرات ئەجەبلىنىپ.

— مۇنۇ نەرسە - كېرەكلىرىڭنى جايلاشتۇرۇۋەتمەمدۇق.

— سومكىدىلەرنىڭ هەممىسى ساڭا ئالغاچ كەلگەن نەرسىلەر.

— هەممىسى؟ — دېدى مېهرىئاي ئەجەبلىنىپ، — نېمانچە كۆپ نەرسىلەر بۇ؟

— كۆپ ئەمەس، ياڭاق، گۈلە - قاق، قۇرۇق ئۈزۈم، پىستە - بادام دېگەندەك يۇرتنىڭ يەرلىك مەهسۇلاتلىرى، سىلەرنى تېتىپ

باقسۇن دەپ ئالغاچ كەلدىم.
— رەھمەت ئەمىسە، تولىمۇ ئاۋارە بوپسەن.
— بولدىلا، ئادەمنى خىجىل قىلمىغىنا، — دېدى خالمۇراتمۇ تەكەللۇپ قىلىپ ۋە مېھرىئاينىڭ قولىقىغا ئاستا پىچىرلىدى، — ھۆرمەتلىك مەلىكەم، مەينى قەسىرىڭىز تەرەپكە ھەيدەشكە ئەمر قىلمامسىز. بۇ نەرسىلەرنى ئۆيىڭىزگىلا ئاپىرىۋېتەيلى.
— ئەسكى، — مېھرىئاي خالمۇراتنىڭ يوتىسىنى نازلىق چىمداپ قويۇپ شوپۇرغا بۇيرۇق قىلدى، — ئۇستام، مەكتەپكە بارمايدىغان بولۇپ قالدۇق، ئۇدۇل بىزنىڭ ئۆيگىلا ھەيدەڭ، — ئۇ ئاغزىنى خالمۇراتنىڭ قولىقىغا يېقىن ئەكېلىپ پىچىرلىدى، — ھازىر دادام بىلەن ئاناممۇ سېنىڭ يولۇڭغا قاراپ ئولتۇرىدۇ.
— يالغان سۆزلىمىگىنە؟ — دېدى خالمۇرات ئىشەنمىگەن ھالدا.
— راست دەۋاتىمەن. مەن بېكەتكە ماڭغاندا ئانام سېنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تاماق تەييارلاپ قالغان.
— ئاپلا، شۇ تۇرقۇمدا بارسام قانداق بولار؟ — دېدى خالمۇرات ئۆسۈپ كەتكەن ساقال - بۇرۇتلىرىنى سىلاپ.
— ھېچ گەپ يوق، ئۆيگە بارغاندا دادامنىڭ ساقال قىرغۇچىدا قىرىۋالساڭ بولىدۇغۇ.
— قېيىنئاتامنىڭ نەرسىسىنى ئىشلىتىۋالسام قانداق بولار؟ — دېدى خالمۇرات شوخلۇق بىلەن قىزنىڭ قولىقىغا پىچىرلاپ.
— دادام كۆيۈ ئوغۇلدىن بىرنەرسە ئايايدىغان بېخىل ئادەملەردىن ئەمەس، — دەپ جاۋاب بەردى مېھرىئايمۇ قىزىقچىلىق قىلىپ.
— راستىما؟
مېھرىئاينىڭ كېيىنكى بىر ئېغىز سۆزى خالمۇراتنى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇش قىلىۋەتتى. ئۇ ھاياجاندىن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا قىزنىڭ بىر تۇتام كېلىدىغان بېلىدىن مەھكەم قۇچاقلىۋالغانىدى. ئەگەر مېھرىئاي چىڭراق ئولتۇرمىغان بولسا

ئۆزىنى خۇشاللىقتىن ئەسەبىيلەشكەن يىگىتنىڭ قۇچىقىدا كۆرگەن ۋە دادىسىنىڭ مۇنۇ شوپۇرى ئالدىدا خىجالەتتە قالغان بولار ئىدى.

— ئاستاراق، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ خالمۇراتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ تۇرۇپ ۋە يىگىتكە شوپۇرنى ئاستا ئىما قىلدى.

خالمۇرات شۇ چاغدىلا ھاياجانلىنىپ كېتىپ ھېسسىيات تىزگىنىنى قولدىن چىقىرىپ قويغانلىقىنى سەزدى ـ دە، قىزغا قاراپ تىلىنى چىقىرىپ قويدى، بىلىكىنى قىزنىڭ بېلىدىن ئاستا ئاجراتتى، لېكىن خۇمارلاشقان كۆزلىرى قىزغا مەجنۇنلارچە تىكىلگەنىدى.

— كەچتە... — يىگىتنىڭ دېمەكچى بولغان گېپىنىڭ ئايىغى چىقىپ بولغۇچە، سەزگۈر قىز بارمىقىنى لېۋىگە قويۇپ، يىگىتنى سۆزدىن توختىتىۋالدى ۋە بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى. پىكاپ بىردەمنىڭ ئىچىدە مېھرىئاينىڭ ئائىلىسى جايلاشقان بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇلار ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە مېھرىئاينىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى راستىلا خالمۇراتنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇرغانىدى. كۈتۈلمىگەن بۇ ئالىي شەرەپكە ئېرىشىپ قالغان خالمۇرات خۇشاللىقتىن تېرىسىگە سىغمايلا قالدى.

## 2

بۈگۈن ياقۇپ ئاكىلارنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن ئەڭ خۇشاللىنارلىق بىر كۈن بولدى. نازاكەتنىڭ ئىنىسى پەرھات ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چاقىرىق قەغىزىنى تاپشۇرۇۋالغانىدى. ھېيت ـ ئايەم تۈسىگە كىرگەن بۇ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ چىرايىدا كۈلكە، مەمنۇنلۇق جىلۋە قىلاتتى، پەرھاتقا بىر قەھرىمانغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلاتتى، كۆڭلىنى ئىزدەيتتى، ئەركىلىتەتتى،

سۆيەتتى. ھەسەلخان ئاچا خۇشاللىقتىن كۆز يېشى قىلدى. ئۆتكەن يىلى مۇشۇ مەزگىلدە ئاغرىپ يېتىپ قالغانلىقى سەۋەبلىك نازاكەتنى ئوقۇشقا ماڭدۇرالمىغانلىقىدىن ھەسرەتلەندى، ئەپسۇسلاندى. ياقۇپ ئاكا خۇشال ئولتۇرسىمۇ، بېشىدا يەنىلا بىر تاغار غەم بار ئىدى. ئۇ نازاكەتنىڭ ياردىمى بىلەن ئايالىنى داۋالىتىش ئۈچۈن سىرتتىن ئالغان قەرزلىرىنى قايتۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن تۇزۇك پۇل ئىقتىساد قىلالمىغانىدى. ھازىر ئۇ ئوغلىغا كېتىدىغان ئوقۇش خىراجىتى ھەققىدە ئىنچىكە ھېسابات قىلىۋاتاتتى.

— پەرھاتنىڭ ئوقۇش خىراجىتىنى ئۆزۈم ئۈستۈمگە ئالىمەن، — دېدى نازاكەت دادىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەك سۆزلەپ، — ئەمما پەرھاتقا قويىدىغان شەرتىم بار.

— نېمە شەرت ئۇ ئاچا، — دېدى پەرھات نازاكەتكە ئەركىلەپ تۇرۇپ، — ماڭا بېرىدىغان پۇلۇڭغا چىدىمايۋاتامسەن يا؟

— پۇلدىن خاتىرجەم بول، — دېدى نازاكەت كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئەمما مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن چوقۇم «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولۇپ ئوقۇيسەن. مەكتەپنىڭ سىرتىدىن دوست تۇتمايسەن، ھاراق ئىچمەيسەن، تاماكا چەكمەيسەن. بەش يىللىق ئوقۇش ھاياتىڭنىڭ ئىككى يېرىم يىلىدا ئىنگلىز تىلىنى، يەنە ئىككى يېرىم يىلىدا ياپون تىلىنى ئۆگىنىپ بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىسەن، ساۋاقداشلىرىڭ بىلەن ئىناق، ئېجىل ئۆتىسەن، بىر سائەتمۇ دەرس قالدۇرمايسەن. ئەگەر يۇقىرىقىدىكى شەرتلىرىمنىڭ بىرسىنى ئورۇنلىمىساڭ ساڭا بېرىدىغان بىر تىيىنمۇ پۇل يوق.

— خاتىرجەم بول ئاچا، بۇ شەرتلەرنى تولۇق ئورۇنلاشقا ۋەدە بېرىمەن، — دېدى پەرھات ئاچىسىغا قولىنى تەڭلەپ، — كەل باغلىشايلى، — پەرھات ئاچىسىنىڭ قولىنى مەھكەم قىسىپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ماڭا بەرگەن پۇللىرىڭنى تولۇق خاتىرلەپ قويۇپ ماڭ. ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كەلگەندىن

كېيىن تولۇق قايتۇرۇپ بېرىمەن.

— نېمە دېگىنىڭ بۇ ئوغلۇم، — دېدى ئانا پەرھاتنىڭ كېيىنكى سۆزلىرىگە نارازى بولۇپ، — ئاچاڭنىڭ ياخشى كۆڭلىنى چۈشەنمەيۋاتامسەن، قانداق؟ سىلەر دېگەن قان - قېرىنداش، ئاچاڭنىڭ پۇلى سېنىڭ پۇلۇڭغا ئوخشاش...

— ياق ئانا، ئۇنداق دېمەڭ، — دېدى پەرھات قەتئىيلىك بىلەن، — مەن دېگەن بىر ئوغۇل بالا، قاراپ تۇرۇپ بىر قىز بالىنىڭ پۇلىنى بىكاردىن - بىكارغا ئىشلىتىۋالسام بولمايدۇ. ئاچامنىڭ قۇرۇق قول ئىگىلىك تىكلەپ پۇل تېپىۋاتىدۇغۇ، بىر قىز بالا شۇنچىلىك ئىشنى قىلالىغان يەردە مەن قىلالمامدىمەن. كەلگۈسىدە مەن ئاچامدىنمۇ جىق پۇل تاپىمەن. ھازىرچە ئاچامنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلدىم. كېيىنچە چوقۇم قايتۇرىمەن.

ئىنىسىنىڭ يىگىتلەرگە خاس مەردانە سۆزلىرىدىن نازاكەت ھەم خۇشاللاندى، ھەم قايىل بولدى، كۆزىگە ئىنىسى بىردىنلا چوڭ يىگىت بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈندى.

— خۇدايىم تىلىكىڭلارغا يەتكۈزەر بالىلىرىم، — دېدى ھەسەلخان ئاچا سۆيۈنگەنلىكىدىن كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ.

ياقۇپ ئاكىنىڭ ۋۇجۇدىنى بولسا بىر خىل پەخىرلىك تۇيغۇلار قاپلىۋالغانىدى.

## 3

پەرھاتنى ئوقۇشقا ماڭدۇرۇپ، ياقۇپ ئاكىمۇ، ھەسەلخان ئاچىمۇ خېلىلا يەڭگىللەپ قالدى. ھەسەلخان ئاچىنىڭ ھازىرقى غېمى نازاكەتتىلا قالغانىدى. نېمە ئۈچۈندۇر ئانا نازاكەتنىڭ توينى قىلىشقا ئالدىرايتتى. ئۆيدە يالغۇز قالغان ۋاقىتلىرىدا قىزىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە باش قاتۇراتتى، خىيال سۈرەتتى.

تاك... تاك... تاك.

ھويلا دەرۋازىسىنىڭ يەڭگىل چېكىلىشى ئانىنىڭ خىيال يىپلىرىنى ئۈزۈۋەتتى. دەرۋازا تۈۋىدىكى ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك مېھرى ئىسسىق ئايالنى بىر قاراپلا تونۇدى، دەرۋازا تۈۋىدە مۇھەممەتنىڭ ئانىسى كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى.

— ئەسسالام.

— ھارمىغايلا، سالامەت كەللىمۇ؟!

ئىككى ئانا قىزغىنلىق بىلەن مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ تۇرۇپ كۆرۈشتى، تىنچلىق - ئامانلىق، ھال - ئەھۋال سوراشتى.

— قېنى، ئۆيگە كىرسىلە، — دېدى ھەسەنخان ئاچا مېھماننى ئۆيگە باشلاپ.

مۇھەممەتنىڭ ئانىسى ئۆيگە كىردى، كۆرپىگە جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ يۈزىنى سىيپىدى - دە، ھەسەنخان ئاچىدىن قايتىدىن ئەھۋال سورىدى.

— خېلى تۈزۈلۈپ قالدىمۇ خېنىم، يوقلاپ كىرەرمەن دېسەم، ئېتىز - ئېرىقنىڭ ئىشلىرىدىن بىكار بولالماي ۋاقىت چىقىرالمىدىم. بۈگۈن ئازراق ئارام تېپىپتىكەنمەن، لىپپىدە كۆرۈشۈپ، مۇڭدىشىپ چىقاي دەپ كىرىشىم.

— رەھمەت، ھەر نېمە بولسا يوقلاپ كىرىپلا، سىلىنى ئاۋارە قىپتىمەن، — دېدى ھەسەنخان ئاچا تەكەللۇپ قىلىپ، — دوختۇرخانىدا ياتقان ۋاقتىمدىمۇ يوقلاپ تۇرلا. مەنمۇ بىر چىقىپ كىرەرمەن دېگەن، مېڭىپ يۈرگىنىم بىلەن كېسىلىم تولۇق چىقىپ بولالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بىر يەرگە كەتسەم مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان باللار قىيىنىلىپ قالىدىكەن، — ھەسەنخان ئاچا گەپ قىلغاچ بىر پەتنۇسقا ئۈششاق - چۈششەك نەرسىلەردىن تىزىپ ئەكەلدى، — قېنى، باققاچ ئولتۇرسىلا، مەن چاي دەملەپ كىرەي.

مۇھەممەتنىڭ ئانىسى ئىككى - ئۈچ قېتىم دوختۇرخانىغا ھەسەنخان ئاچىنىڭ كېسىلىنى يوقلاپ كىرگەن بولۇپ، شۇ چاغدىلا ئۇلار باللىرىنىڭ تەقدىرى ۋە ئۆزلىرىنىڭ دەردۇ

ئەھۋاللىرىنى ئېيتىشىپ ئوبدانلا چىقىشىپ قالغانىدى، بۈگۈن ھەسەلخان ئۆزىنى يەنە يوقلاپ كىرگىنىنى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى، يۈگۈرۈپ چىقىپ قوشنىسىنىڭ بالىسىنى قاسساپ دۇكىنىغا گۆشكە ئەۋەتىۋېتىپ، ئالدىراش تاماققا تۇتۇش قىلدى.

— ئاۋارە بولمىسىلا خېنىم، گۇڭگۇر - مۇڭگۇر ئىككى ئېغىز مۇڭدىشىپ ئولتۇرايلى، — دېدى مۇھەممەتنىڭ ئانىسى تاماققا تەييارلىق قىلىۋاتقان ھەسەلخان ئاچىنىڭ قېشىغا چىقىپ.

— ئۇنداق دېمىسىلە، بىر قوشۇق تاماق ئېتەي، — دېدى ھەسەلخان ئاچا ئۇنىماي، — دوختۇرخانىدا ياتقان ۋاقتىمدىغۇ قورۇق يولغا سېلىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدۇم، ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايمەن، ھايال قالمايمەن، تاماق بىردەمدىلا پىشىدۇ.

— ئۇنداقتا تاماقنى بىللە ئەتكەچ مۇڭدىشايلى، — دېدى مۇھەممەتنىڭ ئانىسى يول قويۇپ.

ئۇلار بىللە تاماققا تەييارلىق قىلغاچ بىرھازا ئۇيان - بۇيانىنىڭ پاراڭنى قىلىشتى. پاراڭ مۇھەممەت بىلەن نازاكەت ۋە ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا يۆتكەلگەندە، پەرزەنتلىرىنىڭ ئىنسابىدىن، ئەقلىدىن، غەيرىتىدىن سۆيۈنۈپ، پەخىرلىنىپ خۇشال بولۇشتى.

— ئەس - يادىم ئاشۇ مۇھەممەت بالامدا، — دېدى مۇھەممەتنىڭ ئانىسى، — شۇ بالامنىڭ توينى قىلىپ، بېشىنى ئوڭلىۋالسام خاتىرجەم بولاتتىم.

— مەنمۇ شۇ، — دېدى ھەسەلخان ئاچىمۇ نازاكەتنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، — ئاشۇ قىزىمنى ياتلىق قىلىۋالسام كۆڭلۈم ئەمىن تېپىپ قالاتتى.

مۇھەممەتنىڭ ئانىسىنىڭ بۈگۈن ھەسەلخان ئاچىنى يوقلاشتىن باشقا مەقسىتىمۇ بار ئىدى، شۇڭا ئۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن مەقسىتىنى ئاشكارىلاشقا ئۆتتى.

— نازاكەت قىزىمۇ شۇنداق ئەخلاقلىق، ئاق كۆڭۈل، ئىشچان قىز بوپتۇ. بىزنى دېھقان خەق، سەھرالىق دېمىسىلىغۇ، ئاشۇ

قىزىمنى كېلىن قىلىۋالغۇم بار ئىدى.

— ئۇنداق دېمىسىلە، بىزمۇ دېھقاننىڭ ئەۋلادى. سىلىدىن قىز ئاياپ ئولتۇرمايمەن.

ھەسەلخان ئاچىنىڭ رەسمىيەت يۈزىسىدىن ئېيتىپ قويغان بۇ سۆزلىرى مۇھەممەتنىڭ ئانىسىنى تولىمۇ خۇش قىلىۋەتتى، شۇڭا تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇشقا ئالدىرىدى:

— ئەگەر شۇنداق ياخشى كۆڭۈللىرى بولسا، مەنمۇ بۇ يەردە ئەلگەككە چىقىپ ئەرگە تەگكەندەك ئىش قىلماي، قائىدە بويىچە تەييارلىق قىلىپ ئەلچى كىرگۈزەي.

گەپىنىڭ چىڭىغا چىقىشى ھەسەلخان ئاچىنى سەل تەمتىرەتتى. ئانا جىيەن ئوغلى ئىسمايىلجانغا ئوخشاشلا مۇھەممەتنىمۇ ياخشى كۆرەتتى، ئۇنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل بولۇشقا مۇناسىپ دەپ قارايتتى. گاھى ۋاقىتلاردا مۇھەممەت بىلەن نازاكەتنىڭ تەقدىرىنى بىرلەشتۈرۈپ خىيالمۇ سۈرگەنىدى. لېكىن، ئۇ ئاچىسى بىلەن مەسلىھەتلەشكەن، ۋەدە بەرگەن. بۇ ئۇرۇق - تۇغقاندارچىلىقتا، قېرىنداشلىقتا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. يەڭگىلتەكلىك قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئۇ خىجىل بولغان ھالدا ئۆزرە ئېيتتى:

— مۇھەممەتجان بالىمۇ كۆزۈمگە ئۆز ئوغلۇمدەك كۆرۈنىدۇ. پەزىلەتلىك، ئەخلاقلىق ياخشى بالا بولدى. مەن ھەرقايسىلىرىدىن ھەرگىز قىز ئايىمايمەن. سىلىدىن يوشۇرۇپ نېمە قىلاي. ئۆتكەن يىلى دوختۇرخانىدا ياتقان ۋاقتىمدا شامالباغدىكى ئاچام بىلەن ئازراق بىر مەسلىھەت قىلىشقانىدۇق، شۇڭا باش ئاغرىقى قىلىپ كەلگەنلەرگە ئۇچۇر قىلالماي تۇرۇۋاتىمىز.

ھەسەلخان ئاچىنىڭ جاۋابىدىن مۇھەممەتنىڭ ئانىسى بىرئاز ئۈمىدسىزلەندى. «قىزى بارنىڭ نازى بار، دېگەن گەپ بار. لېكىن، ھەسەلخان ناز قىلغاندەك قىلمايدۇ. ئاچىسى بىلەن قۇدىلىشىشقا پۈتۈشكەن بولسا، بۇ ئىشتىن ياندۇرغىلى بولمىغۇدەك. مۇھەممەت بالامنىڭ كۆڭلىگە كىرىپ چىقسامغۇ،

نازاكەت قىزدىن باشقىسىغا مەيلى بارداك ئەمەس. ئوغلۇمنىڭ پېشانىسى شورلۇق ئوخشايدۇ. ئۇنىڭمۇ پېشانىسىغا پۇتۇلگىنى باردۇر...»

— ھەرھالدا گەپنى ھازىرلا ئۈزۈۋەتمەي تۇرايلى، — دېدى مۇھەممەتنىڭ ئانىسى، — «نىكاھ غايىب» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ. ئالدىرىماي تۇرساق بىر گەپ بولار.

— شۇنداق، ھازىر جاھان بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ. بالىلارنىڭ مەيلىگە قارىمىساق تېخى بولمىغان. كېيىنچە بىر گەپ بولار، — دېدى ھەسەلخان ئاچىمۇ مۇجمەللا قىلىپ، نېمە ئۇچۇندۇر ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ تەۋرىنىپ قېلىۋاتاتتى. «مۇھەممەتمۇ يامان ئەمەس بالا. ئاچام باشتا ئېغىز ئېچىپ قويمىغان بولسا، نازاكەتنى شۇ بالىغىلا بېرەركەنمەن. ئۇرۇق - تۇغقان بىلەن قۇدا - باجا بولىسىغۇ ياخشى بولمايتتى. كونىلاردا ‹بىدە تاپساڭ ئاتقا بەر، قىز چوڭ بولسا ياتقا بەر› دېگەن تەمسىل بار. ناۋادا بالىلار كېلىشەلمەي قالسا، ئاچام بىلەن ياتلىشىپمۇ كېتەرمىزمۇ. شۇڭىمۇ كىشىلەر ‹تۇغقاننى يات قىلاي دېسەڭ ئوتتۇرىغا قىز قوي، ياتنى تۇغقان قىلاي دېسەڭ ئوتتۇرىغا پۇل قوي› دەيدۇ ئەمەسمۇ. خۇدايىم بۇ ئىشلارنىمۇ خەيرلىك قىلار. ئاشۇ بىچارە قىزىمنىڭمۇ بەخت - پېشانىسىدا باردۇر.»

## 4

بۈگۈن ھەسەلخان ئاچا تاماقنى بۇرۇنلا پىشۇرۇپ نازاكەتنىڭ ئۆيگە كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى. ئانا قىزى بىلەن ئىسمايىلجان ھەققىدە يەنە بىر سۆزلىشىپ باقماقچى، نازاكەت توي قىلىشقا ماقۇل بولسىلا، شامالباغقا چىقىپ ئاچىسىنى تويغا ئالدىراتماقچىدى.

گۇگۇم چۈشۈشكە باشلىغان بولسىمۇ نازاكەت تېخىچىلا كەلمەيۋاتاتتى. ئانا تىت - تىت بولۇشقا باشلىدى. «بويىغا يېتىپ

قالغان قىز بالا دېگەن كۈن ئۆلتۈرۈپ بولغۇچە ئۆيگە كەلمىسە قانداق بولىدۇ. ماۋۇ ئادەممۇ ھە دېسىلا نازاكەتنىڭ يېنىنى ئېلىپ بەكلا ئىختىيارىغا قويۇۋەتتى. قىز بالا دېگەننى ۋاقتىدىلا بىرەر ئەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇۋەتكەن ياخشى ئىدى. مانا بۇ قىز بالىمۇ بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىپ كەچ كېلىدىغان بولۇۋالدى. كېچىلەردە بىرەر نامەردنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ. خۇدايىم ئامان قىلار ئىلاھىم.» بىچارە ئانىنىڭ يۈرىكى سۇ ئىدى. ئانىلىق قەلبى بىلەن قىزنىڭ بەختىنى ئويلايتتى، باش قاتۇراتتى.

— نېمانچە كەچ كېلىسەن قىزىم؟ — دېدى ئانا ئىشىكتىن كىرىۋاتقان نازاكەتنى كۆرۈپ كۆڭلى ئارام تاپقان ھالدا، — ماڭ، تامىقىڭنى يەۋال. سوۋۇپمۇ قالدى ھەرقاچان، قىزىتىپ بېرەيمۇ يا؟

— بولدى ئانا، ئاۋارە بولماڭ، — دېدى نازاكەت پۇتىغا سايما كەشنى ئالماشتۇرۇۋېتىپ.

ئانا بىرئاز تەخىر قىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، ھۇجرىسىدا يالغۇز كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغان نازاكەتنىڭ قېشىغا كىردى. نازاكەت ئانىسىنى كۆرۈپ دەس ئورنىدىن تۇردى.

— ئولتۇرۇۋەر، — ئانا شۇنداق دېگەچ نازاكەتنىڭ بىقىنىغا كېلىپ ئولتۇردى، قىزنىڭ ياداڭغۇ چىرايىغا كۆيۈمچانلىق بىلەن سەپسالدى.

— بىرەر ئىش بارمىتى ئانا؟ — سورىدى نازاكەت ئانىسىنىڭ سىنچىلاپ قاراشلىرىدىن ئوڭايسىزلىنىپ.

— ئەلۋەتتە بار، — دېدى ئانا قىزىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، — ماڭا راست گېپىڭنى قىلە قىزىم، ئىسمايىلجان بىلەن زادى نېمە دېيىشتىڭلار؟

— قايسى ئىشنى دەيسىز؟ — ئانىسىنىڭ مەقسىتىنى ئۇقمىغان بولۇپ سورىدى نازاكەت.

— تولا خۇپسەنلىك قىلما، — ئانا بىرئاز تېرىكتى، — ئىسمايىلجان بىلەن قىلىدىغان توي ئىشىڭنى دەۋاتىمەن.

نازاكەتنىڭ يۈزى سۇسلا قىزاردى، دەرھاللا جاۋاب بەرمەي بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئۇنىڭ يەنە بىرەر يىلغىچە بۇ ئىشلار توغرۇلۇق باش قاتۇرغۇسى يوق ئىدى. ئەمما، ئانىسىغا مۇۋاپىق سەۋەب تېپىپ چۈشەندۈرمىسە قايىل قىلالمايتتى. شۇڭلاشقىمۇ دەماللىققا تىلى تۇتۇلۇپ قېلىۋاتاتتى.

— نېمانداق گەپ قىلماي ئولتۇرىسەن، — دېدى ئانا ئالدىرىتىپ.

نازاكەت ئاستا بېشىنى كۆتۈردى:

— مېنى بۇ ئۆيدىن قوغلاۋاتامسىز ئانا؟

ئانىسىنىڭ يۈرىكى ئېچىشتى، بۇ سوئال ئانىغا ئېغىر كەلگەنىدى، كۆز چانىقى لىققىدە ياشقا تولدى.

— نېمە دەۋاتىسەن جېنىم قىزىم، سېنى نېمىشقا قوغلىغۇدەكمەن. سەندىن بىردەم ئايرىلىشقىمۇ يۈرىكىم چىدىمايدۇ مېنىڭ. كۆڭلۈمنى چۈشەنگىن. قىز بويىغا يەتسە ياتلىق بولىدىغان گەپ. بۇ ھەرقانداق ئىنساننىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئىش. يەنىلا سېنىڭ بەختىڭنى كۆزلەۋاتىمەن قىزىم. قىز بالا ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتسە بەختى چىگىلىپ كېتىدۇ، كەيىندىن ئۇششاق گەپ غولداپ قالىدۇ. مېنىڭ كاساپىتىمدىن ئوقۇشقا بارالمىدىڭ. تۇرمۇش ئىشىڭدا يەنە بەختسىز بولۇپ قالساڭ مەن قانداق چىدايمەن، قىزىم؟

— كەچۈرۈڭ ئانا، سىزنى رەنجىتمەكچى ئەمەسمەن، — دېدى نازاكەت ئانىسىنىڭ كۆزىگە ياش ئالغىنىنى كۆرۈپ يۈرىكى ئېزىلگەن ھالدا، — بىراق ھازىرچە توي قىلغۇم يوق. ئەڭ ياخشىسى، بۇ ئىش توغرۇلۇق مېنى يەنە بىر مەزگىل ئالدىراتمىسىڭىز.

— مەن ئالدىراتمىغان بىلەن، خەق باش ئاغرىقى قىلىپ ئارامىمدا قويمايدىكەن، — دېدى ئانا خۇيلىنىپ، — ئۆتكەن ھەپتە مۇھەممەتجاننىڭ ئانىسى كەپتۇ.

— مۇھەممەتجان؟ كىم ئۇ؟

— ھېلىقى سەن بىلەن بىللە باغ ھۆددىگە ئالغان بالىچۇ !

— ھە، مۇھەممەتنىڭ ئانىسىما؟ نېمىدەپ كەپتۇ؟

— سېنى كېلىن قىلىۋالغۇسى بار ئىكەن. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئاشۇ بالا ئانىسىنى سۆز سالغىلى ئەۋەتكەن ئوخشايدۇ. مۇجمەللا جاۋاب بېرىپ يولغا سالدىم.

نازاكەتنىڭ قولىقىغا ئانىسىنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى كىرمىدى، كۆز ئالدىغا مۇھەممەتنىڭ ھەم بىچارىلىك، ھەم ئىلتىجالىق چىقىپ تۇرغان تۇرقى كەلدى.

ئىككى ھەپتە ئاۋۋال باغدىكى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولالماي كەچ قالغان نازاكەت ئۆيگە قايتىشقا تەرەددۇتلىنىپ تۇرۇشىغا مۇھەممەت كېلىپ قالدى. ئۇلار قىسقىچە ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن بىللە يولغا چىقتى.

مۇھەممەتنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا بىر مەزگىل ئۆچمەي قوقاسقا ئايلانغان ئاشىقلىق ئوتى خالمۇرات بىلەن نازاكەت رەسمىي ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن يەنە يېلىنجاشقا باشلىغانىدى. ئۇ نازاكەتنىڭ روھىي ھالىتى ئەسلىگە كېلىپ، خالمۇراتنى ئېسىدىن چىقىرىۋەتكۈچە بىر مەزگىل سەۋر قىلىپ تۇرۇشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، ئىسمايىلجاندىن ئىبارەت سۆيگۈ رەقىبىگە ئۇتتۇرۇپ قويۇشتىن ۋايىم يەپ ئالدىراپ قېلىۋاتاتتى. ھەر قېتىم ئىسمايىلجاننى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە خاتىرجەملىكى بۇزۇلۇپ جىددىيلىشەتتى، ۋۇجۇدى كۈچلۈك بىر ئىستەكتىن لەرزىگە كېلەتتى. ئۇ ئىككى - ئۈچ قېتىم قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، نازاكەتكە يەنە بىر قېتىم سۆيگۈ ئىزھار قىلىش ئۈچۈن ئىزدەپ كەلدى، لېكىن ھەر قېتىمدا قېرىشقاندەك ئىسمايىلجان بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. يىگىتلەر بىر - بىرىگە پەقەتلا پۇرسەت بەرمەيۋاتاتتى.

بۇ قېتىم بەختكە يارىشا نازاكەتنى يالغۇز ئۇچراتتى، يۈرىكى خۇشاللىقتىن ئويناپ كەتتى. ئۇ بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىككە ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرسىمۇ، ھە دېگەندە تىلى

كالۋالىشىپ قېلىۋاتاتتى، قېرىشقاندەك ئۆيگە قايتىشقا ئالدىراۋاتقان قىز ۋېلسىپىت پېدالىنى تېز - تېز تېپەتتى. تەقەززالىق، ھودۇقۇش، تەمتىرەش ئىلكىدە قىينىلىۋاتقان يىگىتنىڭ تاماقلىرى قۇرۇپ كېتىپ باراتتى.

— نېمانچىلا ئالدىراپ ماڭىسەن نازاكەت، — دېدى يىگىت ئاخىر غەيرەتكە كېلىپ، — ماڭا ھەمراھ بولۇپ ماڭغۇڭ كەلمەيۋاتامدۇ يا؟

يىگىتنىڭ بارلىق مەقسەت، مۇددىئالىرى يوشۇرۇنغان بۇ سۆزنىڭ تەكتىگە نازاكەت دەرھاللا يەتتى، ھاياجاندىن ۋۇجۇدى يەڭگىل جۇغۇلدىدى، يىگىتنىڭ ئىلتىجالىق سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇردى.

— گەپ قىلە نازاكەت، — دېدى مۇھەممەت تېخىمۇ غەيرەتلىنىپ، — مەن قەلبىڭدىكى بوشلۇقنى تولدۇرالماسمەنمۇ؟ ساڭا تەقدىرداش بولالماسمەنمۇ؟

يەنە گەپ قىلماي مېڭىۋېرىشكە قىزنىڭ يۈرىكى چىدىمىدى. ئۈنسىز ئىدا قىلدى: «ئاھ تەقدىر، نېمانچە قىينايدىغانسەن مېنى، بىر يىگىتتىن ئايرىۋېتىپ، مانا ئەمدى ئىككى يىگىتنىڭ ئوتتۇرىغا تاشلىدىڭغۇ ئەجەب. ئاھ خۇدا، قانداق قىلارمەن. ماڭا بىر يول كۆرسەتكىن.»

— ئەڭ ياخشىسى ھازىرچە مېنى قىستىما مۇھەممەت، — دېدى نازاكەت ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، — مېنىڭ بىرەر يىلغىچە بۇ توغرۇلۇق ئويلانغۇم يوق.

— بىلىسەن، سېنى ھازىرغىچە ياخشى كۆرۈپ كەلدىم، — دېدى مۇھەممەت خاتىرجەملىك بىلەن كۆڭۈل سىرلىرىنى تۆكۈپ، — ساڭا بىر مەزگىل بۇ تەلىپىمنى دېمەي تۇراي دېگەن، ئەمما ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن، كۈتۈۋېرىپ سېنى يەنە باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويارمەنمۇ دەپ.

— مېنىڭ سەندىن باشقا بىرسىگە بېرىدىغان جاۋابىممۇ شۇ، — دېدى نازاكەت مۇھەممەتنىڭ ئىسمايىلجاننى بېشارەت قىلىپ

سۆزلەۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، — بىرەر يىلغىچە مېنى قىستىماڭلار. ئەڭ ياخشىسى، ھازىرچە بۇ ئىشلار توغرۇلۇق باش قاتۇرمايلى.

مۇھەممەت قايتا ئېغىز ئاچمىدى، ئەمما، نازاكەتكە ئىشىك تۈۋىگىچە ھەمراھ بولۇپ كەلدى.

— شۈكلەپ كەتتىڭغۇ قىزىم. كۆڭلۈڭدىكىنى مەندىن يوشۇرما.

ئانىسىنىڭ بۇ سۆزلىرى نازاكەتنى ئەسلىملەر قوينىدىن تارتىپ چىقاردى. «مۇھەممەت ئانىسىنى ئەلچىلىككە كىرگۈزۈپتۇ - دە. مېنىڭ ھازىرقى روھىي ھالىتىمنى چۈشەنسە نېمە بولار.»

— سەن ھازىر ئىسمايىلجان بىلەنمۇ، مۇھەممەت بىلەنمۇ بىللە ئىشلەۋاتىسەن، — دېدى ئانا قىزىنىڭ كۆزلىرىگە سىناش نەزىرى بىلەن قاراپ، — دەپ باقە، ئىككىسىدىن قايسىسى بەكرەك كۆڭلۈڭگە ياقىدۇ.

— بۇنداق سوئال سورىسىڭىز مەن خىجىل بولۇپ قالىدىكەنمەن ئانا، — دېدى نازاكەت خاتىرجەملىك بىلەن، — ئەڭ ياخشىسى، بۇ توغرۇلۇق مەندىن جاۋاب ئېلىشقا ئالدىرىماڭ. مەن ھەر ئىككىسى بىلەن سۆزلەشكەن. ئۇلار مېنىڭ يەنە بىر يىل ئويلىنىۋېلىشىمغا پۇرسەت بەرگەن. مەن ئۆزۈمنىڭ ئىشلىرىمنى چوقۇم سىز رازى بولغۇدەك بىر تەرەپ قىلىمەن. مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ.

— ئۇنى دېسەم، بۇنى دەيسەن، بۇنى دېسەم، ئۇنى دەيسەن. بىز ئانا - بالا بولغاندىن كېيىن كۆڭۈل سىرلىرىڭنى مەندىن يوشۇرماسلىقىڭ كېرەك ئىدى قىزىم، — دېدى ئانا مەيۈسلەنگەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، — بىر يىل بەك ئۇزاق بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇلارمۇ سېنى رەنجىتىپ قويمايلى دەپ ماقۇل بولغان گەپ. مۇنداق قىلايلى، ئۈچ ئايدىن كېيىن ماڭا جاۋابىنى بەر.

نازاكەت ئانىسىنىڭ بۇ تەلىپىگە جاۋاب قايتۇرمىدى، ئانىسى چىقىپ كېتىشى ھامان ئېغىر بىر يۆكتىن قۇتۇلغاندەك يەڭگىل تىن ئالدى.

# ئون توققۇزىنچى باب

## تەقدىرنىڭ چاقچىقى

سائەتنىڭ ئىستىرېلكىسى رەھىمسىز، قۇياش پەرۋاسىز، ئىككىلىسى ئوخشاشلا ئۆز مۇساپىسىنى ھېچنېمىگە قارىماي توختىماي بېسىش بىلەن مەشغۇل. بىر كۈنلۈك ھايات مۇساپىسى ئىشچانغىمۇ، ھۇرۇنغىمۇ ئوخشاش. ۋاقىتنى كۈنبويى ئويۇن - تاماشا، يەپ - ئىچىش، كەيپ - ساپا بىلەن ئۆتكۈزگەن ئادەمگىمۇ ئوخشاش. ۋاقىتنى يېتىشتۈرەلمەي سائەت ئىستىرېلكىسى بىلەن بەسلىشىپ مىنۇت - سېكۇنت بىلەن ھېسابلىشىپ جاپالىق مېھنەت تەرىنى ئاقتۇرۇۋاتقان ئادەمگىمۇ ئوخشاش.

مانا ھايت - ھۇيت دېگۈچە بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتمۇ ئۆتۈپ كەتتى. نازاكەت، مۇھەممەت، ئىسمايىلجانلار ھۆددە ئالغان باغلىرىدىن بىر يىللىق پىلاندىكىدىن ئاشۇرۇپ ئىقتىسادىي قىممەت ياراتتى، لېكىن تېخىچىلا شەھەر ئەتراپىدىن زاۋۇت قۇرۇشقا يەر ھەل قىلالمىغانلىقىدىن ئۇلارنىڭ كۆڭلى يېرىم. تۈگىمەس رەسمىيەتلەر، پۇتىقى، دوقاللىرى تولا بەلگىلىمىلەر قەدەمدە بىر يوللىرىنى توسۇپ ئۇلارنى خېلىلا ھالسىراتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇلار بوشاشقىنى، نىيىتىدىن يانغىنى يوق.

ئىسمايىلجان ئىچ پۇشۇقىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر ئازراق ئىچىۋالغاندى. ئۇ مۇھەممەت بىلەن كوچىدا دوقۇرۇشۇپ قېلىپلا دادلىغاندەك سۆزلەپلا كەتتى. يەر ھەل قىلىش ئۈچۈن

بېجىرىلمەكچى بولغان بىرەر رەسمىيەتنىڭ يەنە كېيىنكە سۈرەلگەنلىكىنى ھېس قىلغان مۇھەممەت ئىسمايىلجانغا تەسەللى بەردى.

— خاپا بولما، قانداق قىلىمىز، سەۋر قىلايلى. ئۆزۈڭ دېگەنغۇ، بۇ ئىشنى ئالدىرىساق ئاسان ھەل قىلالمايمىز دەپ. ئىچىڭنى پۇشۇرما. سەۋرچان بول.

— يۇرە، قورساق تويدۇرۇۋېلىپ ئازراق ھاراق ئىچەيلى، — دېدى ئىسمايىلجان مۇھەممەتنىڭ قولىدىن تارتىپ.

— مېنىڭ ھاراق ئىچكۈم يوق، باشقا كۈنى ئىچەيلى، — دېدى مۇھەممەت تىرەجەپ.

— ماقۇل دە، بۈگۈن مېنىڭ كۆڭلۈم بەك يېرىم. ماڭا ھەمراھ بولۇپ ئىچىشىپ بەرگىن.

مۇھەممەت نائىلاج ئىسمايىلجانغا ئەگەشتى. ئۇلار بىرقانچە رېستوراننىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئىسمايىلجان قاراپمۇ قويمىدى. مۇھەممەت سەل ئەجەبلەندى.

— نەگە بارىمىز.

— بارغاندا بىلىسەن، — دېدى ئىسمايىلجان.

ئۇلار شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر خىلۋەت كوچىغا جايلاشقان «شىرىن بۇلاق رېستورانى» دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغان، ئىشىكلىرىگە ئالىيېشىل تاۋارلاردىن پەردە تارتىلغان قاتار ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. مۇھەممەت بىر ئاز ئىككىلەندى.

— كەلسىلە مېھمانلار، — چىنارنىڭ سايىسىدىكى چىغ ئورۇندۇقتا مۈگدەپ ئولتۇرغان ئوتتۇرا ياشلاردىكى سېمىز ئايال سۇۋارى قاپلىتىۋالغان ئالتۇن چىشلىرىنى چىقىرىپ ھىجايغىنىچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— بوش ئۆي بارمۇ؟ — سورىدى ئىسمايىلجان.

— بولمامدىغان، ھەمراھ بولىدىغان قىزلارمۇ بار تېخى.

يىگىتلەر ئايال كۆرسەتكەن ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇشتى.

ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا بىر چەينەك چاي بىلەن ئىككى پىيالە كۆتۈرۈۋالغان بىر قىز ئاغزىدىكى تاماكىسىنى تۇغرا چىشلىگىنىچە غىلجىڭ كۈلكىسى بىلەن كىرىپ كەلدى - دە، يىگىتلەرگە بىر پىيالىدىن چاي قۇيدى.

— مېھمانلارغا نېمە لازىمكىن؟

— ئۆزۈڭ بىلىپ ئىككى - ئۈچ قورۇما سەي بىلەن بىر بوتۇلكا ھاراق ئەكىر. يەنە چىرايلىقراق قىزلاردىن ئىككىسى كىرسۇن. بىرسىگە ئۆزۈڭ كىرسەڭمۇ مەيلى، — دېدى ئىسمايىلجان قىزنىڭ كۆزلىرىگە شەھۋانىيلىق بىلەن تىكىلىپ.

قىز نازلىق كۈلۈمسىرەپ قويۇپ ئايناقلاپ ماڭغىنىچە چىقىپ كەتتى.

— مۇشۇنداق يەرگە كىرگۈچە، رېستورانغا كىرسەك بولماسمىدى. ماۋۇ چاي پىيالىسىنىڭ ھەم پۇچۇق، ھەم مەينەتلىكىنى قارىمامدىغان، — دېدى مۇھەممەت غودۇڭشىپ.

— سەنمۇ بولساڭ ئىچىمنى پۇشۇرماي ئولتۇرىۋەر ئاداش، — دېدى ئىسمايىلجان مۇھەممەتنى سىلكىشلەپ.

— قاچاندىن بېرى بۇنداق قاۋاقلارغا ئۆگىنىپ قالدىڭ؟ — دېدى مۇھەممەت، — سېنى ئادەتتە بۇنداق يەرلەرگە كەلمەيدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن.

— كەلسەم بولمامدىكەن، — دېدى ئىسمايىلجان ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ، — بۇنىڭدىن كېيىن سەنمۇ ئانچە - مۇنچە كەپ قوي. ئىچ پۇشۇقۇڭ چىقىپ قالىدۇ. ئوغۇل بالىنىڭ خۇۋەيىنىسى كېلىدىغان يەر بۇ!

— نېمىگە ئىچ پۇشۇقى تارتىپ قالدىڭ، — دېدى مۇھەممەت ئىسمايىلجاننىڭ قەستەن چىشىغا تېگىپ، — سېنى بىر كىم بوزەك قىلدىمۇ يا؟

— سەن ئىچ پۇشۇقى تارتمىغان ئوخشىمامسەن، — ئىسمايىلجان مۇھەممەتنىڭ كۆزىگە تىكىلدى، — يا يەر ھەل قىلالمىسام، يا توي قىلىمەن دېگەن قىز بىلەن توي قىلالمىسام.

— سېنى بىر كىم توسمىغاندۇ؟ — مۇھەممەت مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرىدى.
— سەن گۈينىڭ بالىسى پۈتلاشمىغان بولساڭ، نازاكەت بىلەن ئاللىبۇرۇن توي قىلىپ بولغان بولاتتىم، — دېدى ئىسمايىلجان مۇھەممەتكە بىر تال تاماكا تەڭلەۋېتىپ.
— سەن ماڭا پۈتلاشتىڭمۇ ياكى مەن ساڭا پۈتلاشتىممۇ؟ — دېدى مۇھەممەت تەمكىنلىك بىلەن سۆزلەپ، ئىسمايىلجاننىڭ تاماكىسىغا ئوت ياققاچ، — سەن دېگەن بىر قېتىم توي قىلغان ئادەم. ئەسلىدە ئىنساب قىلىشىڭ، مەندەك بىر دوستۇڭغا يول قويۇشۇڭ كېرەك ئىدى.
— ما ئىنسابسىزنىڭ دەۋاتقان گېپىنى، — دېدى ئىسمايىلجان پىخىلداپ كۈلۈپ، — دەپ باقە، كىچىك بالا دېگەن چوڭ ئادەمگە يول قويامدۇ ـ قويمامدۇ؟
— ماڭا تولا چوڭلۇقۇڭنى پەش قىلما. مەندىن ناھايىتى بەش ـ ئالتە ياش چوڭ چىققىسەن. ئوتتۇرىمىزدا چوڭ ـ كىچىكلىك مەۋجۇت ئەمەس. قايسى تەرەپتىن بولمىسۇن، ئەسلى سەن ماڭا يول قويۇشۇڭ كېرەك ئىدى.
— نازاكەتنى ساڭا ئۆتۈنەمدىم، ئۇخلاپ چۈشۈڭ.
— سەنمۇ خام خىيال ئەيلىمە. مەن باركى ئالدىراپ مۇرادىڭغا يېتەلمەيسەن.
قورۇما، هاراق كۆتۈرۈپ كىرگەن ئىككى نەپەر كۈتكۈچى قىز يىگىتلەرنىڭ تالاش ـ تارتىشىنى ئۈزۈپ قويدى. قىزلارنىڭ بىرسى مۇھەممەتنىڭ، بىرسى ئىسمايىلجاننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.
— ھاراقنى سەن قۇي، — دېدى ئىسمايىلجان يېنىدىكى قىزغا قاراپ ۋە مۇھەممەتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ داۋام قىلدى، — ماۋۇ تېخى كۆزى ئېچىلمىغان سېرىق تۇك، چىڭگىلىپ كەتمىسۇن، ھاراقنى ئازراق قۇيۇپ بېرەرسەن، — ئەمدى ئۇ مۇھەممەتنىڭ يېنىدىكى قىزغا قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، —

سەنمۇ تولا يالغاندىن نازلىنىپ ئولتۇرۇۋالماي، قىشنىڭدىكى ئاۋۇ شۇمتەكنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپراق ئولتۇر، ئىش كۆرمىگەن ئۇششاق باللار خىجىل بولۇپ قىچىپ كەتمىسۇن يەنە؟!

ئىسمايىلجاننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قىزلار قاقاھلاپ كۈلۈشۇپ كەتتى. غۇرۇرى ئازار يېگەن مۇھەممەتمۇ زورغا كۈلۈمسىرىدى:

— ئۆزۈمنىڭ كىچىك بالا ياكى ئەمەسلىكىمنى مۇشۇ يەردىلا ئىسپاتلاپ بېرىمەن ھېلى بىكار!

— شۇنداقمۇ تېخى، قارىسام خېلى بوش كېلىدىغاندەك قىلمايسەن، كېلە، شۇ غەيرىتىڭ ئۈچۈن بىرنى سۆيۈپ قوياي، — دېدى مۇھەممەتنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان قىز ئاغزىنى مۇھەممەتكە تەڭلەپ. ئۇ مەست بولۇپ قالغان بولسا كېرەك، ئاغزىدىن گۇپۇلدەپ ھاراق پۇراپ تۇراتتى.

مۇھەممەت ئىسمايىلجاننىڭ مەسخىرىلىك قاراشلىرىغا چىداپ تۇرالماي، يىگىتلىك غۇرۇرىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن قىزنىڭ لېۋىگە لەۋ ياقتى، لېكىن شۇ ھامان كۆڭلى ئېلىشىپ كەتتى.

ئۆينىڭ ئىچىدىن گۇررىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ئۇلار شەھۋانىي چاقچاقلار بىلەن ھاراق ئىچىشكە باشلىدى.

تۇيۇقسىز سىرتتا قاتتىق ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. كىمدۇر بىرسى بىرسىنى ئۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى، تاياقتا چىدىمىغان بىر قىزنىڭ ئېچىنىشلىق نىداسى ئېنىق ئاڭلاندى.

— ۋايجان، خۇش بولاي، ئەمدى ئۇرمىغىن. ئەمدى ئىككىنچىلەپ ئۇنداق قىلمايمەن.

قىزنىڭ نىداسى مۇھەممەتنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىدىمۇ ياكى قىزىپ قالدىمۇ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ سىرتقا يۈگۈردى. ئىسمايىلجانمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن دەمبەس قەدەم ئەگەشتى. سىرتتا بىر يىگىت يەردە يۇمىلىنىپ ياتقان بىر قىزنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە تېپىپ - دەسسەۋاتاتتى.

— يوغانچىلىق قىلغانغا تويە، خەقنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى چۈشۈرگۈدەك بولدۇڭمۇ جالاپ! ھۇ زاتى پەس پاسكىنا...

قىز ھەربىر تېپىكتىن تولغىناتتى، ئېچىنىشلىق چىرقىرايتتى، ئەتراپقا ئولاشقانلار پەرۋاسىز ھالدا تاماشا كۆرۈشۈپ تۇرۇشاتتى. مۇھەممەتنىڭ يۈرىكى ۋىژژىدە ئېچىشتى، قىزغا ئىچى ئاغرىدى، ئارتۇقچە تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى.

— ئادىشەۋە، بولدى قىلىڭلا ئەمدى. بىر قىز بالىنى شۇنداقمۇ ئۇرغان بارمۇ؟

ھېلىقى يىگىت مۇھەممەتكە قاراپ غەزەپ بىلەن چەكچەيدى.

— نېمە كارىڭ. يا بۇ جالاپ سېنىڭ ئىگىچى ـ سىڭلىڭمىدى.

يىگىتنىڭ يولسىز، قوپال جاۋابى مۇھەممەتنىڭ تېخىمۇ بەك قېنىنى قايناتتى.

— ئەمىسە، شۇنداق دۇمبالىغۇدەك سېنىڭ خوتۇنۇڭمىدى، — دېدى مۇھەممەت ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ.

— ھەي لاتا، ھېلى بىكار ئاغزى ـ بۇرنۇڭنى شاتۇت يېگەندەك قىلىۋەتمەي يەنە. ئارتۇقچە ئىشلارغا ئارىلىشىمەن دېمەي، كۆتۈڭنى غىت قىس!

— يوغان سۆزلىمە، — دېدى مۇھەممەت ئۇنىڭ كۆزىگە نەشتەردەك تىكىلىپ، — ئەركەك بولساڭ بىر خوتۇن كىشى بىلەن ئۇرۇشامتىڭ؟

— نېمە دەۋاتىدۇ ماۋۇ سويما. ھېلى بىكار ئانا ـ ماناڭنى كۆرۈڭگە كۆرسىتىمەن!

يىگىت مۇھەممەتنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى. غەزەپتىن چىشلىرى كىرىشكەن مۇھەممەتمۇ يىگىتكە بوراندەك ئېتىلدى. ئۇنىڭغىچە ھېلىقى يىگىتنىڭ ئاغىنىلىرىدىن بىرقانچىسى مۇھەممەتكە تەڭلا يوپۇرۇلۇپ كەلدى. دەل شۇ چاغدا ئىسمايىلجان چاقماق تېزلىكىدە كېلىپ مۇھەممەتنى گەۋدىسى بىلەن مۇداپىيە قىلدى ـ دە، ھېلىقىلارغا غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— نوچى بولۇشساڭ بىرگە بىر كېلىش، نامەردلىك قىلىشىدىغان بولساڭ قارنىڭنى يېرىپ تاشلايمەن خۇمسىلار!

ئۆلار ئىسمايىلجاننىڭ بەستىلىك قەددىگە، تاتۇقى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان سۇرلۇك چىرايىغا قاراپ پەيلىدىن بىر ئاز بوشاشتى.

— سىلى ئارىلاشمىسىلا، — دېدى ھېلىقى يىگىت تەلەپپۇزىنى يۇمشاتقان ھالدا، — بىزنىڭ سىلى بىلەن ئىشىمىز يوق.

— سېنىڭ بولمىغان بىلەن مېنىڭ بار، — دېدى ئىسمايىلجان مىختەك تىكىلىپ، — قېنى قايسىڭ بۇ ئاغىنەمنىڭ بىر تال تۈكىگە تېگىدىكەنسەن، ئاناڭدىن تۇغۇلغانغا پۇشايمان قىلدۇرۇۋېتىمەن!

ئىسمايىلجاننىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ ئۇلار قايتا جاۋاب ياندۇرۇشقا پېتىنالمىدى.

— ماڭ، كىرىپ ھارىقىڭنى ئىچىش. ھە، نېمىگە قاراپ تۇرۇشىسەن، بىر قەپەس تۇتۇشۇپ باقامدۇق يا؟

ئۇلار كۇسۇر - كۇسۇر قىلىشىپ ئاستا تارقاشتى. ئىسمايىلجاننىڭ مەرد، قورقۇمسىزلىقىغا مۇھەممەت ئىختىيارسىز قايىل بولدى. ئىسمايىلجان مۇھەممەتنىڭ قولىدىن تارتتى.

— يۈرە، بىزمۇ ھارىقىمىزنى ئىچەيلى.

— توختاڭلار!

تاياقتىن قۇتۇلغان قىز تۇيۇقسىز يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە مۇھەممەت بىلەن ئىسمايىلجاننىڭ ئايىغىغا يىقىلدى - دە، ھۆكۈرەپ يىغلىۋەتتى. يىگىتلەر ھەيرانلىق، ئەجەبلىنىش، تېڭىرقاش ئىلكىدە بىر - بىرىگە قاراپ قالدى.

— مۇھەممەت، مېنى راستلا تونۇيالمىدىڭمۇ ياكى...

قىز تېخىمۇ بەك ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى.

مۇھەممەتكە قىزنىڭ ئاۋازى تونۇشتەك، بۇرۇن بىر يەردە ئاڭلىغاندەك تۇيۇلغان بولسىمۇ، لېكىن دەماللىققا ئېسىگە ئالالمىدى، قىپقىزىل بويالغان، بايىقى تاياق زەربىسىدە چۇۋۇلۇپ

كەتكەن چاچلار قىزنىڭ چىرايىنى توسۇۋالغانىدى.

— ئاھ خۇدا! — قىز ئېچىنىشلىق نالە قىلدى، ۋۇجۇدى ياپراقتەك تىترىدى، يەنە قايتىدىن ئۆكسۈشكە باشلىدى، — مەن... مەن... — قىز كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ، يۈزىگە چۈشۈۋالغان چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن كەينىگە تارىدى.

مۇھەممەت قىزنىڭ چىرايىغا قاراپ ھەيرانلىقتىن ھاڭۋۇقىپ تۇرۇپلا قالدى، كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك چەكچەيدى. ئۇ بىرنەچچە دەقىقە شۇنداق تۇرغاندىن كېيىن ئېسىگە كەلدى-دە، تولىمۇ پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى:

— بۇ راستىلا سەنمۇ گۈلىستان؟

گۈلىستان يەنە قايتىدىن بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

— مېنى تونۇغانلىقىڭ ئۈچۈن رەھمەت، — دېدى گۈلىستان بىر خىل مۇڭلۇق ئاۋازدا، — بىلەمسەن مۇھەممەت، مەن ھازىر ئىلگىرىكى گۈلىستان ئەمەس، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان دوستۇڭ ئەمەس. مەن ھازىر ياشاش ئۈچۈن تېنىمنى ساتىدىغان، ھەرقانداق خورلۇقلارنى، تەلەپلەرنى قارشىلىقسىز قوبۇل قىلىدىغان بىر ئىپلاس قىز، ئەركەكلەرنىڭ خالىسا سۆيىدىغان، خالىسا دۇمبالايدىغان ئويۇنچۇقى.

گۈلىستان شۇلارنى دېدى-دە، ئىككى ئالىقىنى بىلەن يۈزىنى توسۇۋالدى.

مۇھەممەت گۈلىستاننى تونۇپلا قانچىلىك ھاڭ-تاڭ قالغان بولسا، يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئاڭلاپ شۇنچىلىك گاڭگىرىدى. ئالدىدىكى بىچارىلىك بىلەن ياش تۆكۈپ تۇرغان بۇ قىزنىڭ ئىلگىرىكى مەغرۇر، ئەركە، شوخ، تەكەببۇر ساۋاقدىشى، تەڭتۇشلىرى قاراپ كۆزى يەتمەيدىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلالماي قايتا سىنچىلاپ قارىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئالدىدىكىسى راستىلا گۈلىستان ئىدى.

«ئاھ تەقدىر، شۇنداقمۇ چاقچاق قىلامسەن كىشىگە؟»

ئىسمايىلجان بىر چەتتە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇراتتى.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئون نەچچە مىنۇت ئاۋۋالقى گۈلىستاننىڭ تاياق ئاستىدىكى ئېچىنىشلىق قىياپىتى تېخچىلا نېرى كەتمەيۋاتاتتى. ئۇ گۈلىستاننى بورۇنلا تونۇيتتى، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا نازاكەت ئۇنى بىر نەچچە قېتىم شامالباغقا ئاچىققانىدى. لېكىن، ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىپ تۇنجى يازلىق تەتىلدە قايتىپ كەلگەن ۋاقتىدا، باغدا نازاكەت بىلەن مۇھەممەتنىڭ ساۋاقداش ـ دوستلىرىنى كۈتۈشۈپ بېرىۋاتقان ئىسمايىلجان بۇ شوخ، سۆزمەن قىزغا ئالاھىدە دىققەت قىلغان، بىر ـ ئىككى قول تانسا ئوينىغاچ مۇڭداشقانىدى. گۈلىستان شۇ چاغدا نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭغا نازاكەتنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ قويۇشنى قايتا ـ قايتا تاپىلىغانىدى. كېيىن ئىككى ـ ئۈچ قېتىم يولدا ئۇچرىشىپ قالغاندا تارتىنمايلا ئەھۋال سوراپ، دوستانە مۇئامىلە قىلغان گۈلىستان ئىسمايىلجاندا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانىدى. شۇ تاپتا ئىسمايىلجان گۈلىستانغا نېمە دېيىشنى، قانداق تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەي قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى. ۋۇجۇدى ئاچچىق، ئەلەملىك، غەزەپلىك بىر ئىچكى سىزىم بىلەن تىترىدى، چىشلىرى كىرىشتى...

مۇھەممەت ئىسمايىلجاننىڭ يېنىدىن تارتىپ قولىقىغا پىچىرلىدى:

— قاراپ تۇرىۋەرمەي گۈلىستاننى ئېلىپ بۇ يەردىن كېتەيلى.

— نەگە بارىمىز؟ — دېدى ئىسمايىلجان مۇھەممەتكە پىچىرلاپ.

— نازاكەتنىڭ قېشىغا بارايلى. بۈگۈنچە نازاكەتنىڭ قېشىدا تۇرسۇن.

— مەيلى ئەمىسە، شۇنداق قىلايلى.

— بولدى، يىغاڭنى توختات گۈلىستان. يۈر، بۇ يەردىن كېتەيلى، — دېدى مۇھەممەت قىزنىڭ بىلىكىدىن ئاستا تارتىپ.

ئۇلار خېلى بىر يەرگىچە ئۈن - تىنسىز مېڭىشتى. پەقەت مۇھەممەت بىلەن ئىسمايىلجاننىڭ ئېغىر - ئېغىر تىنىشلىرى، گۈلىستاننىڭ ئۆكسۈشلىرى، مىشىلداشلىرى ئاڭلىناتتى.

— سەن يۈرتقا قاچان...

مۇھەممەت گۈلىستاندىن ئەمدىلا سوئال سوراپ بولغۇچە، ئىسمايىلجان «گەپ قىلما» دېگەننى ئىما قىلىپ پېشىنى يەڭگىل سىلكىشلەپ قويدى، مۇھەممەت ئىسمايىلجاننىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ جىم بولدى. ئۇلار نازاكەتنىڭ ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ دەرۋازىنى يەڭگىل چەكتى، ھايال ئۆتمەيلا دەرۋازىنى ئاچقان نازاكەت ئىسمايىلجان بىلەن مۇھەممەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان گۈلىستاننى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قالدى.

— بىز قايتايلى، گۈلىستاننىڭ ھالىدىن ئۆزۈڭ خەۋەر ئالارسەن. ئەتىگەنلىككە كۆرۈشەيلى، — دېدى مۇھەممەت قىسقىلا قىلىپ.

يىگىتلەر ئىشىك تۈۋىدىلا خوشلاشتى.

«گۈلىستانغا نېمە بولغاندۇ، ئۈنى ئەجەب مۇھەممەت بىلەن ئىسمايىلجان باشلاپ ئەكەپتا؟ بۇ شەھەردە ئۆزىنىڭ ئۆيى تۇرسا، توۋا، كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ رەسۋا بولۇپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان ماۋۇ ئاداشنىڭ...»

— ماڭا سۇ بەرگىن، يۈزۈمنى يۇيۇۋالاي، — دېدى گۈلىستان ھويلىغا كىرىپ.

نازاكەت دەرھال چۆگۈن بىلەن داس ئەكەلدى ۋە يۈز يۇيۇۋاتقان گۈلىستاننىڭ چىرايىغا چىراغ يورۇقىدا سەپسالدى.

گۈلىستاننىڭ چىرايىدىكى سۇزۇكلۇك، يۇمرانلىق يوقاپ خېلىلا قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئىلگىرىكى ئويناپ تۇرىدىغان شوخ كۆزلىرى خېلىلا چوڭقۇر ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بولۇپ، تولىمۇ مۇڭلۇق، دەردلىك مۆلدۈرلەيتتى، بايىقى تاياقنىڭ زەربىسىدىن بولسا كېرەك، مەڭزىدە بەش بارماقنىڭ ئىزى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. نازاكەت دوستىغا ئىچ ئاغرىتىپ

چوڭقۇر ـ بىرنى خورسىندى.
— تاماق يەمسەن؟
— بولدى، قورسىقىم توق، — دېدى گۈلنىستان.
ئۇلار نازاكەتنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇشتى. دوستىغا بىرەر كېلىشمەسلىكنىڭ كەلگەنلىكىنى سەزگەن نازاكەت تاقەتسىزلىنىپ سورىدى:
— يۇرتقا قاچان كەلگەنىدىڭ؟
— بىر ئايدىن ئاشتى، — دېدى گۈلنىستان ھەسرەتلىنىپ تىنىپ، — سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا ئاداش. مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن بۇ كۈنلەر ھېچقانداق قىز بالىنىڭ بېشىغا كەلمىسۇن، — گۈلنىستان شۇنداق دېدى ـ دە، بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى.
دوستىنىڭ يىغىسىنى كۆرۈپ نازاكەتنىڭ ۋۇجۇدى ئۆرتەندى، كۆزىگە لىققىدە ياش كەلدى.
— يىغلىمىغىنا جېنىم دوستۇم. زادى نېمە بولدى ساڭا؟ — دېدى ئۇ گۈلنىستانىنىڭ يېشىنى سۈرتۈپ.
— مېنى مەكتەپتىن ھەيدىۋەتتى، قوغلاندىم، — دېدى گۈلنىستان قىسقىلا قىلىپ.
— نېمە دېدىڭ؟ مەكتەپتىن ھەيدەلدىم دەمسىنا؟ — دېدى نازاكەت قۇلىقىغا ئىشەنمىگەن ھالدا. ئۇ گۈلنىستانىنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتتى ـ دە، كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدى، — راست گەپ قىلىۋاتامسەن ياكى... مەن خاتا ئاڭلاپ قالمىغاندىمەن ـ ھە!
— خاتا ئاڭلىمىدىڭ، راست دەۋاتىمەن، — دېدى گۈلنىستان بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرۇپ، — مەن ئالدانىدىم، ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىدىم دوستۇم. ئالدىرىما، مەن ساڭا باشتىن سۆزلەپ بېرەي.
نازاكەت لاسسىدە بوشاپ كەتتى، ۋۇجۇدىنى ئېچىنىش تۇيغۇلىرى چىرمىۋالدى.
ئۇلار بامدات ۋاقتىغىچە مۇڭدىشىپ چىقتى.

# يىگىرمىنچى باب

# ئازغان قەدەملەر

## 1

ئابرۇيپەرەسلىك، شۆھرەتپەرەسلىك — ئىنسانىنىڭ ۋۇجۇدىغا چۈشكەن مىتە - قۇرتقا ئوخشايدۇ. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەقىل كۆزلىرىنى كور قىلىدۇ، سەزگۈلىرىنى يوقىتىدۇ...

گۈلىستان مەست بولدى، قارىغۇ بولدى، گاس بولدى. ئۇ مەردانىنىڭ مۇھەببىتىگە، قىزغىن سۆيۈشىگە نائىل بولغاندىن كېيىن، كەلگۈسىدە نازىرنىڭ كېلىنى بولۇش، نازىر كېلىنچەك بولۇپ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلاردا خىزمەت قىلىش، مەرتىۋىلىك ئائىلىدە راھەت - پاراغەتتە ياشاشتىن ئىبارەت ئىككى ئۇمىد شارابى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى مەست قىلدى. گۈلىستانىنىڭ كۆزلىرى مەردانىنىلا كۆرەتتى. قۇلىقى مەردانىنىڭ گەپ - سۆزلىرىنىلا ئاڭلايتتى. ئۇنىڭ خىيالىدا نە مەكتەپ، نە دەرس ئۆگىنىش، نە ئوقۇتقۇچى، نە ساۋاقداشلىرى يوق ئىدى. گۈلىستان كەچلىرى تانسا، ئولتۇرۇش، كىنو - تىياتىرلاردىن نېرى بولالماي، ياتاققا تەڭ كېچىلەردە قايتىپ كېلەتتى، ئەتىگىنى ئۇيقۇدىن باش ئالالماي خېلى بىر ۋاقىتقىچە ئۇخلايتتى. كۈن خېلى بىر ۋاخ بولغۇچە قېنىپ ئۇخلىۋالغاندىن كېيىن، ئېرىنىپ ئورنىدىن تۇراتتى - دە، يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ - تاراپ بىرەر سائەتچە كۆڭۈل قويۇپ گىرىم قىلاتتى، ئاندىن بىر - ئىككى سائەت دەرسكە قاتنىشىپ قويۇپ، كەچ تەرەپتە بارىدىغان تانسا، ئولتۇرۇش، كىنو - تىياتىرلارنىڭ

پىلاننى تۈزەتتى.

ھايات گۈلىستان ئۈچۈن مەردان بىلەن گۈزەل، مەردان بىلەن مەنىلىك، مەردان بىلەن بەختلىك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ بارلىقىنى مەردانغا بېغىشلىدى، ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنىڭغا تاپشۇردى. گۈلىستان ئۆزىنىڭ قىزلىقىنى، ئوقۇغۇچىلىق سالاھىيىتىنى ئۇنتۇغانىدى، ئۇنىڭ مەردان بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن غەمسىز ھاياتى توپتوغرا ئۈچ يىل داۋاملاشتى. ئەگەر ئوقۇشنى پۈتكۈزۈشكە بىر - ئىككى يىلدەك ۋاقىت قالغان بۈگۈنكى كۈندە گۈلىستان ۋۇجۇدىدا بىر تۆرەلمىنىڭ ئاپىرىدە بولغانلىقىنى سەزمىگەن بولسا، بەلكىم مەكتەپنى پۈتۈنلەي غەم - غۇسسىسىز تاماملىغانمۇ بولار ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بەختسىزلىك ئەنە شۇ تۆرەلمىدىن باشلاندى.

گۈلىستان تۇيۇقسىز سەمرىپ كېتىپ بارغانلىقىنى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئادەت توختاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ لېكىن بەدەن ۋە مىجەزىدىكى بۇ بىر قىسىم ئۆزگىرىشلەرگە ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدى، بارا - بارا كۆڭلى بىر خىللا تاماقنى تارتىدىغان، داۋاملىق تاماقنىڭ كەينىدىنلا قەي قىلىدىغان بولۇپ قالدى، ياتاقتىكى بىر قىسىم ياشتا چوڭراق، بىرئاز ئىش ئۇقىدىغان قىزلار ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراشتى. خۇپىيانە كۇسۇرلاشتى.

بۈگۈن گۈلىستان ئويغانغان بولسىمۇ، ئورنىدىن تۇرۇش خۇشياقماي، يوتقان بىلەن بېشىنى چۈمكىگىنىچە خىيال سۈرۈپ ياتاتتى. دەرس ئارىلىقىدا ياتاققا ماتېرىيال ئالغىلى كىرگەن ئىككى ساۋاقدىشى ئۇنى تېخىچىلا ئۇخلاۋاتىدۇ دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، ئۆزىچىلا پاراڭ سېلىشىپ قالدى.

— قارا گۈلىستانغا، تېخىچىلا ئۇخلاۋېتىپتۇ، ئويغىتىۋېتەيمۇ؟

— بولدى قوي. رەنجىپ قالىدۇ.

— ھازىر ئەڭ مۇھىم دەرسلەر ئۆتۈلۈۋاتقان تۇرسا، بۇ

غېمىدە يوق ئۇخلاۋەرسە قانداق بولىدۇ. ھېلىمۇ نەتىجىسى سىنىپ بويىچە ئەڭ تۆۋەن.

— ئۇنىڭغا بۇنچىۋالا باش قاتۇرۇپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ، ئۇ مەردانغا ئىشىنىپ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ. مەردانىنىڭ دادىسى نازىر ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق بولسىمۇ، ئۆگەنمىسە بولامدۇ؟

— كارىڭ بولمىسۇن، خەق ھېچنېمىدىن غەم تارتمىغاندىكىن، سەن باش قاتۇرۇپ نېمە قىلاتتىڭ.

— توۋا، ئۇ بۇرۇن ياتاققا ھەرقانچە كەچ كەلسىمۇ ئەتىگىنى بىرىنچى سائەتلىك دەرس تۈگەپ بولغۇچە ئويغىنىپ سىنىپقا چىقىپ بولاتتى، ھازىر ئەتىگىنى ئىككى - ئۈچ سائەتلەپ ئۇخلاپمۇ ئۇيقۇسىغا قانمايۋاتىدۇ.

— مەيلى، ئۇخلىسۇن، ئادەم ئاشۇنداق بولۇپ قالغاندا ئۇيقۇچان بولۇپ قالسا كېرەك.

— قانداق بولۇپ قالسا دەيسەن، گۇلىستان قانداق بولۇپ قاپتۇ؟

— سەن تېخىچە بىلمىدىڭمۇ؟

— نېمىنى؟

— گۇلىستاندىكى ئۆزگىرىشلەرگە سەپسالماپسەن - دە.

— قانداق ئۆزگىرىشكە؟

— بويىغا يەتكەن بىر قىز تۇيۇقسىزلا سەمرىپ قالسا، تاماقنى يەپلا ياندۇرۇۋەتسە، ئۇيقۇچان بولۇپ قالسا، بۇ ئالامەتلەر نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ گېپىڭنى ئوچۇقراق قىلە، بېشىمنى قاپاق قىلىۋەتتىڭغۇ؟

— سەنزە ھېچ ئىشنى ئۇقمايسەن - دە، بەزى ساۋاقداشلار ئۇنى ھامىلدار بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ دېيىشىۋاتىدۇ.

— نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىسەن، توۋا دېگىنە.

— مېنىڭمۇ ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، لېكىن ئۇنىڭ مىجەز

ۋە بەدىنىدە يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى ھامىلىدارلىقنىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرى.

— ۋاي خۇدايىمەي، گۈلىستان قانداقسىغا بۇنداق پوقنى يەپ قالغاندۇ. نېمىدېگەن سەتچىلىك.

— بولدى، ئاستا گەپ قىل. بۇ دېگەن بىر گۇمان. راست ـ يالغانلىقىنى گۈلىستاندىن باشقا ھېچكىم ئىسپاتلىيالمايدۇ. ئۇ ئەڭ ياخشىسى دوختۇرغا تەكشۈرتۈپ باقسا بولاتتى.

— ئۇنىڭغا ئېيتايلى، ۋاقتىدا شۇنداق قىلسۇن.

— ئۇنىڭغا بۇ گەپنى قانداق دېگىلى بولسۇن، ئۇ ئادەتتە ياتاقتا ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدۇ. ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىمەن دەپ بىرمۇنچە ھاقارەتكە ئۇچرايدىغان گەپ.

— راست، ئۇ دوختۇرغا كۆرۈنۈپ بىر ئامالىنى قىلمىسا بولمىغۇدەك. بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قالسا ئاقىۋىتى ياخشى ئەمەس. ئۇنى مەكتەپتىن ھەيدىۋېتىشى مۇمكىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز قىزلارنىڭمۇ يۈزىمىزگە سەت.

— شۇنى دېگىنە، بىراق بىز ئەڭ ياخشىسى، ئاغزىمىزنى چىڭ تۇتۇپ، قۇلاق يوپۇرۇپ يۈرگىنىمىز ياخشى، بەلكىم ئۇمۇ بىرەر ئامالىنى ئىزدەۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر تاپىلاپ قوياي، ئاغزىڭغا ھېزى بول جۇمۇ، بۇ گەپ سىرتقا يېيىلىپ كەتمىسۇن.

— توۋا دېگىنە، مەنمۇ بىر قىز بالا تۇرسام، لېكىن ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ كېچە ـ كېچىلەپ مەردان بىلەن يۈرۈپ ياتاققا كەلمەيدىغانلىقىغۇ راست ئىدى، لېكىن ئۇ ئۆزىنى نېمىشقا تۇتۇۋالمىغاندۇ؟!

— ھەي... توۋا دېگۈلۈك، ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن نەرسە، ئازمايدىغان ئىنسان يوق. يۈر، ۋاقىت تۇشۇپ قاپتۇ، سىنىپقا چىقايلى.

گۈلىستان بۇ پاراڭلارنى جىممىدە يېتىپ تىڭشىدى. ئۇ ئۆزىمۇ يېقىندىن بېرى شۇنداق گۇماندا بولۇپ يۈرگەنىدى. بىراق، ئۇ بىر تەرەپتىن دوختۇرغا بېرىپ تەكشۈرتۈشتىن نومۇس

قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن «خۇدايىم ساقلا، بەلكىم بويۇمدا قالمىغاندۇ» دېگەن ئوي ـ خىياللار بىلەن ئۆزىنى بەزلەپ كېلىۋاتاتتى. مانا ئەمدى «بىگىز قاپقا پاتماپتۇ» دېگەندەك، ساۋاقداشلىرىمۇ شۇ پاراڭنى سېلىۋاتاتتى. گۇلىستان قورسىقىنى ئاستا سىلاپ باقتى، قورسىقى ئۇنىڭغا خېلىلا يوغىناپ قالغاندەك بىلىندى ـ دە، يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، قورسىقىدىكى تۆرەلمە تېپچەكلەۋاتقاندەك بىلىنىپ ۋۇجۇدى قورقۇنچ، ئىزا، ئەندىشىدىن تىترىدى. ئۇ بۇگۈن كۈندىكىدەك ئۇنداق كۆڭۈل قويۇپ گىرىم قىلىپمۇ يۈرمىدى، ئۇچىسىغا كەڭرەك كېلىدىغان كىيىملىرىنى تاللاپ كىيدى ـ دە، ئۇدۇل دوختۇرخانىغا چاپتى.

— ھامىلىدار بوپسىز، تۆت ئايلىق بوپتۇ، — دېدى ئەللىك ياشلارنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان سېمىزغىنا ئايال دوختۇر ئۇنى تەپسىلىي تەكشۈرگەندىن كېيىن، — ھامىلە ناھايىتى ساغلامدەك قىلىدۇ. بۇ تۇنجى قېتىم قورساق كۆتۈرۈشىڭىز ئوخشايدۇ.

گۇلىستان دوختۇرنىڭ پەرىزىنى باش لىڭشىتىش بىلەن تەستىقلىدى. ۋۇجۇدى غايەت زور بىر نەرسىنىڭ تېگىدە مىجىلىپ كېتىپ بارغاندەك ياكى بەدىنىگە ئوت تۇتىشىپ كەتكەندەك بولۇپ تىلى گەپكە كەلمىدى، ۋۇجۇدى تىكەنلىشىپ كەتتى.

— ئەنسىرەپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ قىزىم، — دېدى دوختۇر ئايال گۇلىستاننىڭ چىرايىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى كۆرگەندىن كېيىن تەسەللى بېرىپ، — بۇنىڭدىن كېيىن كۆپرەك ھەرىكەت قىلىپ بېرىڭ، ئۇيقۇنى ئاز ئۇخلاڭ، كۆپ ھەرىكەت قىلىپ بەرگەننىڭ بالىغا پايدىسى بار، كالتسىيلىق يېمەكلىكلەرنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىڭ، پات ـ پات كېلىپ تەكشۈرتۈپ تۇرارسىز.

گۇلىستان دوختۇرنىڭ قېشىدىن قانداق يېنىپ چىققانلىقىنىمۇ بىلەلمىدى. ئۇ گاراڭ بولۇپ قالغانىدى،

مەكتەپكە كېلىپ بولغۇچە قۇلىقىغا بوۋاقنىڭ قىرقىراپ يىغلىغان يىغىسىدىن باشقا ھېچنېمە ئاڭلانمىدى. كۆز ئالدىدا قىزىل گۆش ھالەتتىكى بىر بوۋاقتىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى، كۆز يېشى مەڭزىنى بويلاپ ئېرىق بولۇپ ئاقاتتى. گۈلىستان ياتاققا كىرىپلا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى، ئۇنىڭ يىغىسى تاكى تۈن يېرىملاشقۇچە بېسىقمىدى. ياتاقداشلىرى ئۇنىڭغا نېمىدەپ تەسەللى بېرىشىنى بىلەلمەي بىر ـ بىرىگە مەنىلىك كۆز قىسىشتى.

## 2

گۈلىستان بۈگۈن ساۋاقداشلىرى دەرسكە چىقىپ كېتىشى بىلەنلا دەرھال ئورنىدىن تۇردى ـ دە، مەرداننىڭ ياتىقى جايلاشقان بىناغا قاراپ ماڭدى. ئۇ مەردانىنىڭمۇ ھەردائىم دەرسكە كېچىكىپ چىقىپ، بىر ۋاقىتلارغىچە ئۇخلايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. گۈلىستان ياتاققا كىرىپلا مەردانىنىڭ ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كۆردى. ياتاقنىڭ ئىچى ھاراق، تەر ۋە باشقا پۇراقلار بىلەن بۇلغىنىپ، ئادەم تىنىق ئالغۇسىز دەرىجىدە بەتبۇيلىشىپ كەتكەنىدى. گۈلىستاننىڭ بىردىنلا كۆڭلى ئېلىشتى، يۈگۈرۈپ بېرىپ ياتاقنىڭ دېرىزىسىنى تولۇق ئېچىۋەتتى. ئاندىن مەردانىنىڭ كارىۋىتىغا كېلىپ ئۇنى ئاستا مىدىرلاتتى، مەردان كۆزىنى ئاچمايلا يەنە بىر يېنىغا ئۆرۈلۈپ ئۇخلاشقا باشلىدى.

— مەردان، مەردان، كۆزۈڭنى ئاچە.

گۈلىستاننىڭ سىلكىشلەپ تۇرۇپ قايتا ـ قايتا تۈۋلاشلىرى مەردانىنى ئاخىر ئۇيقۇدىن ئويغاتتى.

— نېمە، ئادەمنى ئۇخلىغىلى قويماي، ئاچاڭنى...

مەردان ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئاران ئېچىپ، بېشىدا قاراپ تۇرغان گۈلىستاننى كۆردى ـ دە، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ياستۇققا يۆلەندى.

— نېمانچە ئەتىگەن تۇرۇۋالدىڭ. بىرەر ئىش بارمىتى؟

— ھەئە، — ئاستا جاۋاب بەردى گۈلىستان پاكىنىدە يىغلاپ تاشلاشتىن ئۆزىنى ئاران - ئاران تۇتۇۋېلىپ.

— نېمە بولدى ساڭا، ئەجەب شۈكلەپلا كەتتىڭغۇ؟ — دېدى مەردان قىزنىڭ چىرايىدىكى سولغۇنلۇق، مەيۈسلۈكنى كۆرۈپ، — مىجەزىڭ يوقمۇ يا؟

— مەردان ... مەن... مەن...

گۈلىستان بىردىنلا بېشىنى مەرداننىڭ مەيدىسىگە قويدى - دە، بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. قىزنىڭ بۇ قىلىقىدىن ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن يىگىت گاڭگىراپلا قالدى.

— زادى نېمە ئىش بولدى؟ يىغلىماي گەپ قىلە.

مەردان ياستۇق لۆڭگىسى بىلەن قىزنىڭ يېشىنى سۈرتتى. قىز مىشىلدايتتى، لەۋلىرى تىترەيتتى، لېكىن ئاغزى گەپكە كەلمەيتتى.

— ئادەمنى تەتۈر قىينىمىغىنا گۈلىستان. زادى نېمە ئىش بولدى؟

— مېنىڭ... مېنىڭ... — گۈلىستان يىغىدىن ئۆزىنى ئاران تەستە توختىتىۋالدى - دە، ئۆكسۈپ تۇرۇپ ئەھۋالنى ئېيتتى، — مېنىڭ بويۇمدا قاپتۇ...

— نېمە؟! — گۈلىستاننىڭ جاۋابى مەرداننى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇ گۈلىستاننىڭ ئىككى مۈرىسىدىن قاماللاپ تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتتى - دە، ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىرىدى، — بۇ راستمۇ گۈلىستان، يالغان ئېيتمايۋاتقانسەن - ھە !

— ساڭا يالغان ئېيتىپ نېمە قىلاي، تۈنۈگۈن دوختۇرغا تەكشۈرتكەنىدىم، دوختۇر تەكشۈرۈپ بالا تۆت ئايلىق بوپتۇ دەيدۇ، ئۆزۈمىمۇ مۇشۇ بىر ئايدىن بېرى بىر قىسمىلا بولۇپ يۈرەتتىم، — ئۇ مەرداننىڭ تاتىرىپ كېتىپ بارغان چىرايىغا لاپپىدە قارىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قالسا يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ

يۈرىمەن. دەرھال بىر ئامالىنى قىلمىساق، مەكتەپ ئۈزۈپ قالسا بىزگە چارە كۆرمەي قالمايدۇ.

گۈلىستاننىڭ بىر كېچىدىلا ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى مەردانغا ئىلتىجالىق بىلەن تىكىلدى. ئۇ ھازىر ھەممە نەرسىنى ئۇنتتۇرۇپ ئەسلى ـ ۋەسلىدىن قۇرۇق قالغان قىمارۋازغا ئوخشاپ قالغانىدى.

ــ پەقەت بىرلا ئامال بار، ــ دېدى مەردان خېلى ئۇزاق ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، گۈلىستاننىڭ چىرايىغا كەسكىن قاراپ تۇرۇپ.

ــ نېمە ئامال؟

ــ بالىنى ئالدۇرۇۋېتەيلى.

ــ نېمە؟ ــ بۇ چارە گۈلىستانغا بەكمۇ تاسادىپىي تۇيۇلدى. ئۇ مەردانىنىڭ قېشىغا باشقىچە ئۈمىد ـ ئىستەك بىلەن كىرگەنىدى، ــ بۇنداق قىلساق قانداق بولىدۇ؟

ــ قانداق دەيسەن؟

ــ مېنىڭچە، ــ دېدى گۈلىستان مەردانغا يېلىنىش تەلەپپۇزىدا سۆزلەپ، ــ بۇ ئەھۋالدىن داداڭنى خەۋەرلەندۇرەيلى. ئۇنىڭ ھوقۇقى بولغاندىكىن بىرەر يولىنى قىلىپ، مېنى مەكتەپتىن چېكىندۇرۇپ، بىرەر ئورۇنغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسۇن. مەن بۇ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغۇم يوق. مەكتەپتىن بەكمۇ زېرىكتىم، ــ گۈلىستان سۆزۈم تەسىر قىلىۋاتامدىكىن دەپ مەردانغا لاپپىدە بىرنى قارىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ــ بالىنى تۇغقۇم بار. نېمىلا بولمىسۇن بۇ بالا مۇھەببىتىمىزنىڭ شېرىن مېۋىسى ئەمەسمۇ؟

مەردان گۈلىستاننىڭ سۆزلىرىگە جىممىدە ئولتۇرۇپ قۇلاق سالدى، ياستۇقنىڭ تېگىدىن بىر قاپ تاماكىنى ئېلىپ بىر تال تاماكىنى لېۋىگە قىستۇردى ـ دە، ئوت تۇتاشتۇرۇپ ئاچچىق ـ ئاچچىق بىرنەچچىنى شورىۋالغاندىن كېيىن، گۈلىستاننىڭ نازۇك بارماقلىرىنى ئويناپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

— سېنىڭ دېگەنلىرىڭمۇ توغرا، لېكىن ئىمكان بار ئىشنىڭ ئاسانراق ھەل بولىدىغان تەرىپىنى ئويلىغىنىمىز تۈزۈكمىكىن. بەلكىم ئەھۋالنى دادامغا ئېيتسام، چوقۇم يول مېڭىپ ساڭا مۇۋاپىق خىزمەت تېپىپ بېرىشى مۇمكىن، لېكىن مېنىڭمۇ ئوقۇشتىن چېكىنىپ خىزمەت قىلىشىمغا يول قويمايدۇ، بولمىسا مەنمۇ بۇ ئوقۇشتىن ساڭا ئوخشاشلا زېرىكتىم. پەقەت دادامنىڭ زورى بىلەنلا چىداپ تۇرۇپ ئوقۇۋاتىمەن. دادامنىڭ ئارزۇسى مېنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانلىق سالاھىيىتىگە ئىگە قىلىش. ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلىك دىپلومى ھازىرقى ۋەزىيەتتە ياخشى خىزمەت ئورنى تېپىشنىڭ، يۇقىرىغا ئۆرلەشنىڭ ئەڭ ياخشى دەسمايىسى. شۇنداق بولغاچقا، دادام مېنى ھەرگىزمۇ مەكتەپتىن چېكىندۈرمەيدۇ، چېكىنىشىمگىمۇ يول قويمايدۇ. بۇنى دېمىسەممۇ سەن ياخشى چۈشىنىسەن. مەن مەكتەپتىن چېكىنەلمىسەم، سەن چېكىنىپ خىزمەت قىلغىنىڭ بىلەنمۇ بەرىبىر توي خېتى ئالالمايمىز: بۇ تەرىپى ساڭىمۇ چۈشىنىشلىك. توي خېتى ئالالمىساق، سەن يەنىلا نىكاھسىز بالا تۇغقان ئاتاقتا قالىسەن. شۇڭلاشقا، ھازىرچە بالىنى ھېچكىمگە تۇيدۇرمايلا دوختۇرخانىغا بېرىپ ئالدۇرۇۋېتەيلى. ئوقۇشىمىزنى تاماملىۋالساق، بالا دېگەننى سەن بىلەن مەن بولغاندىكىن يەنە تېپىۋالىمىز ئەمەسمۇ؟ قانداق دېدىم، گەپ قىلمايسەنغۇ؟

مەردانىنىڭ بىر تاغار ياغلىما سۆزلىرى ۋە كۆرسەتكەن سەۋەبلىرى گۈلىستاننى تېزلا ئېرىتتى، ئېرىمەيمۇ، مەردانىنىڭ گېپىگە كىرمەيمۇ ئامال يوق ئىدى. ئۇ مەكتەپتىن چېكىنىپ خىزمەت قىلىش ئارزۇسىنىڭ كۆپۈككە ئايلانغانلىقىدىن بەكمۇ ئەپسۇسلاندى.

— مەيلى، بالىنى چۈشۈرۈۋېتەيلى دېسەڭ چۈشۈرۈۋېتەيلى. سەن بەكمۇ تاش يۈرەك ئىكەنسەن مەردان، — گۈلىستان ئەركىلىگەندەك قىلىپ مەردانىنىڭ مەڭزىنى نوقۇپ قويدى.

— مەن تاش يۈرەكمۇ تېخى، — مەردان گۈلىستاننىڭ

كۆلگىنىنى كۆرۈپ قايتىدىن جانلاندى، ۋۇجۇدىغا قايتىدىن پەيدا بولغان بىر خىل ھاياجاندا قىزنى مەھكەم قۇچاقلاپ ئەركىلىتىشكە باشلىدى، — پۈتۈن جاھاننى ئىزدىسەڭمۇ مەندەك باغرى يۇمشاقتىن بىرنى تاپالمايسەن، يالغان بولسا كېلە، باغرىمنى كۆرۈپ باقە.

مەردان گۈلىستاننى قۇچاقلاپ سۆيگەچ، يوتقانغا سولىدى.

— ئۇنداق قىلما مەردان، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، ئەمدى بۇنداق ئىشنى قىلمايلى.

— ماقۇل دە، خوش بولۇپ كېتەي، — قاتتىق ھاياجانلانغان يىگىت قىزنى يېشىندۇرگەچ مەڭزىگە، بويۇنلىرىغا سۆيۈپ سۆزلەشكە باشلىدى.

— بولىدىغان ئىش بولۇپ بولدى. بەرىبىر بالىنى چۈشۈرۈۋېتىمىز ئەمەسمۇ؟ شۇڭلاشقا بۈگۈن بىر قېتىم...

— ياتاقتا بىرسى كېلىپ قالىدۇ، — دېدى گۈلىستان بوشاشقان ھالدا.

— خاتىرجەم بول. چۈشلۈك تاماقتا يەنە ئىككى سائەت ۋاقىت بار، ھېچكىم كىرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىنادا ھازىر بىزدىن باشقا ھېچكىم يوق.

گۈلىستان ئىختىيارسىزلا مەردانغا چاپلاشتى، مەرداننىڭ سۆزلىرىدىن كۆڭلىدىكى ۋەھىمىلەر تۈگەپ خېلىلا خاتىرجەم بولۇپ قالغان گۈلىستاننىڭ ياش يۇقى كۆزلىرى بىر خىل ئەسەبىي ئىستەكنىڭ تۈرتكىسىدە مەھكەم يۇمۇلغانىدى...

## 3

بۇ ئىككى كۈن ئىچىدە گۈلىستان مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىدىن ئاتلىمىدى. ئۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەتىگىنى سەھەررەك ئورنىدىن تۇرۇپ، سىنىپقا چىقىپ دەرسكە تولۇق قاتناشتى،

لېكىن ئۆزى دەرسخانىدا بولغىنى بىلەن پىكىر - خىيالى ۋۇجۇدىدا مەزگىلسىز پەيدا بولۇپ قالغان تۆرەلمىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئۈستىدە پىلان تۈزەتتى، كاللىسىدا پەيدا بولغان خىياللار بىر - بىرىنى ئىنكار قىلىپ دەرھال بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتاتتى. ئۇنىڭغا بالىنى ئالدۇرۇۋېتىش گويا چوڭ بىر جىنايەتتەك تۇيۇلۇپ، ۋۇجۇدىغا قورقۇنچ، ۋەھىمە ئولىشاتتى، يۈرىكى جىغىلدايتتى، بالىنىڭ قارا قاتتەك بىر جۈپ كۆزى تەلمۈرۈپ تۇرغاندەك، ئۆزىگە يېلىنىۋاتقاندەك بىلىنىپ ۋىجدانى ئازابلىناتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ بىر بۇلۇڭلىرىدىن چەكسىز، كۈچلۈك بىر ئانىلىق مېھرى ئاستا - ئاستا باش كۆتۈرمەكتە ئىدى، تۇرۇپ - تۇرۇپلا بالىسى ھەققىدىكى گۈزەل ئارمانلار، بالىنىڭ ئوماق، تاتلىق ۋىلىقلاپ كۈلۈشلىرى، تايتاڭلاپ مېڭىشلىرى گۈلىستاننىڭ خىيالىنى ئىگىلەپ، دەردلىك يۈرىكىگە بىردەملىك خۇشاللىق ئاتا قىلاتتى، لېكىن ئۇ بۇ تاتلىق، شېرىن خىياللاردىن تېزلا ئېسىگە كېلەتتى - دە، ۋۇجۇدىنى قاباھەتلىك چۈشتىن ئويغانغاندەك ئازابلىق تۇيغۇلار ئىسكەنجىگە ئېلىۋالاتتى. رېئاللىق ئۇنىڭ يۈرىكىنى مىڭلىغان ئەشەددىي قۇرت بولۇپ غاجايتتى. شۇڭلاشقا، گۈلىستان بۇ ئىككى كۈننى تۈزۈك بىر قارارغا كېلەلمەي، مەردانىنىڭ بالىنى تېزرەك چۈشۈرۈۋېتىش ھەققىدىكى زورلاشلىرىغا تۈتۈرۈقسىز سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتكۈزۈۋەتتى، قولىدىن كەلسە، مۇمكىن بولسا شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا مەردان بىلەن قانۇنلۇق ئەر - خوتۇن بولۇپ، قورسىقىدىكى بۇ گۇناھسىز بوۋاقنى يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچۇرسا، مېھرىبان ئانا بولۇپ، بوۋىقىغا ئانىلىق مېھرىنى قانغۇچە يەتكۈزسە - ھە ! لېكىن، ھازىر ئۇ بىر ئوقۇغۇچى ئىدى. ئوقۇغۇچىلىق سالاھىيىتى ھەممە ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ توسالغۇسى بولۇپ قېلىۋاتاتتى. گۈلىستان بۇ ئىككى كۈن ئىچىدە ھەر خىل خىياللارنى قىلدى، ئالدىراپ قىلىپ قويغان ئىشىغا ئۆكۈندى، پۇشايمان يېدى. لېكىن، بولىدىغان ئىش بولۇپ

بولغانىدى. ئۆكۈنۈش، پۇشايمان پايدا بەرمەيتتى. ئەمدىكى ئەڭ ئاقىلانە چارە دەرھال دوختۇرنىڭ قېشىغا بېرىپ قورساقتىكى بۇ گۇناھسىز جاننى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئىدى. ئاشۇ گۇناھسىز نارەسىدىنىڭ ھاياتى بەدىلىگە بارلىق ئىپلاسچىلىقلىرىنى يېپىشى، ئۆزىنى پاكلىق، ئالىيجانابلىق بوياقلىرى بىلەن پەردازلىشى كېرەك. مانا بۇ، گۈلىستان ئۈچۈن بىردىنبىر چىقىش يولى.

گۈلىستان چۈشتىن كېيىنكى دەرس تۈگىگەندىن كېيىن، ياتاققا كىرمەستىن مەكتەپنىڭ ئىچىنى مەقسەتسىز ئايلاندى. ئۇنىڭ كاللىسىنى كەسكىن بەس - مۇنازىرە قاپلىغانىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ ھېچنېمىگە دىققەت قىلمىدى. ھېچكىمگە پەرۋا قىلمىدى. ئۇچراشقانلار گۈلىستاننىڭ خىيالچان، سولغۇن ئەپتىگە، تاتىرىپ، ياداپ مۇردىغا ئوخشاپ قالغان چىرايىغا قاراپ ھەيران بولۇشتى، لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭدىن ئىككى ئېغىز ئەھۋال سوراپ قويمىدى. گۈلىستان خىيال سۈرۈپ مېڭىپ مەكتەپنىڭ پۇتبول مەيدانىغا كېلىپ قالغانىدى. مەيداندا بىرقانچە ئوغۇللار پۇتبول تېپىۋاتاتتى. گۈلىستان ئۇلارغا قاراپمۇ قويماستىن، بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە مەيداننى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈشكە باشلىدى. دەل شۇ چاغدا كىمنىڭدۇر بىرسىنىڭ قەستەنمۇ ياكى تاسادىپىيلىقتىنمۇ زەرب بىلەن تەپكەن توپى ئوقتەك ئۇچۇپ كېلىپ گۈلىستاننىڭ قورسىقىغا گۈپپىدە تەگدى. تۆمۈر بازغان بىلەن ئۇرغاندەك ياكى بەدىنىنىڭ گۆشىنى ئۆتكۈر تۆمۈر تىرناقلار بىلەن يىرتىپ تىتقاندەك بىر خىل چىدىغۇسىز، دەھشەتلىك ئازاب گۈلىستاننىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى قاپلىدى. ئۇ «ۋاي...» دېدى - يۇ، تىلى تۇتۇلغان ھالدا، قورسىقىنى چاڭگاللىغىنىچە بىر نەچچە قەدەم كەينىگە دەلدۈگۈنۈپ - دەلدۈگۈنۈپ ئولتۇرۇپ قالدى، شۇ ھامان كۆزىگە ئالەمچە قىزىللىق تىقىلدى، ئۇنىڭغىچە ئوغۇللار ئۇنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى. گۈلىستان بىرھازا ئاشۇنداق تىنالماي

تۇرغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىز قاتتىق بىر ئىڭرىدى ــ دە، هوشىدىن كەتتى.

ــ ئاپلا، ئايلىنىپ كەتتىمۇ، نېمە؟

ــ بولۇڭلار، تېزدىن دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى.

ــ مەكتەپ دوختۇرخانىسى ئىشتىن چۈشۈپ كەتتى، ئاپارغىنىمىز بىلەنمۇ ئادەم يوق.

ــ ئۇنداقتا دوختۇرنى چاقىرايلى.

گۈلىستانىنىڭ چۈرىسىگە ئولاشقان باللار تۇشمۇتۇشتىن تەكلىپلەرنى بېرىشتى، ئارىدىن قىزلاردىن بىرسى گۈلىستاننى تۇپتۇز ياتقۇزۇپ سۇنئىي نەپەس ئالدۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ بۇ ئامالى تېزلا ئۈنۈم بەردى. گۈلىستان دەسلەپ يەڭگىل تىنىپ، ئاستا ــ ئاستا كۆزىنى ئاچتى.

ــ هوشىغا كەلدى.

ــ كۆزىنى ئاچتى.

ــ توپنى قايسىڭ تەپكەن؟

ــ ئابدۇسەمەت تەپكەندەك قىلىۋىدى.

ــ ياق، مەن ئەمەس، قادىر تەپكەن.

ــ بولدى ــ بولدى، تالاشماڭلار، يامان ئىشنىڭ ئىگىسىنى تاپماق تەس، ــ دېدى كىمدۇر بىرسى سۆلھى قىلىپ، ــ قېنى كېلىڭلار، گۈلىستاننى كۆتۈرۈپ ياتىقىغا ئاپىرىپ قويايلى.

تاڭ ئاتارغا يېقىن گۈلىستانىنىڭ داد ــ پەريادى ياتاقتىكى قىزلارنىڭ شېرىن چۈشلىرىنى بۇزۇۋەتتى. ئۇلار چىراغنى ياندۇرۇپلا چۆچۈشۈپ كەتتى. گۈلىستانىنىڭ چىرايى سارغىيىپ كەتكەن بولۇپ قورسىقىنى مۇجۇغىنىچە، كارىۋاتنىڭ بىر بۇلۇڭىغا پۈكۈلىنىپ قالغان بولۇپ، يوتقانىنىڭ ئاياغ تەرىپى قىپقىزىل قانغا بويىلىپ كەتكەنىدى. قىزلاردىن چوڭراق بىرسى گۈلىستانىنىڭ ئايغىنى تازىلىغاچ باشقا قىزلارنى ئىسسىق سۇ تەييارلاشقا ۋە مەكتەپ دوختۇرىنى چاقىرىشقا بۇيرۇدى، يېرىم سائەت ئۆتمەيلا سىنىپ مۇدىرى بىلەن دوختۇر ياتاققا پەيدا

بولدى.

— قان جىق چىقىپ كېتىپتۇ، قان بېرىش كېرەك. دەرھال دوختۇرخانىغا يۆتكىمىسەك بولمايدۇ، — دېدى دوختۇر گۈلىستاننى بىر قۇر تەكشۈرۈپلا.

تاڭ يورۇش بىلەنلا بۇ ۋەقە پۈتكۈل ئۇنىۋېرسىتېتقا خۇددى يۇقۇملۇق كېسەلدەك تېزلا تارقالدى. مەكتەپنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە شۇ توغرۇلۇق گەپ. ئىككى - ئۈچ ئوقۇغۇچىنىڭ بېشى بىر يەرگە كېلىپ قالسىلا شۇ توغرۇلۇق پاراڭ:

— گۈلىستاننىڭ بويىدا قاپتىكەن.

— تۆت ئايلىقتىن ئېشىپتىكەنمىش.

— توۋا دېگىنە.

— راست، دوختۇر شۇنداق دەپتۇ.

— تۈنۈگۈن پۇتبول مەيدانىدا بىرسىنىڭ تەپكەن توپى قورسىقىغا قاتتىق تېگىپ زەخىم يەپتىكەن، كېچىدىن بويىدىن ئاجراپ كېتىپتۇ.

— توۋا، نېمىدېگەن شەرمەندىچىلىك بۇ !

— بىچارە بەك ئالدىراپ كېتىپتىكەن.

— ھەي، ھازىرقى قىزلاردا ئىنساب قالمىدى جۇمۇ !

— قايسى گۆي ئازدۇرغاندۇ ئۇنى؟

— بۇ ئىشتا ئۇنى ئازدۇرۇپ كەتتى دېگىلى بولمايدۇ.

— راست، گۈلىستان بىر كىچىك قىز بالا بولمىسا.

— ئادەتتىمۇ ئادەمنىڭ كۆزىگە خېلى سۇيى باردەك كۆرۈنەتتى.

— بالىنىڭ دادىسى كىمدۇ؟

— بىرنېمە دەپ بولمايدۇ. ئادەتتىمۇ ئۇنىڭ بىلەن باردى - كەلدى قىلىدىغان ئوغۇللار كۆپ ئىدى.

— راست شۇنداق، مەكتەپتىكى ئوغۇل ساۋاقداشلىرىدىن باشقا، ھەتتا جەمئىيەتتىكى خېلى كۆپ ئوغۇللار بىلەنمۇ قويۇق

ئارىلىشاتتى.

— خېلىلا كېلىشكەن نەرسىتى جۇمۇ ئۇ!

— بىچارە قىزغا ئۇۋال بوپتۇ.

— ئۇۋال بوپتىمىش تېخى، خوپ بوپتۇ. ئەمدى ئۇ ھاكاۋۇر خېنىمنىڭ تاماشىسىنى قانغۇچە كۆرىدىغان بولدۇق.

— ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلە ئاداش. خەقنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە گۈلقەقەلىرىڭ ئېچىلىپ كەتكىنىنى، تووۋا دېمەي.

— بۇمۇ سەۋەبسىز ئەمەس، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ گۈلىستاننىڭ كەينىدىن بىرمەھەل پاللاقلاپ يۈرگەن.

— ئۇندەككە كەلتۈرەلمىگەننىڭ قارىسىنى تۇتۇۋاتىدۇ دېگىنە.

— گۈلىستانغا مەكتەپ قانداق چارە كۆرەر.

— ناۋادا بالىنىڭ دادىسى ئېنىقلىنىپ قالسا، يەنە ئۇ ئوقۇغۇچىنىمۇ پاللاكەت باستى دېگەن سۆز.

— ھەي تاڭەي، گۈلىستان ئۆزى ئېيتىپ بەرمىسە باشقىلار قانداق بىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ۋاقىتتا ھېچكىم بالىنىڭ دادىسى «مانا مەن» دەپ مەيدانغا چىقمايدۇ - دە!

## 4

مەكتەپ دوختۇرخانىسىنىڭ كېسەللەر ياتىقى. گۈلىستانغا ئاسما ئوكۇل ئېسىلغان بولۇپ، ئۇخلاۋاتقانمۇ، قانداق؟ كۆزىنى مەھكەم يۇمۇۋالغانىدى. ئۇ بىر كېچىدىلا خېلىلا ياداپ قالغان، كۆزلىرى ھارغىن، چىرايىدا قان دىدارى يوق، سارغىيىپ كەتكەنىدى. ئىشىك بىرنەچچە قېتىم يەڭگىل چېكىلدى. گۈلىستان ئېرەنسىزلىك بىلەن يېتىۋەردى، ئۇ ھوشىغا كەلگەندە نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى پەرەز قىلدى، شۇ ھامان نومۇس كۆچىدىن قەلبى ئۆرتەندى. مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلدى، ئۆزىگە دەرھاللا ئۆلۈم تىلىدى. لېكىن، ئۆلەمكىمۇ ئۇنچە ئاسان ئەمەس

ئىدى. ئاخىر گۈلىستان ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمەسلىك، ھېچكىمنىڭ يۈزىگە قارىماسلىق قارارىغا كەلگەنىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ مەيلى ئۇخلىسۇن، مەيلى ئويغاق بولسۇن كۆزىنى پەقەتلا ئاچمىدى، ئۈنسىز ياش تۆكتى. ئىشىك يەنە چېكىلدى، بىتاقەتلىك بىلەن چېكىلىۋەردى.

— كىرىڭ، — دېدى ئۇ بىزارلىق بىلەن كۆزىنى ئاچمايلا.

ئىشىك چەككۈچى مەردان ئىدى. ئۇ تۇرقىدىن تولىمۇ پەرىشان، ئالاقزەدە كۆرۈنەتتى. كۆزلىرى قىزارغان، چىرايى تاتارغانىدى. ئۇ گۈلىستانىنىڭ قېشىغا كېلىپ تىزلاندى ۋە ئاغزىنى گۈلىستانىنىڭ قۇلىقىغا يېقىپ تۇرۇپ يىغلامسىرىدى...

— گۈلىستان، مەن...

گۈلىستان لاپپىدە كۆزىنى ئاچتى ـ دە، مەردانغا شۇنداق قاراپ قويۇپلا، كۆزىنى يەنە يۇمۇۋالدى.

— كۆزۈڭنى ئاچە گۈلىستان، سەن بىلەن سۆزلىشىدىغان مۇھىم ئىش بار ئىدى.

— سۆزلەۋەر، قۇلىقىم سەندە، — دېدى گۈلىستان بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن تولىمۇ زەئىپ ئاۋازدا.

— بويۇڭدا قالغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىپ كەتتى. بۇ ئىش توغرۇلۇق پاراڭلار مەكتەپنى بىر ئالدى.

گۈلىستان كۆزىنى لاپپىدە ئاچتى. مەردانىنىڭ بىچارە، سولغۇن چىرايىغا بىرنەچچە دەقىقە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، چىرايىنى ئۆزگەرتمەي «خەۋىرىم بار» دەپ خاتىرجەم ھالدا جاۋاب بەردى.

مەردان بىردەم ئۈنسىز تۇرغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز گۈلىستانىنىڭ قولىغا ئېسىلىپ يىغلاشقا باشلىدى:

— گۈلىستان، جېنىم گۈلىستان، مېنى قۇتقۇزۇۋال، مەكتەپتە بالىنىڭ دادىسى توغرۇلۇق ھەر خىل پاراڭلار بولۇۋاتىدۇ. سەن... سەن مېنىڭ ئىسمىمنى چىقارمىساڭلا ئۇلار مېنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ.

گۈلىستان ئۈنسىز ياتاتتى، كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىرى

توختىماي سىرغىپ چۈشەتتى. ئۇ شۇ تۇرقىدا يا ئىچ ئاغرىتىشنى، يا نەپرەتلىنىشنى بىلەلمەي قالغانىدى. گۈلىستان ئەلۋەتتە مەرداننى چېتىۋېلىشنى خالىمايتتى. بۇ توغرۇلۇق خىيال قىلىپ باققىنىمۇ يوق، ئەمما مەرداننىڭ بۇنداق دەپ يېلىنىپ كېلىشىنى كۈتمىگەنىدى. مەرداننىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭ پارە ـ پارە بولغان قەلبىنى كۆكۈم ـ تالقان قىلىۋەتتى. ۋۇجۇدىدا قىلچىلىك يىگىتلىك غۇرۇرى يوق بىر ئادەمنى خاتا تاللىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى. مەردان ئۇنىڭغا يەنە يېلىنىشقا باشلىدى:

— بولىدىغان ئىش بولۇپ بولدى. ئىش سەن بىلەنلا تۈگىسۇن. دادامغا ئېيتاي، مەكتەپ ناۋادا ساڭا چارە كۆرسە، دادام خىزمەت تېپىپ بېرىدۇ. ئۇقۇشۇم پۈتكەن ھامان توي قىلىۋالىمىز. گەپ قىل گۈلىستان، نېمىشقا گەپ قىلمايسەن ـ ھە؟ ! ...

گۈلىستان مەرداندىن بۇنداق گەپنى كۈتمىگەنىدى. ناۋادا ئۇ «خاتىرجەم بول گۈلىستان، مەكتەپ تەشكىلىگە ‹بالىنىڭ دادىسى مانا مەن. جازالاشقا توغرا كەلسە مېنىمۇ گۈلىستانغا قوشۇپ جازالاڭلار›، دەيمەن، مەن سەندىن ئايرىلالمايمەن گۈلىستان، بېشىمىزغا نېمە كۈن كەلسە تەڭ كۆرىمىز» دېگەن بولسا، خۇشاللىقتا گۈلىستاننىڭ بېشى ئاسمانغا تاقىشار ئىدى.

— خاتىرجەم بول، بۇنچىۋالا قورقۇپ ئالاقزەدە بولۇپ كەتمە. مەن سېنى خاتا تونۇپ قاپتىمەن، سېنى بۇنچىۋالا قورقۇنچاق، يۈرەكسىز دەپ ئويلىمىغانىدىم. سەن ئوغۇل بالىغۇ، ھېچبولمىغاندا ئوغۇل بالىدەك تۈرە مىشىلدىماي، بېشىمغا شۇنچىۋالا ئېغىر كۈن چۈشسە، سەن تېخى ئۆز ھالىڭ بىلەن بولۇپ كېتىپسەن. مېنى بىرئاز ئارام ئالغىلى قوي. خاتىرجەم بول، مەكتەپ تەشكىلىگە ئۆزۈم ياخشىراق ئويلاپ جاۋاب بېرىمەن.

مەردان يەنە گەپ قىلىشقا تەمشىلىپ تۇرۇۋېدى، ياتاقنىڭ



ئىشىكى چېكىلدى. ئۇ دەرھال كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى ـ دە، بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىك تۈۋىدە فاكۇلتېت مۇدىرى، سىنىپ مۇدىرى قاتارلىق بىرقانچە ئوقۇتقۇچىلار تۇراتتى. مەردان ئۇلارنى كۆرۈپ دەرھال سىرتقا ماڭدى. كىرگەنلەر مەردانغا گۇمانىي نەزىرى بىلەن قارىشىپ قويۇپ، گۈلىستاننىڭ كارىۋىتىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى.

— قىزىم. سىز مەكتەپنىڭ، شۇنداقلا ئۆزىڭىزنىڭ يۈزىنى تۆكىدىغان سەت بىر ئىشنى قىلىپ قويۇپسىز، نېمىشقىمۇ مۇشۇنداق ئىشنى قىلغانسىز قىزىم. قىز بالا دېگەن ئۆزىنى ئايايدىغان ئەمەسمۇ، — دېدى ياشانغان بىر ئايال ئوقۇتقۇچى گۈلىستاننىڭ چۇۋۇلۇپ كەتكەن چاچلىرىنى ئوڭلاپ قويغاچ.

— بۇ كىمنىڭ قىلغان ئىشى، بىزگە ئېيتىپ بېرىڭ، — دېدى سىنىپ مۇدىرى سۆز ئېلىپ، — ئۇ كىم؟ مەكتەپتىكى ئوغۇللارمۇ ياكى جەمئىيەتتىكى كىشىلەرمۇ؟ يوشۇرماي ئوچۇقىنى ئېيتىڭ.

— بىز ساۋاقداشلاردىن ئەھۋال ئىگىلىدۇق، — دېدى ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى سۆز قىستۇرۇپ، — ئۇلار مەردان بىلەن ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋىتىڭىز بارلىقىنى ئىنكاس قىلىشتى. مەردان...

— مەردان بايا قېشىڭىزغا نېمىدەپ كىرىپتۇ؟ — دېدى سىنىپ مۇدىرى دەرھال سۆز ئېلىپ، — گەپ قىلمايسىزغۇ، ياخشىراق ئويلىنىپ جاۋاب بېرىڭ. بۇ ھەرگىز كىچىك ئىش ئەمەس.

— گەپ قىلىڭ قىزىم، زادى كىم؟ مەردانمۇ ـ ھە؟

— ماڭا قانداق چارە كۆرسەڭلار مەيلى، لېكىن سورىغان سوئاللىرىڭلارغا جاۋاب بېرىشكە قىستىماڭلار، — دېدى گۈلىستان يىغلاپ تۇرۇپ، — بولىدىغان ئىش بولۇپ بولدى. بۇ ئىش مەن بىلەنلا تۈگىسۇن. مۇدىر، مۇئەللىم مېنى ئەپۇ قىلىڭلار. ئالدىڭلاردا ناھايىتىمۇ خىجىلمەن. مەن سىلەرنىڭ

سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمەسلىك قارارىغا كەلدىم. ماڭا قانداق چارە كۆرسەتسەڭلار مەن رازى.

گۈلىستان يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى قىلىپ بولۇپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. ئوقۇتقۇچىلار بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋالغاندىن كېيىن، گۈلىستانغا ياخشى دەم ئېلىپ، سالامەتلىكىنى تېزرەك ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تاپىلاپ كېسەلخانىدىن ئايرىلىشتى.

## 5

مەكتەپ تەشكىلى مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق گۈلىستاننى مەكتەپتىن چىكىندۈرۈشنى قارار قىلدى. مانا بۈگۈن ئۇنىڭغا مەكتەپ بوسۇغىسىدىن يېنىپ چىققىلى تۇپتوغرا بەش كۈن بولدى. بۇ بەش كۈن ئىچىدە ئۇ ھەر خىل خىياللار بىلەن مەقسەتسىز ھالدا شەھەرنىڭ كوچىلىرىنى ئارىلىدى، يېنىدىكى ئازغىنا پۇلمۇ تۈگىدى. ئۇ ھازىر ئەتىگەندىن بېرى ناشتىسىز ئىدى. مەردان ئۇنىڭغا ئاشۇ كۈنى كېسەلخانىدا يىغلاپ ـ يېلىنىپ ۋەدىلەرنى بېرىپ چىقىپ كەتكەندىن بېرى پەقەتلا كۆرۈنمىدى. گۈلىستان بارلىق ئۈمىدىنى مەردانغا باغلىغانىدى. ئۇ مەرداننىڭ دادىسى ئارقىلىق بىرەر ئورۇندا خىزمەت تېپىپ، ئۆرۈمچىدە قېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ۋە بۇ ئىشقا مەرداننىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشەنگەنىدى. گۈلىستانغا ھازىر ئۈرۈمچىدە قېلىپ جان ساقلىغۇدەك خىزمەت بولسىلا جان ـ دىلى بىلەن قىلاتتى. ھازىر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاشۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئارزۇ يوق ئىدى. بىراق، گۈلىستان مەرداننى تاپالمايۋاتاتتى. گۈلىستاننىڭ ئۇنى ئىزدەپ قىلغان بارلىق ئامالللىرى بىكارغا كەتتى. مەردان گويا يولۋاسنىڭ شەپىسىنى سەزگەن توشقانغا ئوخشاش نامەلۇم بىر كامارغا كىرىۋالغانىدى.

گۈلىستان خىيالىي ئايلىنىپ يۈرۈپ مەرداننىڭ ئائىلىسى

جايلاشقان قورۇنىڭ تۆۋىگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا قالدى. «مەردان ئۆيدە بارمىدۇ ـ يوقمىدۇ؟ كىرسەم قانداق بولار؟ ئاتا ـ ئانىسى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقانمىدۇ؟ ئۇلارغا خىزمەت قىلىش ئارزۇيۇمنى قانداق چۈشەندۈرەرمەن». تۇيۇقسىز ئۇ ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقان مەرداننى كۆرۈپ، ۋۇجۇدىنى بىر خىل ئېيتقۇسىز خۇشاللىق، سۆيۈنۈش قاپلىدى، نەچچە كۈندىن بېرى مەردانغا نىسبەتەن يۈرىكىدە قوزغالغان غەزەپ، رەنجىش، ئاداۋەتلىرى بىردىنلا غايىب بولدى. قەلبىدە ئۆچەي ـ ئۆچەي دەپ قالغان ئۈمىد شامى لاپپىدە يورۇدى. مەردان قانداقتۇر بىرنەرسىنى خىيال قىلىۋاتقاندەك بېشىنى كۆتۈرمەي كېلىۋاتاتتى. ئۇ گۈلىستاننى كۆرمىگەن بولسا كېرەك. قىزنىڭ ئالدىدىن بەخىرامان ئۆتۈپ كەتتى. غەزەپ ۋە خورلۇقتىن قىزنىڭ پۈت ـ قولىدا جان قالمىدى، كۆزىگە بىر دەقىقە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. گۈلىستان ياۋاش، بوش قىزلاردىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنى ئۇنچە يوقىتىپ قويمىدى، تېزلا ئەسلىگە كەلدى.

— مەردان! — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن توۋلاپ.

گۈلىستاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان مەردان چۆچۈپ توختىدى ۋە جۈرئەتسىزلىنىپ قارىدى. كۆزلىرى نەق مەيداندا تۇتۇلۇپ قالغان ئوغرىدەك ئالاق ـ جالاق بولۇپ كەتتى. گۈلىستاننىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلەتتى. مەردان گۈلىستانغا بىرھازا ھېسسىياتسىز قاراپ تۇردى ـ دە، تۇيۇقسىز شارتتىدە كەينىگە ئۆرۈلۈپ، ئۇچقاندەك يۈگۈرگىنىچە بىنانىڭ ئىچىگە كىرىپ غايىب بولدى. گۈلىستان ئۇنىڭ بۇ كۈلكىلىك قىلىقىغا قاراپ بىرھازا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى، يا كۈلكىگە، يا يىغىغا ئوخشىمايدىغان بىر خىل تۇيغۇ ۋۇجۇدىنى قاپلىدى. تۈنجى قېتىم ئۆزىنى قاتتىق خورلانغاندەك دەپسەندە قىلىنغاندەك ھېس قىلدى ـ دە، نېمىلەرنىدۇر خىيالىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، قەتئىيلىك بىلەن بىنانىڭ ئىچىگە يول ئالدى. ئۇ مەرداننىڭ ئۆيىگە بىرنەچچە قېتىم كەلگەنىدى. شۇڭلاشقا، ئۇدۇل ئىشىك

تۇۋىگە بېرىپ قوڭغۇراق كۇنۇپكىسىنى باستى.

— كىمنى ئىزدەيسىز؟ — بىرھازا ئۆتكەندىن كېيىن چىققان مەردانىنىڭ ئانىسى گويا گۈلىستاننى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغاندەك، تونۇمايدىغاندەك ھالەتتە سورىدى.

گۈلىستان مەردانىنىڭ ئانىسىنى كۆرۈپ بىرئاز تەمتىرىدى، ھودۇقتى، پۇت ـ قوللىرى تىترىدى.

— مەردانىنى...

— مەردان يوق، مەكتەپتىن كەلمىدى. سىز ئۇنى مەكتەپكە بېرىپ ئىزدەپ بېقىڭ. ئادەتتە ئۇ شەنبە كۈندىن باشقا ۋاقىتتا ئۆيگە كەلمەيدۇ.

مەردانىنىڭ ئانىسى ئەنە شۇلارنى ئېيتقاندىن كېيىن «گەپ تۈگىدى» دېگەننى ئىما قىلىپ ئىشىكنى ياپماقچى بولدى.

— مەردانىنى ھازىرلا كۆردۈم، كەينىدىنلا كېلىشىم، خاپا بولماي چاقىرىۋەتكەن بولسىلا، ئىككى ئېغىز گېپىم بار ئىدى، — دېدى گۈلىستان يېلىنغان ھالدا كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ.

مەردانىنىڭ ئانىسى ھەممە ئىشلاردىن خەۋەر تاپقانىدى. ئۇ گۈلىستاننىڭ ھازىرقى چۈشكۈن، بىچارە تۇرقىغا قاراپ بىردىنلا ئانىلىق مېھرى قوزغالدى، يۈرىكى شۇررىدە ئېرىدى، كۆزىگە غىلىلىدە ياش كەلدى.

— قېنى، ئۆيگە كىرىڭ قىزىم، — دېدى ئۇ ئىشىكنى يوغان ئېچىپ.

گۈلىستان بوسۇغىدىن تارتىنىپقىنا ئاتلىدى. يوغان ياسداق مېھمانخانا ئۆينىڭ ئىچى تىپتىنچ ئىدى. ئۆيدە مەردان كۆرۈنمەيتتى. گۈلىستان ئىشىكى ھىم يېپىلغان باشقا ئۆيلەرگە تەلمۈرۈپ قارىدى، لېكىن، ئىشىكنى ئېچىپ قاراپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ بايىقى بېشىغا ھەر بالا كەلسىمۇ چىداپ تۇرۇپ مەردانىنىڭ ئۆيىدىكىلەر بىلەن زاكونلىشىش ئىرادىسى تەۋرىنىپ قېلىۋاتاتتى.

— قېنى، چاي ئىچىڭ قىزىم، — دېدى ئانا مېھرىبانلىق

بىلەن.

گۈلىستاننىڭ كاللىسىدا كەسكىن زىددىيەت توقۇنۇشقا باشلىدى. «قانداق قىلاي، مەردان مۇشۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدە بار، ئۇ مۆكۈۋالدى. ئانىسىغا ئەھۋالنى دېسەم قانداق بولار. مېنى بىرەر ئورۇنغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇلارنىڭ قولىدىن كېلىدۇغۇ. ئاھ خۇدا، قانداقمۇ قىلارمەن ئەمدى...»

— مېنىڭ ئەھۋالىمدىن بەلكىم سىلىنىڭمۇ خەۋەرلىرى باردۇ، — دېدى گۈلىستان، — مەن ھازىر مەكتەپتىن ھەيدەلدىم. مەرداننىڭ ئىستىقبالىغا تەسىر يەتمىسۇن دەپ ئۇنى چېتىۋالمىدىم. مېنىڭ باشقا تەلىپىم يوق. مەن ھازىر بۇ تۇرقۇم بىلەن يۇرتقا، ئاتا - ئانامنىڭ ئالدىغا بارالمايمەن. ھەرقايسىلىرىنىڭ قوللىرىدىن كېلىدۇ. ماڭا ئورۇمچىدىن ئىشلەپ جېنىمنى باقالىغۇدەك بىر كىشىلىك خىزمەت تېپىپ بەرگەن بولۇشىلا.

گۈلىستان يەنە بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

مەرداننىڭ ئانىسىنىڭ گۈلىستانغا ئىچى ئاغرىدى، چەكسىز ھېسداشلىقى قوزغالدى، لېكىن ئۇ ئوغلىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋىدى، بىردىنلا يەنە يۈرىكى قاتتى. ئانا گۈلىستاننىڭ ناۋادا ئورۇمچىدە خىزمەت قىلىپ قېلىپ قالسا ئوغلىنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىشىدىن، ئوغلىنىڭ ئوقۇشىغا، ئىستىقبالىغا تەسىر يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرەيتتى. «قىزنى بىر ئامال قىلىپ يۇرتىغا قايتىپ كېتىشكە كۆندۈرۈش كېرەك. ئەڭ ياخشىسى، ئۇ ئورۇمچىدە تۇرمىسۇن.»

— بۇ ئىشتا مەن سىزنى ئەيىبلىمەيمەن قىزىم. مەرداننىڭمۇ بەلگىلىك مەسئۇلىيىتى بار. بايا دېگەن تەلىپىڭىزغۇ ئورۇنلۇق. ئەمما، ھازىر ئورۇمچىدە خىزمەت تاپماق، دۆلەت ئىشتاتىغا ئۆتمەك بەكمۇ تەس. بۇ ئاسانلا ھەل بولىدىغان ئىش ئەمەس. سىز ئاۋۋال يۇرتقا قايتىپ تۇرۇڭ. مەرداننىڭ دادىسى ئالاقىلىشىپ سىزگە يۇرتىڭىزدىن ياخشى خىزمەت ھەل قىلىپ بەرسۇن.

كېيىنچە يول مېڭىپ خىزمىتىڭىزنى ئۈرۈمچىگە يۆتكىۋالايلى، — ئانا گۈلىستاننىڭ جىملا تۇرغىنىنى كۆرۈپ سۆزىنى قايتا تەكىتلىدى، — ئۈرۈمچىدىن بىۋاستە خىزمەت تاپماق بەكمۇ تەس. بۇ ئىش ئاسانلىقچە ھەل بولمايدۇ، — ئانا گۈلىستانغا بىر تۇتام پۇلنى تەڭلىدى، — مەڭ، بۇ پۇلغا كىيىم - كېچەك ئېلىپ كىيىڭ، يۇرتقا قايتقۇچە يول خىراجىتى قىلىڭ.

گۈلىستان پۇلنى كۆرۈپ خورلۇق ھېس قىلدى، ۋۇجۇدى غەزەپتىن تىترىدى، قەلبىدىكى ئۈمىد يىپلىرى پۇتۇنلەي ئۈزۈلدى.

— مەن يانلىرىغا پۇل سوراپ كەلمىدىم، ماڭا سىلىنىڭ پۇللىرى لازىم ئەمەس. مەردانىغا ئېيتىپ قويسىلا، ماڭا قىلغان نامەردلىكىنى باشقا قىزلارغا ھەرگىز قىلمىسۇن. خۇدا مەن تارتقان خورلۇقلارنى ئۇنىڭغا كۆرسەتمىگەي، ئىلاھىم.

گۈلىستان شۇلارنى دەپلا سىرتقا ماڭدى، كۆزىدىن سەلدەك ياش قۇيۇلاتتى. يۈرەك - باغرى پارە - پارە بولۇپ كېتەتتى. شۇ تۇرقىدا بىرسىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ قانغۇدەك يىغلىۋالغۇسى كېلەتتى.

— گۈلىستان، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، غەيرەتلىكرەك بول.

گۈلىستان ئېسىنى يىغىپ ئۆزىنى شاكىرنىڭ يۆلەپ تۇرغانلىقىنى كۆردى - دە، پۈتكۈل ۋۇجۇدىدىكى قاننىڭ ھەممىسى يۈزىگە تەپكەندەك قىزاردى، خۇددى كىچىك بالىغا ئوخشاش ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ يىغىسى ئازاب، پۇشايمان، ھەسرەت، خورلۇق يىغىسى ئىدى. شاكىر ئەتراپتىكى ئۆزلىرىگە قاراۋاتقان ئادەملەرنى كۆرۈپ گۈلىستاننىڭ يېڭىدىن ئاستا تارتتى.

— يۈرە، بۇ يەردە تۇرىۋەرمەيلى، ئاشخانىدىن بىرسىگە كىرىپ پاراڭلىشايلى.

گۈلىستان ئۈن - تىنسىزلا شاكىرنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. شاكىر ئۇنى شالاڭراق ئاشخانىدىن بىرسىگە باشلىدى.

ئاشخانىدىكى تاماقنىڭ مەززىلىك پۇرىقى بىردىنلا گۈلىستاننىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغىۋەتتى. ئۇنىڭ ئەتىگەندىن تارتىپ ناشتىسىز تۇرغان قورسىقى غورۇلداشقا باشلىدى. ئۇ ئالدىغا كەلگەن تاماققا تۈزۈت قىلمايلا تېز - تېز تېگىش قىلىشقا باشلىدى.

— يەنە يەمسەن؟ — سورىدى شاكىر كۈيۈنگەن ھالدا.

— بولدى، قورسىقىم تويدى.

— ئەمىسە چاي ئىچ.

گۈلىستان پىيالىدىكى چاينى ئاغزىغا ئاپاردى - يۇ، لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يەنە يىغلاپ تاشلىدى.

— بولدى، كۆڭلۈڭنى بۇزما. بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، — شاكىر قول ياغلىقىنى ئۇزارتتى.

— مەن ساڭا يۈز كېلەلمەيمەن شاكىر، مېنى ئەپۇ قىل، — گۈلىستاننىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى، كۆزىدىن ياش بۆلدۈقلاپ چىقىپ تۇراتتى.

— بولدى ئەپۇ سوراپ يۈرمە. سېنى ئەپۇ قىلالمىغان بولسام قېشىڭغا كېلىپ يۈرمەيتتىم، — شاكىر تاماكىسىنى قاتتىق شورىۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بولدى، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما. پۇشايمان ئادەمگە ئازاب، ھەسرەتتىن باشقا ھېچنېمە بېرەلمەيدۇ. ئەمدىكى گەپ بۇنىڭدىن كېيىن قەدەمنى قانداق بېسىشتا، — شاكىر گۈلىستاننىڭ پىيالىسىگە چاي لىقلاپ قويغاچ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سەن ئەڭ ياخشىسى، ئەمدى ئۈرۈمچىدە تۇرما. يۇرتقا بېرىپ مۇھەممەت بىلەن نازاكەتنى تاپ. ئۇلار زاۋۇت قۇرۇش تەييارلىقىغا كىرىشىۋاتىدۇ، ئاشۇلار بىلەن بىللە ئىشلە. ئۇلارنىڭ تەسىرلىك ئىش ئىزلىرى، غەيرەت - جاسارىتى ھەقىقەتەن ئادەمنى قايىل قىلىدۇ. ئەسلىي ئالىي مەكتەپتە ئاشۇ ئىككىسى ئوقۇشقا تېگىشلىك ئىدى. سەن دەرھال يۇرتقا قايتىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈش. ئۇلار سېنى چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ سېپىگە قوشۇۋالىدۇ، — شاكىر يانچۇقىدىن يىگىرمە بەش يۈەن پۇلنى ئېلىپ گۈلىستانغا تەڭلىدى، — ئاز

بولسىمۇ بۇ پۇلنى يېنىڭغا سېلىپ قوي. مەن مەكتەپكە بېرىپ ساڭا ئاپتوبۇس كىرا قىلغۇدەك پۇل تېپىپ كېلەي. ئەتە ئەتىگەن مۇشۇ يەردە كۆرۈشەيلى.

— مېنى خىجىل قىلما شاكىر. مەن ھەرگىزمۇ بۇ پۇللارنى ئالالمايمەن، ياخشى كۆڭلۈڭگە رەھمەت.

— ئۇنداق قىلما گۇلىستان، بىلىپ تۇرۇپتىمەن، ھازىر يېنىڭدا بىر تىيىنمۇ پۇل يوق، — دېدى شاكىر كۆيۈنگەن ھالدا، — مەن بۇ پۇلنى ساڭا ئىچ ئاغرىتىپ بېرىۋاتقىنىم يوق. ئەگەر بۇ پۇلنى شۇنداقلا ئېلىشنى خالىمىساڭ، قەرز ھېسابىدا بەرگەن بولاي. يۇرتقا بېرىپ پۇل ئېشىنغاندا ئەۋەتىپ بېرەرسەن.

— رەھمەت ساڭا، — دېدى گۇلىستان ئۆكسۈپ تۇرۇپ، — مەن ساڭا كۆپ قەرزدار بولۇپ كەتتىم. مەن بۇ قەرزلىرىمنى قانداقمۇ قايتۇرۇپ بولارمەن.

— ياق، ئۇنداق دېگۈچى بولما. بېشىڭغا كەلگەن بۇ پېشكەللىكلەرنى تولا ئويلاپ، ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويماي، باشقىدىن ئادەم بولساڭلا بولدى. گۇلىستان، ساۋاقداشلىق سۇپىتىم بىلەن سەندىن ئۈمىد قىلىدىغىنىم، ھاياتنى قىزغىن سۆي، ئەمىسە ئەتە كۆرۈشەيلى.

# يىگىرمە بىرىنچى باب

# دوستلۇق مېھرى

## 1

تۈن يېرىملاشقان، ئاي نۇرى دېرىزىدىن ئۆيگە چۈشۈپ ئۆيئىچىنى ئاپپاق يورۇتۇۋەتكەنىدى. گۈلىستان بارلىق كەچۈرمىشلىرىنى نازاكەتكە ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى، ئىككىلىسىنىڭ كىرپىكىدە ياش تامچىلىرى گۈل بەرگىدىكى شەبنەمدەك يالتىرايتتى.

— شۇنداق قىلىپ، شاكىرنى ئەتىسى ھېلىقى ئاشخانىنىڭ ئالدىدا يېرىم كۈن ساقلىدىم دە، — دېدى نازاكەت گۈلىستاننىڭ كۆز يېشىنى سۈرتۈپ.

— شۇنداق، يېرىم كۈن ساقلىدىم، لېكىن شاكىر كەلمىدى.

— نېمىشقا كېلەلمىگەنلىكىنى بىلەلمىدىڭمۇ؟ — ئەجەبلىنىپ سورىدى نازاكەت.

— چۈشتىن كېيىن ساۋاقداش باللار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئەسلىدە شاكىر پالاكەتكە ئۇچرىغانىكەن.

— قانداق پالاكەتكە؟

— ساۋاقداشلاردىن ئۇققۇشۇمچە، شاكىر مەكتەپكە بېرىپلا قەرزگە پۇل تاپالماپتۇ. شۇ ئاچچىقىدا تۇرسا مەردانىغا يولۇقۇپ قاپتۇ. قاندىقى قانداق بولغان، ئىككىسى مۇشتلىشىپ قاپتۇ. شاكىر غەزىپىگە بەس كېلەلمىگەن بولسا كېرەك، مەردانىغا پىچاق تىقىۋېتىپتۇ.

— مەردان ئۆلۈپتۇمۇ؟
— ياق، ئەمما خېلى ئېغىر زەخىملەنگەن ئوخشايدۇ. مەكتەپ قوغداش بۆلۈمىنىڭ ئادەملىرى كېلىپ شاكىرنى نەق مەيداندىلا تۇتۇپ كېتىپتۇ.
— شۇڭا كېلەلمەپتىكەن - دە، — دېدى نازاكەت شاكىرغا ھېسداشلىق قىلغان ھالدا.
— شۇنداق، — دېدى گۈلىستان ئازاب بىلەن چوڭقۇر خورسىنىپ، — شاكىرنى جامائەت خەۋپسىزلىك ئورۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنىكەن. مەن مىڭبىر تەستە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۇم. ئۇ: «مېنى خۇش بولسۇن، خاتىرجەم بولسۇن دېسەڭ، ئۇرۇمچىدىن دەرھال كەت. يۇرتقا بېرىپ مۇھەممەت، نازاكەتلەرنى تاپقىن» دەپ بەك تاپىلاپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ئامال قىلىپ يۇرتقا قايتىپ كەلدىم.
— ئەمىسە، يۇرتقا كەلگىلى شۇنچە ۋاقىت بولغان ئادەم نېمىشقا بىزنى ئىزدىمىدىڭ؟ — دېدى نازاكەت بىر ئاز رەنجىگەندەك قىلىپ.
— ماڭا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تەربىيە بېرىپ يازغان ھېلىقى خەت ئېسىڭدىمۇ؟
— ئېسىمدە، — دېدى نازاكەت ئويلانغان ھالدا.
— ئاشۇ خېتىڭنى تاپشۇرۇۋالغاندا، سېنى مەسخىرە قىلىپ قانغۇچە كۈلگەنىدىم، سەندىن رەنجىگەنىدىم، يولدا كېلىۋېتىپ ئاشۇ خەت قايتىدىن ئېسىمگە كېلىپ قالدى. شۇ ھامان پۈتكۈل جاھان، پۈتكۈل مەۋجۇدات مېنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، نومۇس كۈچىدىن ئۆرتەندىم. ۋىجدان ئازابى قەلبىمنى قۇرتتەك غاجىدى، مەكتەپ ئەھۋالىمنى ئۆيدىكىلەرگە خەت ئارقىلىق ئۇقتۇرۇپ بولغانىكەن، ئۆيگە كەلسەم دادام بىلەن ئانام بوسۇغىدىن ئاتلاتمىدى. ئۇلار ئاتا - بالىلىقتىن كەچكەنلىكىنى ئېنىق جاكارلاشتى. ئاتا - ئانىسىنىڭ يۈزىنى تۆككەن مەندەك بىر قىزنى كىممۇ قۇچاق ئېچىپ قارشى ئالسۇن دەيسەن. شۇنىڭ

بىلەن سېنىڭ ئالدىڭغا بېرىشقىمۇ خىجىل بولدۇم. يۈزۈم چىدىمىدى. قىز بالا بولغاندىكىن مەدىكار ئىشلەپ پۇل تاپالمايدىكەنمەن. بالا بېقىش، ئائىلە خىزمەتچىسى بولۇشتەك ئىشلارغا مەندەك تېگى - تەكتى ئېنىق بولمىغان ھەمدە بويىغا يېتىپ قالغان قىزنى ھېچكىم قوبۇل قىلمايدىكەن. ئۆز يۇرتۇمدا ئاچ قالدىم، ماكانسىز قالدىم. تىلەمچىلىك قىلىشنىڭ ئورنى يوق ئىكەن. ئاخىر ياخشىراق كىيىمىمدىن بىرسىگە تور رومالدىن بىرنى تېگىشتىم - دە، يۈزۈمنى يېپىپ كوچىغا چىقىپ كەتتىم. كېيىنچە مۇھەممەت بىلەن ئىسمايىلجان. ئۇچراتقان «شېرىن بۇلاق رېستورانى»غا بېرىپ كۈتكۈچىلىك قىلدىم. نامىمىز كۈتكۈچى، ئەمەلىيەتتە ئەرلەرگە ئويۇنچۇق بولىمىز، ھاراق ئىچىشىپ بېرىمىز، ئەرلەرنى كۆپرەك پۇل خەجلىتىشنىڭ ئامالىنى قىلىمىز. ئەرلەرنىڭ دېگىنىگە كۆنۈشكە مەجبۇر بولىمىز، خالىمىساق يا ئەرلەردىن تاياق يەيمىز ياكى رېستوراننىڭ خوجايىنىدىن تاياق يەيمىز. بىزنى قوغدايدىغان، ئىككى ئېغىز گېپىمىزنى قىلىدىغان ئادەم يوق. ئۇ يەردىن كېتىشنىمۇ ئويلىدىم. لېكىن، بارىدىغان يېرىم يوق. ھاياتىمدىن ئۈمىد ئۈزۈپ ئۆلۈۋالاي دەپمۇ ئويلىدىم. لېكىن، جان تاتلىق ئىكەن. ئادەمنىڭ بۇ يورۇق جاھاندىن ئۈمىدىنى ئۈزگۈسى كەلمەيدىكەن. سېنى، مۇھەممەتنى ئىككى - ئۈچ قېتىم ئۇچراتتىم. مېنى كۆرمەي ئۆتۈپ كەتتىڭلار. ئالدىڭلارغا بېرىشقا يۈزۈم چىدىمىدى. ھېلىمۇ ياخشى ئىسمايىلجان بىلەن مۇھەممەت قۇتۇلدۇرۇۋالمىغان بولسا، تاياق زەربىسىدىن بىرەر يېرىم ناكار بولۇپ قالاتتى.

— بىچارە دوستۇم، — نازاكەت گۈلىستاننىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ يىغلىدى.

— ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالىچۇ؟ — سورىدى گۈلىستان كۆيۈنگەن ھالدا، — مەكتەپتە بالىلارنىڭ ئاغزىدىن سېنى مۇھەممەت بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشۈپتۇ دەپمۇ ئاڭلىدىم. يەنە تېخى نەۋرە ئاكىسى

بىلەن توي قىلىدىغان بوپتۇ دەپمۇ ئاڭلىدىم.

— ھەر ئىككىسى تەڭلا توي قىلىش تەلىپىنى قويۇشتى، — دېدى نازاكەت ئويچانلىق بىلەن، — ئۇلار بىر - بىرىدىن قېلىشمىغۇدەك ياخشى يىگىتلەر، لېكىن مېنىڭ ھازىرچە بۇ ئىشلارنى ئويلىغۇم يوق.

— نېمىشقا؟ خالمۇراتنى دەپمۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ؟

— بۇ ھەرگىزمۇ خالمۇرات ئۈچۈن ئەمەس، — دېدى نازاكەت چۈشەندۈرۈپ، — خالمۇرات بىلەن ئوتتۇرىمىزدىكى ئىش ئاللىبۇرۇن تۈگىگەن. مەن ھازىر ئۇنى دوستۇم دەپلا بىلىمەن، خالاس. سەن ئويلاپ باقتىڭمۇ گۈلىستان، — دېدى نازاكەت دوستىنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ، — مەكتەپتىكى ۋاقتىمىزدا ئوقۇتقۇچىلار ئالدىراپ مۇھەببەت كوچىسىغا كىرىپ قالماسلىقىمىز ھەققىدە كۆپ نەسىھەت قىلاتتى. ئەمما، بىز بۇ نەسىھەتلەرنى قۇلىقىمىزدا تۇتمىدۇق. بىزنىڭ خاتالىقىمىز دەل مۇشۇ يەردە. بىز سۆيگۈنىڭ، مۇھەببەتلىشىشنىڭ نېمىلىكىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتمەيلا بىر دەملىك ھېسسىياتىمىزغا بېرىلىپ مۇھەببەت كوچىسىغا ئالدىراپ قەدەم بېسىپ قالدۇق. نەتىجىدە يەتكۈچە دەرد تارتىپ يىغلىدۇق، ياش تۆكتۇق، ھەر خىل قىسمەتلەرگە دۇچار بولدۇق. نىكاھ، ئائىلە قۇرۇشقا چاقچاق قىلساق، يەنىلا ھېسسىياتقا بېرىلسەك بولمايدۇ. چوڭقۇر ئويلاپ، پۇختا قەدەم باسمىساق يەنە دەردتە، ھەسرەتتە قالىدىغان گەپ. نىكاھ مەغلۇبىيىتىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالماق بەكمۇ تەس. شۇڭا، مەن بۇ ئىشقا يەنە بىر مەزگىل ئالدىرىماسلىق قارارىغا كەلدىم. قىلىۋاتقان ئىشلىرىمدىن تولۇق نەتىجە قازانماي تۇرۇپ ھەرگىز توي قىلمايمەن.

— خالمۇرات بىلەن ھېلىمۇ خەت يېزىشىپ تۇرۇۋاتامسەن؟

— ئانچە - مۇنچە، — دېدى نازاكەت، — ئۇ بىر خېتىدە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشقا تەييارلىنىۋاتىمەن دەپ يېزىپتىكەن.

— شۇنداق، ئابدۇسېلىم بىلەن ئىككىسىنىڭ ئىرادىسى بەك

چىڭ. چەت ئەل تىلىدىمۇ خېلىلا ئىلگىرىلىدى.

— مەن ئۇلارنىڭ روھىدىن بەك خۇش بولدۇم، مىللىتىمىز ئىچىدىن مانا مۇشۇنداق ئىرادىلىك ياشلار كۆپلەپ چىقسا نېمىدېگەن ياخشى - ھە!

گۈلىستان ئۈن چىقارماي ئولتۇراتتى. تەھقىقكى، ئۇ ھازىر پۇشايمان قىلىۋاتاتتى.

— ھە راست، شاكىرنىڭ ئىشىنىڭ كېيىن قانداق بولغانلىقىنى ئۇقتۇڭمۇ؟ — دېدى نازاكەت ئارىدىكى جىمىلىقنى بۇزۇپ.

— يېقىندا مەكتەپتىكى ساۋاقداش باللارغا تېلېفون بېرىپ ئۇقۇشتۇم. مەردانىنىڭ ئاتا - ئانىسى دەۋا قىلىپ تۇرۇۋالغاچقا، شاكىرغا ئۈچ يىللىق ئەمگەك بىلەن تەربىيەلەش جازاسى بېرىلىپتۇ. ئاتا - ئانىسى يول مېڭىپ يۈرۈپ ۋىلايەتلىك ئەمگەك بىلەن تەربىيەلەش ئورنىغا ئالماشتۇرۇۋالغانىكەن...

— بۇ خەۋەر ئىشەنچلىكمۇ؟

— مۇتلەق ئىشەنچلىك. مەن ئۆتكەن ھەپتە بېرىپ يوقلاپ كەلدىم.

— ھە، ئۇ قانداقراق تۇرۇپتۇ؟ — قىزىقىپ سورىدى نازاكەت.

— بىلمىدىم... — دېدى گۈلىستان ھەسرەتلەنگەن ھالدا.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — نازاكەت بىر ئاز گاڭگىرىدى.

— چۈنكى، ئۇ مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىلدى، — گۈلىستان شۇنداق دېدى - دە، كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلىرىنى توختىتىۋالالماي قالدى.

نازاكەت گۈلىستانغا نېمىدەپ، قانداق تەسەللىي بېرىشنى بىلەلمەي تولىمۇ تەڭقىسلىقتا قالدى. چۈنكى، ئۇ شۇ تاپتا شاكىرنىڭ گۈلىستان بىلەن نېمە ئۈچۈن كۆرۈشكىلى ئۇنىمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى.

— شاكىرنىڭ ھازىرقى روھىي ھالىتىنى چۈشىنىشىڭ

كېرەك، — دېدى نازاكەت، — ئۇنى بۇ قېتىم بىللە بېرىپ يوقلاپ كېلەيلى، مۇھەممەت ۋە بىرنەچچە ساۋاقداشلارنى بىللە ئېلىۋالايلى.

— مەن ئەمدى شاكىرنى يوقلىغىلى بارمايمەن، — دېدى گۈلىستان ئازابلانغان هالدا.

— نېمىشقا؟

— ئۇ بەرىبىر مەن بىلەن كۆرۈشمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئاشۇنداق يەرگە كىرىپ قېلىشىغا مەن سەۋەبچى. ئۇ مېنى هەرگىز كەچۈرمەيدۇ.

— مەيۇسلەنمە دوستۇم. ئادەم دېگەن ئۈمىدۋار بولۇشى كېرەك. شاكىرنىڭ سېنى كەچۈرۈش - كەچۈرمەسلىكىگە مەن هازىر بىرنېمە دېيەلمەيمەن. لېكىن، شاكىر بۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان چاغدا ئۆزىمىزنى قاچۇرۇپ يۈرسەك بولمايدۇ. بىز ئۇنىڭ ياخشى تەربىيەلىنىپ چىقىشى ئۈچۈن ياردەم بېرىشىمىز كېرەك.

## 2

بۈگۈن گەرچە هاۋا تۇتۇلۇپ سىم - سىم يامغۇر ياغقان بولسىمۇ، لېكىن يامغۇرغا قارىماي ئەتىگەندىلا يولغا چىققان مۇھەممەت، نازاكەت، گۈلىستانلار چۈشكە يېقىن ئەمگەك بىلەن تەربىيەلەش ئورنىغا يېتىپ كەلدى ۋە بۇ ئورۇننىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ شاكىر بىلەن تېزلا دىدارلاشتى.

جىسمانىي ئەمگەك شاكىرنى خېلىلا جۇدەتكەن، تېرىسىنى ئوبدانلا قارىداتقان بولسىمۇ، كۆزلىرىدىن بىر خىل ئۈمىدۋارلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ ساۋاقداشلىرىنى كۆرۈپ ئېيتقۇسىز خۇشاللىققا چۆمدى، هاياجانلاندى، كۆزىگە مۆللىدە ياش كەلدى.

مۇھەممەت بىلەن قۇچاقلىشىپ، نازاكەت بىلەن قىزغىن

سالاملىشىپ، گۈلىستانغا سوغۇقلا نەزەر تاشلاپ كۆرۈشتى.

— ۋاقتىدا خەۋەر تاپالماي قاپتىمىز، شۇڭا كېچىكىپ ــ رەك يوقلاپ كېلىپ قالدۇق. ئەپۇ قىل دوستۇم، — دېدى مۇھەممەت ئۆزرە ئېيتىپ.

— ياق، ھەرگىز ئۇنداق دېمىگىن، مانا كۆرۈشتۇققۇ! — دېدى شاكىر تەسىرلەنگەن ھالدا كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، — رەھمەت، ھەرنېمە بولسا مېنى بىر جىنايەتچى دېمەي يوقلاپ كەپسىلەر. بۈگۈن مېنىڭ ئۆمرۈمدىكى ئەڭ خۇشاللىق كۈنۈم. شۇ تۇرقىدا ئۆزۈمنى بىر شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. سىلەرگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت دوستلىرىم.

— بولدى، ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلاپ يۈرمە، — دېدى نازاكەت تەسەللى بېرىپ، — ياخشى ئىشلەپسەن. بايا مەيدان مەسئۇللىرى بىرمۇنچە ياخشى تەرىپىڭنى قىلدى. مۇشۇنداق ياخشى ئىشلەپ بەرسە تەربىيەلەش مۇددىتىنى قىسقارتىپ، مۇددەتتىن بۇرۇن قويۇپ بېرىمىز دەۋاتىدۇ. سەن ھەرگىز مەيۈسلەنمە، كېيىن نېمە ئىش قىلارمەن دەپ غەم قىلىپمۇ يۈرمە. بۇ يەردىن چىقساڭلا، بىز بىرلىكتە ئىشلەيمىز، بىز سېنى كۈتىمىز. چۈنكى، بىز ئىچىملىكلەر زاۋۇتىنى قۇرۇپ بولدۇق.

— مەن چوقۇم ئۈمىدىڭلارنى ئاقلايمەن دوستلىرىم، — دېدى شاكىر ھاياجان بىلەن، — ماڭا ئىشىنىڭلار، مەن ھاياتىمنى قايتىدىن باشلايمەن.

— توغرا دېدىڭ ئاداش، — دېدى مۇھەممەت شاكىرنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ، — مەن ساڭا ئىشىنىمەن، ھېچكىمنىڭ ھايات يولى تۈپتۈز بولغان ئەمەس. ئادەم ھاياتىدا ھەر خىل پېشكەللىكلەردىن، كېلىشمەسلىكلەردىن، سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولالمايدۇ. گەپ ئۆزىمىزنىڭ ھاياتقا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇشىمىزدا. بىز چوقۇم قابىلىيەت، ئىقتىدارىمىزغا تايىنىپ جەمئىيەتكە خەلققە ئاز ـ تولا ياخشى

ئىش قىلىپ بېرىشىمىز، قىسقىغىنا ھايات مۇساپىمىزدە يارقىن ئىزلارنى قالدۇرۇشىمىز كېرەك. يىقىلىپ چۈشۈشتىن قورقماسلىقىمىز كېرەك. لېكىن، يىقىلغان جايىمىزدا يېتىۋەرمەي، دەرھال ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، يولىمىزنى داۋاملاشتۇرساق بولىدۇ. جەمئىيەت، خەلق بىزگە موھتاج، بىز ئۇلار ئالدىدا يۈزىمىز قىزارمىغان ئىشلارنى قىلمايلى. دوستۇم، قولۇمنى مەھكەم قىس، بىز ھايات مۇساپىمىزدىكى ئالدىمىزنى توسۇپ تۇرغان ساناقسىز داۋانلاردىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈش ئۈچۈن بىرلىكتە تىرىشايلى.

بەلگىلەنگەن كۆرۈشۈش ۋاقتى توشۇپ قالغانىدى. شاكىر دوستلىرى بىلەن بىرمۇبىر قول ئېلىشىپ خوشلاشتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ نۇرلىرى بالقىيتتى.

ئۇلار بىر - بىرىگە ياخشى تىلەكلەرنى بىلدۈرۈشۈپ ئايرىلىشتى.

— خوش شاكىر، بىز سېنى يەنە يوقلاپ كېلىمىز.

— خەير - خوش دوستلار، ئامان بولۇڭلار.

ئۇلار شاكىر بىلەن خوشلىشىپ دەرۋازا ئالدىغا چىققاندا، ئۆزلىرىنى ساقلاپ تۇرغان ئىسمايىلجان بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— ماڭا خەۋەر قىلمايلا كېتىپ قاپسىلەر، ئارقاڭلاردىن قوغلاپ كېلىشىم، — دېدى ئىسمايىلجان كۈلۈپ.

— قوغلاپ كەلمىسەڭمۇ بىز يەنە قايتاتتۇق ئەمەسمۇ، — دېدى نازاكەت.

— قوغلاپراق تۇرغىنىم ياخشى، بولمىسا قېچىپ كەتمىگىن يەنە، — دېدى ئىسمايىلجان چاقچاق قىلىپ.

ئىسمايىلجاننىڭ چاقچىقىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن دوستلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. بۇ كۈلكىلەردىن دوستلۇق، سەمىمىيلىك، ساداقەتمەنلىك بالقىپ تۇراتتى.

ھەئە، نازاكەتمۇ كۈلدى. ئۇ گۈلىستاننىڭ قولىدىن تارتىپلا مۇھەممەت بىلەن ئىسمايىلجاننى ئارقىدا قالدۇرۇپ تېز - تېز مېڭىپ كەتتى. خىجىللىقتىنمۇ ياكى ھاياجاندىنمۇ، ئەيتاۋۇر نازاكەتنىڭ چىرايىغا قىزىللىق يامرىغان بولۇپ، بىر قاراشتا توق ئېچىلغان قىزىل ئەتىرگۈلگە ئوخشاپ قالغانىدى.

1999 - يىلى، قەشقەر



# داۋان (رومان)

ئاپتورى: ياسىنجان سادىق
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇقەييۇم سايىم
مەسئۇل كوررېكتورى: زەمىرە پىدائىي
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991 - 2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: بېيجىڭ شۈنچىڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 11.25
نەشرى: 2013 - يىلى 9 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى: 2013 - يىلى 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 - 3000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 17054 - 8
باھاسى: 32.00 يۈەن